کلېمکېيت (گېرمانىيە)

# قەدىمكى يىپەك يولى مەدەنىيىتى

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئابلەت نۇردۇن
مۇھەممەتجان ھوشۇر
روزى تۇردى
ھەبىبۇللا ئابدۇسالام

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目（CIP）数据

丝绸古道上的文化/（德）克林凯特著；阿布来提译.
乌鲁木齐：新疆人民出版社，2003.5
ISBN 7—228—08017—3

Ⅰ.丝... Ⅱ. ①克... ②阿... Ⅲ.丝绸之路—研究
—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.K928.6

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2003）第 037436 号

责任编辑：艾尔肯·希力甫
责任校对：帕里达·艾力
封面设计：阿里甫·夏

丝绸古道上的文化（维吾尔文）
（德）克林凯特 著
阿不来提·努尔东 等译

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮政编码 830001）
新疆新华书店发行
新疆社会科学院印刷厂印刷
850×1168 毫米 1/32 开本 印张 13.75
2003 年 5 月第 1 版 2003 年 5 月第 1 次印刷
印数：1 — 3,000

ISBN 7—228—08017—3/K.928.6 定价：20.00 元

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ........................................ 1
جۇڭگولۇق ئوقۇرمەنلەرگە ........................................ 4
يىپەك يولى رايونى ........................................ 1
1. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يىپەك يولى ........................ 1
2. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يىپەك يولىنىڭ غەربكە سوزۇلۇشى ........................................ 9
3. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يىپەك يولىنىڭ شەرققە سوزۇلۇشى ........................................ 10
4. يىپەك يولى رايونىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ............ 12
5. يىپەك يولىدىكى سەپەر ........................................ 19
ئىككىنچى باب يىپەك يولىدىكى ئېكسپېدىتسىيە ... 48
1. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكى يىپەك يولىنىڭ شەرقىي بۆلىكىدىكى ئېكسپېدىتسىيە....... 51
2. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى يىپەك يولىنىڭ شەرقىي بۆلىكىدىكى ئېكسپېدىتسىيە ... 72
ئۈچىنچى باب يىپەك يولىدىكى مىللەتلەر............ 77
1. گەپ قەدىمكى يۇنان مەدەنىيىتىدىن باشلىنىدۇ ... 77
2. ئارساكلارنىڭ تەسىرى ........................................ 80
3. ساكلارنىڭ تەسىرى ........................................ 84
4. ئىندۇسكىفلار ........................................ 86
5. ئېفتالىتلار ........................................ 90
6. سوغدلار ........................................ 91
7. توخارلار ........................................ 95

8. هۇن. جۇرجان ۋە توبالار .............................. 98
9. تۈركلەر .................................................. 102
10. تۈبۈتلەر ۋە تاڭغۇتلار .............................. 109
11. موڭغۇللار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى .............. 110
12. ھىندىلار ................................................ 116
13. جۇڭگولۇقلار .......................................... 120
14. ئوتتۇراقلاشقان مىللەتلەر ۋە كۆچمەن مىللەتلەر ... 125
تۆتىنچى باب يىپەك يولىدىكى دىنلار .................. 130
1. مىللىي دىنلار .......................................... 134
باكترىيە دىنى .......................................... 134
سوغدلار يۇرتىدىكى دىنلار .............................. 138
ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرىنىڭ دەسلەپكى قەبىلە
دىنلىرى .................................................... 144
2. دۇنياۋى دىنلار .......................................... 149
خرىستىئان دىنىنىڭ نېستۇرى مەزھىپى .............. 149
مانى دىنى .................................................. 160
بۇددا دىنى .................................................. 169
ئىسلام دىنى ................................................ 184
بەشىنچى باب يىپەك يولىنىڭ غەربىي بۆلىكىدىكى
مەدەنىيەت رايونى ............................................ 191
1. يۇناننىڭ شەرقىي ئىران ۋە باكترىيىگە كۆرسەتكەن
تەسىرى .................................................... 191
2. شەرقىي ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي
قىسمىدىكى ئارساك مەدەنىيىتى ........................ 203
3. كۇشان خانلىقى ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلغان
ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ................................ 213
4. خوراسان — ئامۇ دەرياسى ۋادىسى مەدەنىيىتى ... 240
5. سوغد مەدەنىيىتى — ئاللىقاچان غايىب بولغان

بىر ۋاستىچى مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى .......... 253
**ئالتىنچى باب يىپەك يولىنىڭ شەرقىي بۆلىكىدىكى**
**مەدەنىيەت رايونى** ................................ 276
1. جەنۇبىي لىنىيە سودا يولىدىكى مەدەنىيەت مەركىزى ... 276
مىرەن ۋە پىشامشان دۆلىتى ......................... 294
2. شىمالىي لىنىيە سودا يولىدىكى مەدەنىيەت مەركەزلىرى ... 302
توخار مەدەنىيەت مەركىزى — كۈچا .............. 306
مەدەنىيەتلەرنىڭ كېسىشىش نۇقتىسى - تۇرپان ... 326
دۇنخۇاڭ — جۇڭگوغا بېرىشتىكى دەرۋازا ........ 356
**يەتتىنچى باب يىپەك يولى رايونى — ئۆزگىچە**
**مەدەنىيەت رايونلىرى** ................................ 376
1. ئىجتىمائىي ئەھۋالى ................................ 377
2. مەدەنىيەت ئەھۋالى ................................ 384
3. دىنىي ئەھۋاللار ................................ 394
**ئىزاھلار** ................................................ 400
**ئاخىرقى سۆز** ................................................ 431

# كىرىش سۆز

«يىپەك يولى» ئاتالغۇسى خەلقئارادىكى ئىلىم ئەھلىلىرىگە ۋە ئادەتتىكى ئوقۇرمەنلەرگە ناتونۇش ئەمەس. «يىپەك يولى» — قەدىمكى قاتناش تارىخىدىكى شەرقتە جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىن غەربتە ئوتتۇرا يەر دېڭىزى ساھىلىغىچە تۇتاشقان، ياۋرو ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى كېسىپ ئۆتىدىغان، ئۇزۇنلۇقى 7000 كىلومېتىردىن ئاشىدىغان قۇرۇقلۇق سودا يولى (بۈيۈك كارۋان يولى) نى كۆرسىتىدۇ. جۇڭگو — دۇنيادا ئەڭ بۇرۇن پىلە قۇرتى بېقىشنى ئىختىرا قىلغان مەملىكەت، يىپەك توقۇلمىلار — جۇڭگو تاشقى سودا ئالاقىسىدە غەرب ئەللىرىگە ئېكسپورت قىلغان ئاساسلىق تاۋارلارنىڭ بىرى. بۇ خىل تاۋارلارنىڭ ئېكسپورت قىلىنىشى شەرق بىلەن غەربنىڭ قۇرۇقلۇق سودا يولىنى تۇتاشتۇرۇپ، ياۋروپا قىتئەسى چوڭ قۇرۇقلۇقىغا ئاپىرىلغاچقا، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا گېرمانىيىلىك مەشھۇر جۇغراپىيىشۇناس رىختخوفېن ئۆزىنىڭ جۇغراپىيە ئەسىرى «جۇڭگو» دا «يىپەك يولى» دېگەن ئاتالغۇنى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، خەلقئارادىكى ئىلىم ئەھلى بۇ ئاتالغۇنى ھازىرغىچە قوللىنىپ كەلمەكتە.

شەرق بىلەن غەربنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالاقىسىنى تۇتاشتۇرۇپ كەلگەن «يىپەك يولى» كەم دېگەندىمۇ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى ئەسىرلەردە شەكىللەنگەن. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىردە يۇنانلىقلار، رىملىقلار ۋە ھىندىستانلىقلار ئۆزلىرىنىڭ تارىخ ۋە جۇغراپىيە ئەسەرلىرىدە، شەرقتىكى «سىرىس دۆلىتى»

(يەنى يىپەك دۆلىتى — جۇڭگو) توغرىسىدا مەلۇمات قالدۇرغان.

قەدىمكى «يىپەك يولى» بويلىرىدىكى ھەرقايسى جايلاردا نۇرغۇن دۆلەت (بەگلىك) ۋە مىللەت بار ئىدى، بۇ سودا يولى (بۈيۈك كارۋان يولى) غا تايىنىپ، تۈرلۈك سودا ـ سېتىق پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، دۆلىتى ۋە مىللىتىنىڭ ئىگىلىكىنى روناق تاپقۇزغان. ئىقتىسادىي ئالاقە جەزمەن مەدەنىيەت ئالاقىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ، ھەرقايسى ئەللەر مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەريانىدا، بىر ـ بىرىگە ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، نۇرغۇن تاشقى مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنىمۇ قوبۇل قىلىش ئارقىلىق، ئۆزلىرىنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتىنى ياراتقان. «يىپەك يولى» دىكى مەدەنىيەت ياۋروپا قىتئە تىپى، ياۋرو ـ ئاسىيا شالغۇت تىپى ۋە شەرق تىپى قاتارلىق بىرنەچچە خىل مەزمۇنغا ئىگە، ئۇلار «يىپەك يولى» بويلىرىدىكى دۆلەت ۋە مىللەتلەر ئارىسىدا ئۆز ئارا سىڭىشكەن، ئۆز ئارا تارقالغان.

قەدىمدىن ھازىرغىچە، جۇڭگودىن چەت ئەللەرگىچە نۇرغۇن تارىخچى، جۇغراپىيىشۇناس ۋە سەيياھلار «يىپەك يولى» نى تەكشۈرگەن ھەمدە ئۇنى تەتقىق قىلغان، شۇنداقلا «يىپەك يولى» نىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى ھەققىدە تۈرلۈك ئۇقتىدىن تۈرلۈك ژانىردا ئەسەرلەرنى يازغان. گېرمانىيىلىك ئالىم كلېمكېيت يازغان «قەدىمكى يىپەك يولى مەدەنىيىتى» ناملىق بۇ كىتاب ئەنە شۇ ئەسەرلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. كلېمكېيت گېرمانىيە بونن ئۇنىۋېرسىتېتى دىن تەتقىقات ئورنىنىڭ داڭلىق ئالىمى، ئۇ ئۇزاقتىن بۇيان دىنشۇناسلىق، مىللەتشۇناسلىق ۋە روھانىيشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان، ئۇنىڭ تارىخ، جۇغراپىيە، مىللەت ۋە دىن قاتارلىق جەھەتلەردىكى بىلىمى مول، ئۇ جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئۆلكە، رايونلىرى ۋە ئوتتۇرا

ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا قاتارلىق جايلارنى كۆپ قېتىم كېزىپ، قەدىمىي «يىپەك يولى» نىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى توغرىسىدا ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. بۇ كىتاب ئاپتورنىڭ «يىپەك يولى» نى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ يازغان ئىلمىي يېڭى ئەسىرىدۇر. ئاپتور بۇ كىتابىدا، تارىخ ۋە ئارخېئولوگىيە نۇقتىسىدىن قەدىمكى «يىپەك يولى» بويلىرىدىكى ھەرقايسى رايون، دۆلەت ۋە مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادى، تارىخى، مىللىتى، دىنى ۋە مەدەنىيىتىنى ئەتراپلىق بايان قىلغان ھەم بۇ ھەقتە كىشىنى قايىل قىلارلىق يەكۇن چىقارغان. بۇ كىتاب مەيلى ئىلمىيلىق، ماتېرىياللىق قىممىتى ياكى ئوقۇشچانلىقى قاتارلىق جەھەتلەردىن بولسۇن، ئۇنى ئادەتتىكى كىتابلاردىن پەرقلىنىدىغان ياخشى كىتاب دېيىشكە بولىدۇ، بۇ كىتابنىڭ «يىپەك يولى» نىڭ تارىخى، مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتى بار.

تەرجىمان جاۋ چۈڭمىن ئەپەندى (نېمىسچىدىن خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغۇچى) بېيجىڭ چەت ئەل تىللىرى ئىنستىتۇتىنىڭ نېمىس تىلى كەسپىنى پۈتتۈرگەن، فرانسۇز تىلىنىمۇ پۇختا بىلىدۇ، خەنزۇچە ئاساسىمۇ ياخشى، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىي - جۇغراپىيىسى ۋە ئارخېئولوگىيىسىگە دائىر نېمىسچە، فرانسوزچە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغان. كەڭ ئورقۇمەرنلەرگە غەرب ئالىملىرىنىڭ «يىپەك يولى» تەتقىقاتى ئۇچۇرلىرىنى تونۇشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان. جاۋ چۈڭمىن ئەپەندىنىڭ «قەدىمكى يىپەك يولى مەدەنىيىتى» ناملىق بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىشى، شۈبھىسىزكى ئېلىمىزدىكى «يىپەك يولى» تەتقىقاتچىلىرىنى يەنە بىر يېڭى ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئەتكۈسى.

فېڭ جىۋېن

1994 ـ يىلى 4 ـ ئاي، دۇنخۇاڭ مۇگاۋ غارى

# جۇڭگولۇق ئوقۇرمەنلەرگە

يىپەك يولى توغرىسىدىكى بۇ كىتابنى كيولن دۇمېنت نەشرىياتىنىڭ تۇرتكىسى ۋە ھاۋالىسى بىلەن يازدىم. ئەينى چاغدا بۇ نەشرىيات يىپەك يولىدىكى ئەڭ مۇھىم جايلارنى تونۇشتۇرىدىغان بىر كىتاب نەشر قىلىشنى ئويلاشقانىكەن. مەن ئۇزاقتىن بۇيان يىپەك يولىنىڭ تارىخ، مەدەنىيەت ۋە دىن ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىپ كېلىۋاتقان بولغاچقا، يىپەك يولىدىكى ئەڭ مۇھىم جايلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتىنى ئىخچام تونۇشتۇرىدىغان كىتاب يېزىشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ كەلگەنىدىم. شۇنىڭ بىلەن، بىز مەدەنىيەت تارىخى توغرىسىدا تونۇشتۇرۇش خاراكتېرلىك كىتاب نەشر قىلىشنى كېلىشتۇق، بۇنداق تونۇشتۇرۇش ساياھەتچىلەرگىمۇ ئېھتىياجلىق ئىدى. دەرۋەقە، يىپەك يولىدىكى ھەرقايسى جايلار توغرىسىدا ناھايىتى مول ماتېرىيال بار، شۇڭا بۇ ماتېرىياللار بىلەن يىپەك يولىدىكى ھەربىر مۇھىم جاي توغرىسىدا چوڭ بىر كىتاب يېزىپ چىقىشقا بولىدۇ. مەن ئاساسەن غەربنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان جۇڭگو تەتقىقاتى جەھەتتە ئېرىشكەن ئەڭ مۇھىم نەتىجىلىرىنى خۇلاسىلەشكە تىرىشتىم، بۇنىڭ جۇڭگولۇق ئوقۇرمەنلەرگە پايدىلىق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. خەنزۇچە بىلمىگەنلىكىمدىن ئەپسۇسلىنىمەن، شۇ ۋەجدىن ناھايىتى مۇھىم بولغان خەنزۇچە ئىلمىي ماقالىلەردىن پايدىلىنالمىدىم. ئەمما، مەن بۇ كىتابنىڭ غەرب بىلەن جۇڭگونىڭ يىپەك يولى تەتقىقاتىدىكى سۆزلىشىشى، بىر ـ بىرىدىن ئۆگىنىشى بولۇپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلىمەن، ھالبۇكى بۇ خىل ئەھۋال ئەزەلدىن يىپەك يولى مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپ كەلگەن.

خ. ج. كلىمكېيت

1994 ـ يىلى 4 ـ ئاي، بونن

# بىرىنچى باب
# يىپەك يولى رايونى

بىز ئېيتىپ كېلىۋاتقان «يىپەك يولى رايونى» جۇغراپىيىلىك جەھەتتىن بىر قانچە رايونغا بۆلۈنگەن، ئۇ شەرقىي ئىران ئېگىزلىكىدىن باشلىنىپ، چۆللەرنى كېسىپ ئۆتۈپ، جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا غەربىي قىسىم چېگرىسىغا تۇتىشىدۇ. بۇ يەردە بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدىغان ھەرخىل مىللەتلەر ياشىغاچقا، مىللەتلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆچۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. لېكىن، بۇلارنى شەرھلىگەن چېغىمىزدا ئۇلارغا قوشنا بولغان رايونلارنى، يەنى شەرقىي ئىران ئېگىزلىكى ۋە ئافغانىستان ئېگىزلىكى، موڭغۇل يايلىقى، شۇنداقلا جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى تاغلىق رايونلارنى نەزەرىمىزدىن ساقىت قىلماسلىقىمىز لازىم.

يىپەك يولى رايونىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ ئىران، ھىندىستان ۋە جۇڭگونىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆز ئارا گەۋدىلەشتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۆزى يەككە مەدەنىيەت رايونى بولۇپ شەكىللىنەلمىگەن. بۇ يەردە بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان ئۈچ خىل مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىنى ھېس قىلىپلا قالماستىن، يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرى ۋە يېرىم قۇملۇق بەلۋاغلىرىنىڭ ئەتراپىدا ياشاۋاتقان كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىگە ئوخشاش، يىپەك يولىدىكى بوستانلىقلارنى بويلاپ، بۇ رايوننىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىمۇ شەكىللەنگەن.

قۇملۇقتىكى پارچە ـ پارچە بوستانلىقلار، يايلاقلار، شەرق ۋە غەرب تەرەپلەرگە سوزۇلۇپ ياتقان ئېگىز تاغ تىزمىلىرى بۇ رايوننىڭ كۆپ خىل جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكىنى

شەكىللەندۈرگەن. پامىر تاغ تىزمىسىدىكى كوممۇنىزم چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 7495 مېتىر ئېگىز، بۇ تاغ تىزما بۇ رايوننى شەرق ۋە غەربتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلگەن. پامىر تاغ تىزمىسىنىڭ غەربى قاراقۇم قۇملۇقى ۋە قىزىلقۇم قۇملۇقىدۇر. شەرقىي قىسمى بولسا تارىم ئويمانلىقى ھەم ئويمانلىقتىكى تەكلىماكان قۇملۇقى ۋە چۆللۈكلەرگىچە سوزۇلغان. بۇ قۇملۇقلار يايلاقلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، غەرب تەرىپى قازاق يايلىقىغا، شەرق تەرىپى موڭغۇل يايلىقىغا، جەنۇبىي شىمال تەرەپلىرى ئېگىز تاغلارغا تۇتىشىدۇ. بۇ تاغلاردىكى ئېرىگەن قار سۇلىرى قۇملۇق ئەتراپىدىكى بوستانلىق شەھەرلىرىنىڭ تۇرمۇش ئاساسى. تاغنىڭ يۆنىلىشى يىپەك يولىنىڭ يۆنىلىشىنى بەلگىلىگەن بولۇپ، كارۋان يوللىرى بۇ بوستانلىقلارنى، ئەلۋەتتە بەزى يەرلىرى ھەتتا ئېگىز تاغلىقلارنىمۇ كېسىپ ئۆتىدۇ. مەدەنىيەت جەھەتتە قىلچە ئوخشاشمايدىغان بۇ بوستانلىقلار ئىراننىڭ شەرقىي قىسمىدىن جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىغىچە سوزۇلغان، قاتناش جەھەتتە ئۆزئارا ئالاقىسى بولغاچقىلا، تەبىئىي ھالدا «يىپەك يولى رايونى» دەپ ئاتالغاندى.

## 1. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يىپەك يولى

يىپەك يولىنىڭ ئاساسلىق ئۆتەڭلىرىنىڭ ئورنى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى تاغ تىزمىلىرىنىڭ يۆنىلىشى بويىچە بەلگىلەنگەن. كوپېت تېغى ئىراننىڭ شەرقىي قىسمىدىكى خۇراسان ئۆلكىسى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئويمانلىقلارنى ئىككىگە ئايرىپ تۇرىدۇ، ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسى بۇ ئويمانلىقلاردىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. كوپېت تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى تۇران ئويمانلىقىدا نىسا ۋە مەرۋىغا ئوخشاش بەزى شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى ئەينى ۋاقىتتىكى مۇھىم قاتناش

تۇگۈنلىرى ئىدى. بۇ يەرلەردىن باشلانغان لىنىيە ئىراننىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئېگىزلىكتە، يەنى ھازىرقى مەشھەدتىن ئانچە يىراق بولمىغان قەدىمكى نىشاپۇر ئەتراپلىرىغا، ئاندىن باكترىيىگە تۇتىشىدىغان ئامۇ دەرياسى يۇقىرى ئېقىن جىلغىسىغا، شۇنداقلا زەرەفشان دەرياسى ۋە سىر دەرياسى جىلغىلىرىغىچە يېتىپ بېرىپ، ئاخىرىدا يەنىلا سوغدلارنىڭ ماكانىغا تۇتىشىدۇ. ھىندۇقۇش تېغى، تەڭرىتاغ ۋە پامىر تاغ تىزمىلىرى ئارىسىغا جايلاشقان ئامۇ دەرياسى يۇقىرى ئېقىنىدا ئىلگىرى سانسىزلىغان ئولتۇراق رايونلار ۋە شەھەر - بازارلار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسمىلىرى يۇنان - باكترىيە زامانىسى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 4 ~ 2 - ئەسىرلەر) دىلا قۇرۇلۇپ بولغان.

ئەگەر بىز مەرۋدىن جەنۇبقا قاراپ ھېراتتىكى مۇرغئاب دەرياسى جىلغىسىنى بويلاپ، سەيستان (يەنى قەدىمكى ساكىستان) غا قاراپ ئىلگىرىلەپ، سەيستاندىن ئىراننىڭ شەرقىدىكى شەھەر - بازالارغا، شۇنداقلا ھىندۇقۇشنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ئولتۇراق رايونلارغا يېتىپ بارغىنىمىزدا، مەرۋنى كېسىپ ئۆتۈپ ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى جىلغىنى بويلاپ ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال رايونىغا بارىدىغان يولىمىز خېلىلا قىسقىرىغان بولىدۇ، بولۇپمۇ جۇڭگو ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىن ھىندىستانغا بارىدىغان ساياھەتچى بۇ لىنىيىنى خۇشاللىق بىلەن تاللىۋالىدۇ. بۇ لىنىيە ھىندۇقۇشنىڭ تاغلىرى ۋە ئېگىزلىكلىرىدىكى جىلغىلىرىدىن، ھىندۇقۇشنىڭ گۈزەل جايلىرىدىن ئۆتۈپ كابۇل جىلغىسىغا كىرىدۇ. ئۇ يەردە كابۇل تېغىدىن ئۆتۈپ، ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى قەندەھار رايونىغىچە يېتىپ بارىدۇ. ئۇ يەردىكى پېشاۋەر، تاكسىلا شەھەرلىرى ئىلگىرىكى ئەڭ مۇھىم مەدەنىيەت مەركەزلىرى ئىدى. ئادەم ئاياغ باسمايدىغان ھىندۇقۇش تاغ تىزمىلىرىدىن

ئۆتكەندىن كېيىنكى مۇھىم ئارامگاھ — بامىياندىكى ئېگىزلىك تاغ جىلغىسى بولۇپ، ئەگەر كىشىلەر ساران تېغىدىكى خەۋپ ـ خەتەرلەردىن ساقلانماقچى بولسا، ئالدى بىلەن بۇ تاغ جىلغىسىنى تاللايدۇ. بەھرام، يەنى كاپىشا ھىندۇقۇشنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى مۇھىم ئورۇن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى باكترىيە (يەنى بەلخ) — قەدىمكى باكترىيىنىڭ پايتەختى — ھىندۇقۇش تېغى بىلەن ئامۇ دەرياسى ئارىسىدىكى ئەڭ مۇھىم مەدەنىيەت مەركىزى ئىدى.

ئامۇ دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى خۇراسان رايونىدا ئۆزگە خاس بولغان بىر پۈتۈن مەدەنىيەت تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئاشۇ شەرق بىلەن غەربنى باغلاپ تۇرىدىغان مەشھۇر يولنىڭ بويىغا جايلاشقانىدى. شۇڭا، جۇڭگودىن ھىندىستاننى تاۋاپ قىلغىلى كەلگەن راھىبلار، مەسىلەن، خۇيچاۋ (شۈەنزاڭ) بۇ يەردىن ئۆتكەنىدى. ئالاي تاغ تىزمىلىرى تەڭرىتاغ بىلەن پامىر تېغىنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، ئۇ ئامۇ دەرياسى جىلغىسىنىڭ شىمالىي چېگرىسىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ تاغ تىزمىسىنىڭ جەنۇب، غەرب، شىمال ئۈچ تەرىپىدە بىر قاتار بوستانلىق شەھەرلەر بار، ئۇلار ئىراننىڭ شەرقىي قىسمىدىكى سوغد مەدەنىيەت رايونىغا مەنسۇپ. ئالاي تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى (ئەمەلىيەتتە يەنىلا ئامۇ دەرياسى يۇقىرى ئېقىن جىلغىسىغا تەۋە رايون) گەۋدىلىك بولغان ئاسار ئەتىقىلەر بايقالغان جايلاردىن خالچايالگىن ۋە ئاجىناتۆپىلەر بار. زەرەفشان دەرياسىدىكى تاغ جىلغىلىرى ۋە ئۇنىڭ تارماقلىرىدا بۇخاراغا يېقىن بولغان قەدىمكى ۋاراخشا ۋە بۈگۈنكى سەمەرقەندكە ئانچە يىراق بولمىغان ئىلگىرىكى ئافراسىيابلار بار.

ئېقىنغا قارشى يۆنىلىشتە ماڭسا، سوغدلارنىڭ مۇھىم شەھەرلىرىدىن پەنجىكەنت («بەش شەھەر» دېگەن مەنىدە) ۋە مۇغ قەلئەلىرى بار. سوغدلارنىڭ بۇ ئىككى شەھىرىدىن يولغا

چىقسا، سىر دەرياسى بىلەن سۇغىرىلىدىغان فەرغانە تاغ جىلغىسىغا بارغىلى بولىدۇ، بۈگۈنكى سەمەرقەند بۇ تاغ جىلغىسىنىڭ كىرىش ئېغىزىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇ يەردىن شەرقىي شىمال يۆنىلىشنى بويلاپ ئىلگىرىلىسە، تاشكەنت («تاش شەھەر» دېگەن مەنىدە) كە بارغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى لىنىيە بىلەن ئىسسىقكۆلنى بويلاپ بەشبالىق (ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىي شىمال ئەتراپى) ئارقىلىق قۇمۇل ۋە تۇرپاندىن ئۆتۈپ، شەرققە داۋاملىق سوزۇلۇپ بارىدۇ.

ئادەتتە، شەرققە بارماقچى بولغان يولۇچى فەرغانە جىلغىسىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، تارىم ئويمانلىقىغا يېتىپ بېرىشتىن بۇرۇن، ئۇ يەردە چوقۇم غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا سوزۇلغان تەڭرىتاغلىرىنىڭ بەزى ئېگىزلىكلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. جەنۇب تەرەپتە قورۇم (كوئېنلۈن) تېغى بىلەن جەنۇبىي تاغ بۇ ئويمانلىقنىڭ چېگرىسى بولۇپ، شىمال تەرىپىدە تەڭرىتاغ، غەربىي تەرىپىدە پامىر تاغ تىزمىسى بار. پامىرنىڭ شەرقىي قىسمى ۋە قورۇم تېغى بىلەن جەنۇبىي تاغنىڭ شىمالىي قىسمى (بۇ ئىككى تاغ شىزاڭ ئېگىزلىكىنىڭ شىمالىي چېگرىسى) غا بىر قانچە بوستانلىق شەھەرلەر جايلاشقان. بۇ ئېگىز تاغلارنىڭ ئېرىگەن قار - مۇز سۇلىرى بۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش ئاساسى. بۇ قار - مۇز سۇلىرى ياكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە سىڭىپ كېتىدۇ، ياكى تارىم دەرياسى بىلەن بىرلىشىپ لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. تارىم دەرياسى بويلىرىدا ئاساسىي جەھەتتىن ئاھالە ئولتۇراقلاشمىغان، ئەكسىچە تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدا بىرمۇنچە شەھەر - بازارلار بولۇپ، غەربتىن شەرققە قاراپ تىزىپ چىقىدىغان بولساق، ئەڭ مۇھىم شەھەر - بازارلاردىن قەشقەر، يەركەن، خوتەن، كېرىيە، نىيە، مىرەن ۋە لوپنۇردىكى كىرورانلار بار.

يېپەك يولىدىكى بۇ «جەنۇبىي يول» دۆنخۇاڭغىچە تۇتاشقان بولۇپ، بۇگۈنكى گەنسۇغا جايلاشقان، بۇ ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكنىڭ چوڭ دەرۋازىسىدۇر. دۆنخۇاڭدىن ئۆتىدىغان «خېشى كارىدورى» (بۇ كارىدور جەنۇبىي تاغ تىزمىسى بىلەن قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىگىچە توغرىسىغا سوزۇلغان) جۇڭگونىڭ خۇاڭخې دەرياسى بويلىرىدىكى شەھەرلەر بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن، ئاساسلىقى لەنجۇ. ئۇ مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولۇپ، يېپەك يولى بۇ يەردىن جۇڭگونىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىگە، يەنى قەدىمكى پايتەخت چاڭئەن ۋە لوياڭغا تۇتىشىدۇ.

مىلادىيە 4 ـ ئەسىر ئەتراپىدا، جەنۇبىي يول دەپ ئاتالغان بۇ رايوننىڭ كىلىماتىدا تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش يۈز بەرگەنلىكتىن، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى بارلىق بوستانلىقلارنىڭ سۇ مەنبەلىرى قۇرۇپ كېتىپ، بۇ يەردىن ئۆتۈش مۇمكىن بولمىغان. جۇڭگونىڭ داڭلىق راھىبى دەرمەپەترە (فاشيەن) كېيىنكىلەرگە ئۆزىنىڭ مىلادىيە 400 ـ يىللار ئەتراپىدا ھىندىستانغا بارغاندا يازغان ساياھەت خاتىرىسىنى قالدۇرۇپ كەتكەن. ئۇ دۆنخۇاڭدىن يولغا چىقىپ، شىمالىي يول بىلەن قاراشەھەردىن ئۆتۈپ، شىمالدىن جەنۇبقا تەكلىماكان قۇملۇقىنى شىمال ـ جەنۇب يۆنىلىشتە كېسىپ ئۆتۈپ، خوتەنگە يېتىپ بارغان. مىلادىيە 5 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا، كىشىلەر دائىم شىمالىي يولنى بويلاپ تارىم ئويمانلىقىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتەتتى. بۇ لىنىيە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى بارلىق بوستانلىقلارنى تۇتاشتۇرغان بولۇپ، قەشقەردىن باشلىنىپ، تۇمشۇق، ئاقسۇ، كورلا ۋە قاراشەھەرلەردىن ئۆتۈپ، ئاخىرىدا دېڭىز يۈزىدىن 150 مېتىر تۆۋەن بولغان تۇرپان بوستانلىقىغىچە يېتىپ بارىدۇ. تۇرپانمۇ مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولۇپ، ئۇ يەردىن يولغا چىقىپ، چوڭ يولنى بويلاپ تەڭرىتاغدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ئۈرۈمچىگە، شۇنداقلا جۇڭغار ئويمانلىقىغا، قۇمۇلدىن ئۆتكەندە موڭغۇل

يايلىقىغا، چۆللۈكلەردىن ئۆتكەندە شىئەن ۋە دۇنخۇاڭغا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. لېكىن، شىمالىي يول بىلەن جەنۇبىي يول دۇنخۇاڭدا قوشۇلۇپ كېتىدۇ.



1 ـ رەسىم تارىم دەرياسى بويىغا جايلاشقان قەشقەر بوستانلىقى

شىمالىي يولدىكى نۇرغۇنلىغان جايلاردىكى چىغىر يوللار تەڭرىتاغدىن ھالقىپ ئۆتىدۇ. تاغ تىزمىسىنىڭ شىمالىي باغرىدىكى يوللاردىن ئىلى دەرياسى ۋادىسىغىچە، ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىن يەتتىسۇ ۋادىسىغا، يەنى بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىدىكى رايونلارغىچە كىرگىلى بولىدۇ. جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىدا ئالتاي تاغ تىزمىسى، غەربىي چېتىدا تارباغاتاي تېغى، جەنۇبىي چېتىدە تەڭرىتاغ بولۇپ، جۇڭغار ئويمانلىقىدىن يولغا چىقساق، بۇ يەردىمۇ يەتتىسۇ ۋادىسىغا تۇتىشىدىغان بەزى يوللار

بار. تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى شەرق ـ غەرب قاتنىشى قۇمۇلدىن ئۆتۈپ، موڭغۇل يايلىقى ۋە «خېشى كارىدورى» غا تۇتىشىدۇ. موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىمۇ (مىلادىيە 13 ~ 14 ـ ئەسىرلەر) شىمالىي ۋە جەنۇبىي يوللار ئىشلىتىلگەن، بۇ يوللار تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى بوستانلىق شەھەرلەردىن ئايلىنىپ ئۆتەتتى.

يىپەك يولى لىنىيىسى ئاساسىي جەھەتتىن قۇملۇق ۋە يايلاقلاردىن كېسىپ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنى بويلاپ ئېگىز تاغ تىزمىلىرىنىڭ ئەتراپلىرىغا نۇرغۇن بوستانلىقلار جايلاشقانىدى. پەقەت قايتىشقا ئامالسىز قالغان ئورۇنلاردا بۇ تاغ تىزمىلىرىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. مەسىلەن، فەرغانە جىلغىسىدىن تارىم ئويمانلىقىغا ياكى ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىغا بېرىشقا توغرا كەلگەندىلا، بۇ خىل ئەھۋال كۆرۈلىدۇ.

تەخمىنەن مىلادىيە 3 ~ 4 ـ ئەسىرلەردىن باشلاپ، ھىندىستان سودا كارۋانلىرى ماڭغان يول گەرچە جاپالىق بولسىمۇ، ئەمما قىسقا ئىدى. بۇ لىنىيە ھىندى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىن جىلغىسى ۋە قاراقورۇم تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، قەشقەر، يەركەن ۋە خوتەنگە تۇتىشىدۇ. دەرمەپەترە بۇ يۆنىلىشكە قارشى ھالدا بۇ لىنىيە بىلەن ماڭغان. بۇ لىنىيە تاكسىلادىن باشلىنىپ، گىلگىتتىن ئۆتۈپ بۇگۇنكى خۇنزا رايونىغا كىرىدۇ، ئاندىن ئۇ يەردىن قۇرغاق تارىم ئويمانلىقىغا كىرىدۇ. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 60 ~ 70 ـ يىللىرىدا ياسالغان قاراقورۇم تاشيولى قەشقەردىن گىلگىتقا، ئاندىن ھىندى دەرياسى ئويمانلىقىغا تۇتىشىدۇ. بۇ تاشيول قەدىمكى سودا يولىنىڭ يۆنىلىشىگە يېقىن. يولنىڭ ياقىلىرىدىكى تاشقا يېزىلغان بېغىشلىما ۋە تاش رەسىملىرى نۇرغۇن مە ﻠەتلەرنىڭ ۋەكىللىك شەخسلىرىنىڭ بۇ يولدىن ئۆتۈپ، قاراقورۇم تاغلىرىدىكى توسالغۇلارنى بويسۇندۇرغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. شۈبھىسىزكى، ئەگەر بىز

«قەدىمكى قامۇس» بولغان يىپەك يولىنىڭ باشقا يول بۆلەكلىرىدە بىر قېتىم سىستېمىلىق ئىزدىنىش ئېلىپ بارساقلا، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بېغىشلىما ۋە رەسىملەرنى بايقىيالايمىز.

## 2. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يىپەك يولىنىڭ غەربكە سوزۇلۇشى

شەرقىي ئىران، ھىندىستان ۋە جۇڭگو ئارىسىغا جايلاشقان يىپەك يولىنىڭ ئاساسىي لىنىيىسى غەرب، جەنۇب، شەرققە قاراپ داۋاملىق سوزۇلىدۇ. غەربتە ئىران ئېگىزلىكىدىكى قاتناش غول لىنىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، بۇ قاتناش غول لىنىيىسى دامغان، ھەمەدان ۋە زاگروس تاغ تىزمىلىرىدىن ئۆتۈپ، «ئىككى دەريا» ۋادىسى (دەجلە ۋە ئېفرات دەريالىرى — تەھرىردىن) غا تۇتىشىدۇ. ئۇ يەردە سۇرىيە (دۇرا ئېروپوس، بالمىرا، دەمەشق) گە ھەمدە ئوتتۇرا دېڭىز پورتلىرى (ترۇس، ئانتىئوخىن) غا، شۇنداقلا پەلەستىندىن ئۆتۈپ ئاخىردا مىسىرغا، ئاساسلىقى ئىسكەندەرىيە پورتىغا بارىدىغان يول بار. رىمغۇ يىپەك يولىدىكى سودا پائالىيىتىدىن پايدىغا ئېرىشكەن①، باكترىيە سۇرىيىنىڭ ئەينەك بۇيۇملىرىغا، ھىندىستان يېقىن شەرقنىڭ مەھسۇلاتلىرىغا ئېھتىياجلىق بولغىنىدەك، رىمغۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جۇڭگونىڭ يىپەك بۇيۇملىرىغا ئېھتىياجلىق بولغان. ئۇلاردىن باشقا، ھىندىستاندا ئوتتۇرا دېڭىز رايونلىرىغا توشۇيدىغان ماللاردىن خۇش پۇراق ماتېرىياللار ۋە باشقا مەھسۇلاتلارمۇ بار.

ھىندىستانمۇ دېڭىز يولى ئارقىلىق يېقىن شەرق بىلەن ئۆزئارا ئالاقىدە بولۇپ تۇرغان. ئۇنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدا ھىندى دەرياسى جىلغىسىدىن ئۆتۈپ، ھىندى دەرياسى ئېغىزىدىكى دۇپ پورتىغا تۇتىشىدىغان بىر يول بولۇپ، ئۇ يەردىن پاراخوتتا دەجلە ۋە ئېفرات دەرياسى ئېغىزىغا بارغىلى،

شۇنداقلا ئەرەب يېرىم ئارىلىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئايروپىلاندا مىسىرغا بارغىلى بولىدۇ. مىلادىيە 240 ـ يىلى، مانى دىنىنىڭ ئاساسچىسى مانى «ئىككى دەريا» ۋادىسىدىن يولغا چىقىپ، كېمە بىلەن ھىندىستانغا يېتىپ بارغان. قايتىدىغاندا بولسا پېرسىيىدىن ئۆتىدىغان قۇرۇقلۇق يولى بىلەن ماڭغان. مىلادىيە 6 ـ ئەسىردە خرىستىئان دىنىنىڭ مىسىرلىق ئىخلاسمەن مۇرىتى كوسماس② تۈزگەن «خرىستىئان دىنى تەزكىرىسى» دېگەن كىتابتا بۇ خىل دېڭىز يولى ئالاقىسىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

بىراق، كىشىلەرنىڭ دائىم ماڭىدىغان يولى سوغدلارنىڭ ئانا ماكانى بولغان سىر دەرياسىدىن باشلانغان قۇرۇقلۇق يولى، بۇ يول قازاق يايلىقى ۋە كاسپىي دېڭىزىدىن ئۆتۈپ ۋە ئۇنى ياي شەكلىدە ئايلىنىپ مېڭىپ، قارا دېڭىز بويىدىكى قىرىمغا تۇتىشىدۇ، ئۇ يەردىن كېمىدە يۇنان ۋە رىمغا بارغىلى بولىدۇ. جۇڭگونىڭ بىر قىسىم يىپەك ماللىرى مۇشۇ يول ئارقىلىق رىمغا توشۇلغان. يۇنان ۋە رىمنىڭ تارىخشۇناس ۋە جۇغراپىيە ئالىملىرى، مەسىلەن، پتولېمېي ۋە ھېرىدوتلار تەپسىلىي ماتېرىياللار ئارقىلىق، تارىم ئويمانلىقىغىچە بولغان يول ياقىلىرىدىكى دۆلەت ۋە مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرغان③. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىنى تەھلىل قىلىپ كۆرسەك، بەزى شۇبھىلىك جايلارنى بايقاپ قالىمىز. چۈنكى، بىز بەزىدە ئۇلار تىلغا ئالغان مىللەتلەرنى پۈتۈنلەي مۇئەييەنلەشتۈرۈپ كېتەلمەيمىز، بولۇپمۇ جۇڭگو تارىخشۇناسلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرى ۋە ئۇلۇسلىرى توغرىسىدىكى بايانلىرى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە بولۇشتا قىينىلىپ قالىمىز.

## 3. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يىپەك يولىنىڭ شەرققە سوزۇلۇشى

يىپەك يولى شەرققە قاراپ سوزۇلۇپ، ئالدى بىلەن

جۇڭگونىڭ قەدىمكى پايتەختلىرى چاڭئەن ۋە لوياڭلارغىچە باردۇ. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە (618 ~ 907 ـ يىللىرى) جۇڭگو بىلەن غەرب دۆلەتلىرى ئارىسىدا قويۇق قاتناش ئالاقىسى بولغان، بۇ نۇقتىنى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخىي ماتېرىياللار ئىسپاتلاپلا قالماستىن، بەلكى يەنە قەدىمىي پايتەختتىكى يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان ساپال ھەيكەل ۋە ياغاچقا ئويۇلغان ئادەم ئوبرازىغا ئوخشاش مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمۇ ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئوردا ۋەزىرلىرى ۋە ئوردىغا زىيارەتكە كەلگەن كىشىلەرمۇ بار. تۇرپاندىكى جۇڭگولۇقلار ئارىسىدىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئادەتلەر ساقلانغان بولۇپ، ئۇ يەر، بۇ يەرلەرگە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر خىل مىللەتلەرنىڭ، يەنى ھىندىلار، پارسلارنىڭ رەسىملىرى سىزىلغان، ھەتتا قارا تەنلىكلەرنىڭمۇ ھەيكەللىرى بار. نۇرغۇنلىغان خاتىرىلەر بۇنىڭغا ئۇيغۇن كېلىدۇ، ئۇنىڭدا تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى جۇڭگونىڭ چوڭ شەھەرلىرىدىكى ھەر خىل مىللەتلەرنىڭ مۇرەككەپ ئەھۋالى بايان قىلىنغان. بۇنىڭ ئىچىدە كورىيىلىكلەر ۋە ياپونىيىكلەرمۇ بار، ئۇلار جۇڭگوغا كەلگەن سودىگەرلەر، راھىبلار ياكى بۇددا دىنى مۇرىتلىرى ئىدى.

ياپونىيە خاتىرىلىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇددا دىنى مىلادىيە 552 ـ يىلى كورىيىدىن بۇ ئارال دۆلىتىگە تارقالغان، شۇڭلاشقا مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، ئۇنىڭ بىلەن كورىيە ۋە جۇڭگو ئارىسىدا ئۆرپ ـ ئادەت جەھەتتىكى ئالاقە بولۇپلا قالماستىن، يەنە دىنىي جەھەتتىكى ئالاقىمۇ بولغان. گەرچە ياپونىيىنىڭ بۇددا دىنى ئۆزگىچە تەرەققىيات جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن نۇرغۇن جەھەتتە جۇڭگودىن ئۆگەنگەن. ئەگەر بىز ياپونىيىنىڭ مەدەنىيىتى، سىياسىيىسىنى كورىيە ۋە جۇڭگو بىلەن بولغان ئالاقىسى جەھەتتىن ئويلىشىپ كۆرىدىغان بولساق، يىپەك يولىنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان جۇڭگونىڭ قەدىمكى

پايتەختلىرىدىن باشلىنىپ، چاۋشيەن يېرىم ئارىلىدىن ئۆتۈپ، ياپونىيىگىچە سوزۇلىدۇ دېيەلەيمىز. شەرقىي ئاسىيادا ھىندىستاننى تاۋاپ قىلغان مەشھۇر راھىب خۇيچاۋ مىلادىيە 700 ـ يىلى ئەتراپىدا چاۋشيەندە تۇغۇلغان، ئۇنىڭ كېيىنكىلەرگە قالدۇرغان شۇ قېتىملىق ساياھىتىگە ئالاقىدار خاتىرىلەرمۇ بۇ ھۆكۈمنى قوللايدىغان يەنە بىر پاكىتتۇر. ياپونىيىدىن جۇڭگوغا زىيارەتكە كەلگەن يەنە بىر كىشىمۇ ياپونىيىنىڭ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان جۇڭگو بىلەن قويۇق مەدەنىيەت ئالاقىسىنىڭ بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەرگەن④. ئۇ كىشى راھىب يۈەن رېندۇر. ئۇ مىلادىيە 9 ـ ئەسىردە جۇڭگودا توققۇز يىل تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى تەپسىلىي خاتىرىلىگەن. بۈگۈنكى ياپونىيىلىكلەرنىڭ يىپەك يولىنىڭ تارىخىغا ناھايىتى قىزىقىشىمۇ ياپونىيىلىكلەرنىڭ شەرقىي ئاسىيادىلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئوتتۇرا ئاسىيادىمۇ ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت يىلتىزىنى بايقىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

## 4. يىپەك يولى رايونىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

ئەگەر بىز «يىپەك يولى رايونى» نىڭ قىياپىتىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان ئالاھىدە نۇقتىنى تاپماقچى بولساق، فون گابائىننىڭ: «مۇقىم ئولتۇراق رايونى بوستانلىق، كۆچمەن چارۋىچىلىق رايونى چەكسىز، بىپايان، مانا بۇ نەچچە خىل مەدەنىيەت ئارىسىدا تۇرۇۋاتقان كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ئىگە بولغان ئومۇمىيۈزلۈك ئالاھىدىلىك»⑤ دېگەن بۇ سۆزى بۇنىڭغا ماس كېلىدۇ. بۇ رايوندا ھېچقانداق بىر چوڭ دۆلەت ئۇزۇن مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ باقمىغان. ئەگەر كەڭ يايلاقتا ئىلگىرى مۇشۇنداق بىر دۆلەت قۇرۇلغان دېيىلسە، دائىم بىر قانچە دەۋر ئۆتكەندىن كېيىن يەنىلا ھالاك بولغان.



2 ـ رەسىم يايلاقتىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ
ھۇجۇمىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن قۇرۇلغان
سەددىچىن سېپىلى

بوستانلىقلاردىكى شەھەر دۆلەتلىرى نىسپىي مۇقىم سىياسىي ئەمەلىي گەۋدىدىن ھاسىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى كۆچمەنلەرنىڭ ياكى باشقا چوڭ دۆلەتلەرنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراپ، دائىم كۈچلۈك چەت دۆلەتلەرنىڭ بېقىندىسى بولۇپ قالاتتى. بۇ بوستانلىق شەھەرلەر ئاساسەن نىسبەتەن يۇقىرى بولغان ماددىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىكنىڭ ياراتقۇچىلىرى بولۇپ، ئۇلار يېڭى تېخنىكا ۋە ئىدىيىنى قوبۇل قىلىپلا قالماستىن، بەلكى بۇ يېڭى تېخنىكا، يېڭى ئىدىيىلەرنى قوشنا دۆلەتلەرگە تارقاتقان. نىسبەتەن يۇقىرى بولغان مەدەنىيەت دېگىنىمىزنىڭ ئىپادىلىرىدىن بىرى يېزىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئاھالىلىكى جەمئىي 24 خىل ئوخشىمىغان يېزىقنى قوبۇل قىلىشتۇر. بۇ تەرىپى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى

بوستانلىقلارنىڭ سىرتقا قارىتا ئىچىۋېتىشىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بولۇپ، كىشىلەر بۇ بوستانلىقلاردىن 16 خىل يېزىقتا يېزىلغان يازما يادىكارلىقلارنى تاپقان.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، كىشىلەر بۇ رايوننىڭ مىللەت ۋە تىل جەھەتتە نەقەدەر رەڭگارەڭ ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايدۇ. گەرچە سوغد تىلى، خەنزۇ تىلى ياكى تۈركىي تىللاردىن ئىلگىرى قىسقا مەزگىللىك بىر تۈرلۈك ئارىلاش ئورتاق تىل بولۇش مۇمكىنچىلىكى بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەردە ئەزەلدىن بىر خىل تىل مەلۇم مەدەنىيەت ئەمەلىي گەۋدە ئاساسىنى تولدۇرۇپ باقمىغان. ئەكسىچە ئىران، ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن ھەرخىل تىللار بولسۇن ياكى خەنزۇ تىلى بولسۇن، ھەممىسى بوستانلىقلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدا ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشقان. بۇ تىللاردا يېزىلغان يازما يادىكارلىقلار ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىملىرى شۇ تىل مەنبەسىدىكى كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇپ كېتىلگەن. بۇ مەسىلىنى ئەڭ ياخشى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان مىسال بۇددا دىنى ئىدى، ئىسلام دىنىنىڭ ھىندىستانغا كىرىشىگە ئەگىشىپ، بۇددا دىنى ئۆز يۇرتىدا خارابلىشىشقا باشلىغان. ئۇ يەردە سانسكرىت يېزىقىدا يېزىلغان بۇ دۇنياۋى دىنىنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرى كۆيدۈرۈۋېتىلگەن، بىراق ئوتتۇرا ئاسىيادا سانسكرىت تىلىدا يېزىلغان بۇددا نومىنىڭ قالدۇقلىرى ساقلانماقتا.

يىپەك يولىدىكى مەدەنىي تۇرمۇش تەركىبى خىلمۇخىل بولغان تەقدىردىمۇ، لېكىن مەلۇم دەرىجىدىكى بىر پۈتۈنلۈك ئاساسىدا ئاشۇ تارىختىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان سودا يوللىرى ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلغان بوستانلىقلار يەنىلا نورمال ئالاقىسىنى ساقلاپ قالغان، يىپەك يولىدىن تېپىلغان سۇرىيە، ئىران، ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قول

يازمىلىرى بۇ خىل كەڭ دائىرىلىك مەدەنىيەت ئالاقىسىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

شۇنداقتىمۇ يىپەك يولى سودىسى دائىم توسالغۇسىز بولۇۋەرمىگەن، ئۇرۇش ۋە سىياسىي قالايمىقانچىلىق، ئۇنىڭدىن سىرت يەنە مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان تەبىئىي ئاپەت، مەسىلەن، لوپنۇرنىڭ دائىم يۆتكىلىپ تۇرۇشى ياكى كەڭ رايونلارنىڭ سۇ مەنبەسىنىڭ قۇرۇپ كېتىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مەلۇم بۆلەكتە قاتناشنى ۋاقىتلىق، ھەتتا مەڭگۈ ئۈزۈپ قويىدۇ. يەنە قاراقچى ۋە كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇرىدۇ (كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ئاتلىق بۇلاڭچىلىق قىلىشنى قەھرىمانلىق دەپ بىلىدۇ)، بولۇپمۇ سىياسىي جەھەتتە مۇقىم بولمىغان رايونلاردا ۋە مەزگىللەردە بۇ خەۋپ ـ خەتەرلەر سودا كارۋانلىرىغا تەھدىت سېلىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، سودا كارۋانلىرى ئامالىنىڭ بارىچە كېيىنكى بېكەتكە تېزلىكتە يېتىپ بېرىپ، قوغدىلىدىغان كارۋان سارايلىرى ياكى ئىبادەتخانىلاردا قونىدۇ. ئۇ بوستانلىقلار يەنە ھەرخىل ئۇچۇرلارنىڭمۇ تارقىلىش ئورنى بولۇپ، قەيەردە قانداق ئادەم، قانداق ئات ـ ئۇلاغ ۋە قانداق ماللارنىڭ ئۆتۈشىگە رۇخسەت قىلىنىدىغانلىقىنى جەزىملەشتۈرگىلى بولىدۇ، چۈنكى ئاشۇ شەھەر دۆلەتلىرى ئالغان بېجىدىن نۇرغۇن نەپكە ئېرىشىدۇ. ئەلۋەتتە، بوستانلىقلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى رولى ئەينى ۋاقىتتىكى بېقىندىلىق مۇناسىۋەتكە باغلىق ئىدى، ئەمما بۇ خىل مۇناسىۋەت ھەر ۋاقىت ئۆزگىرىپ تۇراتتى.

ئەتراپتىكى يايلاقلاردىكى كۆچمەن چارۋىچى ۋە يېرىم كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ توختىماي ئۇرۇشىشىمۇ بوستانلىق شەھەرلەر تارىخىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى. كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ تۇرمۇشى قانۇنىيەتلىك بولۇپ، ئۇلار چارۋا تويى بىلەن، يازلىق ئوتلاق ۋە قىشلىق ئوتلاقلىرى ئارىسىدا

كۆچۈپ يۈرىدىغان بولسىمۇ، لېكىن كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر ئۆزئارا يايلاق تالىشىپ توختىماي ئۇرۇشىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار يېڭىدىن يايلاق ئىزدەشكە مەجبۇر بولغاچقا، قەبىلىلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆچۈشى كېلىپ چىقىدۇ. بۇ خىل كۆچۈش ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەرگە پايدىسىز تەسىر پەيدا قىلىدۇ، بولۇپمۇ ۋەزىيەت مۇقىم بولمىغان ۋاقىتلاردا، ئۇلارنىڭ يېزا ئىگىلىك رايونى ھۇجۇمغا ئۇچرىشى مۇمكىن. ۋەزىيەت مۇقىم بولغان ۋاقىتلاردىمۇ، كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر يېزا ئىگىلىك رايونى ۋە شەھەر ـ بازارلارغا كىرىپ بۇلاڭچىلىق قىلىپ ئېرىشكەن، كىشىلەر ئارزۇ قىلىدىغان بايلىقلارنى قوي پادىلىرىغا ئالماشتۇرىدۇ. بۇ جەرياندا خېلى كۆپ قانلىق قىرغىنچىلىقلار يۈز بېرىدۇ. كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ سىرتقا چىقىپ بۇلاڭچىلىق قىلىپ ئولجا بىلەن قايتقان قەھرىمانلارنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈشى كىشىنى بوستانلىقتىكى ئاھالىلەر بېسىپ كىرىش ۋەھىمىسىنى قوبۇل قىلالايدىكەن دېگەن ھېسسىياتقا كەلتۈرىدۇ، بولۇپمۇ ئۇلار جاپا تارتىپ ھەيدەپ تېرىغان يەرلىرىنى دائىم ئادەم كۆچىگە تايىنىپ سۈغىرىدۇ. ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مول ھوسۇل تىلاۋەتنامىسىنىڭ مەلۇم بىر بۆلىكى بۇ جاپا ـ مۇشەققەتلىك ئەمگەكنى جانلىق قىلىپ مۇنداق ئىپادىلەپ بېرىدۇ:

«دېھقانلارنىڭ (.......) پېشانىسىدىن تەر قۇرمايتتى، قوللىرى قاپىرىپ يېرىكلىشىپ كېتەتتى، يېرىلغان تاپانلىرىدىن ئاققان قانلىرى قېتىپ قالاتتى، ئۇسساپ، قورساقلىرى ئېچىپ تارتىشىپ كېتەتتى. ئۇلار ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل ئېتىزلىقلاردا قولىدا ساپاننى تۇتۇپ ئېڭىشكىنىچە ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ يەر ھەيدىشەتتى، غەم ـ ئەندىشە ئۇلارنى كۇنسايىن

> ئورۇقلىنىۋەتكەن. ئۇلار يەر تېرىيتتى، ئۇچلۇق ئوتىغۇچ بىلەن يەر ئوتايتتى، ئۇلار ئاجىزلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، جاپالىق ئەمگەك قىلاتتى، بىردەم ـ يېرىمدەم ئولتۇرۇۋالالمايتتى. ئۇلار يەرگە ئۇرۇقنى چېچىپ بولۇپلا كۆمەتتى (توپا بىلەن)، ئۇلار ئاچلىقتا، جاپاغا چىداپ، يەرنى سۇغىرىپ بولغاندىلا، ئاندىن بولدى قىلىشاتتى»⑥.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى شەھەر دۆلەتلىرى دائىم تەھدىتكە ئۇچراپ تۇراتتى، نەم توپىنى خاڭداش ئارقىلىق ياسالغان ئاشۇ ئېگىز سېپىللارنىڭ خارابىلىرىنى بۈگۈنكى ئىدىقۇتتا يەنىلا ئۇچراتقىلى بولىدۇ، بۇ ئاشۇنداق تەھدىتنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان قايىل قىلارلىق ئىسپات. بىز بىر دوكلاتتىن ھۇجۇم قىلغۇچىلارنىڭ تەلەپلىرىنى خەتكە يېزىپ، خەتنى ئوقيا بىلەن مۇستەھكەم قوغدىلىدىغان شەھەرگە ئاتىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز⑦. شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ بۇ كىچىك ماكانىنى ئىچكى قىسمى تىپتىنچ بېكىنمە دۇنيا دېگەندىن كۆرە، ئۇنى دېڭىزدىكى ئەنسىزلىكتە تولغان يالغۇز ئارال دېگەن تۈزۈكرەك.

ئەلۋەتتە، ئولپان تاپشۇرۇش بىلەن بىرگە، بوستانلىق ۋە كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ئارىسىدا يەنە قويۇق ئالاقە مەۋجۇت بولۇپ، كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىغا ئالماشتۇرىدۇ. ئالماشتۇرۇش جەريانىدا، يىپەك ئىقتىسادىي پائالىيەتلەردىكى ھېسابلاش بىرلىكى ياكى ئەمەلىي سودا بىرلىكى قىلىناتتى. جۇڭگودا كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ئېھتىياجلىق بولغان يىپەك ئاتقا ئالماشتۇرۇلاتتى. تۇرپان يازما يادىكارلىقلىرىدىن پاختا

رەختىنىڭمۇ ئالماشتۇرۇشتىكى تەڭ قىممەتلىك نەرسە قىلىنغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. مىلادىيە 1 ـ ئەسىردىن ئىلگىرىلا مېتال پۇل بار ئىدى، ھالبۇكى قەغەز پۇل ئوتتۇرا ئاسىيادا 1260 ـ يىلىدىن كېيىن ئىشلىتىلىشكە باشلانغان. ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەر بىلەن كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ئارىسىدىكى نورمال سودا بەزىدە چىن دوستلۇق تۈغى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان. بۇ خىل ھالەتنى شەھەر دۆلەتلىرى بىلەن يېزا ئىگىلىك رايونلىرى تىنچلىقنى قوغداش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ رەقىبى بولغان كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ئۈچۈن ياراتقان بولۇپ، ھەتتا كۈچلۈك جۇڭگومۇ بەزىدە بۇ خىل ياراشتۇرۇش پوزىتسىيىسىنى قوللانغان.

فون گابائىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى شەھەر دۆلەتلىرى توغرىسىدا توختالغاندا: «ئادەتتە ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەرنىڭ تەقدىرى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭكىدىن تۇراقلىق» ⑧ دېگەن ھۆكۈمنى چىقارغان. سىياسىي قالايمىقانچىلىق مەزگىللىرىدە، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت شەكلىنى نىسپىي مۇقىم ھالدا ساقلاپ قالغان، گەرچە شەرقنىڭ ئاشۇ مەدەنىيەتلىرىنىڭ تەسىرى بولسىمۇ، ھەر بىر بوستانلىق يەنىلا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى راۋاجلاندۇرغان. ئىسلام دىنى ئىستېلاسى دەۋرىدە ( بۇ ئىستېلا مىلادىيە 7 ـ ئەسىردىن باشلانغان بولۇپ، 8 ـ ئەسىرگە بارغاندا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمى پۈتۈنلەي ئىسلاملىشىپ بولغان ) ، ئاشۇ شەھەر دۆلەتلىرى ئاندىن يېڭىچە دىنىي تۈزۈم ۋە تۇرمۇشقا ماسلىشىشقا مەجبۇر بولغان. شىنجاڭدا بۇ جەريان 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ئاياغلاشقان، لېكىن «خېشى كارىدورى» دىكى يىپەك يولىنىڭ مۇھىم ئۆتەڭ ـ بېكەتلىرى ئوخشاشمىغاچقا، يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ جۇڭگوچە قىياپىتىنى ساقلىماقتا.

## 5. يىپەك يولىدىكى سەپەر

يىپەك يولىدىكى ھەرقايسى بوستانلىقلارنىڭ ئارىلىقى ناھايىتى يىراق ئىدى، ئەينى ۋاقىتتا ئۆزئارا بېرىپ - كېلىشتە ئاساسلىقى ئاتلىق ماڭاتتى، پىيادە مېڭىش ئاز كۆرۈلەتتى، چۈنكى ئارىلىق ئۇزۇن بولغانلىقى ئۈستىگە، تاغلىق رايونلاردىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. ئاتلارنىڭ مۇھىملىقىنى تۆۋەندىكى ئەمەلىيەتتىن ئوڭايلا كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ: كۇشان پادىشاھلىقى (ئۇنىڭ مەركىزى ھازىرقى ئافغانىستان) دا، ئات ئىلاھى «لۇراسپا» بولغان. دۇنخۇاڭدىكى تام رەسىملىرىدە، يۈك ئارتىلغان ئۇلاغنى يېتىلىگەن پىيادە يولۇچىلار سىزىلغاندىن سىرت، يەنە ئاتلىق ئادەملەرنىڭ رەسىملىرىمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ.



3 - رەسىم چۆكۈپ ئارام ئېلىۋاتقان يۈك ئارتىلغان تۆگە، بېزەكلىك تام رەسىملىرىگە تەقلىد قىلىنغان.
مىلادىيە 8 - ئەسىر ياكى 9 - ئەسىر

ئۇ ۋاقىتلاردا قوش لوكىلىق تۆگە، قېچىر، ئېشەك ۋە ئاتلارغا يۈك ئارتىلاتتى. ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىر خەتتە ئېشەكنى ئىجارىگە ئېلىشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار خاتىرىلىنىپ

مۇنداق دېيىلگەن: ئېشەكنى ئالماشتۇرۇشتىن ئىلگىرى ئۇنى كۆڭۈل قويۇپ بېقىش، ۋاقتى - ۋاقتىدا ئوتلىتىش كېرەك. ئۇلاغلارغا يۈك ئارتىش قەدىمدىن تارتىپ ئىشلىتىلىۋاتقان ئۇسۇل تۆگىنى ئېلىپ ئېيتساق، يۈك ئىككى لوكا ئارىسىغا تېڭىلىدۇ، يۈك ئارتىلغان ئۇلاغلارنى ئاسراش ئۈچۈن، يېقىن ئەتراپتا سۇ بولغان ئۆتەڭدە دەم ئېلىش كېرەك. يىپەك يولىنىڭ شەرقىي بۆلىكىدە تاق ئوقلۇق كالا هارۋىسى ئىشلىتىلگەن، تۇرپان ۋە دۇنخۇاڭدىكى تام رەسىملىرىدە بۇخىل كالا هارۋىسىنىڭ رەسىمى بار.

بۇ سەپەردە ئېغىر دەرىجىدىكى خەتەرلىك ئەھۋاللار ئاساسەن پايانسىز قۇملۇق ۋە ئېگىز تاغلاردىن هالقىپ ئۆتكەن چاغلاردا يۈز بېرىدۇ. تەبىئەت تۇغدۇرغان قىيىنچىلىقتىن (ئاپەت خاراكتېرلىك هاۋارايى مۇشۇ تۈرگە تەۋە) سىرت، يەنە قاراقچىلارنىڭ دائىملىق تەهدىتى مەۋجۇت. بۇ خىل تەهدىتنى جۇڭگودىن كەلگەن هىندىستانلىق تاۋاپچى جانلىق بايان قىلغان. دۇنخۇاڭدىكى تام رەسىملىرىدىمۇ بىر سودا كارۋىنىنىڭ تۇيۇقسىز هۇجۇمغا ئۇچرىغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. بۇ قاراقچىلاردىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن ئەڭ ياخشىسى قوراللىق كارۋانلار بىلەن هەمراھ بولۇپ ماڭغان تۈزۈك. يولۇچىلار يۈك ئارتىش ئۈچۈن ئۇلاغ ئىجارىگە ئالىدۇ، يول باشلىغۇچى ياللايدۇ بولىدۇ. يول باشلىغۇچى يولۇچىلارنى مەلۇم ئورۇنغا باشلاپ ئاپىرىدۇ، ئۇ يەردە ئالدىدىكى سەپەر يولىنى پىششىق بىلىدىغان يول باشلىغۇچى ياللىۋالسىمۇ بولىدۇ. پۇل تۆلىگەندە قويما پۇل ياكى يىپەك يولىنىڭ شەرقىي بۆلىكىدە بولسا بىردەك ئۆلچەمدىكى يىپەك ياكى رەختنى ئىشلەتسە بولىدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن، بۇ خىل كۆپلىگەن بۇيۇملارنى يول بويى ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرۈشىدۇ. كارۋانلاردىن سىرت، يەنە سۇرئىتى تېز پوچتا ئاتلىرىدا ئىنتايىن يىراق جايلار ئارىسىداغا يەتكۈزگىلى بولىدۇ.

موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە (مىلادىيە 13 ـ ئەسىردىن 14 ـ ئەسىرگىچە) بىر مۇنچە پوچتا راباتلىرى بارلىققا كەلگەن، ئۇ يەردە ئاتلارنى يەڭگۈشلىگىلى بولاتتى⑩. بىر موڭغۇل ئەمەلدارىنىڭ قوچۇدىن ئەۋەتكەن بىر پارچە خېتىدە، بۇ بوستانلىقتىكى شەھەرلەرنىڭ يەرلىك ئەمەلدارلىرىغا مۇنداق پەرمان چۈشۈرگەن: يولۇچىلارنىڭ «بېرىپ ـ كېلىشىگە رابات خادىمى سەپلەپ بەرگەندىن سىرت، (يەنە) تۆت پوچتا ئېتى بېرىش كېرەك»⑪. تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان تۇبۇتچە قوليازمىلاردىن مىلادىيە 9 ـ ئەسىردىلا، يەنى تۇبۇتلەر ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردىلا پوچتا ئارقىلىق ئۇچۇر يەتكۈزۈش تۈزۈمى بارلىقىنى بىلەلەيمىز⑫.



4 ـ رەسىم يىپەك يولىنىڭ شەرقىي بۆلىكىدە ئىشلىتىلگەن كالا ھارۋىسى، ئاستانە قەبرىستانلىقىنىڭ تاملىرىغا سىزىلغان رەسىملەرگە تەقلىد قىلىنغان. مىلادىيە 7 ـ ئەسىر

سەپەرگە چىقىپ باققان ھەرقانداق بىر يولۇچى سەپەردە تەبىئەتنىڭ خېيىمخەتىرى، قاراقچىلارنىڭ بۇلاڭچىلىقىغا ھەم ئاشلىق ۋە سۇ يېتىشمەسلىككە ئوخشاش قىيىنچىلىقلارنىڭ بارلىقىنى بىلىدۇ. بۇخىل ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە، كىشىلەر بۇدساتۋاغا ئىلتىجا قىلىپ ياردەم قىلىشنى تىلەيدۇ ۋە ھەرقانداق

ئەھۋالدا مۇراجىئەت قىلىدۇ. بۇددا دىنىدىكى كىشىلەر ئەڭ ئىشىنىدىغان ئەۋلىيا شەپقەتكار مەبۇدە (ئاۋالۇكىتېشۋارا — تەھرىردىن) دۇر. ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەڭ قەدىرلىنىدىغان «دىسادارما پۇنداريكا سۇترا» («نىلۇپەردەك ئاق ئاجايىپ دارما سۇتراسى») نىڭ 15 ـ بابىدا، ئۇنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتتە قالغانلارنى قۇتۇلدۇرغانلىقىدەك ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىش ئىزلىرى مەدھىيىلەنگەن⑬.

ئەۋلىيالارنىڭ رەسىمىدە بۇ ئازاب ـ ئوقۇبەتتە قالغانلارنى قۇتۇلدۇرغۇچى ئون بىر باشلىق قىلىپ سىزىلغان، ئۇنىڭ ھەممە قولىدا دائىم دېگۈدەك كۆزلەر بولاتتى. كىشىلەر يىپەك يولىدىكى نۇرغۇن ئورۇنلاردىن بۇنداق رەسىملەرنى بايقايدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خرىستىئان دىنى مۇرىتلىرىنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا قوغداش ئىلاھى بولغان، ئۇ بولسىمۇ ئەۋلىيا جورجدۇر. تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان تۈركىي تىلدىكى ھۆججەتلەردە، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئىسمىنى توۋلىغانلارغا، ھەققانىيەت ئۈچۈن قەستكە ئۇچراپ ئۆلگۈچىلەرگە ياردەم بېرىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنى قۇتقۇزىدىغانلىقى يېزىلغان⑭. گەرچە بۇ ھۆججەتلەردە يولۇچىلارنى بىۋاستە تىلغا ئالمىغان بولسىمۇ، لېكىن بىز ئۇلارنى يەنىلا ئەۋلىيا جورج ئۆز پاناھىدا ساقلىغان دەپ بىلىمىز.

يىپەك يولىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئاساسلىق دىنلار ۋە ئۇ توغرىسىدىكى ئەسەرلەر سودا كارۋانلىرى تەرىپىدىن يول كۆرسەتكۈچى ياكى يول باشلىغۇچى ئورنىدا قايتا ـ قايتا پايدىلىنىلغان. خېلى بۇرۇنلا ھىندىستاننىڭ بۇددا دىنى ئەدەبىياتىدا بۇددا دىنى ئۇلۇغ كارۋاننىڭ يول باشلىغۇچىسى دەپ قارايدىغان ئەھۋاللار بار ئىدى. قەدىمكى تۈركىي تىلىنىڭ بىرىكمە سۆز ياساش ئۇسۇلىدىن قارىغاندا، بۇددانىڭ ۋەزىپىسى كارۋاننىڭ يول باشلىغۇچىسى بولۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنىڭدا ھەم ھىندى تىلى ئۇقۇمى ھەم تۈركىي تىل ئۇقۇمى بار⑮. بەزى

بۇددىستاۋالارنىڭ «كارۋانلار پىرى» ياكى «سودىگەرلەر پىرى» دېگەنگە ئوخشاش باشقىچە ئاتىلىشىمۇ بار[16].

كارۋاننىڭ يول باشلىغۇچىسى ئىنسانلارنى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ھەقىقىتىنى بايان قىلىدۇ[17]. چۈنكى، «مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا» دېگەندەك، دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان رۇنىك يېزىقىدىكى تۈركىي قولىيازمىلاردا دانىشمەنلەر يول باشلىغۇچى قىلىنغان، ئۇلار كىشىلەرگە توغرا يول كۆرسىتىپ بەرگەن[18]. بۇنىڭدىن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي ئاسىيادا كىشىلەر ئاللىقاچان ئېتىراپ قىلغان كۆرگۈچىلەرنىڭ ئاڭلىغۇچىلاردىن ئەلا ئىكەنلىكىدەك ھەقىقەتنى ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ. بۇ كىشىلەرگە بىر بۆلۈك مۇناجاتنى ئەسلىتىدۇ (مۇناجاتنىڭ 119، 104 گە قارالسۇن)، ئۇنىڭدا ئىلاھنىڭ سۆزىنى يول كۆرسەتكۈچى نىشان دەپ ئاتىغان.

بۇددا دىنىدىكىگە ئوخشاش، مانى دىنى مۇرىتلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرىنى — ئۇ دىن تارقىتىش ئارقىلىق توغرا يول كۆرسىتىپ بېرىدۇ — «بۈيۈك كارۋاننىڭ يول باشلىغۇچىسى» دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت، پارفىيە مانى دىنىنىڭ ئەڭ تەسىرلىك بىر مۇناجاتىدا، ئاللىقاچان ۋاپات بولغان ئۇستاز M. زاكۇ (مىلادىيە 300 ـ يىللار ئەتراپىدا ئالەمدىن ئۆتكەن) نى «ئۇلۇغۋار كارۋاننىڭ يول باشلىغۇچىسى» دەپ قارىغان، «ئۇ (ئۆزىنىڭ ئۆلۈمى سەۋەبلىك) ئۆزىنىڭ كارۋانلىرىنى قاقاس قۇملۇقتا، تاغلاردا ۋە چوڭقۇر جىلغىلاردا تاشلاپ قويغان»[20]. بۇ خىل ئىپادىلەش يىپەك يولىدىكى كونكرېت تۇرمۇش تەجرىبىسىگە ئاساسەن دىندا ئوخشىتىشقا باي تىلنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

ئاۋۋال ئاشۇ سودىگەرلەر يىپەك يولى سەپىرىدىكى مىسلىسىز قىيىنچىلىق ۋە خېيىمخەتەرلەرگە چىدىغان، نۇرغۇنلىغان قىزىقارلىق يازما يادىكارلىقلاردا ساياھەتچى سودىگەرلەرنىڭ سودا

مۇۋەپپەقىيەتلىرى خاتىرىلىنىش بىلەن بىرگە، يەنە ئۇلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىمۇ خاتىرىلەنگەن. دۇنخۇاڭ ئەتراپىدىكى بىر تۇردا مىلادىيە 4 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يېزىلغان بەزى سوغد تىلىدىكى خەت ـ چەكلەر بايقالغان. بۇ خەتلەردىن بىز جۇڭگودىكى پاراكەندىچىلىك تۈپەيلىدىن جۇڭگونىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى پايتەختى لوياڭدىكى سوغد ۋە ھىندى سودىگەرلىرىنىڭ ئاچلىقتىن ئۆلگەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز㉑. ئۇنىڭدىن باشقا، بەزى يازما يادىكارلىقلاردا سودىگەرلەرنىڭ يىپەك يولىدىكى تۇرمۇشى، مەسىلەن، ئۇلارنىڭ سودىسى ئۆزلىرىگىلا ئەمەس، بەلكى بوستانلىقتىكى ئاھالىلەرگە ئېلىپ كېلىدىغان پايدىسى تىلغا ئېلىنغان:

«ئۇنىڭدىن باشقا، بەزى سودىگەرلەر تىنماي سودا قىلىپ، پايدىغا ئېرىشىدۇ (.......). ئۇلار شەرقتىن غەربكە، غەربتىن شەرققە مېڭىپ يۈرۈپ، سىز ئېھتىياجلىق بولغان نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئەكىلىپ بېرىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەددى ـ ھېسابسىز بايلىقلىرى ۋە دۇنيادا ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلىرى بار (......). ئەگەر بۇ سودىگەرلەر بولمىغان بولسا، ئۇلار دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ ساياھەت قىلمىغان بولسا، ئۇنداقتا سىز قاپلان تېرىسىنى قاچانلاردا كىيەلەيتتىڭىز؟ ئەگەر جۇڭگو كارۋانلىرىنىڭ تۇغى سۇنۇپ كەتكەن بولسا، ئۇنداقتا ئاشۇ ھەددى ـ ھېسابسىز قىممەت باھالىق نەرسە ـ كېرەكلەر قەيەردىن كەلگەن بولاتتى؟ (......) بۇلارنىڭ ھەممىسى سودىگەرلەرگە باغلىق، ئۇلارغا ئەگىشىپ ئىشلەيلى! ئىشىكنى ئېچىۋېتەيلى! ئاشۇ نەرسىلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلايلى! ئەگەر سىز بۇ ماللارنى ئەرزان باھادا تۇتۇپ

تۆرالىسىڭىزلا، شۇنىڭغا ئىشىنىڭكى سىزنىڭ شانلىق نامىڭىز ھەممە يەرگە تارقىلىدۇ! »㉒



5 ـ رەسىم ئون بىر باشلىق، سەككىز بىلەكلىك قوغدىغۇچى ئىلاھ شەپقەتچى مەبۇدە

ھەتتا دىنىي سەنئەت ۋە ئەدەبىياتتىمۇ سودىگەرلەر تەسۋىرلەنگەن ياكى تىلغا ئېلىنغان. تۇرپان ئەتراپىدىكى بېزەكلىكتىكى تام رەسىمدە بىر بۇددىنىڭ تېۋىنغۇچىلارنىڭ سوۋغىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارغا بەخت ـ ئامەت تىلەۋاتقانلىقى سىزىلغان. رەسىمدىكى تېۋىنغۇچى ئۇچىسىغا مىللىي كىيىم كىيگەن سوغد سودىگىرىدۇر. بۇددا دىنى قول يازمىلىرىدىكى

سودىگەرلەر ۋە سودا توغرىسىدىكى بايانلاردا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەزمۇن شۈبھىسىزكى ھىندىستاننىڭ ئەھۋالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بەزى ئوتتۇرا ئاسىيا يازما يادىكارلىقلىرىدا، مەسىلەن، «Tisastvustik» (ئۇ سەپەردىكى سودىگەرلەرنى ئۆز پاناھىدا ساقلاشقا ماقۇل بولغان) تا بۇددا بىلەن ئىككى سودىگەرنىڭ كۆرۈشۈشى بايان قىلىنغان㉓.



6 ـ رەسىم سوغد سودىگەرلىرى بۇدداغا ئاتاپ نەزىر بەرمەكتە، بېزەكلىك تام رەسىملىرىگە تەقلىد قىلىنغان

«دساددارما پۇندارىكا سۇترا» غا ئوخشاش مەشھۇر بۇددا دىنى ماتېرىياللىرىدىمۇ سودىگەرلەرنى ئۆز پاناھىدا ساقلاشقا ۋە ئۇلارغا ئامەت ئاتا قىلىشقا ۋەدە قىلغانلىقىدەك مەزمۇنلار بار. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «يەتتە يۇلتۇز نومى» دا بۇ ئەھۋاللار مۇنداق يېزىلغان: «ئەگەر بىر دۆلەتمەن بەگزادە ياكى پۇلدار خېنىم سەيلە ـ ساياھەت قىلىپ، يىراقتىكى بىر (ئورۇن) غا بارماقچى بولسا ياكى سىرتقا چىقىپ سودا قىلماقچى بولسا، ئۇلارنىڭ تەلەپ ۋە ئارزۇلىرى چوقۇم قاندۇرۇلىدۇ» ㉔ دېيىلگەن. لېكىن، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «سەككىز يۇكمەك نوم بىتىگ» دا: «ئەگەر ئۇ يىراق جايلارغا بارماقچى بولسا، ياكى سەپەرگە ئاتلانماقچى بولسا، ياكى سەممىمىي نەسىھەت ۋە بەختكە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلسا، ياكى سىرتقا چىقىپ سودىگەرچىلىك قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ ئېرىشىدىغىنى چوقۇم كۆپ بولىدۇ»㉕ دېيىلگەن. P . زېخمېرمۇ: «بىز بىلىدىغان بارلىق بۇددا دىنى ئەسەرلىرى ئىچىدە بىرمۇ ئەسەر سودىگەرلەرنى سەلبىي پېرسوناژ قىلىپ يازمىغان. لېكىن، كۆرسىتىپ قويۇش كېرەككى، ئۆتكۈزگەن خاتالىقىغا توۋا قىلىش توغرىسىدىكى مەزمۇنلاردا، سودا ئىشلىرىدىكى ئالدامچىلىق ھەرىكەرلىرىگە نىسبەتەن تەنقىدىي پوزىتسىيە تۇتقان» ㉖ دەپ قارىغان. سودىگەرلەر مانى دىنى مۇرىتلىرى ئارىسىدىمۇ يۇكسەك ئېتىبارغا ئېرىشىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا مانى دىنىنىڭ تۈۋرۈكى بولۇپ قالغان. مەسىلەن، بۇ دىنىنىڭ مول بولغان سىمۋول خاراكتېرىدىكى ئىبارىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى سودىگەرلەر تۇرمۇشىدىكى ئوبرازلاردىن قوبۇل قىلىنغان㉗.

سودىگەرلەر، دىپلوماتىيە خادىملىرى ۋە ئەسكەرلەردىن سىرت، يەنە راھىبلار ۋە تاۋاپ قىلغۇچىلارمۇ سەپىرىدە ھەرقايسى بوستانلىق شەھەرلەردىن ئۆتىدۇ. ئۇلار بۇتخانىلاردا ئارام ئالىدۇ، ھەقسىز تاماق يەيدۇ، ھەم سەپەردە ئېھتىياجلىق

بولىدىغان يېمەكلىكلەرگە ئېرىشىدۇ. بىرەر ئۆتەڭدە بىر قانچە ئاي تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بوستانلىقتا توختايدىغان ۋاقتى يەنىلا چەكلىك بولىدۇ. ئۇلار قايتا سەپەرگە ئاتلانغان چېغىدا، ئۇلارنىڭ ئالدىدا يەنە مۆلچەرلىگۈسىز قىيىنچىلىقلار بولغان بولىدۇ.

جۇڭگودىن كەلگەن ھىندىستاننى تاۋاپ قىلغۇچىلار سەپەردىكى جاپا ـ مۇشەققەت، قونالغۇغا يېتىپ بارغاندىن كېيىنكى ئازادىلىك، يۇرتداشلار بىلەن كۆرۈشكەندىكى شاد ـ خۇراملىق، شۇنداقلا ئۇزۇن سەپەرنى يېڭىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان جاسارەت ۋە قەتئىي ئىرادىنى جانلىق سۈرەتلەپ بەرگەن. شۈبھىسىزكى، مەلۇمات بەرگەن ئاشۇ بۇددا راھىبلىرىدا بىر تۈرلۈك مۇھىم بۇرچقا نىسبەتەن مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى چوقۇم بولغان. دەرمەپەترە ۋە خۇيتساڭنىڭ خاتىرىسى تېخىمۇ ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە. ئۇلار ئىككىيلەن قۇرۇقلۇق يولىنى بويلاپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئۆتۈپ ھىندىستانغا يېتىپ بارغان، بىراق يەنە ھىندىستاننى تاۋاپ قىلغۇچى يىجىڭ سۇماترادىن ئۆتىدىغان دېڭىز يولىنى تاللىغان.

راھىب دەرمەپەترەنىڭ سەپىرى مىلادىيە 399 ـ يىلىدىن 414 ـ يىلىغىچە داۋاملاشقان. ئۇ ھىندىستاندا بۇددا دىنىنىڭ نۇرغۇن مۇقەددەس جايلىرىنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، دېڭىز يولى بىلەن سىرىلانكا ئارقىلىق جۇڭگوغا قايتىپ كەلگەن. ئۇ كېيىنكى خۇيتساڭغا ئوخشاشلا ئۆز ۋەتىنىدىكى راھىبلارنىڭ بۇددا دىنى جەھەتتىكى بىلىمىنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن ھەيران قالغان، شۇڭا ئۇنىڭ مەقسىتى بىر قانچە ھەمراھلىرى بىلەن بىرلىكتە ئاشۇ دىنىي ئەقىدىلەرنى ۋە بۇددا دىنى نوملىرىنى جۇڭگوغا تارقىتىش ئىدى.

راھىب دەرمەپەترە ئۆزىنىڭ سەپىرىنى جۇڭگونىڭ قەدىمكى پايتەختى چاڭئەندىن باشلاپ، لەنجۇ ۋە ئەينى ۋاقىتتا ئېچكى

قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىۋاتقان گەنجۇ ئارقىلىق دۇنخۇاڭغا يېتىپ كەلگەن. ئۇ يەردە ناھىيە ئامبىلى تەمىنلىگەن سەپەرگە كېرەكلىك ئوزۇق - تۈلۈكلەرگە ئېرىشىپ، دەل ئۆزى ئېيتقىنىدەك قۇملۇقنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتتى:

«قۇملۇقتا ئالۋاستى ۋە ئىسسىق شامالغا يولۇققانلىكى كىشى ئۆلىدۇ، بىرمۇ ئادەم ساق قالمايدۇ. ئاسماندا قۇشلار، يەردە ھايۋانلار يوق، يىراقلارغا نەزەر تاشلاپ يول ئىزدىسىڭىز نېمىنى بەلگە قىلىشنى بىلمەيسىز، پەقەت ئۆلگەن ئادەملەرنىڭ قۇرۇق - قاقشال سۆڭەكلىرىلا بىردىنبىر يول بەلگىسى بولالايدۇ»㉘.

راھىب دەرمەپەترە ئەڭ دەسلەپ قۇملۇق، ئەمەلىيەتتە جۇڭگولۇقلار «قۇم دېڭىزى» دەپ ئاتىغان قۇملۇقتىن ئۆتۈش زۆرۈر ئىدى. ئۇ دۇنخۇاڭدىن چىقىپ 17 - كۈنى، لوپنۇرغا يېقىن بولغان پىشامشان پادىشاھلىقىغا ياكى كروران دەپ ئاتىلىدىغان جايغا كېلىدۇ. پىشامشان پادىشاھلىقى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى، ئۇ يەردە «ھىنايانا مەزھىپى» نىڭ 4000 گە يېقىن راھىبى ياشايتتى، ئۇلار ھىندىستاننىڭ بۇددا نوملىرىنى ئۆگىنەتتى، ھىندىستان راھىبلىرىنىڭ ئەمرىمەرۇپلىرىغا ئەمەل قىلاتتى. بىز ئۇلارنىڭ ئۆگەنگەنلىرى ئاساسلىقى ھىندىستاننىڭ سانسكرىت يېزىقىدىكى نوملىرى دەپ قارايمىز. دەرمەپەترەنىڭ باشقا بوستانلىقلاردا كۆرگىنىمۇ ئوخشاش بولۇپ، پەقەت ھەربىر بوستانلىقنىڭ «ھۇن تىلى ئوخشمايتتى»㉙.

ئۇ يەردە بىر ئاي تۇرغاندىن كېيىن، بۇ جۇڭگولۇق راھىب ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى غەربىي شىمال تەرەپكە قاراپ ماڭغان، چۈنكى بۇ ۋاقىتتا جەنۇبىي يولنىڭ شەرقىي بۆلىكىدىن ئۆتكىلى

بولمايتتى. ئۇ قوجودىن ئۆتۈپ، 15 كۈندىن كېيىن ۋۇيىغا يېتىپ بارغان، بۇ بەلكىم توخار تىلىدا سۆزلىشىدىغانلارنىڭ كىنگىت (قارا شەھەر — تەھرىردىن) شەھىرى بولۇشى مۇمكىن. بۇ ساياھەتچى بۇ يەردە ھىنايا مەزھىپىنىڭ 4000 راھىبى بار ئىكەن، ئۇلار راھىبلىق ئەمرىمەرۇپلىرىغا قاتتىق رىئايە قىلىدىكەن، دەپ خاتىرىلىگەن. دەرمەپەترە ۋە ھەمراھلىرى ۋۇيىدا ئىككى ئاي تۇرۇپ قالىدۇ، لېكىن كېيىنچە ئىبادەتخانا خوجايىنى پىخسىقلىق قىلىپ كەتكەچكە، بۇلار ئىچىدىكى بىر قانچىسى ئامالسىز تۇرپانغا بېرىپ، ئۇ يەردىن سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇشقا كېرەكلىك بولغان خىراجەت تەلەپ قىلىدۇ. دەرمەپەترە ۋە بىرقانچە ھەمراھلىرى ئاخىرى ئىبادەتخانا خوجايىنىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، ئىنتايىن خەتەرلىك بولغان تەكلىماكان قۇملۇقى سەپىرىنى باشلايدۇ. ئۇلار غەربىي جەنۇب تەرەپنى بويلاپ قۇملۇقتىن كېسىپ ئۆتۈپ خوتەنگە يېتىپ كېلىدۇ. دەرمەپەترە خاتىرىسىدە ئۆزلىرىنىڭ دەريادىن ئۆتۈشتە (تارىم دەرياسى ۋە ئۇنىڭ تارماق ئېقىنلىرىنى كۆرسىتىدۇ) يولۇققان قىيىنچىلىقلىرىنى، شۇنداقلا تارتقان ئازاب – ئوقۇبەتلىرىنى ئىنسانىيەت تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن، دېگەن. لېكىن، ئۇلار بىر ئاي بەش كۈن بولغاندا ئوڭۇشلۇق ھالدا خوتەنگە يېتىپ بارغان㉚.

راھىب دەرمەپەترە تەسۋىرلىگەن خوتەن نۇرغۇنلىغان ئاھالىسى، نەچچە مىڭلىغان راھىبى بارگۈللەنگەن پادىشاھلىق، بۇ راھىبلار بۇددا دىنىنىڭ «ماھايانا» مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدىكەن. راھىب دەرمەپەترە «گۇماتى» ئىبادەتخانىسىغا چۈشىدۇ. ئۇ بۇددا دىنىنىڭ كاتتا بايرىمى «بۇت سەيلىسى» بايرىمىنى بىرلىكتە تەبرىكلىمەكچى بولۇپ، خوتەندە ئۈچ ئاي تۇرۇپ قالىدۇ، ئاندىن قىسقىراق، لېكىن جاپالىق لىنىيە بىلەن قاراقورۇم تاغلىرىدىن ئۆتۈپ ھىندىستانغا بارىدۇ. يەرناملىرىنى

مۇئەييەنلەشتۈرۈش قىيىن بولغاچقا، ئۆزىنىڭ لىنىيىسىنى توغرا بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئامالسىز قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ماڭغان يولى ئۇنى ئېگىز تاغ جىلغىلىرى ئارىسىدىكى ئورغۇنلىغان كىچىك دۆلەتلەرگە ئاپىرىپ قويىدۇ. ئۇ يەردە ئۇنىڭغا ئىبادەتخانىلار ئۇچراپ تۇرىدۇ ھەم ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت، ئۇ كۆكئارت (پامىر — تەھرىردىن) دىن ئۆتۈشى كېرەك ئىدى. بۇ توغرىدا ئۇ مۇنداق يازىدۇ: «كۆكئارتتا قىش - ياز قار ئۆكسىمەيدۇ، زەھەرلىك ئەجدىھا بار ئىكەن، ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپلا قويسىڭىز، ئۇ زەھەرلىك شامال چىقىرىپ، قار - يامغۇر، قۇم - شېغىل ياغدۇرىدۇ، بۇنداق ئاپاتكە ئۇچرىغانلاردىن بىرسىمۇ تىرىك قالغىنى يوق»(31).

دەرمەپەترە ھىندى دەرياسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ھىندىستاندىكى ئۇدىيانا ياكى سىۋات دەپ ئاتىلىدىغان دۆلەتكە يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ بۇ يەردىن قەندەھار تەرەپكە قاراپ ماڭىدۇ. ئۇنىڭ ھىندىستاندىكى كەچۈرمىشلىرىنىڭ تەپسىلاتى توغرۇلۇق بىز بۇيەردە كۆپ توختالمايمىز، دەرمەپەترە بۇددا دىنىنىڭ ھەرقايسى مۇقەددەس جايلىرىغا بېرىپ كۆپ يىل تۇرۇپ، مىلادىيە 414 - يىلى دېڭىز يولى ئارقىلىق جۇڭگوغا قايتىپ كېلىدۇ. دەرمەپەترەدىن كېيىن بىرقانچە يىل ئۆتمەيلا، جىمېڭ ئوخشاش لىنىيە بىلەن گانگ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىن جىلغىلىرىدىكى ھەرقايسى مۇقەددەس جايلارنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، ئەسلىدىكى قۇرۇقلۇق يولىنى بويلاپ قايتىپ كېلىدۇ(32).

يەنە بىر تاۋاپچى ئۆزىنىڭ ھىندىستان، بولۇپمۇ، قەندەھاردىكى ساياھىتىدىن جانلىق خاتىرە قالدۇرغان، بۇ كىشى دۇنخۇاڭلىق سۇڭ يۈن ئىدى. مىلادىيە 518 - يىلى، شىمالىي ۋېي (توغباتلار) سۇلالىسى پادىشاھىنىڭ نائىبى خان ئانا خۇ شىلىڭ سۇڭ يۈننى راھىب خۇيشېڭ بىلەن بىللە لوياڭدىن يولغا چىقىپ، ھىندىستانغا بېرىپ بۇددا نومى ئەكىلىشكە ئەۋەتىدۇ.

بۇ ئىككىسى كېيىن 170 جىلدلىق بۇددا بولۇشى مۇمكىن نومىنى ئېلىپ قايتىپ كېلىدۇ. بۇ ئىككى راھىب قارىماققا دۇنخۇاڭدىن باشلاپ جەنۇبىي يول بىلەن خوتەنگە بارغان، بۇ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك. چۈنكى، ئەينى ۋاقىتتا تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى سۇ مەنبەسى قۇرۇپ كەتكەنىدى. كېيىن ئۇلار دەرمەپەترە ماڭغان لىنىيىنى بويلاپ مېڭىپ، ئىنتايىن مۇشكۈل شارائىتتا پامىر تاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئەڭ ئاخىرى يەنىلا ئۇدىيانا دۆلىتى ۋە قەندەھارغا يېتىپ بارىدۇ.




7 ـ رەسىم دەرمەپەترەنىڭ سەپەر لىنىيىسى خەرىتىسى




8 ـ رەسىم خۇيتساڭ بىلەن يىجىڭنىڭ سەپەر لىنىيىسى خەرىتىسى

سۇڭ يۈن ئاق ھۇنلار (ياكى ئېفتالىتلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا تەپسىلىي خاتىرە قالدۇرغان. ئۇلار باكترىيىنى ئىگىلەپ، قەندەھارنى بويسۇندۇرغان بولۇپ، بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلماي، ئۆزلىرى ئىگىلىگەن رايونلاردا

تېررورلۇق ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن. شۇنداق بولسىمۇ، بۇددا دىنى بۇنداق بېسىۋېلىنغان مەزگىللەردە ھىندۇقۇش ۋە قاراقورۇم تاغلىرىنىڭ جەنۇب ۋە شىمال قىسىملىرىدا يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋەردى. سۇڭ يۈننىڭ خوتەندىن قەندەھارغىچە بولغان سەپىرى ھەققىدىكى تەسۋىرى ھەم جانلىق، ھەم ئوبرازلىق. ئۇنىڭ ئۇدىيانا دۆلىتى ۋە قەندەھار توغرىسىدىكى بايانى (كېيىن خۇيتساڭ بۇنىڭغا تولۇقلاش ۋە ئىسپاتلاش ئېلىپ بارغان) ئوخشاشلا زور مەدەنىيەت ۋە تارىخىي قىممەتكە ئىگە. سۇڭ يۈن پېشاۋەر ۋە ناجرۇھقا يېتىپ بېرىپ، مىلادىيە 521 ـ يىلى جۇڭگوغا قايتىپ كەلگەن.

ھىندىستاننى تاۋاپ قىلغۇچىلار ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى خۇيتساڭدۇر. ئۇنىڭ مەلۇماتى ئوتتۇرا ئاسىيا، شۇنداقلا ھىندىستاننىڭ مەدەنىيەت تارىخىغا نىسبەتەن ناھايىتى زور قىممەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇ يازغان «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» 16 ـ ئەسىردە نەشر قىلىنغان بىر پارچە خەنزۇچە ھېكايە «غەربكە ساياھەت» ئارقىلىق داڭق چىقارغان. خۇيتساڭ ياشىغان دەۋر مىلادىيە 603 ~ 664 ـ يىللىرى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى 16 يىل (629 ~ 645 ـ يىللار) سەپەر بىلەن ئۆتكەن. ئۇ مۇھىم ئورۇنلاردا ئۇزۇن مەزگىل تۇرۇپ قېلىش بىلەن بىرگە، يەنە دائىم يەرلىك ھۆكۈمرانلارنىڭ تۇتۇپ قېلىشى بىلەنمۇ تۇرۇپ قالغان. ئۇلار ئۇنىڭ بۇددا ئەقىدىلىرىنى سۆزلەپ بېرىشىنى، ئۆزلىرىگە بەخت تىلىشىنى ۋە ئۇنىڭ دىنىي تەلىمى ئارقىلىق ئۆز دۆلىتىگە پايدا يەتكۈزۈشىنى ئويلاتتى.

خۇيتساڭ چاڭئەندىن يولغا چىقىپ، ئالدى بىلەن دۇنخۇاڭغا يېتىپ بارىدۇ. ئۇ قۇملۇقتىن ئۆزى يالغۇز ئۆتكەن، قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتۈپ تۇرپانغا بېرىش جەريانىدىكى ناھايىتى زور خەۋپ ـ خەتەرلەرنى خاتىرىلەپ قالدۇرغان. ئۇ كېسىپ ئۆتكەن

ئاشۇ چۆللۈك ياكى «قۇم دەرياسى» 800 چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتا، بۇ توغرىسىدا ئۇ «ئاسماندا ئۇچارقۇش، يەردە ھايۋان، سۇ، ئوتمۇ يوق ئىدى»[33] دەپ يازىدۇ. ئۇ خەۋپ ـ خەتەرگە يولۇققاندا دائىم يولۇچىلارنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن قۇتۇلدۇرغۇچىسى شەپقەتچى مەبۇدەنىڭ ئىسمىنى ئاتىغان ھەمدە «پراجنايا پارامىتا سۇترا» نى ئىچىدە ئوقۇغان. ئۇ ئىلگىرى ھالىدىن خەۋەر ئالغان بىر كېسەلنىڭ يېنىدىن بىر بۇددا نومىغا ئېرىشىپ، ئۇنى توختىماي يادقا ئوقۇغان. بىراق، چۆللۈكتىن ئۆتكەن ئەھۋالنى بايان قىلغاندا، ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ: «بىر ـ بىرىدىن غەيرىي، بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئالۋاستىلار ئولاشتى، شەپقەتچى مەبۇدەنى چاقىرساممۇ نېرى كەتمىدى، بۇ ‹سۇترا› نى ئوقۇشۇم بىلەنلا ئۇلارنىڭ ھەممىسى تارقاپ، خەۋپ ـ خەتەر ئۆتۈپ كەتتى»[34].

خۇيتسالنىڭ قاراۋۇلخانىدىكى چېرىكلەرنىڭ دەپ بەرگىنىگە ئاساسەن قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە ياۋائات بۇلىقىنى ئىزدەپ، بىكار ئاۋارە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ قۇملۇقتا نىشانسىز مېڭىۋېرىپ، ئېھتىياتسىزلىقتىن قولىدىكى سۇ قاپىقى چۈشۈپ كېتىپ، قىممەتلىك سۇ قۇمغا سىڭىپ كېتىدۇ ـ دە، ئۇزۇن سەپەرگە تەييارلىۋالغان سۇدىن قۇرۇق قالىدۇ. ئۇ يولدىن ئېزىپ قالغاچقا، شەرققە قايتىشنى ئويلايدۇ، لېكىن ئۇ يەنە ئىچىدە: «ئاۋۋال ئارزۇيۇمنى بىلدۈرۈپ باقاي، ناۋادا ھىندىستانغا يېتىپ بارالمىسام، شەرققە قاراپ بىر قەدەممۇ ماڭمايمەن، ئەمدىلىكتە قانداقمۇ قايتاي؟ غەربكە قاراپ ئۆلۈشكە رازىمەنكى، شەرققە قايتىپ قانداقمۇ ياشايمەن؟»[35] دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئاتنىڭ بېشىنى بۇراپ، ئاغزىدا شەپقەتچى مەبۇدەنى ياد ئېتىپ، داۋاملىق غەربىي شىمال تەرەپكە قاراپ ماڭىدۇ.

> «شۇ ۋاقىتتا، تۆت ئەتراپتا ئادەم ۋە قۇشلارمۇ يوق ئىدى، كەچتە ئالۋاستىلار ياققان ئوتنىڭ يالقۇنىنى يۇلتۇزلاردەك چاقنايتتى، كۈندۈزى بولسا توپۇقسىز چىققان شامالدا قۇملار يامغۇردەك ياغاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئادەم قورقۇنچ ھېس قىلمايتتى، لېكىن ئىچىدىغان سۈيىمىز تۈگىگەچكە، ئۇسسۇزلۇق دەستىدىن ماڭالماي قالدۇق. شۇنىڭ بىلەن تۆت كېچە بەش كۈندۈز بىر تېمىممۇ سۇ ئىچمەي، ئىچ - قارنىمىز قۇرۇپ، بىر نەچچىسى ئۆلۈپ، توختاپ قالدۇق، گەرچە قىيىنچىلىق بولسىمۇ، كېتىپ قېلىشقا قىيالماي قۇملۇقتا يېتىپلا شەپقەتچى مەبۇدەنى چاقىردۇق. بۇددىساتۋاغا: «خۇيتساڭنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرى بايلىققا، نام - ئاتاققا ئېرىشىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بىردىنبىر توغرا نومنى ئەكىلىش ئۈچۈندۇر. پەقەت بۇددىساتۋانىڭ جانلىقلارغا مېھىر - شەپقەت ياغدۇرۇپ، باشقىلارنى ئازاب - ئوقۇبەتتىن قۇتۇلدۇرۇشىغا ئىخلاس قىلىمەن، بۇ ئازاب - ئوقۇبەتتىنلا ئىبارەت، ئەجەبا مەن بۇنى بىلمەي قالارمەنمۇ؟ › »㊱.

بەشىنچى ئاخشىمىغا بارغاندا ئاخىر سالقىن شامال چىقىپ يامغۇر يېغىشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭ ئاشۇ قارىغۇ بولۇپ قالاي دېگەن كۆزلىرى يەنە كۆرۈشكە باشلايدۇ، يەنە ئېتىمۇ كۈچ، مادارغا كېلىپ قايتىدىن ئورنىدىن دەس تۇرىدۇ. ئۇ شېرىن ئۇيقۇغا غەرق بولۇپ، چۈشىدە ئېگىز بىر ئەۋلىيا پەيدا بولۇپ، ئۇنى داۋاملىق ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدۇ، شۇڭا ئۇ ئويغىنىپلا ئېتىغا مىنىپ سەپەرنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇ ئات ئۇنى ئۆزىنىڭ تەبىئىي تۇيغۇسى بويىچە بىر يېشىل ئوتلاققا باشلاپ بارىدۇ. ئوتلاق يېنىدا بىر كۆلچەك بولۇپ، سۈيى سۈپسۈزۈك تاتلىق ئىدى. ئۇ سۇنى

قانغىچە ئېچىپ قايتىدىن ھاياتىي كۈچكە تولىدۇ، ئۇنىڭ ئېتىمۇ قانغىچە سۇ ئىچىپ تويغۇچە ئوت يەيدۇ، بۇنى ئۇ مۇنداق دەپ يازغان: «بۇ يەردە ئەسلىدە سۇ ۋە ئوت - چۆپلەر يوق بولۇشى مۇمكىن. بۇددىساتۋا مېھىر - شەپقەت بىلەن مېنى ھاياتلىققا ئېرىشتۈردى، مېنىڭ سەممىي نىيىتىم خۇداغا يېتىپتۇ.»㊲ خۇيتساڭ بۇ يەردە بىر كۈن تۇرۇپ سۇ قاچىلاپ، ئېتى ئۈچۈن ئوت - چۆپلەرنى ئورۇپ، ئىككى كۈن يول يۈرۈپ ئاخىرى چۆللۈكتىكى قالغان سەپىرىنى تاماملاپ ئىۋىرغولغا يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ خاتىرىسىدە: «بۇ مۇشكۈلاتلارنى ھەرقانچە قىلىپمۇ بايان قىلىپ بولالمايمەن»㊳ دەپ يازىدۇ.

خۇيتساڭ ئىۋىرغولدىكى بىر ئىبادەتخانىدا دەم ئالىدۇ. بۇ يەردە ئۈچ راھىب بولۇپ، ئۇنىڭ بىرسى ياشىنىپ قالغان ياڭ - ئاياغ راھىب ئىدى. ئۇلار ئۇچراشقان ئەھۋالنىڭ تەسۋىرى كىشىنى تەسىرلەندۈرىدۇ: ئۇ «كىيىملىرىنى كىيمەيلا ياڭئاياغ پېتى قارشى ئالغىلى چىقىپ، ئۇستاز (خۇيتساڭ — تەھرىردىن) نى قۇچاقلاپ زار - زار يىغلاپ، ئۆزىنى تۇتالمىغان ھالدا ‹بىر يىلدىن بېرى مانا ئەمدى يۇرتدىشىمنى قايتا كۆردۈم!›، دەيدۇ، ئۇستازمۇ بۇنىڭدىن كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلىۋېتىدۇ»㊴.

خۇيتساڭنىڭ كەلگەنلىك خەۋىرى تۇرپان بوستانلىقىدىكى قوجو دۆلىتىگە يېتىپ كېلىدۇ، لېكىن كىشىلەر ئۇلۇغ ئۇستاز خۇيتساڭنىڭ مۇبارەك نامىنى ئۇ كېلىشتىن خېلى بۇرۇنلا بىلەتتى، شۇڭا قوجو خانى ئۇنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىدۇ. بۇ تاۋاپچى ئالتە كۈندە قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتكەن، بۇ چاغدا كىشىلەر ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۆرپ - ئادىتى بويىچە بىر ئات چىقىرىپ، قوجو دۆلىتىنىڭ چېگرا شەھىرىگە بېرىپ ئۇنى كۈتۈۋالىدۇ. ئۇلار ئۇنى قوجو شەھىرىگە ئېلىپ كىرگەندە، خان ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتى خېلى بۇرۇنلا ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ

تۇرۇشقانىدى.

قوچو خانى خۇيتساڭنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالىدۇ ھەمدە ئۇنى قويۇپ بەرمەي قوچودا تۇرغۇزۇپ قالىدۇ، بىراق ئۇ سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇشنى قارار قىلغاچقا، خان بىلەن قىزىرىشىپ قالىدۇ. كېيىن ئۇ تاماق يېمەي تۇرۇۋالغانلىقتىن، ئۇنى قويۇپ بېرىدۇ. قوچو خانى خۇيتساڭغا ھەمراھ بولىدىغان ئادەم ۋە ئات ـ ئۇلاغلارنى بەرگەندىن سىرت، يەنە نۇرغۇن ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە پۇل ـ پىچەك بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت، يەنە ھىندىستانغا بېرىش سەپىرىدە باشقا پادىشاھلارغا بېرىش ئۈچۈن تونۇشتۇرۇش خېتى يېزىپ بېرىدۇ. بۇ خەتلەردە ئۇ غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى پادىشاھلاردىن خۇيتساڭنىڭ دۆلىتىدىن ئۆتۈشىگە رۇخسەت قىلىشنى ھەمدە ئۇنىڭ مىنىدىغان ئاتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ قوچو خانىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى بەزى خان جەمەتلىرى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى بار ئىدى ياكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بار ئىدى. خۇيتساڭ بۇ خانىنىڭ سېخىيلىقىدىن چوڭقۇر تەسىرلىنىپ، بىر پارچە ئۇزۇن خەت يېزىپ، مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ خېتىدە قەتئىي تەۋرەنمەس ئىرادە بىلەن بۇددا يۇرتىغا بېرىپ ھەقىقەت ئىزدەيدىغانلىقىنى ھەمدە مۇقەددەس جايلارغا بېرىپ تاۋاپ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، يەنە ئاخىرىدا مۇنداق دەيدۇ:

«مەزكۇر دۆلەتنىڭ قانۇن ـ ئەھكاملىرى مۇكەممەل ئەمەس، نوم دەستۇرلىرىمۇ كەمچىل ئىكەن، بۇلاردىن گۇمانلىنىپ، زىيارەت قىلىشقا رايىم بولمىغاچقا پەرمانغا قۇلاق سالماي، ياخشى مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى چىچىۋەتمەسلىك ئۈچۈن، غەربكە بېرىپ جىنىمنى ئاخىرلاشتۇرماقچى بولدۇم. شەرق دۆلەتلىرىمۇ چوڭقۇر مەزمۇنلۇق مەدەنىيەت

جەۋھەرلىرىنى تالاپ پايدىلىنىشى كېرەك.»[40]

غەرب سەپىرىدە بۇ تاۋاپچى قارا شەھەر ۋە كۇچادىن ئىبارەت ئىككى بوستانلىقتىن كېسىپ ئۆتكەندە، ئۇ يەردىكى پادىشاھلار دوستانە كۈتۈۋالغان ھەمدە ئۇنىڭغا بەزى لازىملىق نەرسىلەرنى تولۇقلاپ بەرگەن. بىر قېتىم ئۇ بىر توپ قاراقچىغا يولۇقۇپ قالىدۇ، بۇ قاراقچىلار ئۇنىڭدىن نېمىنى سورىسا، ئۇ شۇ نەرسىنى بېرىدۇ، شۇنداق قىلىش ئارقىلىقلا ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلەيدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت، يەنە بىر قېتىم بىر نەچچە سودىگەر ئۇنىڭ بىلەن بىللە مېڭىپ قالىدۇ، كېيىن بۇ سودىگەرلەر ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ، خۇيتساڭ كېتىۋېتىپ يول بويىدا ئۇلارنىڭ جەسىتىنى بايقايدۇ، ئۇلار قاراقچىلارنىڭ بۇلاڭ ـ تالىڭىغا ۋە زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانىدى.

سەپەر جەريانىدا ئۇ بىر ئىبادەتخانىدا قونۇپ قالىدۇ، ئۇ يەردە ئۇ دىنىي مۇراسىمغا قاتنىشىپ، راھىبلارغا بۇددا كالاملىرىدىن تەلىم بېرىدۇ ھەمدە ئۇلار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولىدۇ، كېيىن ئۇنىڭ بىلىملىكلىكى راھىبلاردا چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلىپ، ئۇنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيدۇ.

خۇيتساڭ كۇچادىن ئۆتۈپ ئاقسۇ ئەتراپىدىكى بايغا يېتىپ كېلىدۇ. بۇ يەردىن يەنە شىمالغا قاراپ مېڭىپ، تەڭرىتاغدىن ئۆتۈپ ئىسسىقكۆل رايونىغا كېلىدۇ. كېيىن ئۇ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى چۇ دەرياسى («سۇيئاب» دەرياسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نىڭ مۇنبەت ۋادىسىنى بويلاپ، تالاس شەھىرىگە يېتىپ بېرىپ، ئۇ يەردىن تاشكەنتكە قاراپ ماڭىدۇ. ئېگىز تاغ چوققىلىرىدىن ئۆتۈش ئىنتايىن خەتەرلىك بولۇپ، ئۇ «مۇزتاغ» (مۇزئارت) دىن ئۆتۈش ئەھۋالىنى مۇنداق خاتىرىلىگەن:

«تاغلىرى تىك بولۇپ، چوققىلىرى ئاسمانغا

> تاقىشاتتى. ئەلمىساقتىن تارتىپ قار - مۇزلاردىن هاسىل بولغان مۇزلار قىش - ياز ئېرىمەيتتى، بۇلۇتقا تاقاشقان چەكسىز مۇزلار كۆز يەتكۈسىز ئىدى. تاغدىكى مۇز چوققىلىرى غۇلاپ چۈشۈپ يولنى توسۇۋالاتتى، ئۇلارنىڭ ئېگىزلىكى 100 چى ياكى كەڭلىكى نەچچە جاڭ كېلەتتى. چىغىر يوللىرى ئەگرى - توقاي بولغاچقا، مېڭىش ناهايىتى خەتەرلىك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قار - بورانلار ئۇچۇپ تۇرغاچقا، قات - قات ئېغىر جۇۋىلارنى كىيىۋالسىمۇ، كىشى جالاقلاپ تىترەيتتى. ئۇخلىغۇدەك، تاماق يېگۈدەك قۇرۇق جاي تېپىلمايتتى. پەقەت قازان ئېسىپلا تاماق ئېتەتتۇق، قار - مۇزلار ئۈستىدە قوناتتۇق. يەتتە كۈندىن كېيىن تاغدىن چىقىپ بولدۇق، شاگىرتلار ۋە راھىبلاردىن 10 دىن ئۈچ - تۆتى ئاچلىقتىن توڭلاپ ئۆلدى. ئات - ئۇلاغلارنىڭ هالى تېخىمۇ بەتەر ئىدى.»㊶

خۇيتساڭنىڭ كارۋىنى چۇ شەھىرى («سۇيئاب شەھىرى») گە كەلگەندە، ئۇ يەردىكى ئاتەشپەرەست تۈرك قاغانى ئۇلارنى مول زىياپەت تەييارلاپ قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، كېيىنكى سەپەردە ئىشلىتىدىغان يول خېتى يېزىپ بېرىدۇ ھەمدە كىيىم - كېچەك ۋە ئوزۇق - تۈلۈكلەر بېرىدۇ. بۇ قاغانمۇ دەسلىپىدە ئوخشاشلا خۇيتساڭنىڭ ھىندىستانغا بېرىش پىلانىنى توسماقچى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۇ يەرنى ناهايىتى ئىسسىق دەيدۇ. لېكىن، بۇ ھەزرەت قەتئىيلىك بىلەن: «بۈگۈن سىزنىڭ ھوزۇرىڭىزغا كەلدىم، مۇددىئايىم ئۇلۇغلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ بۇددا نوملىرىنى تېپىشتۇر»㊷ دەيدۇ.

ئۇ فەرغانە دەرياسى ۋادىسىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن يەنە غەربكە قاراپ ماڭىدۇ، بۇ ۋاقىتتا ئۇ بىر «سۇ ۋە ئوت - چۆپلەر

بولمىغان، سۆڭەكلەر چېچىلىپ ياتقان» [43] چوڭ قۇملۇقتىن ئۆتۈشى كېرەكلىكىنى خاتىرىسىدە يېزىپ قالدۇرغان.

خۇيتساڭ ئاتەشپەرەستلىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان سەمەرقەندكە كەلگەندە، بۇددا تەلىماتلىرى بۇ يەردە تارقىتىلماپتۇ دەپ قارايدۇ. «پادىشاھ ۋە پۇقرالىرى بۇددىزم ئەقىدىلىرىگە ئېتىقاد قىلماي، ئوتقا چوقۇنىدىكەن. ئىككى ئىبادەتخانىسى بولۇپ، راھىبلىرى يوق ئىكەن، مېھمان، راھىبلاردىن قونالغۇ ئىزدەپ كەلگەنلىرىنى ھۇنلار ئوت يېقىپ قوغلاپ قوندۇرمايدىكەن.» [44]

ئۇ پادىشاھ دەسلەپ بۇ ھەزرەتنى كۈتۈۋالغاندا ئەدەبسىزلىك قىلىدۇ، كېيىن ئۇنىڭدىن بۇددا نومىدىكى ئاساسىي بىلىملەرنى چۈشىنىۋالىدۇ ـ دە، ئاخىردا ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىنى بىلدۈرىدۇ.

بۇ ۋاقىتتا خۇيتساڭ داۋاملىق غەربكە مېڭىپ قاراقۇم قۇملۇقىدىن ئۆتۈپ خۇراسان رايونىغا يېتىپ كېلىدۇ، كېيىن ئۇ غەربىي جەنۇبقا بۇرۇلۇپ ئامۇ دەرياسى ۋادىسىغا كىرىپ، ئۇ يەردىن ھىندۇقۇشقا يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ شۇ يەرنىڭ خانىغا قوجودىن ئېلىپ كەلگەن تونۇشتۇرۇش خېتىنى سۇنىدۇ. ئۇ خان ئۇنىڭ زىيارەتكە كەلگىنىدىن ئىنتايىن خۇش بولىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ قوجو خانى بىلەن تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى بار ئىدى. ئۇ خۇيتساڭنى تۇرغۇزۇپ قالماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ داۋاملىق ئىلگىرىلەپ باكترىيىنىڭ پايتەختى بەلخكە يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ بۇ يەردە تەخمىنەن 100 ئىبادەتخانا، 3000 راھىب بارلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇ كېيىنكى سەپىرىدە ھىندۇقۇشنىڭ ئېگىز جايلىرى ۋە ئېگىز تاغ چوققىلىرىدىن ئۆتۈپ، باميياننىڭ ئېگىز تاغ جىلغىلىرىغا كېلىدۇ. ئۇ يەر ئەينى ۋاقىتتا بۇددا دىنىنىڭ گۈللەنگەن مەركىزى بولۇپ، نەچچە مىڭ راھىب ئايرىم ـ ئايرىم ئون ئىبادەتخانىدا تۇراتتى. ئۇ يەرگە بېرىش ئۈچۈن چوقۇم ئېگىز

قارلىق تاغدىن ئۆتەتتى، خۇيتساڭ خاتىرىسىدە بۇنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىدۇ:

«قارلىق تاغ يولى قۇملۇق ۋە چۆللۈكلەردىن نەچچە ھەسسە جاپالىق ۋە خەتەرلىك ئىدى. ھاۋا تۇتۇلۇپ قار يېغىپ كۇن ئېچىلمىسا ياكى تېخىمۇ ئەدەپ كەتسە، نەچچە گەزلا ئارىلىقنى كۆرۈشكە بولاتتى. ...... بەندىلەر ئۇچۇن مۇقەددەس بۇددا نومىغا ئېرىشىشنى دېمىسەك، ئاتا ـ ئانىمىزنى تاشلاپ قويۇپ سەپەرگە چىقىپ نېمە كۆرگۈلۈك!»⑮

خۇيتساڭ بامىياندىكى ھەيۋەتلىك ھەيكەلنى تەسۋىرلەيدۇ. ئۇ يەردە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان پادىشاھ ئۇنى قىزغىن كۇتۇۋالىدۇ. دىنىي بىلىمى مول راھىبلاردا ئۇنىڭ كەڭ مەلۇماتقا ئىگە ئىكەنلىكى چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرىدۇ. ئۇلار ئۇنىڭ تۇرمۇشى ۋە يېتىپ ـ قوپۇشىدىن خەۋەر ئالىدۇ. داۋاملىق ئىلگىرىلەش جەريانىدا خۇيتساڭ ھىندۇقۇش تاغ تىزمىسىدىن يەنە ئۆتۇشكە توغرا كېلىدۇ. بىر قېتىملىق شىۋىرغاندا ئۇ يولدىن ئېزىپ قالىدۇ، تەلىيىگە يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر نەچچە ئوۋچى ئۇنىڭغا ماڭماقچى بولغان يولىنى كۆرسىتىپ قويىدۇ. نۇرغۇن بۇددا دىنى مەركەزلىرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن — قاراقچىلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچرىمىغان — كاپىشا (يەنى بىگرام — تەھرىردىن) غا يېتىپ كېلىدۇ، ئۇ يەردىن كابۇل تېغى ئارقىلىق قەندەھارغا يېتىپ بارغان بولۇشى مۇمكىن، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ يەر بۇددا تۇغۇلغان جاي ئىمىش.

خۇيتساڭ گانگ دەرياسى ئوتتۇرا ئېقىن ئويمانلىقىدا نۇرغۇن يىل تۇرغان ۋە ھىندىستاننىڭ جەنۇبىي، غەربىي قىسىملىرىغا بارغاندىن كېيىن، بۇددا نوملىرى ۋە بۇددا ھەيكەللىرىنى قاچىلاپ

جاپا ـ مۇشەققەتلىك قۇرۇقلۇق يولى بىلەن چاڭئەنگە قايتىپ كېلىدۇ. پادىشاھ چاڭئەندە ئۇنى ئۆزى كۈتۈۋالىدۇ ۋە ئۇنى بىر ئىبادەتخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدۇ. خۇيتساڭ ئۇ ئىبادەتخانىدا ئەكەلگەن نۇرغۇن بۇددا نوملىرىنى خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىپ، راھىبلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ، تاكى مىلادىيە 664 ـ يىلى ۋاپات بولغانغا قەدەر بىر راھىب ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپىنى ئۆتەيدۇ㊻.



9 ـ رەسىم ھىندىستانغا بېرىپ بۇددا نومى ئېلىپ كەلگەن خۇيتساڭ

## جۇڭگو بۇددا دىنى مۇرىتلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ

ھىندىستاندىكى بۇددا دىنى قېرىنداشلىرى ئوتتۇرىسىدىكى شەخسىي مۇناسىۋەت، يەنى خۇيتساڭ باغلىغان بۇ خىل مۇناسىۋەت تاڭ دەۋرىدە ئىنتايىن قويۇق ئىدى. خۇيتساڭنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھاياتىي پائالىيەتلىرىدىن بىز مۇنداق تەسىراتقا ئىگە بولىمىز: ئۇ ھىندىستاندىكى بەزى بۇددا دىنى مەركەزلىرى بىلەن ھەقىقىي مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كەلگەن، نۇرغۇن بۇددا دىنى تاۋاپچىلىرى ئىچىدە كۆپىنچىلىرى كېيىنكىلەرگە بىرەر پارچە سەپەر خاتىرىلىرىنى قالدۇرمىغان. «غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» ㊼ «غەربىي دۇنيا» بىلەن بولغان ئالاقىنى ئىسپاتلىغان، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى چوڭ تىپتىكى تۇنجى ئەسەر بولۇپ، ئەسەر خۇيتساڭنىڭ سەپەردە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ھىندىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان «غەرب ئەللىرى» نىڭ ئەھۋالىدىن مەلۇمات بېرىپ، ھىندىستانغا بېرىش يولىدىكى ۋە ھىندىستان چوڭ قورۇقلۇقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بارلىق مۇھىم دۆلەتلەرنى تونۇشتۇرغان.

يىجىڭ (635 ~ 713 - يىللار) خۇيتساڭدىن كېيىنكى يەنە ھىندىستاننى تاۋاپ قىلغۇچى ئۇلۇغ شەخس بولۇپ، ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىدىن مەلۇمات بەرگەن. ئۇ مىلادىيە 671 ~ 695 - يىللىرى، دېڭىز يولى ئارقىلىق سۇماترادىن ئۆتۈپ بۇددىنىڭ يۇرتىغا بارغان، قايتىشىدا يەنە شۇ يول بىلەن ماڭغان. ئۇنىڭ ھىندونېزىيە ۋە ھىندىستان توغرىسىدىكى بايانى ئىنتايىن قىزىقارلىق، لېكىن بۇنىڭ ئىچىدە يىپەك يولىغا ئالاقىدار جايلىرى ئىنتايىن ئاز. راھىب ۋۇكوڭنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى مەسىلىسىنى تېخىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق ئاخىردا ھىندىستانغا بارغان، كېيىن يەنە شۇ يول بىلەن ۋەتىنىگە قايتىپ كەلگەن. ئۇ مىلادىيە 751 - يىلىدىن 790 - يىلىغىچە بولغان 40 يىلدا ئاساسەن چەت ئەلدە بولغان، بىراق ئۇنىڭ مەلۇماتى خۇيتساڭنىڭكىدەك جانلىق ۋە ئوبرازلىق

ئەمەس.

بۇ بىر نۇقتا خۇيچاۋنىڭ تاۋاپ قىلىش سەپىرىنىڭ ئەھۋالى بىلەن ئوخشاش. خۇيچاۋ مىلادىيە 700 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە چاۋشيەندە تۇغۇلغان، 20 ياشقا كىرمەي تۇرۇپلا جۇڭگوغا كېلىپ بۇددا دىنىنى ئۆگەنگەن. كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا تاۋاپ قىلىش سەپىرىنى باشلىغان، ئۇ كېمە بىلەن مالاي يېرىم ئارىلىدىن ئۆتۈپ ھىندىستانغا كەلگەن. خۇيچاۋ گانگ دەرياسى ئوتتۇرا ئېقىن ئويمانلىقى ۋە ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال رايونىدا بىر مەزگىلنى ئۆتكۈزۈپ، مىلادىيە 729 ـ يىلى ئەتراپىدا ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال قىسمىدىن قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق چاۋشيەنگە قايتىپ كەلگەن. مىلادىيە 780 ـ يىلىدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ۋاپات بولغان. دۇنخۇاڭدىن ئۇنىڭ ھىندىستاننىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن قارا شەھەر بوستانلىقىغا بارغانلىقىغا ئائىت سەپەر خاتىرىسى تېپىلغان. ئۇ مىلادىيە 727 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ياكى 728 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا بۇ بوستانلىققا كەلگەن[48]. خۇيچاۋ يەنە ئۆزى زىيارەت قىلمىغان بىر قىسىم رايونلار، مەسىلەن، نېپال، شىزاڭ، قەشقەر، بەلۇجىستان، پېرسىيە ۋە ئەرەبلەر توغرىسىدا قوشۇمچە مەلۇمات بېرىدۇ. ئۇ ماڭغان يۆنىلىش قەندەھاردىن باشلىنىپ، كاپىشا ۋە بامىيادىن ئۆتۈپ «توخارىستان»، يەنى باكترىيىنىڭ شىمالىي قىسمىغا يېتىپ بارغان، ئۇ رايون ئەينى ۋاقىتتا ئەرەبلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئىدى، كېيىن ئۇ ۋاخان رايونىدىن ئۆتۈپ تاشقورغانغا كەلگەن، ئۇ يەردىن قەشقەر ئارقىلىق كۇچا ۋە قاراشەھەرگە بارغان.

خۇيچاۋنىڭ بايانىنىڭ قىممىتى زور، چۈنكى ئۇ زىيارەت قىلغان مۇناسىۋەتلىك بۇددا دىنى ئەھۋالىنىڭ تەپسىلىي ماتېرىيالىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ يول ئۈستىدە ئۆتكەن رايونلارنىمۇ تونۇشتۇرغان. خۇيچاۋ نۇرغۇن

دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى، ئۆرپ - ئادىتى ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنى تەسۋىرلىگەن. ئۇنىڭ بايانىدىن بىز باكترىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىدا بۇددا دىنىنىڭ ئەرەبلەر ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىمۇ ئوخشاشلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. بۇ خىل ئېتىقادنىڭ يىپەك يولىنىڭ غەربىي بۆلىكىدە داۋاملاشقان ۋاقتى ئەرەب قوشۇنلىرىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىدىن ئۇزۇن دېيىشكىمۇ بولىدۇ. يىپەك يولىنىڭ غەربىي بۆلىكى گەرچە ئىسلام دىنى ھۆكۈمرانلىقىدا بولسىمۇ، بۇددا راھىبلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلاتى يەنىلا داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، بىراق ئۇلارغا بولغان ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ياردەم بارغانسېرى ئازلاپ كەتكەن.

ئەڭ ئاخىرقى مۇھىم بىر تاۋاپچى جىيې بولۇپ، ئۇ مىلادىيە 964 ~ 974 - يىللىرى ئاشۇ خاسىيەتلىك بۇددا دىنى دۆلىتىگە بېرىپ تاۋاپ قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە ھىندىستانغا بېرىپ تاۋاپ قىلىشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى قالمىغان، چۈنكى چوڭ قانلىق قىرغىنچىلىقلاردىن كېيىن بۇددا دىنى ئۆزىنىڭ بارلىققا كەلگەن دۆلىتىدە يوقىلىشقا يۈزلەنگەن ھەم ئۇنىڭدىن بۇرۇنلا نۇرغۇن ئىشلار سەۋەبلىك ھىندى دىنىنىڭ قايتا گۈللىنىشىنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەن. تەخمىنەن مىلادىيە 1000 - يىلى ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنرەك بۇددا دىنى ھىندىستاننىڭ مەركىزىي رايونىدا ئۇن - تىنسىز غايىپ بولىدۇ، لېكىن ھىندىستاننىڭ ئورىسسا شتاتى، نېپال ۋە كەشمىرگە ئوخشاش چېگرا رايونلىرىدا مەلۇم دەرىجىدىكى ئارىلاشما شەكىلدە بىر مەزگىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

جۇڭگونىڭ سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە (960 ~ 1279 - يىللىرى)، سىياسەت ئىچكى مايىللىققا قاراپ ئۆزگەرگەن. بۇ «غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر» بىلەن بولغان

مۇناسىۋەتكە پايدىسىز ئىدى. مەسىلەن، سودا ئالاقىسى ۋە بۇددا دىنىنى تارقىتىش سەۋەبىدىن شەكىللەنگەن شەرق ـ غەرب ئالاقىسىنىڭ ئۇلۇغ دەۋرلىرى مىلادىيە 1000 ـ يىللىرى ئەتراپىدا ئاياغلاشقان. شۇنداق بولسىمۇ، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ بۇددا دىنى قوغدىلىۋاتقان جايلار بىلەن، مەسىلەن، سەيلۇن، ھەتتا نېپال بىلەن يەنىلا بەزى ئالاقىسى مەۋجۇت ئىدى[49].

موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرى (مىلادىيە 13 ~ 14 ـ ئەسىرلەر) گە قەدەر، قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق غەربكە تۇتىشىدىغان قاتناش يولى يەنە مۇھىم بولۇپ قالىدۇ. بۇ قۇرۇقلۇق يولى نۇرغۇن ساياھەتچىلەرنى موڭغۇللار «تىنچلىقى» دەۋرىدە موڭغۇللار رايونى ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى (1271 ~ 1368 ـ يىللىرى) جۇڭگوغا ئېلىپ كەلگەن، بۇنىڭ ئىچىدە مەشھۇرلىرى ماركو پولو [50] ۋە يەنە بىر قىسىم خرىستىئان دىنى مىسسىئونېرلىرى، مەسىلەن، مونتكۆېنو، پلان كارپىن ۋە رۇبرۇك، ھەتتا G. بۇشېر ھەمدە باشقا يەنە نۇرغۇن كىشىلەر بار [51]. ئۇ ۋاقىتلاردىكى خرىستىئان دىنىنىڭ موڭغۇلىيىدە تارقىتىلغانلىقىنىڭ خارابىسى، ئۆلۈن كومۇمو بايقىغان كاتولىك دىنى چېركاۋىنىڭ خارابىسىدۇر[52]. موڭغۇللار ياۋروپا، ھەتتا فرانسىيىگە بەزى نېستۇرى دىن تارقاتقۇچىلىرىنى ئەۋەتكەن، ئۇ ۋاقىتلاردا غەرب بىلەن شەرقىي ئاسىيا ئوتتۇرىسىدىكى تاشقى ئالاقە ۋە دىنىي ئالاقە ناھايىتى جانلىنىپ كەتكەنىدى. كېيىن يۈەن سۇلالىسىنىڭ گۇمران بولۇشىغا ئەگىشىپ، بۇ خىل بېرىش ـ كېلىش قايتىدىن خارابلىشىپ كەتكەن[53].

ئىسلام دۆلىتىدىن كەلگەن ئەبۇ تۇراپقا ئوخشاش سودىگەر ۋە ئۆلىمالارمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي ئاسىياغا ساياھەتكە بارغان. بۇ ئىسلام دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقالغانلىقى سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، بىراق بۇ دىن ئۇ يەردە باشتىن ـ ئاخىر بىر ئاز سانلىق گۇرۇھ دىنى ئىدى. بەزى ساياھەت خاتىرىلىرىگە كەلسەك، ۋاقىت جەھەتتە بۇ كىتابتا مۇزاكىرە قىلىنىدىغان دائىرىگە كىرمەيدۇ.

# ئىككىنچى باب
# يىپەك يولىدىكى ئېكسپېدىتسىيە

بۈگۈنگە قەدەر يىپەك يولىدىكى ئېكسپېدىتسىيىلەر ئاخىرلاشقىنى يوق. سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە جۇڭگو ئارخېئولوگلىرى ھەر يىلى يېڭى بايقاشلارغا ئېرىشىپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ يېڭى بايقاشلار بىز ئۇچۇن تۇران ئويمانلىقى ۋە شەرقىي چۆللۈك قۇملۇقلىرى ئارىسىدىكى ھەر قايسى بوستانلىق شەھەرلىرىگە ئۇرغۇنلىغان ئېسىل گۆھەرلەرنى ئېسىپ قويغانغا ئوخشاش.

بۈگۈنكى كۈنلۈكتە كىشىلەرنىڭ يىپەك يولىغا بولغان قىزىقىشى پىلانلىق ۋە سىستېمىلىق بولغان خىزمەتلەردە ئىپادىلەنمەكتە. دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلار بولسا كىشىلەرگە بىرخىل زىيادە قاراملىق تۇيغۇسىنى بەرگەنىدى. پايانسىز كەتكەن قۇملۇق ۋە ئېگىز تاغلارنىڭ قورشاۋى ئاستىدا بېكىنمە ھالەتتە تۇرۇۋاتقان بۇنداق رايونغا كىرىش ئەمەلىيەتتە بىر خىل باتۇرلۇق ۋە قاپ يۈرەكلىك ئىدى.

بۇ رايونلاردا ئېلىپ بېرىلغان ئېكسپېدىتسىيىلەرنىڭ بەزىلىرىدە سىياسىي مۇددىئا بولغان، چارروسىيە ئوتتۇرا ئاسىياغا كېڭەيمىچىلىك قىلىش بىلەن بىرگە، ئۆزى بويسۇندۇرغان رايونلارنىڭ تارىخىغا، ئۇ يەرلەردىكى خەلقلەر ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىگە قىزىقىپ قالغان، شۇنداقلا ئۇ بويسۇندۇرغان مىللەتلەر تۈركىي مىللەتلەر بولغاچقا، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ روسىيە ھۆكۈمىتى تۈركشۇناسلىق ۋە ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقات خىزمىتىنى كۈچەيتكەنىدى. سان

پېتېربورگ خانلىق ئاكادېمىيە تۇرۇشلۇق جاي بولغانلىقتىن، بۇ يەر تەرەققىي قىلىپ شەرقشۇناسلىق تەتقىقات مەركىزىگە ئايلانغان. بىر قىسىم ئوتتورا ئاسىيا رايونىغا ئەۋەتىلگەن ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ئەنە شۇ يەردىن ئەۋەتىلگەن. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مەشھۇر ھىندىشۇناس، ئالىملار، بۇددا دىنى ئالىملىرى ۋە تۈركشۇناسلار بۇ جايدا خىزمەت قىلغان. مەسىلەن، O. باتالىنك، ئولدېنبۇرگ، رادلوف قاتارلىقلار ئىدى. رادلوفنىڭ ئاساسلىق تەتقىقات ئوبيېكتى ئاساسەن موڭغۇلىيە ۋە شىنجاڭدا بايقالغان تۈركچە ھۆججەتلەردۇر.

1917 ـ يىلى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى تەتقىقات بارغانسېرى كۈچەيدى ھەم پىلانلىق ھالدا ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ئەۋەتىلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. بۇ بىر تۈرلۈك ۋەزىيە بولۇپ، مەيلى لېنىنگراد ياكى موسكۋادىكى تەتقىقات ئورۇنلىرى ھەم ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ئاكادېمىيىلىرى بولسۇن، ھەممىسىدىلا ئېلىپ بېرىلاتتى، بۇرۇن ئېلىپ بېرىلىپلا قالماي، بۇگۈنكى كۈندىمۇ ئېلىپ بېرىلماقتا.

بىراق، بىز بۇ يەردە دىققەت نەزەرىمىزنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تەتقىقات ئەھۋالىغىلا قاراتماي، ئاساسلىق مۇلاھىزىمىزنى تارىم ئويمانلىقى ۋە «خېشى كارىدورى» دا ئېلىپ بېرىلغان ئېكسپېدىتسىيىلەرگە قارىتىمىز. ھىندىستاندىن باشلانغان ئېكسپېدىتسىيە رۇسىيىنىڭ ئېكسپېدىتسىيىلىرىگە ئوخشاشلا مەخسۇس ئارخېئولوگىيىنى ئاساسي مەقسەت قىلغىنى ناھايىتى ئاز. سىياسىي ۋەزىيەت ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنى رۇسىيىنىڭ ئاسىيا رايونىدىكى قارا نىيىتىگە دىققەت قىلىشقا ھەم بارلىق ئاماللار بىلەن شىنجاڭدىكى تەسىرىنى كۈچەيتىشكە مەجبۇر قىلغان.

ئەنگلىيىلىكلەردە بىر ئاخبارات سىستېمىسى بولۇپ، ئۇلار

بۇنىڭغا تايىنىپ ھەرخىل ئاخباراتلارغا ئېرىشكىلى بولاتتى. بۇ سىستېمىنىڭ ئاساسلىق تايانچ نۇقتىلىرى ھىندىستان سودىگەرلىرىنىڭ تارىم ئويمانلىقىدىكى ھەر قايسى كۆچمەنلەر رايونلىرىدۇر. مەسىلەن، «ئاق ساقال» دەپ ئاتالغان مۇكەممەل بىر ئالاقە تورى بولغان، بۇنداق كىشىلەر ئادەتتە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھىندىستان سودىگەرلىرىدۇر. ئۇلار ئاساسلىق ئاھالىلەر رايونلىرىدا تۇرۇپ، ھەم ئۆز ئارا ئالاقە قىلاتتى، ھەم ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسى بىلەن ئالاقىنى ساقلاپ كەلگەنىدى. رۇسىيىلىكلەرنىڭمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئاخبارات سىستېمىسىمۇ تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى ئۇيغۇر ئاخبارات خادىملىرىغا تايانغان. ئەنگلىيىلىكلەر قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى رايونلارنىڭ تەپسىلىي جۇغراپىيىلىك ماتېرىياللىرى، بولۇپمۇ خەرىتە سىزىشقا دائىر ماتېرىياللارغا بەكرەك قىزىققان. بۇنداق ماتېرىياللارنىڭ بىر قىسمىنى ئەنگلىيە ئەمەلدارلىرى تەمىنلىگەن بولسا، يەنە بىر قىسمىنى ئارخېئولوگلار تەمىنلىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، A. ستەين تۆرىنىڭ ئۇلۇغ نەتىجىلىرى پەقەت ئۇنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك خىزمىتىدىلا بولۇپ قالماستىن، يەنە خەرىتە سىزىش خىزمىتىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ.

شىنجاڭ جۇڭگونىڭ زېمىنى. بۇ نۇقتىنى غەربلىك ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ «جۇڭگو تۈركىستانى» دەپ ئېتىراپ قىلىشقان. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇرۇن، جۇڭگونىڭ «غەرب ئەللىرى»گە نىسبەتەن ھېچقانداق ھەربىي ۋە سىياسىي جەھەتتىكى نازارەتچىلىك قىلىش ئىقتىدارى بولمىغاچقا، غەربنىڭ ۋە ياپونىيىنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرى نۇرغۇنلىغان ئارخېئوگىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى دۆلىتىگە دەخلىسىز ئېلىپ چىقىپ كەتكەن، بۇلارنىڭ ئىچىدە ھەرخىل يېزىقتىكى ماتېرىياللار بار ئىدى.

ئەنگلىيە بىلەن رۇسىيىنىڭ شىنجاڭنى تالىشىشتا ئۇستۇنلۇككە ئېرىشىش ئۇچۇن قىلغان كۇرەشلىرى تۆۋەندىكى تەرەپلەردە تولىمۇ رۇشەن ئىپادىلىنىدۇ: بۇ ئىككى دۆلەت بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇرۇن قەشقەردە ئەلچى تۇرغۇزغان، ئۇلار ئۆز ئارا رەقىبلەردىندۇر. ستەين ماكارتنېيىنىڭ ئائىلىسىدە ئۆزىنىڭ ئۆيىدە تۇرغاندەك يۇرگەن. گېرمانىيىلىكلەر، بولۇپمۇ فون لېكوك ئۇلارنىڭ قىزغىن كۇتۇۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولغانىدى.

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى باشلانغاندىن كېيىن، جۇڭگولۇقلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ شىنجاڭغا بولغان تەسىرىنى كۇچەيتكەن. بۇ ۋاقىتتا غەربلىك ئارخېئولوگىيە ئەترەتلىرىنىڭ بۇ رايونغا كىرىشىنى چەكلىگەن ياكى كۆپلەپ باج ئالغاندىن كېيىنلا، ئاندىن كىرىشكە يول قويغان. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت بۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭ ۋە گەنسۇنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئۆزلىرى تەكشۇرمەكچى بولغان. ھالبۇكى، 20 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا بىر قاتار جۇغراپىيىلىك تەكشۇرۇش ئېلىپ بېرىۋاتقاندا، سۋېن ھېدىن ئىسىملىك بىر كىشى ئۇلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولغان. بۇ ئادەم ئۇلارنىڭ غەربىي يۇرتنى خەرىتىگە ئېلىشىدىكى ھەمكارلاشقۇچىسى ئىدى.

## 1. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكى يىپەك يولىنىڭ شەرقىي بۆلىكىدىكى ئېكسپېدىتسىيە

بىز شىنجاڭنىڭ مەدەنىيىتىگە بولغان ئېكسپېدىتسىيىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىنى ئەسلەپ ئۆتەيلى⑭. ئۇنىڭدىن بۇرۇن

ئۇزۇن مەزگىللىك جۇغراپىيىلىك تەتقىقات ۋە تەبىئىي پەنلەر تەتقىقاتلىرى ئېلىپ بېرىلغان[55]. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئېلىپ بېرىلغان بۇ ئىككى تەرەپلىك تەتقىقاتنىڭ تىپىك ۋەكىلى رۇسىيىلىك ئۆسۈملۈكشۇناس دوختۇر رېگېرنىڭ 1878 ـ يىلىدىكى تۇرپانغا قىلغان ساياھىتىدۇر. ئۇ رۇسىيىنىڭ مۇستەملىكىسى ئاستىدا تۇرۇۋاتقان غۇلجا ناھىيىسى (ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشقان) دىن تۇرپانغا قاراپ يولغا چىققان. ئەسلىدە ئۇ غۇلجىدا دوختۇرلۇق قىلاتتى. ئۇنىڭ دوكلاتىدا تۇرپان ئەتراپىدىكى ئىدىقۇتتا ئۇچراتقان «قېلىن سېپىل ئوراپ تۇرغان بىر خارابىلىك» بايان قىلىنغان، بۇ خارابىلىك ئۇنىڭ ئېسىگە «بىر قەدىمىي رىم شەھىرى» نى كەلتۈرگەن. ئۇ «بۇ قەدىمكى شىنجاڭدىكى مەدەنىيىتى روناق تاپقان مىللەتنىڭ ئىمارىتى» بولسا كېرەك، دەپ قىياس قىلغان[56].

ياۋروپادا رېگېرنىڭ دوكلاتى ھېچقانچە ئېتىبارغا ئېرىشەلمىدى. بىراق، ئەنگلىيىلىك پروچىك باۋېرنىڭ 1889 ـ يىلىدىن 1891 ـ يىلىغىچە كۇچاغا قىلغان سەپىرى ۋە ئۇ يەردە بىر يازما پۈتۈككە ئېرىشكەنلىكى كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى. بۇ پۈتۈك ئىلگىرى مەلۇم بولغان ئەڭ قەدىمىي ھىندىچە قوليازما بولۇپ، مىلادىيە 5 ـ ئەسىرگە تەئەللۇق بولغان بىراھمى ھەرپىدە قېيىن دەرىخى قوۋزىقىغا يېزىلغان سانسكرىتچە خاتىرىدۇر. ئۇ «باۋېرنىڭ خاتىرىسى» دىن باشقا يەنە بىر قاتار مۇھىم ھۆججەتلەرنىمۇ بايقىغان. 1892 ـ يىلى فرانسىيىلىك دۇسىر. دې. رېينس خوتەندە بىر قىسىم قوليازمىلارنى قولغا چۈشۈرگەن. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئۈچ پارچىسى ئۇزۇنراق قەغەزگە قەدىمكى ھىندىستاننىڭ قارۇشتى يېزىقىدا يېزىلغان، يېزىلغان ۋاقتى مىلادىيە 2 ـ ئەسىرلەردىنمۇ بۇرۇنراق.

بۇ قوليازمىلارنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا تېپىلغان

قولیازمىلارنىڭ بەزىلىرىنى سودىگەرلەر ھىندىستانغا ئېلىپ كەتكەن، بىراق يەنە بىر قىسمىلىرى سانكت پېتېربۇرگقا، ھەتتا پارىژغا قەدەر ئېلىپ كېتىلگەن. بۇ نەرسىلەر شەرق ۋە غەربتىكى بىر قىسىم ئالىملارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىغان. ئۇلار 1899 ـ يىلى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىگە ئىلتىماس قىلىپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ سىياسي ۋاكالەتچىلىرى ئارقىلىق مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ماتېرىياللارنى توپلاۋەرگەن. 1888 ~ 1890 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا، رۇسىيىلىك ئاكا ـ ئۇكا گرۇم گرژىمايلو شىنجاڭغا بىر قېتىملىق ئارخېئولوگىيىلىك ساياھەت قىلىپ مول نەتىجىگە ئېرىشكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن سانكت پېتېربۇرگ ئاكادېمىيىسى 1897 ـ يىلى بىر ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى ئەۋەتكەن، كلېمېنتس بۇ ئەترەتنى باشلاپ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا تەبىئىي پەنلەر نۇقتىسىدىن تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان، شۇنداقلا ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى توپلىغان. كلېمېنتس تۇرپان رايونىدىكى بۇددا خارابىلىرىنىمۇ تەكشۈرۈپ قولیازما ۋە ھەرخىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى توپلىغان ھەمدە ئۆزلىرى ئۇچراتقان نەرسىلەرنى تەپسىلىي يېزىپ قالدۇرغان(57). ئۇنىڭ دوكلاتىغا رەسىملەر قىستۇرۇلغان، قوشۇمچىسىدە رادلوف يازغان «تۇرپاندىكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تىل تۇرلىرى» نىڭ كۆچۈرمىسى ۋە تەرجىمىسى بېرىلگەن. بۇ تېخىمۇ كۆپ ئىلىم ئەھلىنىڭ دىققىتىنى تەكلىماكان قوملۇقىنىڭ بويىدىكى رايونلاردا قېزىشنى كۈتۈپ ياتقان مول مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا ئاغدۇرغان.

كلېمېنتستىن بۇرۇن بېرلىن ئوتتۇرا ئاسىيا مەسىلىسى مۇتەخەسسىسى ۋە جۇغراپىيە ئالىمى رىختخوفېننىڭ شاگىرتى سۋېن ھېدىن 1895 ـ يىلىدىن 1897 ـ يىلىغىچە ئوتتۇرا ئاسىيا قوملۇقلىرىنى كېسىپ ئۆتۈشتەك تۇنجى ئېكسپېدىتسىيە سەپىرىنى باشلىغان. ئۇ كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرى ھەققىدە

قىزىقارلىق دوكلاتلارنى بەرگەن بولۇپ، كىشىلەرنىڭ تارىم ئويمانلىقىنى داۋاملىق ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ھەۋىسىنى قوزغىغان. بۇ ئويمانلىقنىڭ جەنۇبىي گىرۋەكلىرىنى مانا مۇشۇ شۋېتسىيىلىك كىشى خەرىتىگە ئالغان⑱.

گەرچە سۋېن ھېدىن ئاساسلىقى كۆزگە كۆرۈنگەن جۇغراپىيە ئالىمى بولسىمۇ، بىراق ئۇ كىشىلەرنىڭ تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ گىرۋەكلىرىدىكى قەدىمىي شەھەر خارابىلىرىگە بولغان دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى. سۋېن ھېدىننىڭ دوكلاتىنىڭ ئالاھىدە قىزىقتۇرۇشى ھەم قاراقورۇم تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى رايونلاردىن نۇرغۇن قەدىمىي ھۆججەتلەر تېپىلغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنىڭ ئىلھامى ئاستىدا، ھىندىستاندا تۇرۇۋاتقان ستەين (كېيىن ئەنگلىيە ئۇنىڭغا تۆرە دېگەن ئاتاقنى بەرگەن) شىنجاڭ ئېگىزلىكىنىڭ شىمالىدىكى قۇملۇقلاردا تۇنجى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە ساياھىتى ئېلىپ بېرىشقا تەييارلىق قىلغان⑲.

نەسلى ۋېنگرىيىلىك ستەين سۋېن ھېدىندىن پەقەت ئۈچ ياشلا چوڭ بولۇپ، تيۇبىنگېندە شەرقشۇناسلىق ئىلمىدە ئوقۇغان. ئەينى ۋاقىتتا ھىندىستاندا ئەنگلىيە ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان بولۇپ، پەنجابنىڭ شاگىرتى ئىدى، بىراق ئۇ ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ تارىخنى تەتقىق قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ لاھور ئارخېئولوگىيە مۇزېيىنىڭ باشلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قويۇق ئىدى، مۇزېي باشلىقى بولسا كېيىنكى ۋاقىتلاردا نام چىقارغان يازغۇچى لوكۋۇد كىپلىنگنىڭ دادىسى ئىدى. ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن ستەين ئەنگلىيىگە قاراشلىق ھىندىستان ھۆكۈمىتىدىن ئوتتۇرا ئاسىياغا بىر قېتىم ئېكسپېدىتسىيىگە بېرىشقا يەتكۈدەك راسخوتقا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ بۇ قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسى 1900 ـ يىلىدىن 1901 ـ يىلىغىچە تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋەكلىرىدە ئېلىپ بېرىلغان، بىر

قىسمى سۈيىن ھىندىنىڭ ماڭغان يولى بويىچە بولغان.

سۈيىن ھېدىن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭلارغا نۇرغۇن قېتىم جوغراپىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئۇ تەمىنلىگەن ماتېرىياللار ئىسپاتلاشتىن ئۆتكەچكە، ئىشەنچلىك ئىدى(60). ستەيىننىڭ خەرىتە سىزىشىمۇ ئوخشاشلا ناھايىتى ئىنچىكە ئىدى. بىزنىڭ ھازىرقى سۈنئىي ھەمرا ئارقىلىق تارتقان سۈرەتلەرمۇ بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. ستەيىننىڭ خوتەن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلار، نىيە ھەم يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىدىكى باشقا جايلاردا ئېلىپ بارغان قېزىش خىزمىتى تولىمۇ نەتىجىلىك بولغان. نۇرغۇن قىممەتلىك قوليازما ۋە باشقا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغقان ھەم شۇنىڭدىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەھمىيىتى ناھايىتى زور بولغان 15 يىللىق مەدەنىيەت تارىخىنى تەكشۈرۈش مەزگىلىنى باشلىغان. ستەيىن مۇشۇ مەزگىلدىكى ھەم ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى ئېكسپېدىتسىيە نەتىجىلىرىنى توپلاپ چوڭ بىر ئىلمىي ئەسەرگە ئايلاندۇرغان، شۇنداقلا ياۋروپادىكى نۇرغۇن ئالىملارنىڭ ئۇنىڭ توپلىغان ماتېرىياللىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىغا مۇيەسسەر بولغان(61). 1902 ـ يىلى خامبۇرگدا ئۆتكۈزۈلگەن 13 ـ قېتىملىق شەرقشۇناسلىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا، ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ قېتىملىق ساياھەت نەتىجىلىرىدىن دوكلات بېرىپ، كىشىلەرنىڭ قىزىقىشىنى خېلى قوزغىغان.

بىراق، 1899 ـ يىلى رىمدا ئۆتكۈزۈلگەن 12 ـ قېتىملىق خەلقئارالىق شەرقشۇناسلىق ئىلمىي مۇھاكىمە چوڭ يىغىنىدا بىر نەچچە مۇتەخەسسىس ئوقۇپ ئۆتكەن ئوتتۇرا ئاسىيادىن تېپىلغان قوليازمىلار ھەققىدىكى دوكلاتتىن كېيىن، غەربىي ياۋروپانىڭ شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ دىققىتى شىنجاڭدىن تېپىلغان قوليازمىلارنىڭ ئۇلۇغ ئەھمىيىتىگە مەركەزلەشكەن. ئەسلى يۇرتى گېرمانىيىلىك بولغان ئەنگلىيە ھىندىشۇناسى A . خوئىنلېر

دوكلات بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئۇ نۇرغۇن يىل جاكارتادا خىزمەت قىلغان بولۇپ، زور بىر تۈركۈم قولىيازمىلارغا ئېرىشكەن. سانكت پېتېربۇرگدىن كەلگەن رادلىق كلېمېنتس بايقىغان قولىيازمىلار ھەققىدە دوكلات بەرگەن. E. سېينى ئۆزى ئېرىشكەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قولىيازمىلار ھەققىدە دوكلات بەرگەن، بۇ قولىيازمىلار ئۆز ۋاقتىدا پارىژدىكى دۆلەتلىك كۇتۇپخانىدا ساقلانغان، ئۇ يەنە فىنلاندىيىلىك O. تاننېرنىڭ تۇرپانغا قىلغان ساياھەت خاتىرىسىنىمۇ دوكلات قىلغان.

1899 ـ يىللا گېرمانىيە شىنجاڭدا ئېكسپېدىتسىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنىڭ تۇنجى پىلانىنى تۈزۈپ چىققان، ئۇ بولسىمۇ سانكت پېتېربۇرگلۇق رادلوف بىلەن شېلمان ئىككىيلەننىڭ تارىم ئويمانلىقىغا بېرىپ يېڭى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تېپىشى ئۈچۈن بېرلىن مىللەتلەر مۇزېيىغا يېتەرلىك راسخوت بېرىشنى تەلەپ قىلغان ياكى ھېچ بولمىغاندا ئىلمىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلغان. ئۇلار كىشىلەرگە ئۆزلىرى ئېرىشكەن تۇرپاندىن تېپىلغان بىر نەچچە قولىيازمىلارنى ۋە رەسىملەرنى كۆرسەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى F. مىيۇللېر 1899 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىكى بىر پارچە دوكلاتىدا مۇنداق يازىدۇ: «ئەگەر بىز تاش كېمىر بۇتخانىلىرىدىن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش يېڭى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تاپالىساق، ئۇ ھالدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پۈتۈن دىن تارىخى ۋە مەدەنىيەت تارىخى باشقىچە ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.»[62] بىراق، راسخوت كەمچىل بولغاچقا، بۇ پىلان ئەمەلگە ئاشمىغان.

بىر نەچچە يىللىق تىرىشچانلىق ئارقىلىق شەخسىلەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى 1902ـ يىلى 8 ـ ئايدا يولغا چىقالىغان، ئەترەت باشلىقى ھىندىشۇناس مۇتەخەسسىس A. گرىيۇنۋېدېل ئىدى. بۇ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى

كېيىنچە گېرمانىيە بىرىنچى قېتىملىق تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى دەپ ئاتالغان. ئۇلار بايقىغان قولىيازمىلارمۇ « T I » دەپ ئاتالغان، ئۇنىڭغا يەنە بىر ھەرپ قوشۇپ بايقالغان ئورۇننى ئىپادىلىگەن (« D » ئىدىقۇت شەھىرىنى بىلدۈرگەن) ھەمدە ساقلاش تەرتىپ نومۇرىمۇ بېرىلگەن. شۇنىڭغا ماس ھالدا كېيىن بايقالغان ھۆججەتلەرگە T II ، T III دېگەن بەلگىلەر ئىشلىتىلگەن. بۇ ئەترەتتە ئەترەت باشلىقى گرىيۇنۋېدېلدىن باشقا تۈركشۇناس، موڭغۇلشۇناس مۇتەخەسسىس گېئورگى خوسېمۇ بار، ئۇ تەكشۈرۈش داۋامىدا بەك چارچاپ كەتكەنلىكتىن، ۋەتىنىگە قايتقاندىن كېيىن ئاغرىپ قېلىپ يېتىپ قالغان. ئەترەتتە يەنە مۇزېينىڭ تېخنىكى تېئودور باتۇسمۇ بار ئىدى. ئۇ ئىلگىرى ماتروس بولغان، پەم ـ پاراسەتلىك، ئىجادكارلىقتا باي تالانت ئىگىسى ئىدى، بولۇپمۇ باتۇر ھەم يۇمۇرىستىك بولۇپ، ئەترەتتە كەم بولسا بولمايدىغان شەخسكە ئايلىنىپ قالغان. كېيىنكى بىر نەچچە قېتىملىق تەكشۈرۈشكىمۇ ئۇنى قاتناشتۇرغان. دەل مۇشۇ ئادەم تامدىكى رەسىملەرنى سويۇپ چىقىرىدىغان ئالاھىدە تېخنىكىنى ئىجاد قىلغان. بۇ تام رەسىملىرى سامانلىق لاي سۇۋاق ئۈستىدىكى 1 ~ 2 سانتىمېتىر قېلىنلىقتىكى ئىنچىكە سۇۋاق ئۈستىگە سىزىلغان. ئۇ بۇ تام رەسىملىرىنى بىر نەچچە پارچىغا بۆلۈپ، ئاندىن ئۇنى ھەرىدەپ كېسىپ تامدىن سويۇۋېلىپ، ئايرىم ـ ئايرىم ئەپلىك ئوراپ قاچىلاپ چىققان.

بىرىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تۇرپاندا قىسقىغىنا تۆت ئاي تۇرغان. بۇ مەزگىلدە ئۇلار ئاساسلىقى ئىدىقۇت خارابىسى ھەم سېڭگىمدىكى ئىبادەتخانا خارابىلىرىنى تەكشۈرگەن. ئۇلار 1903 ـ يىلى باھاردا نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك سەنئەت بۇيۇملىرى قاچىلانغان ساندۇقلارنى ئېلىپ بېرلىنغا بارغاندىن كېيىن، كىشىلەر تېزدىن بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى

ئۇستىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمىنى باشلىۋەتكەن. مول بىلىملىك تىلشۇناس مېيۇللېر 1904 ـ يىلى «پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان يېزىق» بىلەن يېزىلغان يوقاپ كېتىش گىرداۋىغا بېرىپ قالغان دىن مانىي دىنىنىڭ ھۆججەتلىرىنى تەرجىمە قىلىپ چىقتى. بىز پەقەت چېركاۋ پەدەرنىڭ بەس ـ مۇنازىرە خاراكتېرىدىكى ماقالىلىرىدىن بۇ دىننى بىلدۇق، ئۇنىڭ مەنبەسى تا ھازىرغىچە بايقالمىدى. ئۇرپاندا كىشىلەر بۇ دىننىڭ ئەڭ دەسلەپكى ھۆججەتلىرىنى بايقىغان بولۇپ، رىم ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە بۇ دىن خرىستىئان دىنىنىڭ دۈشمىنى سۈپىتىدە بىدئەت دىن دەپ قارىلىپ زەربىگە ئۇچرىغانىدى، بىراق كىشىلەر ئۇنىڭ شەرقتىن جۇڭگوغىچە تارقالغانلىقىنى بىلمىگەن. 30 ـ يىللارغا كەلگەندە، مىسىردا قەدىمكى مىسىر تىلىدىكى مانى دىنى ھۆججەتلىرى بايقالغان. بۇ ئاسىيادىكى كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرغان پارچە ـ پۇرات قولىيازمىلارنىڭ ئورنىنى تولۇقلىغان.

مېيۇللېر يەنە باشقا ھۆججەتلەرنىمۇ تەتقىق قىلغان. مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇ تۇنجى قېتىم سوغد يېزىقىنى يېشىپ چىققان مۇتەخەسسىس ئىكەن، بۇ يېزىقنى ئىلگىرى ھېچكىم بىلمىگەن. ئۇ يەنە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى (قەدىمكى تۈرك يېزىقى) ھەققىدىكى تەتقىقاتىنىمۇ زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرگەن. سانسكرىتچە، پارسچە ۋە قەدىمكى تۈركچىنى بىلىدىغان باشقا مۇتەخەسسىسلەرمۇ ئۇرپاندىن تېپىلغان ۋەسىقىلەرنىڭ تىل تەتقىقات خىزمىتىگە قاتناشقان. بۇ ئىلمىي تەتقىقات مول نەتىجىلىك بولغان ھەم بېرلىن مىللەتلەر مۇزېيىنىڭ 1904 ـ يىلىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق ئۇرپانغا ئېكسپېدىتسىيە ئۇيۇشتۇرۇشىغا تۈرتكە بولغان.

بۇ مەزگىلدە ياپونىيىلىكلەرمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا بايقالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا قىزىقىپ قالغان. كىنەز ئوتانى بۇتخانا رىياسەتچىسى ھەم داڭلىق «سۇكاۋاتى» مەزھىپى

كاتىپباشلىرىنىڭ بىرى ئىدى[63]، ئۇ ياپونىيىنىڭ تۇنجى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىگە ئىقتىسادىي ياردەم بەرگەن، تەكشۈرۈش ۋاقتىنى 1902 ـ يىلىدىن 1903 ـ يىلىغىچە قىلىپ بېكىتكەن، بولۇپمۇ دىنىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يىپەك يولىدىكى بۇددا دىنى تارىخىغا قىزىقىپ قالغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ياپونىيىلىكلەر 1908 ـ يىلىدىن 1909 ـ يىلىغىچە يەنە قەشقەر، خوتەن، كۇچا ئەتراپلىرىدا ۋە تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى رايونلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان، ھەم كۇچادىكى قىزىل مىڭئۆي غارلىرىنى ئالدى بىلەن تېپىپ چىققان، ئۇلار بۇ يەردىكى بىر قىسىم تام رەسىملىرىنى سويۇۋالغان[64]. كېيىن يەر تەۋرەپ كېتىپ، ئۇلار بۇ يەردىن ئوپۇل ـ توپۇل ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغان ۋە بۇ بالا ـ قازادىن قۇتۇلۇپ چىقىش جەريانىدا پۈتۈن ماتېرىياللار ۋە خاتىرىلەرنى يىتتۈرۈپ قويغان. ياپونىيىنىڭ يەنە بىر قېتىملىق ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان ئېكسپېدىتسىيىسى يەنىلا ئوتانىنىڭ ياردىمىدە 1910 ـ يىلىدىن 1912 ـ يىلىغىچە ئېلىپ بېرىلغان.

گريۈنۋېدېل تاش كېمىر ئىبادەتخانىلىرىدىكى تام رەسىملىرىنى كەڭ كۆلەمدە سويۇۋېلىشقا قارشى تۇرغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى بۇ تام رەسىملىرىنىڭ تەپسىلىي ئىزىنى چۈشۈرۈۋېلىش ھەم ئۇلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى خاتىرىلىۋېلىش. پارچە ـ پۇرات قولىيازمىلارنىڭ بايقالغان جايلىرىنى بىلىۋالمىسىمۇ، ئۇ يەنىلا قىممىتىنى يوقاتمايدۇ. «ئۇنىڭ تام رەسىملىرى بىلەنمۇ ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. تام رەسىملىرىنىڭ پۈتۈن كۆرۈنۈشى ۋە كونكرېت ئورنى ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر كەم بولسا، بۇ رەسىملەرنىڭ ھېچقانداق قىممىتى قالمايدۇ»[65] گريۈنۋېدېلنىڭ تولىمۇ ئەستايىدىل بولغان خىزمەت ئىستىلى، ئالاھىدە رەسىم سىزىش تالانتى، تەقلىدىي ئەسەرلىرىنىڭ مول تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە بولغانلىقى ھەمدە

ئۇنىڭ غارلار توغرىسىدىكى تەسۋىرى بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئالدىنقى قاتاردىكى ئىلمىي ماتېرىيال بولۇپ قالغان. بۇ ماتېرىياللار ھازىرقى كۈندە تېخىمۇ ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. چۈنكى ئىلگىرىكى 80 نەچچە يىلدا ئەسلىدىكى غارلار يەر تەۋرەش ياكى ئادەملەرنىڭ سەۋەبى بىلەن ئاللىقاچان قاتتىق ۋەيران بولۇپ كەتكەن.




10 ـ رەسىم ئىدىقۇت قەدىمىي شەھەر خارابىسىنىڭ تەكشى يۈزى.
گرىيۈنۋېدېل سىزغان

لېكوك خۇگېنوت مەزھىپىدىكى يۇقىرى مەرتىۋىلىك دىندار ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن، بىر مەزگىل سودا بىلەن شۇغۇللانغان.

40 يىلدا بېرلىن مىللەتلەر مۇزېيىغا كىرىشتىن بۇرۇن، سۈرىيەدە ئارخېئولوگىيىلىك خىزمەت تەجرىبىلىرىنى توپلىغان. ئۇنىڭ بارلىقىنى شىنجاڭنىڭ ئارخېئولوگىيە خىزمىتىگە بېغىشلىشى ئۇنى ئالاھىدە بەدەل تۆلەتكۈزگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر تۈركشۇناس ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن، چۈنكى ئۇ ئالدى بىلەن قوچودىن تېپىلغان تۈرك يېزىقىدىكى مانى دىنى ۋەسىقىلىرىنى رەتلەپ نەشر قىلدۇرغان. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا خىزمەت ئۆمۈرلۈك ۋەزىپە، ئۇ ھاياتى بىلەن بۇ خىل خىزمەتنى بىرلەشتۈرۈۋەتكەن. ئۇنىڭ ئىپادىلىرى: 1913 ـ يىلى «شەرق ۋەسىقىلىرى» دە «گېرمانىيىنىڭ تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ تەكشۈرۈش لىنىيىسى ۋە نەتىجىلىرى» دېگەن تېمىدا بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلغان بولۇپ، « Dr. Choros Zaturpanskij » دېگەن تەخەللۇسنى ئىشلەتكەن. بۇنىڭدىكى «Choros» ئۇيغۇر تىلىدىكى يېڭى پارسچىدىن كىرگەن سۆز بولۇپ، مەنىسى «خوراز» (فرانسۇزچىدا «لېكوك») دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭ كېيىنكى بىر قىسىم ئەسەرلىرىدىمۇ تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ ئاشۇ بىر نەچچە قېتىملىق تەكشۈرۈش ئەھۋاللىرىدىن دوكلات بېرىلگەن[66].

لېكوك ئىككىنچى قېتىملىق تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىگە باشلىق بولۇپ تەيىنلىنىپ، 1904 ـ يىلى سىناقلاردىن ئۆتكەن مۇزېي تېخنىكى باتۇس بىلەن بىللە يولغا چىقىدۇ. بۇ قېتىملىق تەكشۈرۈش سەپىرى پادىشاھنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىگە ئېرىشكەنلىكتىن، ئۇنىڭ رەسمىي نامى «پرۇسسىيە پادىشاھلىقى تۇنجى قېتىملىق تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى» ئىدى. لېكوك بىلەن باتۇس 1904 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1905 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە تەكشۈرۈش سەپىرىدە بولدى. بۇ ئىككىيلەننىڭ ئاساسلىق خىزمەت ئورنى ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرى خارابىسى ھەم




11 ـ رەسىم ستەين سىزغان بېزەكلىك غارلىرىنىڭ تارقىلىش خەرىتىسى
(رىم رەقىمى ستەيىننىڭ تەرتىپ نومۇرى. G گرېۈنۋېدېلنىڭ
تەرتىپ نومۇرى. يۇمىلاقئا ئېلىنغان نومۇرلار
هازىرقى جۇڭگونىڭ تەرتىپ نومۇرى)

جايلار ئىدى. گرېيۇنۋېدېلنىڭ ئەكسىچە، لېكوك تام رەسىملىرىنى سويۇۋېلىش ۋە يۆتكەپ كېتىشنىڭ تەييارلىقىنى ياخشى ئىشلەشكە بەكرەك كۆڭۈل بۆلگەن.

لېكوك بىلەن باتۇس 1905 ـ يىلى 8 ـ ئايدا يەر تۈزۈلۈشى بىر قەدەر ئېگىز، ھاۋاسى سالقىن بولغان قۇمۇلدا دەم ئېلىۋاتقاندا، دۇنخۇاڭدىكى «تامدا توسۇۋېتىلگەن قالغان نوم ـ پۈتۈكلىرى غارى» دىن ناھايىتى كۆپ قەدىمكى ۋەسىقىلەرنىڭ بايقالغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ قالىدۇ. ئەگەر گرېيۇنۋېدېل ئۇقتۇرۇش قىلىپ لېكوك بىلەن قەشقەردە كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلمىغان بولسا، بىر قەدەم كېچىكىپ قالغان ستەين بىلەن پېللىئوتنىڭ ئېرىشىدىغان، دۇنيانى زىلزىلىگە سالىدىغان نەتىجە، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشكەن بولاتتى. لېكوك يەنىلا ئالدى بىلەن دۇنخۇاڭغا بېرىشنى، ئاندىن قەشقەرگە قايتىشنى ئويلايتتى. ئۇ ئاخىرقى قارارنى تەڭگە پۇل ئېتىپ تەلىيىگە قاراپ چىقارماقچى بولىدۇ. نەتىجىدە ئۇدۇل قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. بىراق، گرېيۇنۋېدېل ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى H. پورت قاتارلىقلار يەتتە ھەپتە كېچىكىپ، 1905 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئۇ يەرگە ئاران يېتىپ كەلگەن. دېمەك، ئەسلىدە لېكوك قاتارلىقلارنىڭ دۇنخۇاڭدىكى ھېلىقى نوم ـ پۈتۈكلەر ساقلانغان غارنى تۇنجى قېتىم تەكشۈرۈشكە يەتكۈدەك ۋاقتى بار ئىدى. بۇ ئىش لېكوك بىلەن گرېيۇنۋېدېل ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئاز ـ تولا تەسىر يېتىشىنىڭ سەۋەبى بولۇپ قالغان.

گرېيۇنۋېدېلنىڭ قەشقەرگە يېتىپ كېلىشى بىلەن گېرمانىيىنىڭ تۇرپانغا قىلغان ئۈچىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسىمۇ باشلاندى. بۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيە تام رەسىملىرىنى بايقاش جەھەتتە ئەڭ نەتىجىلىك بىر قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە بولدى. 1906 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 5 ـ ئايغىچە گېرمانىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچىلەر كۈچادىكى تاش كېمىر

ئىبادەتخانىلىرىدا تۆت ئاي تۇرۇپ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ قۇمتۇر، قىزىل، سىم - سىم مىڭئۆيلىرىنى تەكشۈرۈپ چىقتى. بۇ مەزگىلدە گرىيۇنۋېدېل پۈتۈن زېھنى بىلەن قېزىش، غارلارنى تازىلاپ تام رەسىملىرىنى تەقلىد قىلىپ سىزىش ۋە تەپسىلىي خەرىتىگە ئېلىش بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ خىزمەت ستەيىننىڭ ئالاھىدە ماختىشىغا ئېرىشتى[67]. پورت لېكوكقا ياردەملىشىپ ئۆلچەش، رەسىمگە ئېلىش ئىشلىرىنى قىلدى، باتۇس بولسا گرىيۇنۋېدېلنىڭ تەستە قوشۇلۇشى بىلەن تام رەسىملىرىنى سويۇپ قاچىلاش ئىشلىرىنى قىلدى.

كېيىن كورلا بىلەن قاراشەھەر ئارىلىقىدىكى شورچۇقتا مەشغۇلات ئېلىپ بارغان. شۇنىڭدىن كېيىن لېكوك تولغاق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قېلىپ، ۋەتەنگە قايتىش سەپىرىگە ئاتلىنىشقا مەجبۇر بولغان. يولدا قەشقەردىكى ماكارتنېيىنىڭ ئۆيىدە ئارام ئېلىپ، رۇسىيىدە قالايمىقانچىلىق بولغانلىقى ئۈچۈن قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ھىندىستانغا بارغان، ئاندىن كېمىگە ئولتۇرۇپ دۆلىتىگە قايتقان.

گرىيۇنۋېدېل، پورت، باتۇسلار 1906 - يىلى 6 - ئايدىن 1907 - يىلى 4 - ئايغىچە تۇرپان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بېزەكلىك، تۇيۇقلاردىكى غارلارنى «قۇرۇقداپ» قويدى. باتۇس بۇنى 1906 - يىلى 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى بېزەكلىك 2 - نومۇرلۇق غار ( گرىيۇنۋېدېلنىڭ تەرتىپ نومۇرى بويىچە) توغرىسىدىكى بايانلىرىدا ئېلان قىلغان. بۇ ئەترەت 1907 - يىلى 4 - ئايدا ئوراپ قاچىلانغان 118 ساندۇقنى ئېلىپ قايتىش سەپىرىگە ئاتلانغان. بۇنىڭدىن بۇرۇن قەشقەردە بىر توپ ماتېرىياللارنى يولغا سېلىۋەتكەنىدى[68].

ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قېتىملىق تۇرپان ئېكسپېدىتسىيىسىدە، گېرمانىيىلىك بىلەن رۇسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت كەسكىنلىشىپ

كەتكەن، بولۇپمۇ كۇچانى تەكشۈرۈۋاتقان ئاكا ـ ئۇكا بىلىسوۋسكىيلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت بەكرەك كەسكىنلىشىپ قالغان. تۇرپان گېرمانىيىلىكلەرگە نۇقتىلىق پايدا يەتكۈزىدىغان جاي؛ كۇچا بولسا رۇسىيەلىكلەرنىڭ پائالىيەت سورۇنى ئىدى. گرىيۇنۋېدېل ئەسلىدە سانكت پېتېربۇرگلۇق ئالىم رادلوف ۋە شېلمانلار بىلەن بۇ مەسىلە توغرىسىدا پىكىردە بىرلىككە كېلىپ بولغان بولسىمۇ، بىراق ھېچقايسى تەرەپ بۇ كېلىشىمگە ئەمەل قىلمىغان. شۇنىڭ بىلەن، ئۇچىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە جەريانىدا كۇچادا رۇسىيىلىكلەر بىلەن راستتىنلا قىزىرىشىپ قالدى⑥⑨.

1905 ـ يىلى رۇسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى شەرقىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانى تەكشۈرۈش كومىتېتى تەسىس قىلىپ، ھىندىشۇناس ئالىم ئولدېنبۇرگ باشچىلىقىدىكى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى تۇرپانغا ئەۋەتكەنىدى. بۇ ئەترەت ۋە كېيىنكى ئەترەتلەر يىپەك يولىنىڭ شىمالىي لىنىيىسىدىكى مۇھىم جايلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان، ئۇلار بىلەن گېرمانىيىلىكلەرنىڭ ئارىسى ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى. بېرلىن بىلەن سانكت پېتېربۇرگ ئالىملىرى ئارىسىدىكى تالاش ـ تارتىشلارمۇ ئاساسلىقى تۇركشۇناسلىق ساھاسىدىكى مۇنازىرىلەردە بولۇۋاتاتتى. بۇنداق كەسكىن مۇناسىۋەت يەنە «تۇرپان ۋەسىقىلىرى» نىڭ تىل تەتقىقات جەھەتلىرىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ.

1906 ـ يىلىدىن 1908 ـ يىلىغىچە ستەين ئىككىنچى قېتىملىق ئۇلۇغ ئېكسپېدىتسىيىسىنى باشلىغان. بۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى ئايلىنىپ چىققان، ھەتتا شىزاڭ ئېگىزلىكىگىمۇ بارغان. ئۇ ھىندىستاندىن يولغا چىقىپ قاراقورۇم تاغ تىزمىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئاندىن خوتەن، كېرىيە ۋە مىرەن ئارقىلىق دۇنخۇاڭغا يېتىپ بارغان. مىرەندە ئۇ تارىم ئويمانلىقى بويىچە ئەڭ قەدىمىي

بۇددا دىنى تام رەسىمىنى بايقايدۇ. بۇ تام رەسىملىرى مىلادىيە 3 ~ 4 ئەسىرلەردە سىزىلغان بولۇپ، غەربنىڭ تۇسى ئىنتايىن قويۇق ئىدى، ھەتتا بىر قىسىملىرىدا ئوتتۇرا دېڭىز رايونىنىڭ تەسىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەنىدى. دۇنخۇاڭدا ستەين تولىمۇ ئەپچىللىك بىلەن، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا قاقباشلىق قىلىپ «تامدا تۇسۇۋېتىلگەن نوم پۈتۈكلىرى غارى» نى ساقلاۋاتقان ۋاڭ راھىبنى قايىل قىلىپ، ئۆزىنىڭ ھىندىستانغا نوم ئالغىلى بارغان خۇيتساڭغا بولغان ھۆرمەت ـ ئېتىقادىنى دەستەك قىلىپ تۇرۇپ، نۇرغۇن كۆچۈرمە ۋەسىقىلەرنى ئوغۇرلۇق قولغا چۈشۈرۈۋالغان. بۇ راھىبكالالان باشتا ماقۇل بولمىغان[70]، لېكىن غارلارنى رېمونت قىلدۇرۇشقا پۇل لازىم بولغانلىقتىن، ستەين ئۇنىڭ قولىدىن نۇرغۇن ۋەسىقە ۋە سەنئەت بۇيۇملىرىنى سېتىۋالغان، ئاندىن بۇلارنى ھىندىستانغا ئېلىپ كەتكەن. بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ھىندىستاندىن لوندوندىكى بۈيۈك بىرىتانىيە مۇزېيىغا يۆتكەپ كېتىلگەن.

ستەين دۇنخۇاڭدىن بىۋاستە قايتماي، ئايلىنىپ يۈرۈپ شىزاڭ ئېگىزلىكىدىكى كۆكنۇر كۆلى رايونىغا كەلگەن، 1907 ـ يىلى قۇمۇل ئارقىلىق تۇرپانغا يېتىپ كەلگەن. ئۇ بىر پارچە خۇسۇسىي خېتىدە، گېرمانىيىلىكلەرنىڭ، ئېنىقراقىنى ئېيتقاندا، باتۇسنىڭ تام رەسىملىرىنى سويۇۋېلىش ئۇسۇلىغا ھەيران قالغانلىقىنى ئېيتقان[71]. ستەين تۇرپان ئەتراپىدىكى «كىچىك قەلئە» دە ئەينى ۋاقىتتا گېرمانىيىلىكلەرنىڭ نەزەرىدىن ساقىت بولغان بىر نەچچە ئۆڭكۈرنى بايقاپ، ئۇنىڭدىن سەنئەت بۇيۇملىرى ۋە خەنزۇچە، تۈركچە قولىيازمىلارنى تاپقان، ئاندىن ئۇنىڭ سەپەر لىنىيىسى قاراشەھەردىن يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي لىنىيىسىگە بۇرۇلۇپ، كېرىيە بىلەن خوتەنگە يېتىپ بارغان، يەنە شىمالىي لىنىيىگە بۇرۇلۇپ ئاقسۇغا كېلىدۇ، ئاندىن قەشقەرگە بېرىپ، ئۇ يەردىن قاراقۇرۇم تېغىدىن ئۆتۈپ

ھىندىستانغا كېتىدۇ[72].

1906 ـ يىلى، يەنە P. پېللىئوت باشچىلىقىدىكى فرانسىيىلىكلەرمۇ ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇلار ئېكسپېدىتسىيىنى كۇچادىن باشلىماقچى بولىدۇ، بىراق 1906 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا قەشقەرگە كەلگەندە، گېرمانىيىلىكلەرنىڭ ئاللىقاچان ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدا ئۇ يەرگە بېرىپ بولغانلىقىنى بىلىدۇ. ئۇلار ئاۋۋال تۇمشۇقتا قېزىش ئېلىپ بېرىپ، زور مىقتاردىكى ھەيكەللەرنى بايقايدۇ، ئاندىن 1907 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە كۇچا رايونىدا (دۇلدۇل، ئاقۇل، سۇبېشى، قىزىل، قۇمتۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) تۇرۇپ، ئۇ يەردە زور مىقتاردىكى بۇددا دىنى خارابىلىرىنى رەسىمگە تارتىۋالىدۇ[73].

فرانسىيىنىڭ بۇ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى كېيىن دۇنخۇاڭغا بېرىپ، ئۇ يەردە ئۆڭكۈرلەردىكى تام رەسىملىرىنى سىستېمىلىق تەكشۈرۈپ رەسىمگە تارتىدۇ. يېتىشكەن خەنزۇشۇناس پېللىئوت ناھايىتى تېزلىكتە ۋاڭ راھىب بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىپلا قالماستىن، بەلكى ستەيننىڭ ئەكسىچە چاققانلىق بىلەن قىممەتلىك بار قوليازمىلارنى تاللاپ چىقىپ، مەنپەئەتپەرەس بۇ راھىبنىڭ قولىدىن سېتىۋالىدۇ. خەنزۇچە ۋەسىقىلەردىن باشقا، ئۇ يەنە بىراھمى يېزىقىدا يېزىلغان ھىندىچە ۋە توخارچە ۋەسىقىلەرگە ھەمدە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋە تۈبۈتچە ۋەسىقىلەرگە ئېرىشىدۇ. بۇ فرانسىيىلىك لەنجۇ ئارقىلىق 1908 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا بېيجىڭغا كېلىپ، ئاندىن دېڭىز يولى ئارقىلىق دۆلىتىگە قايتىدۇ[74].

1908 ـ يىلى كۈزدە، كىنەز ئوتانى ئىقتىسادىي ياردەم بەرگەن جىرۇي چاۋ باشچىلىقىدىكى يەنە بىر ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى يېسۇن رۇئىسەنلاڭنىڭ ھەمراھلىقىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ. بۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيە ھاپىلا ـ شاپىلا بېيجىڭدىن باشلىنىپ، دۇنخۇاڭ ئارقىلىق تۇرپانغا يېتىپ كېلىدۇ، ئاندىن

بۇ يەردىن جەنۇبقا بۇرۇلۇپ، كېرىيە، خوتەن ۋە قەشقەرلەرگە باردۇ. يېسۇن رۇگسەنلاڭ تۇرپاندىن كۇچاغا كېلىپ، ئاندىن قەشقەردە ھەمراھلىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ئەنگلىيىلىكلەر ۋە رۇسىيىلىكلەر (1905 - يىلىدىكى رۇس - ياپون ئۇرۇشىنىڭ مەغلۇبىيەت جاراھىتى رۇسىيىلىكلەرنىڭ ئېسىدە) بۇ ئىككى ياپونىيىلىكلەرنىڭ سەپىرىدىن گۇمانلىنىپ قالىدۇ، چۈنكى ئۇلار يىراق ئارال دۆلىتىدىن كەلگەن بۇ ئىككى ياپونىيىلىكنى جاسۇس دەپ قارايدۇ. مەسىلەن، ئەنگلىيىلىكلەر ئۇلارنىڭ پائالىيىتىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تىڭتىڭلايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە رۇسىيىلىكلەرمۇ ئۇ ئىككىسىنىڭ ئەمەلىيەتتە ياپونىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلىرى ئىكەنلىكىنى ئەنگلىيىلىكلەرگە ئېيتقانىدى، بىراق ئۇلارنىڭ قانداق مەخپىي پائالىيەتلىرى بارلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

ياپونىيىنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق ئوتانى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى 1910 - يىلىدىن 1911 - يىلىغىچە، جىرۇي چاۋنىڭ باشچىلىقىدا يەنىلا ئىنتايىن مەخپىي ئاساستا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇ. بۇ قېتىم ياپونلار تارىم ئويمانلىقىنى نەچچە رەت ئايلىنىپ چىقىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىق تۇرغان ئورنى دۇنخۇاڭ بىلەن تۇرپان، لاداقنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغىمۇ باردۇ. ياپونىيىنىڭ ئىلگىرىكى ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتىگە ئوخشاش، بۇ قېتىمقىسىمۇ «دەم ئالماستىن، چاققانلىق بىلەن ئىشلەشتەك ئالاھىدىلىك»[75] كە ئىگە ئىدى. بىراق، ياپونىيە ئالىملىرى بىر نەچچە قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە ئارقىلىق ئېرىشكەن بىر قىسىم ۋەسىقىلىرى ۋە تام رەسىملىرى ئىنتايىن قىممەتلىك بولۇپ، غەرب مۇزېيلىرىدا يىغىپ ساقلىنىۋاتقان ماتېرىياللارنى تولۇقلايدۇ[76].

ياپونىيىنىڭ ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسىنىڭ ئارىلىقىدا، رۇسىيىلىكلەرمۇ يەنە تارىم

ئويمانلىقىدا ئارخېئولوگىيىلىك پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. 1909 ~ 1910 - يىللىرى سانكت پېتېربۇرگتىكى رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى، ھىندىشۇناس ئالىم ئولدېنبۇرگ يېتەكچىلىكىدىكى يەنە بىر ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا ئەۋەتىدۇ. شورچۇقتا بۇ ھىندىشۇناس ئالىم زور مىقتاردىكى ھەيكەللەر ۋە رەسىملەرنى يىغىۋالىدۇ، ئاندىن تۇرپان بوستانلىقىدىكى قەدىمىي خارابىلەرگە بارىدۇ. ئۇلار ئاۋۋال ئۇ يەردە ئىدىقۇت ۋە بېزەكلىكتە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ، قايتىشىدا بولسا يۈزەكى بولسىمۇ، كۇچا ئەتراپىدىكى ھەرقايسى قەدىمىي خارابىلەرنى تەكشۈرۈپ قويىدۇ.

فىنلاندىيىلىك بارون مانىېرھېيم 1907 - يىلىدىن 1909 - يىلغىچە ئېلىپ بارغان ئېكسپېدىتسىيىسى رۇسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئېكسپېدىتسىيىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئۇ ئاساسلىقى خەرىتىگە ئېلىش ۋە ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان، ئارىلىقتا شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمى ۋە لەنجۇغىچە بارغان. مانىېرھېيم ئېكسپېدىتسىيە جەريانىدا مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا خېلى قىممىتى بار بىر قىسىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئېلىپ كەتكەن، ھازىر خېلسىنكى ۋە لېنىنگرادتا ساقلانماقتا.

لېكوك داۋاملىق جۇدۇنى ئۆرلەپ تۇرىدىغان باتۇسىنىڭ ھەمراھلىقىدا تۆتىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە، يەنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق گېرمانىيىنىڭ تۇرپاننى تەكشۈرۈش ئۆمىكىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ (1913 ~ 1914 - يىللىرى). بىراق، نىشان تۇرپانلا ئەمەس ئىدى، ئۇلارنىڭ پىلانى تەكلىماكان قوملۇقلىرىنىڭ جەنۇبىي گىرۋەكلىرىگە بېرىش ئىدى. گەرچە گەپ شۇنداق دېيىلگەن بىلەن ئۇلارنىڭ خىزمىتى كۇچاغا مەركەزلەشكەن، لېكوك ئۇ يەردە ئامال بار كۆپرەك تام رەسىملىرىنى يىغىشنى ئويلايتتى. ھالبۇكى، ئۇ قىزىلغا بېرىپ

ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئاغرىپ قېلىپ، كۇچاغا قايتىشقا مەجبۇر بولىدۇ. باتۇسنىڭ كۆپرەك ۋاقتى يالغۇز خىزمەت قىلىش بىلەن ئۆتىدۇ. 1913 - يىلى 6 - ئايدىن 9 - ئايغىچە، ئۇ قىزىل غارلىرىدىن نۇرغۇن تام رەسىملىرىنى سويۇۋالىدۇ، بىراق ئۇ تام رەسىملىرىنىڭ كېلىش مەنبەسى توغرىسىدا خاتىرە قالدۇرمىغان ھەم رەسىمگىمۇ تارتمىغان، پەقەت گرېيۇنۋېدېل قالدۇرغان بايانلار ۋە تېز سىزمىلارغا تايىنىپلا ئۇلارنى سېلىشتۇرۇش مۇمكىن.

لېكوك كۇچادا سالامەتلىكى تەدرىجىي ياخشىلانغاندىن كېيىن، ئاتلىق يۈرۈپ ئەتراپتىكى جايلاردا تەكشۈرۈش ۋە بىر قىسىم قېزىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان، بىر قىسىم ياخشى تام رەسىملىرىنى تاللاپ چىقىپ باتۇسقا سويدۇرۇۋالغان. بولۇپمۇ قۇمتۇرادا جۇڭگونىڭ تەسىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان نۇرغۇنلىغان تام رەسىملىرىنى يىغقان. تۇمشۇقتا بىر مەزگىل قېزىش بىلەن مەشغۇل بولغاندىن كېيىن، لېكوك بىلەن باتۇس قەشقەرگە بېرىپ، 1914 - يىلىنىڭ بېشىدا رۇسىيە ئارقىلىق دۆلىتىگە قايتقان. بۇ قېتىم بېرلىنغا ئېلىپ بېرىلغان ماتېرىياللار ئىلگىرىكى ماتېرىياللار بىلەن بىرگە، لېكوك تۈزۈپ چىققان يەتتە قىسىملىق بىر يۈرۈش چىرايلىق مۇقاۋىلانغان چوڭ ھەجىملىك كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، بۇ كىتابنىڭ نامى «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدىكى بۇددا دىنى سەنئىتى» ئىدى. 1914 - يىلىدىن 1915 - يىلىغىچە ئولدېنبۇرگ يەنە بىر قېتىم رۇسىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى باشلاپ دۈنخۇاڭغىچە بېرىپ، ئۇ يەردە زور مىقداردىكى خەنزۇچە قولىيازمىلارنى قولغا چۈشۈردى. بۇلار ھازىر لېنىنگرادتا ساقلانماقتا[77].

ستەيىننىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسى (1913 ~ 1915 - يىللىرى) غەرب ئەللىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا قىلغان ئەڭ ئاخىرقى كۆلىمى بىر قەدەر زور بولغان مەدەنىيەت تارىخى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش سەپىرىدۇر. ستەيىن

يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي لىنىيىسى ئارقىلىق دۇنخۇاڭغا بېرىپ، ئۇ جايدا رەسىم ۋە قولىيازمىلارنى قولغا چۈشۈرگەن، ئاندىن نىشاننى بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ شىمالىدىكى قەدىمىي شەھەر خارابىسى قاراخوتو خارابىسىغا بۇرىغان، بۇ شەھەر موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى ئىدى. رۇسىيىلىك مۇتەخەسسىس كوزلوف بۇ قەدىمىي خارابىنىڭ ھەقىقىي بايقىغۇچىسىدۇر. ئۇ 1908 ـ يىلى تۇنجى قېتىم بۇ خارابىنى تەكشۈرگەن، ئاندىن 1909 ـ يىلى ۋە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم 1926 ـ يىلى بۇ جايغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئۇ بۇ «ئۆلۈك شەھەر» دىن تاپقان نۇرغۇن قىممەتلىك بايلىقنى رۇسىيىگە ئېلىپ كەتكەن. ھازىر بۇلارنى لېنىنگرادتا كۆرۈش مۇمكىن. كوزلوف ئوتتۇرا ئاسىيانى جەمئىي ئالتە قېتىم تەكشۈرۈشكە بېرىپ زور نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن[78] .

ستەيىن قاراخوتو خارابىسىدىن داۋاملىق ئىلگىرىلەپ تۇرپانغا بارغان، ئۇ بۇ يەردە 1914 ـ يىلى ۋە 1915 ـ يىلى ئارىلىقىدا قىشنى ئۆتكۈزگەن. ئۇ ئالدىنقى قېتىم 1907 ـ يىلى بۇ يەردە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، يەرلىك ئاھالىلەر بېزەكلىك تام رەسىملىرىنى زور دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتقان. ئۇ بۇنىڭدىن ئەنسىرەپ نۇرغۇن تام رەسىملىرىنى سويۇپ كەتكەن، بۇلار ھازىر دېھلىدىكى ھىندىستان دۆلەتلىك مۇزېيىدا ساقلانماقتا[79] . ستەيىن يەنە ئىدىقۇت ۋە ئاستانە ئەتراپىدىكى قەبرىستانلىقتا قېزىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن ئاخىرەتلىك بۇيۇملار ۋە رەسىملەرنى قېزىۋالغان، بۇنىڭ كۆپ قىسمى ھازىر دېھلىدا ساقلانماقتا. ئۇ كۇچادىن ئۆتكەندە ئاساسەن خەرىتىگە ئېلىش بىلەن مەشغۇل بولغان، ئاندىن قەشقەرگە بارغان. ئۇ يەردىن ئافغانىستاننى بىر ئايلىنىپ چىقىپ بۇخارا، خوراسان (ئىراننىڭ شەرقى) ، بەلۇجىستانلار ئارقىلىق

ھىندىستانغا قايتىپ كېتكەن. 1943 ـ يىلى ستەين 80 ياشلارغا كىرىپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئافغانىستاندا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان، بۇ قېتىم ئۇ نۇرغۇن مۇشكۈلاتلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئاندىن چېگرىدىن كىرىشكە ئىجازەت ئالالىغان. شۇ يىلى ئۇ كابۇلدا قازا قىلىپ شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان.

## 2. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى يىپەك يولىنىڭ شەرقىي بۆلىكىدىكى ئېكسپېدىتسىيە

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ بىرنەچچە يىلدىن كېيىن، 1924 ـ يىلى ئامېرىكىلىق ئالىم ۋارنېر بېيجىڭدىن دۇنخۇاڭغا كېلىدۇ. ئۇ بۇ يەردە مەخسۇس تەتقىق قىلىپ چىققان بىر خىل ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ زور بىر تۈركۈم تام رەسىملىرىنى سويۇۋالغان. «تامدا توسۇۋېتىلگەن نوم ـ پۈتۈكلىرى غارى» دىن تېپىلغان ۋەسىقىلەرنىڭ ھەممىسىنى بېيجىڭغا يۆتكەپ كەتكەن. ۋارنېر دۇنخۇاڭنى ھېچ كىم باشقۇرمايدىغانلىقىنى بايقاپ، ئۆزى ئېرىشكەن ئاشۇ تام رەسىملىرى ۋە نۇرغۇن ھەيكەللەرنى توسالغۇسىز يۆتكەپ ئەكەتكەنىدى[80]. 1942 ـ يىلىغا كەلگەندە، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى «دۇنخۇاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش تەتقىقات ئورنى» نى قۇرغان، كېيىن ئۇ «دۇنخۇاڭ تەتقىقات ئىنستىتۇتى» غا ئۆزگەرگەن.

20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، جۇڭگو شىنجاڭغا بولغان تەكشۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشكە باشلىغان. سىياسىي جەھەتتىنمۇ بۇ تەكشۈرۈشلەرنىڭ

بىخەتەرلىكىنى ھېسابقا ئالىدىغان بولغان. 1928 ~ 1929 - يىللىرى ھەمدە 1930 - يىلى جۇڭگولۇق ئارخېئولوگ خۇاڭ ۋېنبى تۇرپان، قاراشەھەر، كۇچا، قۇمتۇرا، قىزىل بۇددا غارلىرى (مىڭئۆيلىرى) دا ئىككى قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان، ئۇ يەنە خوتەننىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىدىكى رايونلاردا پائالىيەت ئېلىپ بارغان. ئۇ سويۇۋالغان تام رەسىملەرنى خاڭجۇغا يۆتكەپ كەتكەن، بىراق ئۇ يەردە ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ۋەيران بولغان. خۇاڭ ۋېنبى تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ئىككى قىسىملىق چوڭ ھەجىمدىكى خەنزۇچە ئەسەرگە كىرگۈزگەن[81].

ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى ئارىلىقىدىكى قىسقا مەزگىلدە، غەربىي ياۋروپالىقلار ئىككى قېتىم مۇھىم ئېكسپېدىتسىيە ئېلىپ بارغان. 1931 - يىلى «ستىريون» ئاپتوموبىل زاۋۇتىنىڭ ياردىمىدە ئاسىيانى كېسىپ ئۆتىدىغان بىر قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە ئېلىپ بېرىلغان، فرانسىيىلىك ئارخېئولوگ ھاكىن بۇ قېتىملىق تەكشۈرۈشكە قاتناشقان. بۇ ئاپتوموبىل زاۋۇتىدىن كونسېرن بۇ ئۆمەككە بىر ماشىنا بەرگەن، ئۇلار چوقۇم جوڭگولۇقلار ئېنىق بېكىتىپ بەرگەن يۆنىلىش بىلەن ماڭمىسا بولمايتتى. گەرچە يولدىن چەتلەش قاتتىق مەنئى قىلىنغان بولسىمۇ، ھاكىن يەنىلا قىزىل، شورچۇق ۋە تورپانلار بىلەن ئەگىپ ماڭغان. تۇرپاندا 1931 - يىلى 11 - ئايدا بېزەكلىك غارلىرىنى تەكشۈرگەن ھەم بىر قىسىم سۈرەتلەرنى تارتقان[82].

تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىنى بىرىمېن تەبىئەت، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ۋە سودىشۇناسلىق مۇزېيى (1952 - يىلى نامى «چەت ئەل مۇزېيى» غا ئۆزگەرتىلگەن) تەشكىللىگەن. ئۇنىڭغا 1927 - يىلى جۇغراپىيە ئالىمى، پېشقەدەم ئىرقشۇناس تىرىنكلېر ئىقتىسادىي

ياردەم بەرگەن ھەمدە ئۇنىڭغا گېئولوگىيە ئالىمى ۋە ئۆسۈملۈكشۇناس ئالىملاردىن بىردىن كىشى ھەمراھ بولۇپ لاداق ۋە تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. بۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيە شۇ ۋاقىتتىكى بىردىنبىر جۇغراپىيە ۋە تەبىئىي پەنلەر بويىچە ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشمۇ ئەمەس. 1926 ـ يىلى ھەرقايسى پەن ئالىملىرى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىنى كېزىپ چىققان، ئۇلارنىڭ ئىچىدە سۋېن ھېدىنمۇ بار ئىدى. ئۇ جۇڭگونىڭ گېئولوگىيە تارماقلىرىغا ياردەملىشىپ شىنجاڭدا يەر شەكلى ۋە گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بارغان. بىراق، تېرىنكلېر سەنئەت تارىخىغا قىزىقىدىغان بولغاچقا، ئۇ خوتەندە نۇرغۇن مۇھىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى توپلىغان. گەرچە تېرىنكلېر ئېرىشكەن ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار پارچە ـ پۇرات بولسىمۇ، ئۇنىڭ قىممىتى يەنىلا ئىنتايىن يۇقىرىدۇر. G. گېروباھ برېمپېندىكى تېرىنكلېر يىغقان نەرسىلەرنى رەتلەپ مەخسۇس ئەسەرگە ئايلاندۇرغان⑧③.

1949 ـ يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگولۇقلار گەنسۇ ۋە شىنجاڭدىكى قەدىمكى ئاسار ئەتىقىلەر خارابىسىنى رېمونت قىلىشقا باشلىدى، ھەم ئۇلارغا بولغان تەكشۈرۈشلەرنىمۇ باشلىدى. گەرچە مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئورنىنى تولدۇرۇۋالغۇسىز دەرىجىدە ۋەيران قىلىنغان بولسىمۇ، بىراق يىپەك يولىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىي يوللىرىدىكى كۆپ قىسىم بۇددا دىنى مۇقەددەس جايلىرى بۇ ھالاكەتلەردىن قۇتۇلۇپ قالغانىدى. بۇنداق بۇزغۇنچىلىق شىنجاڭدىمۇ بولدى، بىراق بۇ يەرلەر يەنىلا بۇددا دىنى ئەڭ جانلانغان مەركەزلەر ئىدى. لەنجۇ (گەنسۇ)، ئۈرۈمچى (شىنجاڭ) لاردىكى ئۆلكىلىك مۇزېيلاردا يېقىنقى مەزگىللەردىكى ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلار كۆرگەزمىگە

قويۇلدى ھەمدە ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقات مەركەزلىرىنىڭ ئەڭ يېڭى بايقاشلىرى تونۇشتۇرۇلدى. جۇڭگونىڭ يىپەك يولىدا ئۇزۇن مەزگىل ئادەم ئايىغى تەگمىگەن نۇرغۇن جايلار بولغاچقا، بۈگۈنكى كۈندە ئۇ يەرلەردە ساياھەت قىلىشقا بولىدۇ.

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بىز تۆۋەندە بايان قىلغان ئەھۋاللارنى چۈشىنىشكە بولىدۇ: جۇڭگولۇقلارنىڭ يۈرىكىنى ئېزىدىغان بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇرۇنقى شۇ مەزگىللىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تالان ـ تاراج قىلىشلاردىن كېيىن، غەرب ئالىملىرى ئەسلىدىكى ۋە ھازىرقى مەدەنىيەت يادىكارلىقىنىڭ بايقاشلار بىلەن ئاسان ئۇچرىشالمايتتى. ئۇلار جۇڭگونىڭ، ھەتتا ياپونىيىنىڭ مەتبۇئاتلىرىغا تايانمىسا بولمايتتى، بۇ ئۇلارنىڭ جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىنى چۈشىنىشگە پايدىلىق ئىدى. غەربلىكلەر تېخى بىلمىگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن ئۆلكىلىك مۇزېيلاردىلا ساقلىنىپ قالماستىن، يەنە دۇنخۇاڭ، تۇرپان، كۇچا ۋە باشقا شەھەرلەردىكى يەرلىك مۇزېيلاردا ساقلانماقتا.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئارخېئولوگىيىلىك ئېكسپېدىتسىيە تارىخى كىشىلەرنى نەتىجىگە ئېرىشتۈرۈپلا قالماستىن، بۇ جايلاردىن چىققان ۋەسىقىلەرنىڭ تىل ـ يېزىق جەھەتتىكى تەتقىقات جەريانىمۇ ئوخشاشلا كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدۇ. بۇ ۋەسىقىلەردە ئىشلىتىلگەن بىر قىسىم تىللارنى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تېخى ھېچكىم بىلمەيتتى. بۇنداق تىللارغا مەنسۇپلىرىدىن: سوغد تىلى، توخار تىلى، ئۇدۇن — ساك تىلى ھەم تاڭغۇت تىلى قاتارلىقلار بار. گەرچە كىشىلەر قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى ئاساسەن تونىسىمۇ، بىراق ئۇنىڭغا يەنىلا خېلى كۆپ زېھنىنى سەرپ قىلىشقا ۋە ئۇنىڭ گرامماتىكىسىنى تەتقىق قىلىشقا، لۇغەت تۈزۈپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇ خىزمەت يۇقىرىدا تىلغا ئالغان تىللارنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاشلا بۈگۈنگە

قەدەر ئاخىرلاشقىنى يوق. بۇ جەھەتتە يەنە باشقا بىر مۇشكۇللۇكمۇ بار، يەنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ھازىرقى ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ، ھەر قايسى دەۋرلەردە ئىشلىتىلگەن يېزىق ئوخشاش ئەمەس. مەسىلەن، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا سوغد ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئوڭدىن يېزىلىدىغان يېزىقى ئىشلىتىلىپلا قالماستىن، بەلكى مانى دىنىدا ئىشلىتىلگەن سۇرىيە يېزىقىدىن ئۆزگەرگەن بىر خىل ھەرپلىك يېزىقمۇ ئىشلىتىلگەن، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قەدىمكى سۇرىيە ھەرپى، ھىندىستاننىڭ بىراھمى ھەرپى، ھەتتا تۇبۇتچە ھەرپلەرمۇ ئىشلىتىلگەن. شۇڭا، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ھەرپلىرى بىلەن يېزىلغان ۋەسىقىلەردە سۇرىيە تىلى، سانسكرىت تىلى، تۇبۇت تىلى ۋە خەنزۇ تىللىرىنىڭ بارلىقىنى دەلىللەشكە بولىدۇ.

بۇگۈنگە قەدەر بايقالغان ۋەسىقىلەر ئىچىدە ناھايىتى ئاز بىر قىسمى نەشر قىلىنغان ۋە تەرجىمە قىلىنغان بولسىمۇ، بىراق يەنىلا يىپەك يولى مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئاساسلىق ئىزنالىرىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. تۆۋەندە بىز بۇ ئومۇمىي ئەھۋاللارنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز.

# ئۈچىنچى باب
# يىپەك يولىدىكى مىللەتلەر

## 1. گەپ قەدىمكى يۇنان مەدەنىيىتىدىن باشلىنىدۇ

ئىمپېراتور ئالېكساندېر (ئىسكەندەر) مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 330 ـ يىلى كاسپىي دېڭىزىدىن كېسىپ ئۆتكەندە، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمى تارىخنىڭ پارلاق نۇرىدا جۇلالىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئاخمېنىدلار خانلىقىنى مەغلۇپ قىلىپ ئۆز تەسەررۇپىغا ئالغاندىن كېيىن، باكترىيە ۋە ئامۇ دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى رايونلارغا قاراپ بۇرۇلغان. بۇ رايونلار ئەڭ كېيىن بولغاندىمۇ ئېسكۇلوس (ئېسخىل) ياشىغان دەۋرلەردىن باشلاپلا، يۇنانلىقلار بۇ جايلارنى بىلىشكە باشلىغان، ئۇلار پارسلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن بولغان ئۇرۇشلاردا باكترىيىلىكلەر بىلەن ئۇچراشقانىدى. ئېسكۇلوس مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 472 ـ يىلى «پارسلار» دېگەن ئەسىرىدە پېرسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ شەرقىدە ياشايدىغان باكترىيىلىكلەر ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتلارنى بەرگەن. ھېرودوت سكىفلارنى تەپسىلىي تونۇشتۇرغان، ئۇنىڭ كۆرسەتكىنى قارا دېڭىزنىڭ شىمالى ۋە شەرقىدىكى بىر كۆچمەن چارۋىچى مىللەت بولۇپ، بۇلار دائىم ئاخمېنىدلارغا خەۋپ كەلتۈرۈپ تۇرىدىكەن. بۇلارنىڭ بەلكىم ساكلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋىتى بولۇشى مۇمكىن. تۆۋەندە بىز ئەنە شۇ ساكلارغا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى بايان قىلىمىز.

ئالېكساندېرنىڭ ئىرانىڭ شەرقىدىكى سوغدلار بىلەن ئالاقىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئانا ماكانى ئامۇ ۋە سىر دەرياسى ۋادىلىرى ئارىسىدىكى جايلاردۇر.

باكترىيە ۋە سوغديانا ئاخمېنىدلار خانلىقىغا تەۋە بولۇپ، ئالېكساندېرنىڭ ئۇنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن قىلغان ھەربىي يۈرۈشلەر داۋامىدا بۇ ئىككى مىللەت ياشاۋاتقان ئامۇ، سىر دەريالىرىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغىچە ئىلگىرىلەپ بېرىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ھالبۇكى، بىز بۇ يەردە ئالېكساندېرنىڭ ھەربىي يۈرۈشىگە مۇناسىۋەتلىك تەپسىلاتلارغا ئانچە قىزىقمايمىز[84]. بىزنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنىمىز، ئۇ ئېلىپ بارغان ئىستېلا، ئۇرۇش ۋە دىپلوماتىيە ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئىراننىڭ شەرقىدىكى ھەرقايسى قوۋملار — باكترىيىلىكلەر، سوغدلار ۋە بىر قىسىم ساك قەبىلىلىرى — نى بويسۇندۇرۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىدا يۇنان ھۆكۈمرانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت.

ئالېكساندېر ماكېدونىسكىينىڭ سىرتقا قارىتا ئېلىپ بارغان كېڭەيمىچىلىك قىلىش جەريانىدا نۇرغۇنلىغان شەھەرلەر بارلىققا كەلگەن، نۇرغۇنلىغان يۇنانلىقلار بۇيرۇقتا بىنائەن ئىراننىڭ شەرقىدە ئولتۇراقلاشقان. ئىستېلاچىلار تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان شەھەرلەردىن ئارەيىيەدىكى ئىسكەندەرىيە (بۈگۈنكى ھېرات)؛ درانگىيانادىكى ئىسكەندەرىيە پۇلوفساگى رايونى (ھازىرقى ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش قىيىن)؛ ئارا خوسىيدىكى ئىسكەندەرىيە؛ كاپكاز تاغلىرىدىكى ئىسكەندەرىيە (ئۇنىڭ ئورنى ھىندۇقۇش تاغلىرىنىڭ باغرىدا)، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە سىر دەرياسى بويىدىكى ئىسكەندەرىيە ئەسھەت (بۇ سوغدلار بارلىققا كەلگەن جاي) قاتارلىقلار بار.

باكترىيە ۋە سوغديانادا يۇنان كۆچمەنلىرى ئىمپېراتور ئالېكساندېرغا قارشى قوزغالغان، چۈنكى ئالېكساندېر ئۇلارنى

يېڭى ماكاندىن ۋاز كېچىپ ياۋروپاغا قايتىشنى بۇيرىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 323 - يىلى ئالېكساندىر ئۆلگەندىن كېيىن، نەچچە مىڭ يۇنانلىق يۇنانغا قايتىش سەپىرىگە ئاتلانغان. شۇنداقتىمۇ شەرقىي ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا يەنىلا يۇنانلىق كۆچمەنلەر بەرپا قىلغان شەھەرلەر بار بولۇپ، يۇنان مەدەنىيىتى يەرلىك مەدەنىيەتكە تەسىر كۆرسەتكەن.

بولۇپمۇ سېلېۋكىيە خانلىقى دەۋرىدە، يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ مەنىۋى رولى يەنىلا بۇرۇنقىدەك جۇش ئۇرۇپ تۇرغان. بۇنداق ئەھۋال ھىندۇقۇش تاغلىرى بىلەن ئامۇ دەرياسى ئارىسىغا جايلاشقان يۇنان — باكترىيە خانلىقىدا بەكرەك روشەن ئىدى، لېكىن بۇ خانلىقنىڭ تېررىتورىيىسى ھىندى دەرياسى ۋادىسىغىچە ئىدى. بىر چوڭ دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ خانلىق مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 256 - يىلىدىن تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 75 - يىلىغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. ئەمما، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 141 - يىلىدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 129 - يىللار ئارىسىدا ساكلار باكترىيىگە بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، تاكى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە يەنىلا بىر قىسىم يۇنان ھاكىمىيەتلىرى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولۇپ، تېررىتورىيىسى ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىغىچە كېڭەيگەن. ئۇ يەرلەردە، بولۇپمۇ شەھەر تۇرمۇشىغا يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ تامغىسى بېسىلغان، مۇنداق مەدەنىيەت شەكلى بەدىئىي سەنئەت ۋە ئەدەبىياتتا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بۇ نۇقتىنى تەڭگە پول، قېزىلما مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە ئويما پۈتۈكلەر تولۇق ئىسپاتلايدۇ.

ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى يارماقلارنىڭ يۈزىدىكى بۇددا دىنىغا دائىر مەزمۇنلار كىشىلەرگە يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ مەنىۋى تەسىرىنى ھېس قىلدۇرماي قالمايدۇ. يۇنان ھەرپلىرى تەڭگە پول يۈزىگە چۈشۈرۈلگەن نۇسخىلار ۋە ئويما پۈتۈكلەر

ئارقىلىق تارقىلىپ كەلگەن، قەدىمكى خەت شەكىللىرى ياكى تەرەققىي قىلغان يانتۇ خەت شەكىللىرى كېيىنكى ھەرقايسى دۆلەت ھۆكۈمرانلىرى تەرىپىدىن ئىشلىتىلىپ كېلىنگەن، ھەتتا تارىم ئويمانلىقىدىنمۇ بۇنداق يۇنان ئۇسلۇبىنى بايقىدۇق، بۇنىڭغا قولىدا مەمۇرچىلىقنىڭ سىمۋولى بولغان قوي مۈڭگۈزىنى تۇتقان ئايال ئىلاھ دېككىي مىسال بولالايدۇ.



12 ـ رەسىم قولىدا مەمۇرچىلىقنىڭ سىمۋولى بولغان قوي مۈڭگۈزىنى تۇتقان يۇنان ئايال ئىلاھ دېككىي، نىيىدىن قېزىۋېلىنغان

## 2. ئارساكلارنىڭ تەسىرى

بىز دىققىتىمىزنى كېيىنكى خانلىقلارغا ئاغدۇرۇشتىن

بۇرۇن، يۇنان — باكتريە خانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىدا كۆچىيۋاتقان ئارساكلار — ھاكىمىيىتىگە قارىتىشنى لايىق تاپتۇق. ئارساكلار شەرقىي ئىراندىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتتىن كېلىپ چىققان — ئارساكېسنى خانلىقىنىڭ ئاساسچىسى دەپ قارايتتى. ئارساكلار دەۋرى ياكى ئارساكېس دەۋرى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 247 ـ يىلى باشلانغان، مىتردات I نىڭ ئارساك خانلىقىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقتى بۇ دۆلەتنىڭ ئەڭ قۇدرەت تاپقان مەزگىلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 150 ـ يىلى ئەتراپىدا ئارساكلارنىڭ تېررىتورىيىسىنى يېقىن شەرققىچە كېڭەيتكەن ھەم مۇستەھكەملىگەن. ئارساكلار يۇنانلىقلار ۋەيران قىلىۋەتكەن ئىران دۆلىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، رىملىقلارنىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتتىكى قورقۇنچلۇق دۈشمىنىگە ئايلانغان.

ئارساك خانلىقىنىڭ شەرقىي رايونلىرى ئىراننىڭ شەرقىدىكى ئېگىزلىكلەردىن شىمالغا سوزۇلغان بولۇپ، دەسلەپكى مەزگىللەردىكى پايتەختى ھازىرقى تۈركمەنىستاننىڭ ئاشخئابات شەھىرى ئەتراپىدىكى نىسا دېگەن جاي ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخېئولوگلىرى بۇ يەردىن قېزىۋالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى (بۇنىڭ ئىچىدە زور مىقداردىكى يۇنان ئۇسلۇبىدا زىننەتلەنگەن مۈڭگۈزدىن ياسالغان قەدەھلەر بار) دىن كىشىلەر ئارساكلار بىلەن يۇنانلىقلار مەدەنىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ھەم يۇنان مەدەنىيىتى بىلەن ئىرانچە ئۇسلۇبنىڭ بىرلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايدۇ، بولۇپمۇ ئىلاھلار ۋە ئۇلار ئۈچۈن ياسالغان ئابىدىلەردىكى قەھرىمانلارنىڭ رەسىملىرى يۇنانچە ئۇسلۇب بىلەن ئىراننىڭ شەرقىدىكى ئىلاھىي ئوبرازنىڭ ئۆزگىچە ئۇسلۇبىنىڭ بىرلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

كېيىن ئارساكلارنىڭ ئورنىنى مىلادىيە 224 ـ يىلى قۇرۇلغان ساسانىيلار ھاكىمىيىتى ئىگىلىگەن. پەقەت ساسانىيلار

ھۆكۇمرانلىقى دەۋرىگە كەلگەندىلا، ئىلاھلارنىڭ پورترېتلىرىنى يارىتىش ۋە بۇتلارنى ياساش ئاساس قىلىنغان ھالەتكە ئۆتۈشكە باشلىغان. ئۇلارنىڭ بۇ خىلدىكى ئىلاھىي بۇت ئوبرازلىرىنى يارىتىشى ئاساسلىقى ھۆزۈرلىنىش رولىغا ۋە خاتىرىلەش ئەھمىيىتىگە ئىگە بولۇپ، چوقۇنۇش خاراكتېرىدىكى ئىلاھ ئوبرازى ئەمەس، شۇنداقتىمۇ ئادەملەرنىڭ ئوبرازى داۋاملىق يارىتىلغان، بۇنىڭ ئىچىدىكى رەڭلىك ساپال كوزا ئارساكلارنىڭ ئانا ماكانى مەرۋدىن تېپىلغان بولۇپ، مىلادىيە 6 ~ 7 ـ ئەسىرلەردە ياسالغان.



13 ـ رەسىم مەرۋدىن تېپىلغان ساپال كوزا، ئارساكلانىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى سەنئىتىنىڭ مىسالى، مىلادىيە 6 ~ 7 ـ ئەسىرلەرگە مەنسۇپ

ئارساكلار ئۆزلىرى مەخسۇس ئىشلىتىدىغان يېزىقنى ئىجات قىلغان، ئىسادىن سىياھ بىلەن خەت يازىدىغان قوراللارنىڭ پارچىلىرى (ساپال پارچىلىرى) تېپىلغان. دەسلەپكى مەزگىللەردە بۇ يېزىق ئىقتىسادىي ئىشلاردا قوللىنىلغان، بۇ نۇقتىنى ئىسادىن تېپىلغان بىر قاۋاقخانىنىڭ ھېسابات دەپتىرى ئىسپاتلايدۇ. گەرچە ئىسا ۋەسىقىلىرىنىڭ تىلى «تەركىبىدە ئىران سۆزلۈكلىرى كۆپ بولغان ئۆزگىچە ئەرەب تىلى»[85] دەپ قارالسىمۇ، بىراق بۇ تىلدا ئارساك تىلىنىڭ بارغانسېرى كۆپ ئىشلىتىلگەنلىكىنى، ئەرەب تىلىدىكى سۆزلۈكلەرنىڭ چەتكە قېقىلغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

گەرچە ناھايىتى ئاز مىقداردىكى ئارساك ۋەسىقىلىرى ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، بىراق بىز ئارساكلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ساقلىنىپ قالمىغان ئەدەبىياتىنىمۇ ياراتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇرمىز. مىلادىيە 3 ـ ئەسىردە مېسوپوتامىيىدە تۇغۇلغان مانى دىنىنىڭ ئىجادچىسى مانى شاگىرتى مار ئامونى ئارساكنىڭ شەرقىگە ئەۋەتكەن، دەل بىز تۇرپان ۋەسىقىلىرىدىن بىلگىنىمىزگە ئوخشاش، ئۇ ئارساكلارنىڭ يېزىقى ۋە تىلىنى پىششىق بىلگەن[86]. ئانسگاھ — بۇ بۇخارادا تۇغۇلغان ئارساكېسلىق مىلادىيە 2 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جۇڭگو پايتەختى لوياڭدا تەرجىمانلىق قىلغان، بۇ مىلادىيە 2 ـ ئەسىرلەردە ئارساكلىق ئالىملارنىڭ جۇڭگوغا بېرىپ، بۇددا دىنى تارقىتىش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. شۇڭا، ئارساك تىلى ئىقتىساد، مەمۇرىي ئىشلار ۋە ئارساك ئەدەبىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلغاندىن سىرت، يەنە مەلۇم دەرىجىدە دىنىي ئەدەبىيات ئۈچۈنمۇ خىزمەت قىلغان، بۇنىڭدىن بۇ خىل تىلدا ئاتەشپەرەستلىك دىنىغا ئائىت ئەسەرلەردىن سىرت، يەنە بۇددا دىنى، مانى دىنىغا ئائىت ئەسەرلەرنىڭمۇ يېزىلغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

لېكىن، ساقلىنىپ قالغانلىرى پەقەت مانى دىنى ۋەسىقىلىرىلا بولۇپ، بۇلار تۇرپاندىن تېپىلغان كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان مەدھىيە شېئىرلىرىدۇر. بۇ بايقاشلار ئارساك تىلىنىڭ يىپەك يولىدىكى مۇھىملىقىنى، ھېچ بولمىغاندا دىنىي جەمئىيەت ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. لاتىن تىلى غەرب ئەللىرىدىكى خرىستىئان دىنىدا چېركاۋ تىلى بولغانغا ئوخشاش، ئارساك تىلىمۇ ئىبادەتخانا تىلىغا ئايلانغان. بىز شۇنداق قارايمىزكى، پەقەت مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاز بىر قىسىم ئارساكلار ئۆزلىرىنىڭ ئانا يۇرتلىرىدىن ئايرىلىپ، ئامۇ دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى جايلارغا كۆچۈپ بارغان.

## 3. ساكلارنىڭ تەسىرى

ساكلار ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان يەنە بىر مىللەت بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىنىڭ تارىخىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغانىدى. جۇڭگولۇقلار ئۇلارنى «ساكلار» (塞种人)، ھىندىستانلىقلار بولسا «ساكا» دەپ ئاتىغان. ھېرودوت تىلغا ئالغان سكىفلار ساكلارنىڭ ئۆزى شۇمۇ ياكى ئەمەسمۇ، بۇ تا ھازىرغىچە ئېنىقلانمىدى، لېكىن نۇرغۇن كىشىلەر بۇ قاراشنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش پوزىتسىيىسىدە بولماقتا[87]. ساكلار ئەڭ دەسلەپ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە تەخمىنەن تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى جايلاردا ياشىغان بولۇپ، يەنە بىر قىسىم ساكلار بولسا ئالتاي رايونىغا كۆچۈپ بارغان. ئالېكساندىر ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى بۇ جەڭگىۋار كۆچمەن چارۋىچى ساكلار بىلەن توقۇنۇشقان. ساكلار يۇنان — باكترىيە خانلىقى ۋە ئارساكلارغا نۇرغۇن ئاۋارىچىلىكلارنى كەلتۈرگەن بولۇشى مۇمكىن. ساكلار

غەربكە كۆچۈش جەريانىدا، ئۇلار تەرىپىدىن «ساكىستان» دەپ ئاتالغان جايلارغا، يەنى بۈگۈنكى ئافغانىستاننىڭ غەربىدىكى سىستان رايونىغا قەدەر بارغان.

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1 ــ ئەسىرلەردە ئۇلار ھىندىستانغا بېسىپ كىرگەن، ئۇ يەردە ئۇلار بىر مەزگىل موتۇرو ئەتراپىدىكى گانگ دەرياسى ئويمانلىقىدا ئولتۇراقلاشقان. ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خانى ئۇ يەردە مىلادىيە 62 ــ يىلىغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان⑧⑧. كېيىن ساكلارنىڭ ھىندىستاندا بەرپا قىلغان ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلىتى سۇڭگا خانلىقى ياكى غەربتىنكى لاندرات ھاكىمىيىتى بولۇپ، سىند، گۇجارات ۋە ماھاراشترا رايونلىرىغا جايلاشقان، تەخمىنەن مىلادىيە 130 ــ يىلى قۇرۇلۇپ، مىلادىيە 382 ــ يىلىدىن كېيىن، گۇپتا خانلىقى تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغان.

ئەڭ ئاخىردا ساكلار مىلادىيە 1 ــ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە تارىم ئويمانلىقىدىكى خوتەن بوستانلىقىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان. مىلادىيە 5 ــ ئەسىرلەردە تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىدىكى پىشامشانغىچە كېڭەيگەن، مىلادىيە 542 ــ يىلىغا كەلگەندە، بۇ دۆلەتنىڭ ئاھالىسى قىرىلىپ كەتكەن ياكى باشقا جايلارغا كۆچۈپ كەتكەن. خوتەن تەرەققىي قىلىپ مۇقىم ئولتۇراقلاشقان ساكلارنىڭ يىپەك يولىدىكى بىر مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلانغان. مىلادىيىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بىرنەچچە ئەسىرلىرىدىن باشلاپ، ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى قەندەھار رايونىدا قوللىنىلغان تىل بۇ جايدىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاساسلىق تىلى بولۇپ قالغان. مىلادىيە 330 ــ يىلىدىن كېيىن، ساك تىلى (يەنە بىر ئاتىلىشى خوتەن ــ ساك تىلى ياكى خوتەن تىلى) يېزىق تىلى بولۇپ قالغان. بۇنىڭدا ئىشلىتىلگەن ھەرپ بولسا ھىندىستاننىڭ بىراھمى ھەرپىدۇر.

كىشىلەر بىر خىل قەدىمكى خوتەن تىلى بىلەن بىر خىل

يېڭى خوتەن تىلىنى ئايرىپ چىققان بولۇپ، كېيىنكىسى مىلادىيە 7 ~ 10 ـ ئەسىرلەردىكى ئېغىز تىلى ۋە يېزىق تىلى ئىدى. بىراق، كېيىنكى ۋاقىتلارغا بارغاندا، بۇ تىل شەرقىي تۈرك تىلى تەرىپىدىن سىقىپ چىقىرىۋېتىلگەن. خوتەن ساكلىرى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا ئەگىشىپ، ھىندى بۇددا مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغان. بىراق، بۇ خىل مەدەنىيەتكە ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ تامغىسى بېسىلغان. خوتەن ئېچىۋېتىلگەن چېگرا رايون بولۇپ، ھىندىستان، جۇڭگو ۋە تىبەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. شۇ سەۋەبتىن بۇ يەردىن تېپىلغان مىلادىيە 7 ~ 9 ـ ئەسىرلەرگە مەنسۇپ ۋەسىقىلەر سانسكرىت تىلى ۋە خوتەن ساك تىلى بىلەن يېزىلغان بولۇپلا قالماي، يەنە خەنزۇچە ۋە تۇبۇتچە يېزىقلارمۇ ئىشلىتىلگەن. مىلادىيە 982 ـ يىلى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغىنىغا ئەمدىلا ئون نەچچە يىل بولغان قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ پادىشاھى بۇغراخان ھارۇن I خوتەن بوستانلىقىنى بويسۇندۇردۇ. شۇنىڭدىن كېيىن خوتەن ساكلىرى مىلادىيە 10 ـ ئەسىرلەردە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلايدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، خوتەن ساكلىرىنىڭ پارلاق بۇددا مەدەنىيەت دەۋرى ئاخىرلىشىدۇ.

بىر مەھەل ساك ئاقسۆڭەكلىرى يىپەك يولىدىكى مارالبېشى، تۇمشۇق قاتارلىق بوستانلىقلاردا قىسقا مۇددەت مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن سىرت، ئاساسەن دېگۈدەك بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن ⑧⑨.

## 4 . ئىندۇسكىفلار

بىز ئالدى بىلەن ئامۇ دەرياسى ۋە ھىندۇقۇش تاغلىرى ئارىسىدا ياشىغان باكترىيىلىكلەر توغرىسىدا توختىلىمىز. بىراق، بۇلارمۇ ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالى ۋە ھىندۇقۇش

تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىن تاكى ھىندى دەرياسى تۈزلەڭلىكىگىچە بولغان جايلاردا ياشىغان. يىپەك يولىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ ھەممىسىلا دېگۈدەك ئىرقىي ئۆزگىرىش تارىخىنى باشتىن كەچۈرگەن. چۈنكى، ئۇلار يات مىللەتلەرنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان ياكى باشقا مىللەتلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەن. بۇ نۇقتىدا ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى باكترىيىلىكلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ياشىغان رايونلىرىنى تەخمىنەن بۈگۈنكى ئافغانىستان دەپ قاراشقا بولىدۇ. جۇغراپىيە ئىلمىدىن قارىغاندا، بۇ رايوننى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى تاغ تىزمىلىرىنىڭ تۇتاشقان يېرى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. شەرقتىن ۋە غەربتىن كەلگەن بىر قىسىم مىللەتلەر، بولۇپمۇ كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدىن كەلگەن ھەرقايسى مىللەتلەر بۇ رايوندا ئۆزىنى پاناھلاندۇرغان. ئۇلار ياكى خوجايىن سۈپىتىدە بۇ جايدا ماكانلاشقان، ياكى كۆچمەن سۈپىتىدە بۇ جەمئىيەتكە سىڭىپ كىرگەن.

بىز ئالېكساندىر دەۋرىدىن بۇيانقى يۇنانلىقلارنىڭ ئېقىپ كېلىش ئەھۋالى توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزدۇق. ئۇنداقتا ئارساكلار، ساكلار ۋە ھىندىلارنىڭ باكترىيىلىكلەرگە بولغان تەسىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. ئىندوسكىفلار كۆچمەن چارۋىچى قەبىلە بولۇپ، جۇڭگونىڭ غەربىي چېگرىسى (بۈگۈنكى گەنسۇ) دىن كۆچۈپ كەلگەن، باكترىيىدىكى يۇنان - باكترىيە خانلىقىنىڭ يوقىلىشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان. ئۇلار مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2 - ئەسىرلەردە ئۆزىگە ئوخشاش كۆچمەن چارۋىچى قەبىلە ھۇنلار تەرىپىدىن ئەجدادلىرىدىن مىراس قالغان ئانا ماكانىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان. ئاز بىر قىسمى جەنۇب تەرەپكە، يەنى تىبەت ئېگىزلىكىنىڭ شىمالىغا كېتىپ قالغان. بىراق، كۆپ قىسمى داۋاملىق غەربكە كۆچۈپ ئۇسۇنلار ياشاۋاتقان ئىسسىقكۆل

ساھىلىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئامۇ دەرياسى بويلىرىغا بېرىپ باكترىيىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. قەبىلە ئىچىدىكى بەش يابغۇنىڭ بىرى ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، كۇشان خانلىقىنى قۇرغان. كۇشانلار تەخمىنەن مىلادىيە 2 - ئەسىرگە كەلگەندە كۇجۇلا كادفىزنىڭ رەھبەرلىكىدە قۇدرەتلىك بىر دۆلەتنى قۇرۇپ چىققان. بۇ ئىمپېرىيە تازا قودرەت تاپقان مەزگىللەردە تېررىتورىيىسى غەربىي شىمالدا كاسپىي دېڭىزىغىچە، غەربىي جەنۇبتا خېلماند دەرياسى بويلىرىغىچە، شەرقتە گانگ دەرياسى ئويمانلىقى رايونلىرىغىچە كېڭەيگەن.

ئىندۇسكىفلار غەربكە كۆچكەن يۈز نەچچە يىل مابەينىدە، ئەسلىدىكى مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالدىمۇ، يوق دېگەن بۇ مەسىلە ھازىرغىچە ئېنىق بولماي كېلىۋاتقان مەسىلىدۇر. جۇڭگولۇقلار ئۇلارنى يەنىلا شۇ مىللەت دەپ قارايدۇ، چۈنكى ئىندۇسكىفلار باكترىيىگە كۆچۈپ ئۇزاق ئۆتمەي، جۇڭگولۇقلار ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ غەربتە ئۆزلىرىگە تەھتىد سېلىپ ئاۋارىچىلىك كەلتۈرۈۋاتقان ھۇنلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقان. جۇڭگو پادىشاھى ليۇچېي (خەن ۋۇدى، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 141 ~ 87 - يىللار) ئەۋەتكەن ئەلچى جاڭ چيەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 139 - يىلى جۇڭگودىن چىقىپ، ئىندۇسكىفلار بىلەن ئالاقىلىشىشقا ماڭىدۇ. ئۇنىڭ خېيىمخەتەرلىك سەپىرى ئالدىن كۆزلىگەن نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، بىراق جۇڭگولۇقلارنىڭ ئاشۇ يىراق غەربتىكى باكترىيە رايونىغا بولغان قىزىقىشىنى قوزغايدۇ. جۇڭگونىڭ ھەربىي تەسىرى فەرغانە ۋادىسىغا يېتىپ بېرىپ، غەربىي يۇرت بىلەن سودا ئالاقىسى ئورنىتىلغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا قۇملۇقلىرى ۋە يايلاقلىرىدىن ھالقىپ ئېلىپ بېرىلغان بۇ خىل مۇناسىۋەت مۇقىملىقىقا ئېرىشىدۇ. بۇ ئالدى بىلەن ليۇچېي (خەن ۋۇدى) دەۋرىدىن باشلانغان.

ئىندوسكىفلارنىڭ قانداق ئەھۋالدا باكترىيىدە ماكانلاشقانلىقى ھەم ئۇلارنىڭ قايسى دەرىجىدە باشقا مىللەتلەر بىلەن ئارىلاشقانلىقى ياكى ئىتتىپاق تۈزگەنلىكى بىزگە نامەلۇم[90] ، ھەتتا ئۇلارنىڭ دەسلەپكى تىلىنىمۇ ھېچكىم بىلمەيدۇ. بەزى ئالىملار ئۇلارنى ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى توخارلارغا يېقىن دەپ قارىماقتا. توخارلار توغرىسىدىكى ئەھۋال بىزگە مەلۇم. ئۇلار غەربكە كۆچۈش داۋامىدا خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىدىن باكترىيىگە كەلگەن، شۇڭا كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھەتتا باكترىيە توخارىستان دەپ ئاتىلىپمۇ قالغان. يۇنان تارىخىنى يازغان ئارتېمىسىيا باكترىيىنى تۆت قەبىلە، يەنى ئاخىئوي، ئارساك، توخار ۋە ساكلار بويسۇندۇرغان دەپ قارايدۇ[91] .

توخارلار ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردە، ئوخشاش بولمىغان جايلاردا پەيدا بولغان. بىز ئۇلارنى كۇچا ۋە قارا شەھەر بوستانلىقلىرىدىمۇ ئۇچرىتالايمىز. بەزى كىشىلەر ئىندوسكىفلار بىلەن توخارلارنى باغلاپ قاراش كېرەك دەپ قارىماقتا. ئەگەر شۇنداق بولغاندىمۇ ئىندوسكىفلار باكترىيىگە كېلىپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى تىلىنى تاشلاپ، باكترىيە تىلىنى قوبۇل قىلغان، يېزىقتا بولسا يۇنان يېزىقىنى ئىشلەتكەن بولىدۇ. ئۇلار باكترىيىدە ھۆكۈمران سىنىپ سۈپىتىدە ماكانلاشقان بولۇپ، مەدەنىيەت جەھەتتە يۇنان - باكترىيە خانلىقىنىڭ مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئاتەشپەرەستلىك دىنىي شەكىللىرىنى قوبۇل قىلغان. كۇشان خانلىقى مۇستەھكەملەنگەندىن كېيىن، ئاستا - ئاستا ھىندىستاننىڭ مەدەنىيىتى ۋە دىنى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان.

ئۇلارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى بىر نەچچە ئەۋلاد پادىشاھلىرى قۇيدۇرغان تەڭگە پۇلدا ھىندىستاننىڭ سىمۋوللۇق بەلگىلىرى ۋە ھىندى ئىلاھلىرى بار بولۇپ، ئۇلۇغ كانىشكا I

دەۋرىدىن باشلاپ بۇددا دىنىغا ئالاھىدە ئېھتىرام بىلەن قارىغان. كۇشان خانى قۇيىدۇرغان تەڭگە يۈزىدىكى خاتىرىلەرگە ئوخشاش، كۇشان خانلىقى دەۋرىدە باكترىيە تەرەققىي قىلىپ مىللەت ۋە مەدەنىيەتنىڭ چوڭ قازنىقىغا ئايلانغان⑨②. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي ئاسىياغا ئىران ۋە ھىندىستان مەدەنىيىتىنى، بولۇپمۇ بۇددا دىنىنى تارقىتىش جەھەتتە بۇ دۆلەت ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان.

ئىران ساسانىيلار ھاكىمىيىتى كۈچەيگەندىن كېيىن، كۇشان خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمى، بولۇپمۇ ئەڭ مەركىزىي قىسمى پارسلارنىڭ كۈچلۈك تەھدىتىگە دۇچ كېلىدۇ. ئۇ ئىدارە قىلىۋاتقان رايونلار، مەسىلەن، بامىيان قاتارلىقلار يەرلىك ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇپ، يەنە بىر قىسىم جايلار باكترىيە بىلەن ئادەتتىكى قارامىلىق مۇناسىۋەتتە ئىدى، شۇنداقتىمۇ كۇشان خانلىقى ئاخىرى مىلادىيە 4 ــ ئەسىرگىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان.

## 5. ئېفتالىتلار

ئېفتالىتلارنىڭ تارىخىنى باكترىيە ۋە ئۇلار بىلەن قوشنا رايونلارنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىش كېرەك. غەرب ئەللىرىدە ۋە جۇڭگوچە ھۆججەتلەردىن باشقا ھۆججەتلەردە ئېفتالىتلارنى «ئاق ھۇن» دەپ ئاتىغان، ئۇلار مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 5 ــ ئەسىرلەردە ئىسسىقكۆل ۋە ئىلى دەرياسى، تالاس دەرياسى ئارلىقىدىكى بىپايان زېمىندا ياشىغان. بىراق، كېيىن باكترىيە ۋە ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى رايونلارغا كۆچۈپ كەتكەن. مىلادىيە 484 ــ يىلى ئۇلار ساسانىيلار قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلغان. ئۇلارنىڭ باكترىيىدە قۇرغان سىياسىي مەركىزى بەدەخشاندىكى قۇندۇزدا بولۇپ،

كابۇلنىڭ شىمالىغا جايلاشقان.

قېزىۋېلىنغان تەڭگە پۇللارغا ئاساسلىنىپ تەھلىل قىلغاندا، ئېفتالىتلار تۈت تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بۇ رايونلارغا كەلگەن. ئۇلارنىڭ قايسى تىلدا سۆزلىشىدىغانلىقى بىزگە نامەلۇم، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىدە ئىشلەتكەن تىلى ئىراننىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى يەرلىك تىل، ئىشلەتكەن يېزىقى بولسا كۇشان ـ باكترىيە يېزىقى. بۇ يۇنان ھەرپىدىن ئۆزگەرتىلگەن بىر خىل يېزىق، بۇ نۇقتىلارنىمۇ ئوخشاشلا تەڭگىلەرنىڭ يۈزىگە ئويۇلغان خەتلەردىن بىلگىلى بولىدۇ. تۇرپاندىن تېپىلغان ئېفتالىتلارغا ئائىت ھۆججەتلەردىكى يېزىق ۋە تىللار يۇقىرىدا بايان قىلىنغان يېزىقلار ۋە تىللار بىلەن بىردەكلىككە ئىگە. بۇ ھۆججەتلەر قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى (850 ~ 1250 ـ يىللار) دە پۈتۈلگەن بولۇپ، بۇ يىپەك يولىدىكى ئېفتالىتلار مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئېفتالىتلار ئۆز نۆۋىتىدە سوغدلارغا قىسقا مۇددەت ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ئېفتالىتلار دۆلىتى مىلادىيە 562 ـ يىلى ساسانىيلار ۋە تۈركلەر تەرىپىدىن يوقىتىلغان، ئۇلارنىڭ ھىندىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقى مىلادىيە 400 ـ يىلىدىن 527 ـ يىلىغىچە داۋام قىلغان. بىز ھىندىستانغا بېرىپ بۇددانى تاۋاپ قىلىپ كەلگەن جۇڭگولۇق سۇڭ يۈننىڭ مەلۇماتىدىن ئېفتالىت ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا ئائىت تەسىرلىك مەلۇماتلارغا ئىگە بولىمىز. سۇڭ يۈن تەخمىنەن مىلادىيە 518ـ يىلى ئۇلارنىڭ زېمىنىدىن ئۆتكەنىدى[93].

## 6. سوغدلار

خارەزملىكلەر ئامۇ دەرياسىنىڭ يوقىرى ئېقىنىدىكى خارەزم (يىپەك يولىدىكى مۇھىم رايونلارنىڭ بىرى) دە ئۆزىگە خاس

مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرغان. ئۇلاردىن سىرت، ئاۋۋال ئىراننىڭ شەرقىي قىسمىدىكى سوغدلار يىپەك يولىدىكى مەدەنىي تۈرمۇشقا مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقان، بۇرۇنلا مۇقىم ئولتۇراقلاشقان سوغدلار ئۆزلىرىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان «سوغديانا» رايونىدا ياشىغان. ئالېكساندىر شەرققە قوشۇن تارتىپ كەلگەندە بۇ رايونلارغىمۇ كەلگەن. ئۇنىڭ ھۇجۇمى بۇ رايوندىكى ئاھالىنىڭ بىر قىسمىنىڭ شىنجاڭدىكى بوستانلىقلارغا كۆچۈپ بېرىشىغا سەۋەب بولغان.

تارىختىكى ئېنىقلاش ئاساسى بولغان دەۋرلەرگە قارىغاندا، سوغدلار ھېچقاچان مۇكەممەل بىر دۆلەت ھاكىمىيىتى قۇرۇپ چىقالمىغان. پەقەت ئۇلارنىڭ دەسلەپكى ماكانلىرىدا بىر قاتار بەگلىكلەر مەۋجۇت بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارغا بەلگىلىك تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن. بۇنداق سىياسىي ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن ئافراسىياب (قەدىمكى سەمەرقەندنىڭ شىمالىدا)، پەنجىكەنت (بەش شەھەر) ھەمدە ۋاراخشا قاتارلىقلار بار. ۋاراخشادىن تام رەسىملىرى بىلەن بېزەلگەن ئوردا، شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئۆيلىرى ۋە بۇتخانا قاتارلىقلار بايقالغان بولۇپ، ۋاقتى مىلادىيە 6 ~ 8 - ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ.

شۇنداق بولسىمۇ، بۇ شەھەرلەر خېلى بۇرۇنلا ئۇزۇن مەزگىل مۇھىم سودا مەركىزى بولغان، ئۇلار ئىران، ھىندىستان، ھەتتا جۇڭگو بىلەنمۇ مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كەلگەنىدى. مەسىلەن، بىز مىلادىيە 4 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە ئائىت سوغدچە خەت - چەكلەرگە ئىگە بولدۇق. بۇ خەت - چەكلەر جۇڭگو سودىگەرلىرى بىلەن سەمەرقەندلىك مال زاكاز قىلغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى سودا مۇناسىۋىتىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ(94). مىلادىيە 2 - ئەسىرلەردە؛ سوغد ئالىملىرىنىڭ بۇددا نوملىرىنى خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىشقا قاتناشقانلىقىدىن ئۇلارنىڭ خېلى بۇرۇنلا جۇڭگوغا كەلگەنلىكىنى

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ خەت ـ چەكلەردە يەنە ئۇلارنىڭ ئاتەشپەرەستلىك دىنىغا بولغان ساداقىتى خېلى روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، سوغدلارنىڭ شىنجاڭ ۋە گەنسۇدىكى باشقا ئىش ئىزلىرىدىن مۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىز: ئۇلار مىلادىيە 2 ~ 3 ـ ئەسىرلەردىن باشلاپ دۇنياۋى چوڭ دىنلاردىن بۇددا دىنى، مانى دىنى ۋە ئەڭ ئاخىرىدا يەنە نېستورى دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلغان. سوغدلارنىڭ يۇرتلىرىدا بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەھۋالى قانداق، بۇنىڭغا بىرنېمە دېيىش قىيىن. چۈنكى، مىلادىيە 6 ـ ئەسىرلەردە ئاتەشپەرەستلىك دىنى يەنە سوغديانا رايونىدا قايتا گۈللىنىشكە باشلىغان، ھەم ئۇردا ۋە بۇتخانىنىڭ تام رەسىملىرىدە ھىندى دىنى ئامىللىرىمۇ بايقالغان، بىراق مانى دىنى ۋە نېستورى دىنىنىڭ ئىزلىرىنى كۆرگىلى بولمايدۇ.

شۇنداق بولسىمۇ، ئاتەشپەرەستلىك دىنىنىڭ قايتا گۈللىنىشى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان دۇنياۋى دىن مۇرىتلىرىنىڭ شىنجاڭغا كۆچۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. سوغدلار باشقا مىللەتلەر ئارىسىدا تارقاق ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن سودا بىلەن شۇغۇللىنىپ، موڭغۇلىيىدىن تارتىپ جۇڭگونىڭ بىر پۈتۈن سودا رايونلىرىدا سودا قىلغان. دەل مۇشۇ سوغدلار ھىندىستان مەدەنىيىتى ۋە ئىران مەدەنىيىتىدىكى ھەل قىلغۇچى ۋاستىچىگە ئايلانغان. ئۇلار كەڭ يايلاقتىكى تۈركلەر ئارىسىدا، ھەتتا سىياسىي جەھەتتىمۇ زور تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان ئورۇندا ئىدى. مەسىلەن، مانىياق ئىسىملىك بىر سوغد مىلادىيە 6 ـ ئەسىردە تۈركلەرنىڭ بىر دىپلوماتىيە ئەلچىلەر ئۆمىكىنى باشلاپ ۋىزانتىيىگە بارغانىدى. سوغدلار يايلاقلاردىكى تۈركلەر ئارىسىدا ياشىغان بولۇپ، بۇنى ئورخۇن دەرياسى بويلىرىدىكى تۈركلەرگە ئائىت خارابىلەردىكى مەڭگۈ تاشلاردىن بىلەلەيمىز، ھەتتا سوغد مانى مۇرىتلىرىنىڭ ھەيكىلى يەنسەي دەرياسى بويلىرىدىكى

قىياتاشلارغا ئويۇپ قويۇلغان[96]. بىز سوغدچە ئابىدىلەرنى موڭغۇلىيىدىلا ئۇچرىتىپ قالماي، بەلكى چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردىمۇ، ھەتتا ھىندى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى گىلگىت، لاداق قاتارلىق جايلاردىمۇ بايقىدۇق. لاداقنىڭ دانكىس ئەتراپىدا، بىر نېستۇرى دىنى كرېست بەلگىسى يېنىدا مىلادىيە 841 ـ يىلى يېزىلغان بىر ئابزاس سوغدچە خاتىرە بولۇپ، ئۇنىڭدا سەمەرقەندلىك سودىگەرلەرنىڭ بۇ جايدىن ئۆتكەنلىكى ھەققىدىكى تارىخىي پاكىت بايان قىلىنغان[97]. پەنجىكەنتتىن تېپىلغان تامغا يېزىلغان ئابىدىلەر ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا سوغد يېزىقى، ئېفتالىت يېزىقىدىكى كۇشان ـ باكترىيە تىلىدا، ھەم ئوتتۇرا ئەسىر پارس تىلىدا پۈتۈلگەن بولۇپ، بۇ ئابىدىلەر سوغدلارنىڭ يىپەك يولىدىكى ھەر قايسى ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

نارشاھىنىڭ «بۇخارا تارىخى» دېگەن ئەسىرىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سوغدلار كۆپ قېتىم ئاتەشپەرەستلىك دىنىغا «قايتا ئېتىقاد قىلغان» دىن كېيىن، قىزىقتۇرۇش ۋە تەھدىت سېلىش ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئىسلام دىنى سوغدلار يۇرتىدا تارقىلىشقا باشلىغان. جۈمە نامىزىغا بارغۇچىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇ ئىككى دەرھەم پۇلنىڭ تەقەززاسى بولۇپ، ئەگەر كىم قارشىلىق قىلسا جازاغا ئۇچرايتتى. نارشاھى مۇنداق دەيدۇ: «ئوتقا چوقۇنغۇچىلارنىڭ دىنىي ئەھكاملىرىنىڭ ھەممىسى گۇناھلىق قىلمىشلارنى بىلدۈرىدۇ»[98]. شۇنىڭ بىلەن ھەممىسى زورلۇق كۈچى بىلەن يوقىتىلغان.

سوغدلار خانى ئەرەبلەرنىڭ زور قوشۇنىغا بەيئەت قىلغان، تىۋاتىس ئىسىملىك ئەڭ ئاخىرقى بىر بەگنىڭ باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم سوغدلار ئىسلام لەشكەرلىرىنىڭ ھۇجۇمىدا زەرەفشان ئەتراپىدىكى مۇغ قەلئەسىگە قېچىپ كەلگەن. ئۇ بۇ يەردە ئەسىرگە چۈشۈپ، مىلادىيە 722 ـ يىلى ئۆلۈمگە ھۆكۈم

قىلىنغان. بۇ قەلئەدىن تېپىلغان سوغدچە ھۆججەتلەردە ئەڭ ئاخىرقى ئاشۇ يىللار توغرۇلۇق مەلۇمات بېرىلگەن. شىنجاڭدىكى سوغدلار ئىرقىي جەھەتتىن تۈركلەشكەندىن كېيىن، تەخمىنەن مىلادىيە 11 ـ ئەسىرلەردە ئۆزلىرىنىڭ تىلىنى تاشلاپ تۈركچە تىلنى قوللانغان. سوغد مەدەنىيىتى ھازىر پامىر تاغ تىزمىلىرىنىڭ دەريا جىلغىسىدىكى رايونلاردىلا ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇ جايلاردىكى كىشىلەر ھازىرمۇ سوغد تىلىدىن ئۆزگەرگەن جاغرۇپ تىلىدا سۆزلىشىدۇ.

## 7. توخارلار

توخارلار ھىندى ـ ياۋروپا تىللىرىنىڭ بىر خىل دىئالېكتىدا سۆزلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەسلى نۇرغۇن قەبىلىلىرى بولۇپ، مىلادىيىدىن ئاۋۋاللا جۇڭگونىڭ غەربىدىن (ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ نەچچە تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ كۆچكەنلىكى چوقۇم) غەربكە كۆچۈپ كەلگەن. گەرچە توخارلار بىلەن ئىندۇسكىتلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بىزگە پۈتۈنلەي نامەلۇم بولسىمۇ، بىراق يۇنانلىق تارىخشۇناسلارنىڭ كۆز قاراشلىرىغا ئاساسلانغاندا، توخارلار مىلادىيىدىن ئاۋۋاللا ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبلىرىدا ماكانلىشىپ بولغان. بۇ رايونلار كېيىن «توخارىستان» دەپ ئاتالغان.

شۇنداق بولسىمۇ، توخارلارنىڭ ھەممىسىلا باكترىيىگە بارمىغان. مىلادىيىنىڭ باشلىرىكى بىر نەچچە ئەسىرلەردە شىنجاڭ پۈتۈنلەي تۈركلىشىپ بولغان چاغلاردىمۇ، كۇچا ۋە قاراشەھەر بوستانلىقلىرىدا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ تىللىرىنى بىز «توخارتىلى — A» ۋە «توخار تىلى — B» دەپ ئاتاپ كېلىۋاتىمىز. گەرچە ئىلىم ساھەسىدە بۇ ئىككى خىل تىلنى توخار تىلى دەپ ئاتاشقا بولامدۇ، يوق دېگەن مۇلاھىزىلەر بولغان

بولسمۇ، بىراق ئۇيغۇرچە مەشھۇر ئەسەر «مايترى سىمىت» نىڭ ھەر قايسى بابلىرىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىزاھاتلار «توخار تىلى» دىن تەرجىمە قىلىنغان[99]. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىشىلەر تۇرپاندىن ئەمەلىيەتتە ھەقىقەتەنمۇ «توخار تىلى — A» دا يېزىلغان نوم پۈتۈكلىرىنىڭ پارچىلىرىنى تاپقان، بولۇپمۇ كۇچا توخارلىرىغا ئائىت تام رەسىملىرىدە ئۇلارنىڭ تاشقى قىياپەتلىرى تەسۋىرلەنگەن رەسىملەر ساقلىنىپ قالغان. كۇچا ئەتراپىدىكى قىزىل مىڭئۆيلىرىدىكى توخارلارنىڭ بەزىلىرى قاراۋۇللار، بەزىلىرى ئاغىچىلارنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ، قامەتلىك، تېرىسى ئاق ئىدى. بىر قىسىملىرىنىڭ كۆزلىرى كۆك، چېچى قىزىل، بۇلارنى بىز تۇرپاندا بايقىغان شەرقىي ئاسىيا ئالاھىدىلىكىدىكى بەدىئىي پورترېتلارغا سېلىشتۇرغاندا ياۋروپالىقلارنىڭ ئالاھىدىلىكى بەكرەك روشەن. كۇچا مىڭئۆيلىرىنى بايقىغۇچىلارنىڭ بىرى بولغان لېكوك مۇنداق دەيدۇ: «مەن تۇنجى قېتىم كۇچا بوستانلىقلىرىدا كۆمۈلۈپ قالغان مىڭئۆيلەرنىڭ ئىچىگە كىرگەن چېغىمدا، ئاشۇ توخار ئاق سۆڭەكلىرىدىن بولغان تىۋىنغۇچىلارنىڭ رەسىملىرى مەندە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىر قالدۇردى. چۈنكى، بۇ تۇرپان بوستانلىقلىرىدىكى تاش ئۆڭكۈر ئىبادەتخانىلىرىدا ئۆز ئوبرازلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن ئاشۇ چەۋەندازلار ۋە ئاقسۆڭەكلەر، ھەم ئۇلارنىڭ چىرايى ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي ئۇلارنىڭ ئاسىيا مەدەنىيىتىنى ۋە ئاسىيانى مەنبە قىلغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بىراق، بۇ جايدا بىزنىڭ كۆرىدىغىنىمىز كىشىنى تولىمۇ تەسىرلەندۈرىدىغان ياۋروپا رېتسارلار دەۋرىنى ئەسكە سالىدىغان رەسىملەردۇر[100].

تارىم ئويمانلىقىدىكى توخارلار ئېھتىمال مىلادىيىدىن كېيىنكى ئەڭ دەسلەپكى بىر نەچچە ئەسىردە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ بولغان. ۋاھالەنكى، ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىدىن ھىندىستان بۇددا دىنىنىڭ ئۇسلۇب ۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرۈۋېلىپلا

قالماي، ئىران ساسانىيلارنىڭ، ھەتتا يۇناننىڭ بىر قىسىم ئۇسلۇب ـ ئالاھىدىلىكلىرىنىمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.
كۇچا توخارلىرىنىڭ يۈكسەك مەدەنىيىتىنىمۇ جۇڭگوغا تارقالغان بولۇپ، دۇنخۇاڭنىڭ شىمالىي ۋېي دەۋرى (386 ~ 534 ـ يىللار) دىكى ئۈڭكۈرلىرىنىڭ تام سۈرەتلىرىدە ئىپادىلەنگەن ئۇسلۇب ۋە ئالاھىدىلىك كۇچانىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى سەنئىتىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، بولۇپمۇ كۇچانىڭ كۈيى (كۇچا مىڭئۆيىنىڭ تام سۈرەتلىرىدىكى كۆپلىگەن سازەندىلەر بۇ خىل كۈيگە سىمۋول قىلىنغان) مۇ جۇڭگو ئوردىلىرىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، كۆپلىگەن ئىبادەتخانا بىنا قىلىنغان كۇچا بىلەن قارا شەھەردىكى توخارلار رايونى، مۇقەررەر ھالدا بۇددا دىنىنىڭ جۇڭگوغا كىرىشىدىكى ئۆتىدىغان جاي ئىدى. كۇچادا بەزى مۇھىم بۇددا نومى تەرجىمانلىرى مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئۇلار بۇددا نومىنى خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان.



14 ـ رەسىم قىزىل تاش كېمىر تام سۈرەتلىرىدىكى
توخار سازەندىلەر

# 8. ھۇن، جۇرجان ۋە توبالار

ئەمدى بىز بۇرۇن موڭغۇل يايلىقى ۋە جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال رايونىدا ياشىغان مىللەتلەرگە يەنە بىر نەزەر سېلىپ باقايلى، ئۇلار ئاشۇ جايلاردىن چىقىپ، يىپەك يولىنىڭ شەرقىي قىسىم رايونلىرىنى قىسقا مۇددەت كونترول قىلغان.

تارىختا ئىسپاتلانغان، جۇڭگوغا ئەڭ دەسلەپتە قوشنا بولغان مىللەت — كۆچمەن ھۇنلار ئىدى. ئۇلار بۇرۇنلا خەن سۇلالىسى دەۋرى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 202 - يىلىدىن مىلادىيە 220 - يىلىغىچە) دىكى تارىخىي ھۆججەتلەردە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئىندۇسكىتلارنى گەنسۇدىن قوغلىۋەتكەنىدى [101]. ھۇنلار ئالتاي تىلىدا سۆزلەشسىمۇ، لېكىن ئىرقىي جەھەتتە ھەرخىل تەركىبلەر ئارىلىشىپ كەتكەن. ئۇلار مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2 - ئەسىردىلا قۇدرەتلىك بىر يايلاق دۆلىتىنى قۇرغانىدى. بۇ كۆچمەن مىللەت موڭغۇلىيىنىڭ شىمالىي قىسمى ۋە گەنسۇدا ياشايتتى. ئۇلانباتورغا يېقىن نويىنئولادىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا مەنسۇپ بولغان، ئېھتىمال مۇشۇلارنىڭ قاغان - پادىشاھلىرىنىڭ قەبرىلىرى بولۇشى مۇمكىن بولغان قەبرىلەر بايقالغان، ئاخىرەتلىك نەرسىلەر ئىچىدە شۇ يەرنىڭ مەھسۇلاتلىرىدىن باشقا، يەنە سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن نەرسىلەرمۇ بار ئىدى. سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن بۇ ماللار ئۇلارنىڭ باشقا مىللەتلەر بىلەن، بولۇپمۇ جۇڭگو بىلەن بولغان بېرىش - كېلىش ئالاقىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. شۇ جاينىڭ بەزى سەنئەت بۇيۇملىرىدىنمۇ يۇنان، باكترىيىنىڭ تەسىرلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ھۇن قاغانلىرىنىڭ ھوقۇقى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كۈن ۋە ئايدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇلار «تەڭرىقۇت» دەپ ئاتالغان. خۇددى غەربتىكى سكىفلار دارىي دەۋرىدە ئاخېمېنىد خانلىقىغا ئۈزلۈكسىز

تەھدىت سالسىمۇ، بىرەر قېتىم ھەل قىلغۇچ جەڭ قوزغىمىغىنىغا ئوخشاش، ھۇنلارمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرى ئارزۇ قىلغىنىدەك جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت بايلىقىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشنى ئويلىسىمۇ، لېكىن رەقىبى بىلەن يۈزمۇ يۈز توقۇنۇش پەيدا قىلمىغان. جۇڭگونىڭ مەشھۇر تارىخشۇناسى سىما چيەن: «نەپ ئالالىسا ئىچكىرىلەپ كىرگەن، نەپ ئالالمىسا چېكىنگەن، قېچىپ كېتىشتىن ئۇيالمىغان. پايدا ـ مەنپەئەت بولسىلا، قائىدە ـ يوسۇن، ئىنساپ ـ دىيانەتنى بىلمىگەن» (102) دەپ يازغان. شۇنداق قارىشىمىزغا بولىدۇكى، بۇ كۆچمەنلەرنىڭ قىممەت قارىشى بىر خىل ئۇرۇقداشلىق ۋە قەبىلىداشلىق ئەخلاقى ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، بۇخىل ئەخلاق ھەرگىز باشقىلارغا پايدا يەتكۈزمەيدۇ.

بەزى چاغلاردا جۇڭگو ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن سىياسىي ۋاستە ۋە تاكتىكا ئارقىلىق ھۇنلارنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، ئۇلارنىڭ كېلىپ پاراكەندە قىلىشىغا ئىمكانىيەت بەرمىگەن ياكى ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىغا ئىناقسىزلىق تارقاتقان. مىلادىيە 48 ـ يىلى ھۇن ئىمپېرىيىسى پارچىلانغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بەزى قەبىلىلىرى جۇڭگونىڭ باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلىپ، ئوردوس رايونىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. غەربىي جىن سۇلالىسى (265 ~ 317 ـ يىللار) ئىچكى نىزا تۈپەيلىدىن پارچىلانغاندا، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر گۇرۇھ بۇ ئىلگىرىكى كۆچمەن مىللەتنى ياردەمگە تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مىلادىيە 4 ـ ئەسىردە يەنە قايتىدىن تارىخ سەھنىسىگە چىققان. ئۇلارنىڭ يول باشچىسى ليۇ يۈەن تەگرىقۇت قوشۇنلىرى بېيجىڭ شەھىرىنى ۋەيران قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنى جۇڭگو پادىشاھى دەپ ئاتىغان. 311 ـ يىلى، ھۇنلار پايتەخت لوياڭنى ئىشغال قىلىپ، ئۇنى كۆيدۈرۈۋەتكەن، 493 ـ يىلىغا كەلگەندىلا، يەنى تەخمىنەن 200 يىلدىن كېيىن، بۇ شەھەر ئاندىن يېڭىباشتىن قۇرۇلغان.

غەربىي جىن سۇلالىسىنىڭ مۇنقەرز بولغانلىقى ۋە هۇنلارنىڭ هەرىكەتلىرى توغرىسىدىكى خەۋەر يىپەك يولىغا تارقىلىپ كەلگەن. سەددىچىن سېپىلى ئىچىدىن تېپىلغان سوغدچە خەت ـ چەكلەر ئىچىدە، بىر سودىگەرنىڭ سەمەرقەندتىكى مال زاكاز قىلىدىغان ئادىمىگە يازغان بىر پارچە خېتىدە مۇنداق دېيىلگەن: «ئەگەر مەن جانابىڭىزغا جۇڭگودا يۈز بەرگەن ئەهۋاللارنى تەپسىلىي بايان قىلسام، ئۇنداقتا ئۇ بىر ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك هېكايە بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئەڭ ئاخىرقى هېلىقى پادىشاھ ئاچارچىلىقنىڭ دەستىدىن لوياڭدىن قېچىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ مۇستەهكەم پايتەختى ۋە مۇستەهكەم شەهەرلىرى كۆيدۈرۈۋېتىلىپتۇ. (.......) شۇڭا لوياڭ شەهىرى ئەمدى مەۋجۇت ئەمەس. هۇنلار تېخى تۇنۇگۇنلا پادىشاھنىڭ قول ئاستىدىكى كىشىلەر ئىدى، (ئەمدىلىكتە بولسا بۇ دۆلەتنى ۋەيران قىلىۋەتتى.)» (103) . خەت يازغۇچى يەنە ھەسرەت بىلەن مۇنداق دېگەن: يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بۇيان، بىر مۇ سوغد بۇ دۆلەتنىڭ ئىچكى رايونلىرىدىن قېچىپ چىقالمىدى، هىندىلارمۇ سوغدلارغا ئوخشاشلا لوياڭدا ئاچ قېلىپ ئۆلۈپ كەتتى.

كەڭ يايلاقتا قېپقالغان هۇنلار، مىلادىيە 1 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىلا تەقىپ ئاستىغا ئېلىنىپ بولغانىدى. خەن سۇلالىسى پادىشاھى ليۇ جۇاڭ (خەن مىڭدى، مىلادىيە 57 ~ 75 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) هۆكۈمرانلىق قىلغان ئاخىرقى مەزگىللەردە، جۇڭگو ئۆزىنىڭ ئاسىيا كىندىكىدىكى تەسىر كۈچىنى كۈشان خانلىقىغىچە كېڭەيتكەن، هەتتا پارفىيە (ئارساك) چېگرىسىغىچە يېتىپ بارغان. بۇ ۋاقىتلاردا جۇڭگو بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن كۆچمەن مىللەت سىيانپىلار تەخمىنەن مىلادىيىنىڭ 155 ـ يىلى موڭغۇل دالاسىدىكى هۇن هاكىمىيىتىنى مۇنقەرز قىلغان، جۇڭگو دائىرىسىدىكى بەزى

كىچىكرەك ھۇن ھاكىمىيەتلىرى ئۆز ھاكىمىيىتىنى ناھايىتى قىسقا ۋاقىتلا ساقلاپ قالالىغان[104] .

سىيانپىلار شىمالدىكى ھۇن قاغانلىقىنى يوقاتقاندىن كېيىن، كەڭ يايلاقتا بىر ھوقۇق بوشلۇقى شەكىللىنىپ، مىلادىيە 400 ـ يىلى ئەتراپىغا كەلگەندە، بىر يېڭى كۆچمەنلەر ھاكىمىيىتى — جۇرجان خانلىقى تىكلەنگەن. كۆپلىگەن خەنزۇچە مەنبەلەردە بۇلارنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇزاقتىن بېرى بۇ ماتېرىياللارغا قارىتا تەھلىل ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلمىغان.

جۇرجانلار ئېھتىمال كېيىنكى ۋاقىتلاردا شەرقىي ياۋروپادا پەيدا بولغان ئاۋارلار بىلەن ئوخشاش بىر مىللەت بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار شىمالىي ۋېي سۇلالىسى (386 ~ 534 ـ يىللار) قۇرۇلغان مەزگىللەردە باش كۆتۈرۈپ چىققان بولۇپ، زېمىنى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى بوستانلىقلاردىن چاۋشيەننىڭ شىمالىي قىسمىغىچە سوزۇلغان. كۆچمەن مىللەت جۇرجانلار بىلەن شىمالىي ۋېي (ياكى «توبا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) خانلىقى ئوتتۇرىسىدا ئۈزلۈكسىز كۈرەش يۈز بېرىشى بىلەن، نۇرغۇنلىغان جۇڭگولۇق بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغۇچىلارنىڭ زىيانكەشلىكىدە قۇملۇقتا ئۆلۈپ كەتكەن. گەرچە تارىمنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى جۇرجانلارنىڭ رەقىبى بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن بولسىمۇ، ھېچقانچە نەتىجىسى بولمىغان. پەقەت تۈركلەر ئۆزلىرىنىڭ تەڭرىقۇتى تۇمەننىڭ رەھبەرلىكىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ئۇلارنىڭ يايلاق خانلىقىغا قارشى چىققاندا، ئاندىن مىلادىيە 552 ـ يىلى جۇرجان قاغانلىقى ئاخىرلاشقان.

بىز سۆزىمىزنى تۈركلەرگە يۆتكەشتىن بۇرۇن، يەنە توبالار توغرىسىدا توختىلايلى، ئۇلار جۇڭگودا شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنى قۇرغانىدى. توبالار دەسلەپتە ئالتاي تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەت بولسىمۇ، لېكىن ئولتۇراقلىشىشقا ئەگىشىپ تەدرىجىي

ھالدا خەنزۇلىشىپ كەتكەن. ئۇلار مىلادىيە 5 ـ ئەسىردە، ئۈزلىرىنىڭ تەسىر كۆچىنى جۇڭگونىڭ شىمالىي قىسمىدىن تارىم ئويمانلىقى، ھەتتا كەڭ موڭغۇل يايلىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغىچە كېڭەيتكەن. شۇ ئارقىلىق شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قاتناشنىڭ جانلىنىشى ئۈچۈن ئاساس ھازىرلانغان. خۇددى بىرمۇنچە ئولتۇراقلاشقان يايلاق مىللەتلىرىگە ئوخشاش، ئۇلارمۇ شامان دىنىدىن ۋاز كېچىپ، ئۆزلىرىنىڭ خانى تەشەببۇس قىلغان بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. ئۇلار جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمىدىكى داتۇڭ يۇنگاڭ تاش كېمىر ئىبادەتخانىسى ۋە لوڭمېن تاش كېمىر ئىبادەتخانىسىنى ياسىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆلىمى ناھايىتى كەڭ، سەنئەت بېزەكلىرى مول ئىدى. توباﻻر دۆلىتى ۋە ئۇلارغا ۋارىسلىق قىلغان بىر قانچە ھاكىمىيەتلەر مىلادىيە 6 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە مۇنقەرز بولغان.

## 9. تۈركلەر

تۈركلەر مىلادىيە 552 ـ يىلى جۇرجانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، ئۆزلىرىنىڭ يايلاق قاغانلىقىنى قۇرغان. بۇلارنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى نۇرغۇنلىغان خەنزۇچە مەلۇماتلاردىن باشقا، يەنە خارابىلەردىن بايقالغان تۈركچە ھۆججەتلەرنىمۇ تولۇقلىما قىلىشقا بولىدۇ، بۇ ھۆججەتلەر ھازىرقى موڭغۇلىيەدىن تېپىلغان (105).

ئەڭ دەسلەپكى تۈرك دۆلىتى ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقانىدى. ئىسسىقكۆل ئەتراپى غەربىي قىسىم قاغانلىقىنىڭ مەركىزى بولۇپ، بۇ رايوندىكى ئەڭ قەدىمىي ئويما يېزىق سوغد يېزىقىدا يېزىلغان. شەرقىي تۈركلەر قەدىمكى تۈرك يېزىقىدا يېزىلغان ئويما يېزىق ۋە تاش ئابىدىلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ يۇرتى كەڭ موڭغۇل يايلىقىدىن خاڭخې

دەرياسىغىچە سوزۇلغان، ئۇلارنىڭ قاغانلىقىنىڭ مەركىزى بولسا ئۆتۈكەن تېغى ئىدى. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، مۇبادا بىز ئىككى دۆلەت بار ئىدى دېسەك، ئۇ ھالدا توغرا بولمىغان بولىدۇ. يۇقىرىدا دېيىلگەن ئويما يېزىقتىن ئوچۇق كۆرۈۋالالايمىزكى، ئۇلاردا بىر خىل روشەن بولغان بىر - بىرىگە تايىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ھېسسىياتى بولغان. تۇنجى قېتىم قاغانلىق قۇرغان تۈركلەر — «كۆك تۈركلەر» بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ماكانى جۇڭگولۇقلار تەرىپىدىن «ئالتۇنتاغ» دەپ ئاتالغان. بۇ يەردە كۆرسىتىلگىنى ئېھتىمال ياكى ئالتاي تېغى، ياكى رىۋايەتلەردىكى بىر دۇنيانىڭ مەركىزى بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى شەرقىي ئاسىيانىڭ رەڭ سىمۋولى بويىچە ئېيتقاندا، ئالتۇن رەڭ مەركەزگە ۋەكىللىك قىلاتتى، بىراق قاغانلىقنىڭ ئۆتۈكەن تېغىغا جايلاشقان مەركىزى بارغانسېرى دۇنيانىڭ مەركىزى قىلىپ چۈشىنىلگەن. بىر پارچە ئويما يېزىق ئاپتورىنىڭ كۆرسىتىشىچە، بۇ قاغانلىق ئاشۇ يەردىن ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزگەن[107].

ئۇرۇقداشلىق جەھەتتىن قارىغاندا، قەدىمكى تۈركلەر ئۇرۇقداشلىق مۇناسىۋىتى جەھەتتە بىرمۇنچە قەبىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇشى مۇمكىن. دەسلەپتە ئۇلارنىڭ ھەممىسى كۆك تۈركلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە بىر گەۋدە بولۇپ ئۇيۇشقانىدى. قەدىمكى تۈركلەر ئاساسلىقى كۆچمەن چارۋىچىلار بولۇپ، كىچىك كۆلەمدە دېھقانچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللانغان، بەزى قەبىلىلەر كان ئېچىش ۋە ئالتۇن تاۋلاش بىلەنمۇ شۇغۇللانغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار خۇددى ئەجدادلىرىغا ئوخشاش، يايلاقتا روناق تېپىپ كۆزگە كۆرۈنەرلىك كۈچكە ئايلانغان، بۇ ئەھۋال جۇڭگونى چوقۇم يەنە خاتىرجەمسىزلەندۈرەتتى.

مىلادىيە 6 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىنىڭ ئالدى - كەينىدىلا ئۇلار چېگرىدىن ئۆتۈپ جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلەپ،

بويسۇندۇرۇلغان مىللەتلەرنى ئولپان تۆلەشكە مەجبۇرلىغانىدى. جۇڭگولۇقلار ماھىرلىق بىلەن سىياسىي ۋاستە ۋە تاكتىكىلىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، بۇ يايلاق قاغانلىقىنى ۋاقتىنچە چەكلەپ تۇرغان. ۋاھالەنكى، بۇ كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ قەھرىمانلىق توغرىسىدىكى ئىش ئىزلىرى ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ، مىللىي كۈچىنى نامايان قىلىشىغا ئۈزلۈكسىز ئىلھام بېرىپ تۇرغان، ئارىلىقتا ئۇلار كەڭ تۇردە سىياسىي مۇناسىۋەت ۋە مەدەنىيەت مۇناسىۋىتى ئورنىتىشقا دىققەت قىلغان. ئۇيما يېزىقلاردىن مەلۇمكى، بىر يولباشچىنىڭ ۋاپاتىنى خاتىرىلەش كۈنىگە قاتنىشىش ئۈچۈن، بىرمۇنچە مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ۋەكىل ئەۋەتكەن، ھەتتا ۋىزانتىيىدىنمۇ ۋەكىل كەلگەن[107].

تۈركلەرنىڭ باشقا مىللەتلەر بىلەن باردى-كەلدى قىلىشقانلىقىنى ئۇلارنىڭ تىلىدىكى چەتتىن كەلگەن تىللاردىنمۇ بىلەلەيمىز. خېلى بۇرۇنقى دەۋرلەردە ئۇلار ئىران تىلىدىكى سۆز-ئىبارىلەرنى، بولۇپمۇ سوغدلارنىڭ سۆز-ئىبارىلىرىنى قوبۇل قىلغان، سوغدلار بىر مۇنچە تەرەپلەردە مەدەنىيەت ئۇستازلىق رولىنى ئوينىغانىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئوتتۇرا ئەسىر ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان باشقا مىللەتلەر، ھەتتا ئامۇ دەرياسى ۋادىسىدىكى مىللەتلەر بىلەنمۇ بېرىش-كېلىش قىلىشقان. مەسىلەن، كۆك تۈرك قاغانلىقىنىڭ كۆپلىگەن يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىق ناملىرى ئوتتۇرا ئەسىر ئىران تىلىدىن كەلگەن، ھەتتا كېيىنكى ۋاقىتلاردا تۈركىي سىستېمىغا تەۋە بولغان قوچو ئۇيغۇرلىرى دەسلەپكى ۋاقىتتا ئىشلەتكەن نۇرغۇنلىغان بۇددا دىنى ئاتالغۇلىرىنىڭ مەنبەسىمۇ سانسكرىت تىلى ئەمەس، بەلكى سوغد تىلى ۋە توخار تىللىرىدىن كەلگەن. بۇلاردىن سىرت، يەنە خەنزۇ ۋە ھىندى تىللىرىدىن ئارىيەت ئېلىنغان ئاتالغۇلارمۇ بولغان. دەل مۇشۇنداق كۆپلىگەن ئارىيەت

ئېلىنغان چەت ئەل تىللىرى تەركىبىدىن تۈركلەرنىڭ چەت مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىگە قارىتا ئېشىكىنى نەقەدەر كەڭ ئېچىۋەتكەنلىكىنى، كېيىنكى ۋاقىتلاردا بوستانلىق شەھەرلىرىگە كۆچكەن بولسىمۇ، يەنىلا بۇ خىل ئېچىۋېتىش پوزىتسىيىسىنى ساقلاپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. چەتتىن كەلگەن ئامىللارنى تامامەن ياقتۇرۇپ قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن يايلاقتىكى كۆچمەن تۈركلەر ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالغاندى.

مىلادىيە 8 ـ ئەسىرگە كەلگەندە كۆك تۈركلەرنىڭ يايلاق قاغانلىقى يوقىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئۇيغۇرلار ئىگىلىگەن. ئۇلارمۇ تۈرك سىستېمىسىدىكى بىر قەبىلە بولغاچقا، ئۇلار ئەمدىلىكتە موڭغۇلىيە ۋە ئۇنىڭغا قوشنا بولغان رايونلارنىڭ رەھبەرلىك هوقۇقىنى قولغا كەلتۈرگەنىدى. ئۇيغۇر قاغانى بۆگۈ قاغان مىلادىيە 762 ـ يىلى پايتەخت لوياڭدا مانى دىنى مۇرىتى بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ھەمدە بۇ دىننى ئىززەتلەپ ھۆكۈمەت دىنى قىلغان. بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاشقا بولىدىغانلىرى قارا بالغاسۇندىن تېپىلغان ئۈچ خىل تىل ـ يېزىق (خەنزۇچە، سوغدچە، ئۇيغۇرچە) تىكى ئابىدە بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە تۇرپاندىن تېپىلغان بىر پارچە ئۇيغۇرچە پۈتۈكمۇ (MT276) بار[108] . ئۇ ئابىدىنىڭ خەنزۇچىسىنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، مانى دىنىنىڭ تارقىلىپ كىرىشى خەلق ئارىسىدا تارقالغان ئەنئەنىۋى دىنىنىڭ بېسىمىغا ئۇچرىمىغان. شۇنداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ «نۇرلۇق دىن» (بۇ شەرقىي ئاسىيالىقلارنىڭ مانى دىنىنى ئاتىشى) راستىنلا كەڭ خەلق ئاممىسى قاتلىمىنى ئىگىلىگەنمۇ، يوق دېگەن مەسىلە يەنىلا ھەل بولمىغان. تۇرپاندىن تېپىلغان ھېلىقى كەمتۈك يۆگىمە پۈتۈك بىزگە شۇنى بىلدۈرىدىكى، سوغد مانى دىنى مۇرىتلىرى دىن تارقىتىش جەريانىدا، روشەنكى سەل قاراشقا بولمايدىغان رول ئوينىغان.

مىلادىيە 790 - يىلى جۇڭگونىڭ پادىشاھى ئالماشقاندا، ئۇيغۇر قاغانى جۇڭگوغا قارشى ئۇرۇش قوزغىماقچى بولغان، شۇنىڭ بىلەن بۇ قاغانغا ۋە مانى دىنىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ قاغان ئاغدۇرۇلغان، سوغدلار تاكى 795 - يىلى باشقا بىر ئۇيغۇر قاغانى يېڭىباشتىن مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغانغا قەدەر زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان.

ئۇيغۇر قاغانلىقى قۇرۇلۇپ تەخمىنەن 100 يىلدىن كېيىن، مىلادىيە 840 - يىلى بۇ يايلاق خانلىقى قىرغىزلار تەرىپىدىن گۇمران قىلىنغان. ئابىدىلەردە كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىنغان تۈرك سىستېمىسىدىكى قارلۇقلار ئىلى دەرياسى ۋە چۇ دەرياسى بىلەن فەرغانىغىچە بولغان ئارىلىقتا بىر دۆلەت قۇرۇپ، غەربىي تۈركلەرنىڭ مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كەڭ موڭغۇل يايلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ۋە ئۆتۈكەن تېغىغا جايلاشقان ھۆكۈمرانلىق مەركىزى پۈتۈنلەي قىرغىزلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن. خەن سۇلالىسىنىڭ تارىخ كىتابلىرىدا ئۇلار تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇلارنى «جيەنكۇن» (كەنكۇن، 坚昆) دەپ ئاتىغان، ئۇلار قىزىل چاچ، كۆك كۆز دەپ تەسۋىرلەنگەن. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇلار ئەسلىدە ھىندى - ياۋروپا سىستېمىسىدىكى بىر قوۋم بولسىمۇ، تىل ۋە ئىرقىي جەھەتتە تۈركلىشىپ كەتكەندى. قىرغىزلار 7 ~ 8 - ئەسىرلەردە ئۇرۇشتا ئۆلگەن قەھرىمانىنى خاتىرىلەپ يازغان ئابىدىلەردە، ئۆزلىرىنىڭ تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەت ئىكەنلىكىنى نامايان قىلغان، كېيىن ئۇلار غەربىي جەنۇب تەرەپكە قاراپ كۆچۈپ، تارىم ئويمانلىقى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىغا كىرگەن. ئۇ يەردە ھازىر شۇلارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان بىر سوۋېت رېسپۇبلىكىسى بار.

ئۇيغۇر خانلىقى گۇمران قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇلار يىپەك يولىنىڭ شىمالىي بۆلىكىدىكى ھەرقايسى بوستانلىق شەھەرلىرىگە

قېچىپ بېرىپ، شۇ يەرلەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. بىر قىسمى هازىرقى گەنسۇغا كۆچۈپ كېلىپ، گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەپ ئاتىلىدىغان بىر كىچىك دۆلەت قۇرغان، بۇ خانلىق 1030 ـ يىلىغىچە مەۋجۇت بولۇپ، تاڭغۇتلار ياكى غەربىي شيالىقلارنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغان(109). يەنە بىر قىسمى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى بوستانلىقلارغا، ئاساسلىقى تۇرپان بوستانلىقىغا كۆچۈپ بېرىپ، ئۇ يەردە قوجو شەھرىنى پايتەخت قىلغان قوجو ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان. بۇ خانلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋاقتى تەخمىنەن مىلادىيە 850 ~ 1250 ـ يىللار ئىدى(110). بۇ خانلىقنىڭ خانلىرى دەسلەپتە مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغان بولسىمۇ، كېيىن بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. بۇددا دىنى تۇرپانغا چوقۇم مىلادىيىنىڭ دەسلەپكى بىرنەچچە ئەسىردە تارقىلىپ كىرىپ بولغانىدى.

ئۇيغۇرلار تۇرپانغا كۆچۈپ كېلىشتىن ئىلگىرىكى 6 ~ 7 ـ ئەسىرلەردە، بۇ رايونغا هۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلار، كېلىپ چىقىشى هۇنلاردىن بولغان كيۇ جەمەتىدىكىلەر بولسىمۇ، لېكىن ئەينى ۋاقىتتا ئاللىبۇرۇن خەنزۇلىشىپ كەتكەنىدى. كيۇ جەمەتىدىكىلەر بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان هەم بۇددا دىنىنىڭ تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرگەن. ئۇلار بىر خىل ئارىلاشما ئاھالىگە هۆكۈمرانلىق قىلاتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە خەنزۇلار، سوغدلار، توخارلار ۋە ئۇيغۇر بولمىغان تۈركلەر بار ئىدى.

ئۇيغۇرلار قوجوغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، ئۇ يەردە بۇددا دىنى مۇرىتلىرى بولغاندىن سىرت، يەنە مانى دىنى مۇرىتلىرىنىڭمۇ بارلىقىنى بىلگەن. نېستۇرى دىنىنىڭ قايسى ۋاقىتلاردا تۇرپاندا تارقىلىشقا باشلىغانلىقى هازىر تېخى ئېنىق ئەمەس. قىسقىسى، ئۇيغۇرلار ئاشۇ دۇنياۋى ئۈچ چوڭ دىنغا ئېتىقاد قىلغان بولسىمۇ، ئاساسلىقى يەنىلا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد

قىلغانىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بۇ بوستانلىقنىڭ مەدەنىيىتىگە تامامەن بۇددا دىنىنىڭ تامغىسى بېسىلغان بولۇپ، سەنئەت ۋە ئەدەبىيات خان جەمەتى ۋە پۇلدارلارنىڭ زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىشىگە ئېرىشكەن. مەسىلەن، تۇرپاندىن تېپىلغان زور مىقداردىكى تام رەسىملىرى ۋە قول يازمىلار بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

بۇ بوستانلىقتىكى ئولتۇراقلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ئۇيغۇرلار ئاساسلىقى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، بىراق بىر قىسمى سودا بىلەنمۇ شۇغۇللانغان بولۇشى مۇمكىن. كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن دېھقانچىلىق ۋە شەھەر تۇرمۇشىغا ئۆتۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار ئەنئەنىۋى دىنىدىن ۋاز كەچكەن، ھۆكۈمرانلار ئەنئەنىۋى كۆچمەن چارۋىچىلىق ئادىتىنى ئانچە - مۇنچە ساقلاپ قالغان، يەنى ئۇلار ھەر يىلى تومۇز ئىسسىق پەسلىدە تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى بەشبالىق يازلىق ئوردىسىغا بېرىپ يازنى ئۆتكۈزۈپ، ئۇ يەردە يىلقا باققان.

مىلادىيە 1209 - يىلى قوجو ئۇيغۇرلىرى قارا قىتانلارنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، چىڭگىزخاننىڭ ھىمايىسىگە ئۆتكەن، چۈنكى ئۇلار مۇشۇنداق قىلغاندىلا بىر خىل نىسبىي مۇستەقىللىقنى ساقلاپ قالالايتتى، بىراق بۇ ئولپان تۆلەش بەدىلىگە كەلگەنىدى.

ئىسلام دىنى پەقەت كېيىنكى ۋاقىتلاردا تۇرپاندا تارقىلىشقا باشلىغان. ماركوپولو دەۋرى (مىلادىيە 13 - ئەسىر) دە، ئۇ يەردە ئاز ساندىكى كىشىلەرلا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. لېكىن، 14 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، موغۇلىستاننىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان خانى خىزىر خوجا بۇ بوستانلىقنى بويسۇندۇرغان.

# 10. تۇبۇتلەر ۋە تاڭغۇتلار

مىلادىيە 8 ـ ئەسىردە، تۇبۇتلەرمۇ گەنسۇغا قاراپ كېڭەيگەن ھەمدە دۇنخۇاڭنى ئىشغال قىلغان. تۇبۇتلەرگە ئائىت ساقلىنىپ قالغان ئەڭ بۇرۇنقى سىزما رەسىملەر مۇشۇ مەزگىلدە ۋۇجۇدقا كەلگەن بولۇپ، كىشىلەر دۇنخۇاڭدىن ۋە باشقا رايونلاردىن كۆپلىگەن تۇبۇتچە ھۆججەتلەرنى تاپقان. تۇبۇت ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنمۇ، بەزى ھۆججەتلەر يەنىلا تۇبۇت يېزىقىدا پۈتۈلگەن. تۇرپاندا ساقلىنىپ قالغان تۇبۇتچە ھۆججەتلەر ئاساسلىقى ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئەكسىچە دۇنخۇاڭ ۋە قاراشەھەر ( 黑城 ) دىن تېپىلغانلىرى بولسا، ئاساسلىقى بۇددا دىنىغا ئائىت ھۆججەتلەر، ئۇنىڭدىن قالسا ھەر خىل دىندىن خالىي ماتېرىياللارمۇ بار.

تاڭغۇتلار ياكى غەربىي شيالىقلار، تۇبۇتلەر بىلەن تۇغقاندارچىلىقى بار بىر مىللەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئانا ماكانى كۆكنۇر (چىڭخەي كۆلى) رايونى، يەنى تىبەت ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي شىمال قىسمى. مىلادىيە 10 ـ ئەسىردە غەربىي شيالىقلار بىر خانلىق قۇرغان، زېمىنى گەنسۇنىڭ غەربىي قىسمى، جۈملىدىن دۇنخۇاڭ رايونىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئۇلار بۇ رايوننى ئىشغال قىلىشتىن بۇرۇن، ئاشۇ قىممەتلىك، كۆپ خىل تىلدا يېزىلغان قوليازمىلارنى دۇنخۇاڭدىكى بىر كىچىك ئۆڭكۈر (ھازىرقى 17 ـ غار) گە قويۇپ ئېتىۋەتكەن. بۇ قوليازمىلار مۇشۇ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى ۋاقتىغا كەلگەندە، كىشىلەر تەرىپىدىن تېپىۋېلىنغان. غەربىي شيالىقلار بىر خىل ئەھمىيەتلىك، لېكىن ناھايىتى ئاز تەتقىق قىلىنغان بۇددا دىنى ھۆججەتلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەتكىنى خەنزۇ يېزىقىدىن ئۆزگەرتىلگەن ئۆزلىرىنىڭ تىل ـ يېزىقى ئىدى، شۇنىڭدەك بەزى سىزما رەسىملەرمۇ غەربىي شيا دەۋرىدە

بارلىققا كەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ دۆلىتى 1227 ـ يىلى موڭغۇللار تەرىپىدىن گۇمران قىلىنغان.

## 11. موڭغۇللار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى

موڭغۇللار مىلادىيە 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، چىڭگىزخان (1155 ـ ياكى 1167 ـ يىلى تۇغۇلغان) نىڭ رەھبەرلىكىدە، دائىرىسى كەڭ، ھازىرغىچە ۋۇجۇدقا كەلگەن بارلىق يايلاق خانلىقلىرىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان دۆلەتنى قۇرۇپ چىققان. جۇڭگونىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدا، ئۇلار مىلادىيە 9 ـ ئەسىردىن باشلاپ تىلغا ئېلىنىشقا باشلىغان، ئۇلار بۇرۇن موڭغۇلىيىنىڭ شەرقىي قىسمىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان بولسىمۇ، كېيىن چىڭگىزخان (ئەسلى ئىسمى تېموچىن) نىڭ رەھبەرلىكىدە، ئۆزلىرىنىڭ تەسىر كۈچىنى ئەسلىدىكى زېمىنىدىن كۆپ ئېشىپ چۈشىدىغان جايلارغىچە كېڭەيتكەن.

موڭغۇللار تەرەققىي قىلىپ يايلاقتىكى ھەل قىلغۇچ كۈچكە ئايلانغان، قۇدرەتلىك بىر كۆچمەن خانلىق قۇرۇش ئۈچۈن، چىڭگىزخاننىڭ رەھبەرلىكىدىكى قەبىلە ئىتتىپاقى ئەتراپىدىكى قوشنا مىللەتلەرنى ئۆزىنىڭ بېقىندىسى بولۇشقا مەجبۇرلىغان، ھۆكۈمران ئورۇندىكى قەبىلىنىڭ تىلى ھەممە قوللىنىدىغان تىلغا ئايلانغان، مەلۇم بىر كىشىنىڭ بۇ خان جەمەتىنىڭ تۇتېمى ۋە ئىلاھىي سىستېما مەنبەسى توغرىسىدا تەسۋىرلەپ يازغان بىر پارچە ئەپسانىۋى ئەسىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا باشقا قەبىلىلەر ۋە ئۆتكەنكى خان جەمەتىنىڭ ئەپسانىۋى ھېكايىلىرىمۇ سۆزلەنگەن، شۇنىڭ بىلەن يېڭىدىن بىر مىللەتنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۈچۈنمۇ دىنىي ئاساس ھازىرلانغان. بۇ ئۇقتىنى «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» دېگەن كىتابتىن تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈۋالغىلى

بولىدۇ[111] .

چىڭگىزخاننىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتتىكى قارا نىيىتى كەڭ يايلاقنىڭ سىرتىغا ھالقىپ چىقىشقا باشلىغان. بۇ كەڭ يايلاقنىڭ سىياسىي مەركىزى موڭغۇلىيىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى قاراقورۇم ئىدى. ئۇنىڭ قوشۇنى بۇ رايوننى كونترول قىلغاندىن كېيىن، يەنە گەنسۇ، تارىم ئويمانلىقى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئۇرۇشلاردا غەلىبە قىلىپ، ئارال دېڭىزىنىڭ يېنىدىكى خارەزمگىچە يېتىپ بارغان، مىلادىيە 1279 ـ يىلى، چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى قۇبلاي خان يەنە جۇڭگونىڭ جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بويسۇندۇرغان، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن جۇڭگو مەدەنىيىتى موڭغۇللارغا تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىغان. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرى (1279 ~ 1368 ـ يىللار) دىكى موڭغۇللار جۇڭگودا تەلتۆكۈس خەنزۇلاشمىغان، بەلكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى، جۈملىدىن ئۇيغۇرلاردىن قوبۇل قىلغان يېزىقىنى ساقلاپ قالغان. نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلارنى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىققا تەيىنلەپ، شۇلارغا تايىنىپ مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان. ماركو پولو بىر مەزگىل قۇبلاي خان ئوردىسىدا تۇرمۇش كەچۈرگەن، قۇبلاي خان تىبەتنىڭ لاما دىنىغا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى يولغا قويغان، بۇ دىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا كەڭ يايلاقنىڭ دىنىي تۇرمۇشىغا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسەتكەن.

بۇ موڭغۇل خانلىقى يەنە يىراق غەربكىچە كېڭىيىپ بارغان بولۇپ، ئۇلار بىرمۇنچە دۆلەت ۋە رايونلارنى بويسۇندۇرۇپ، كىچىك ئاسىيا ۋە شەرقىي ياۋروپاغىچە يېتىپ بارغان. مىلادىيە 1258 ـ يىلى ئۇلار باغدادقا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۇ يەرنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ ۋەيران قىلىۋەتكەن. شۇ قېتىمقى

زوراۋانلىق ئىسلام تارىخلىرىدا خېلى ئۇزۇنغىچە ئۇزلۇكسىز تىلغا ئېلىنىپ تۇرغان ھەمدە موڭغۇل ئىستېلاسى پەيدا قىلغان جاراھەت ئېھتىمال بىرقانچە ئون يىلدىن كېيىن ساقايغان. شۇنداق بولسىمۇ، زور، ھازىرغىچە كۆرۈلۈپ باقمىغان كەڭ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە، يېقىن شەرق بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى سودا، قاتناش ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش مىسلىسىز كۆلەمدە ئېلىپ بېرىلغان.

ماركو پولو ۋە باشقا ياۋروپالىقلار دىن تارقاتقۇچى ياكى دىپلوماتىيە ئەلچىسى سۈپىتىدە موڭغۇللار رايونى ياكى جۇڭگوغا بارغان، ئەگەر موڭغۇلىيىنىڭ تىنچ مۇھىتى بولمىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ساياھەت قىلىشى مۇمكىن بولمىغان بولاتتى. بۇ ئەھۋال داۋاملاشقان ۋاقىت قىسقا بولسىمۇ (موڭغۇللار 1368 - يىلى جۇڭگونى قولدىن بېرىپ قويغان) ، لېكىن تىنچ بولغان ئاشۇ قىسقا مەزگىل ئىچىدە، يىپەك يولىدا ئىلگىرى تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان قىتئەلەر ئارا قاتناش ئېلىپ بېرىلغان. بۇ چىڭگىزخان ئۆلگەندىن كېيىن يەنە بىرنەچچە ئەۋلاد موڭغۇل ھاكىمىيىتى داۋاملىشىپ، بويسۇندۇرۇلغان مىللەتلەرنىڭ ئۆز مەدەنىيىتى ۋە دىنىي ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاپ قېلىشىغا يول قويۇلغانلىقىدىن بولغان.

مىلادىيە 1227 - يىلى چىڭگىزخان ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ دۆلىتى ئوغۇللىرى ۋە نەۋرىلىرى تەرىپىدىن بۆلۈشۈۋېلىنغان. باتۇ بۇ دۆلەت قۇرغۇچىنىڭ نەۋرىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ غەربتىكى رايونلارنى بۆلۈۋېلىپ، ئۇ يەردە ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى داۋاملىق كېڭەيتكەن. چاغاتاي بولسا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمى ۋە شىنجاڭ، جۈملىدىن ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا ئىگە بولغان، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزى ئالمالىق بولۇپ، ئۇ يەرمۇ ئەينى ۋاقىتتا نېستورى دىنىنىڭ بىر مەركىزى بولغان. ئەسلىدىكى خانلىقنىڭ مەركىزى بولغان

قاراقورۇم ئەتراپىدىكى جايلار تولۇيغا تەۋە بولغان. بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىي بىلەن موڭغۇلىيىنىڭ غەربىي قىسىم ئارىلىقىدىكى رايونلار بولسا ئۆگەتايغا بۆلۈپ بېرىلگەن. ئۇ 1229 - يىلى ئۇلۇغ قاغان بولۇپ سايلىنىپ، كېيىن تولىنىڭ ئوغلى مەڭگۇ (مۆڭكۇ) ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان، مەڭگۇنىڭ ئىنىسى قۇبلاي 1259 - يىلى ئۇلۇغ قاغان بولغان. غەربىي قىسىمدا مىلادىيە 13 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، ھۇلەگۇ ئىرانغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان، ئۇنىڭ خانلىقى ئەل خانلىقى دەپ ئاتالغان.

چاغاتاي خانلىقى (1227 ~ 1346 - يىللار) مەلۇم دەرىجىدىكى ئۆزگىچە تەرەققىيات جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى مىلادىيە 16 - ئەسىردىكى غەربىي تۈركلەر تېررىتورىيىسىگە توغرا كېلەتتى. موڭغۇللارنىڭ ئىشغالىيىتىدە، بۇ رايوننىڭ تىلى تېزلا تۈركلىشىپ كەتكەن. پارس تىلى يېزىق تىلى قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە چاغاتاي - تۈركچە ئەسەرلەر بارلىققا كەلگەن. 14 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىغا كەلگەندە، تارماشىرى خاننىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى بىلەن مەزكۇر رايون تەدرىجىي ئىسلاملاشتۇرۇلغان. شۇڭا، چاغاتايچە ئەسەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ مەزمۇنىمۇ ئىسلام دىنىغا ئائىت مەزمۇنلار ئىدى [112] .

موڭغۇل ئىمپېرىيىسىگە ۋارىسلىق قىلغان ھەرقايسى خانلىقلارنىڭ تارىخىي تەرەققىيات ئەھۋالىنى بۇ يەردە ئانچە كۆپ بايان قىلمايمىز [113] . بىراق، بىز ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمى ئىسلاملاشتۇرۇلغاندىن كېيىنكى تەرەققىيات ئەھۋالىنى قىسقىچە كۆزىتىپ، تۈركلەرنىڭ تەرەققىياتىغا ئائىت بىر دەلىلنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز. ئۇ بولسىمۇ مىلادىيە 820 ~ 821 - يىللىرى توققۇز ئۇيغۇرنىڭ خوراسانغا ھۇجۇم قىلىشى، يەنە بىرى

فەرغانىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى سوغد ھاكىمىيىتى ئىدى. كۆچمەن تۈركلەر نىشانلىق ھەربىي ھەرىكەت ئېلىپ بارغاندىن سىرت، يەنە پەيدىنپەي غەربكە سۈرۈلگەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە دىنىي ئەنئەنىسىنى قىسمەن ساقلاپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن يەنە ئىراننىڭ مەدەنىيىتى بىلەن ئېتىقادىنىمۇ قوبۇل قىلغان، بۇنى خۇيتساگىنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدىن چۈشىنىۋالالايمىز (114). مەسىلەن، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئىراننىڭ يەرلىك تۆرىلىرى تۈرك ياللانما ئەسكەرلىرىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان، شۇنىڭدەك 11 ـ ئەسىردىن باشلاپ مۇسۇلمان يازغۇچىلار تۇران زېمىنىنى تۈرك رايونى دەپ قارىغان، تۈركلەرنىڭ داۋاملىق غەربكە قاراپ سۈرۈلۈشى تۇران بىلەن ئىران ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشكە ئېلىپ بارغان. بۇ خىل كۈرەش كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئاتەشپەرەستلىك دىنى بىلەن ئىسلام دىنى ئەسەرلىرىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقتىن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىدىكى تۈركلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىدە بارغانسېرى شەرقىي ئىران تەركىبلىرى كۆپلەپ قوبۇل قىلىنىپ، يېڭى ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئىسلام دىنى بىلەن ئۇچرىشىش ھەرگىزمۇ ئۆتمۈش مەدەنىيەتتىن ئۈزۈل ـ كېسىل ئادا ـ جۇدا بولۇشقا ئېلىپ بارغان ئەمەس. ھازىرغا قەدەر كىشىلەر ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئىسلام دىنىدا زادى يەنە قانچىلىك ئىلگىرىكى ئەنئەنىۋى دىنىي تەركىبلەر بارلىقىنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلمىدى. شەك ـ شۈبھىسىزكى، پارس تىلى ئەينى ۋاقىتتا مەدەنىيەت ساھەسىدىكىلەر قوللىنىدىغان تىل ئىدى ھەمدە بىر خىل روشەن پارس مەدەنىيىتى بەزى شەھەرلەردە، مەسىلەن، سەمەرقەند، بۇخارا، ھېراتلاردا گۈللىنىشكە باشلىغانىدى. بۇ نۇقتىنى نامايان قىلىپ بېرىدىغىنى

شۇكى، بولۇپمۇ ئاشۇ شەھەرلەردىكى ئىسلام دىنىغا ئائىت رەسىملەر ۋە مەتبەئە تېخنىكىسىدۇر. بىراق، كۆندىلىك ئېغىز تىلى نۇقتىسىدىن ئالغاندا كىشىلەرنىڭ قوللانغىنى تۈرك تىلى، ھېچبولمىغاندا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىدا شۇنداق ئىدى، شۇنىڭدەك بۇنىڭ بىلەن باغلىنىشلىق بولغىنى شۇكى، يەنە بىر خىل ئۆزلۈكسىز كۆچىيىپ بېرىۋاتقان ئاڭ، يەنى ئۆزلىرىنىڭ تۈركلەرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى جەھەتتىكى ئاڭ ئىدى.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىدا كېيىنرەك قۇرۇلغان بىر مۇھىم دۆلەت بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ ئاقساق تېمۇر قۇرغان ھاكىمىيەت ئىدى. بۇ ئىستېلاچى 1336 ـ يىلى تۇغۇلغان بولۇپ، تۈركلىشىپ كەتكەن موڭغۇل بارلاس قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان، ئۇنىڭ ئانىسى چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادىدۇر. ئۇ قۇرغان دۆلەت ئۆزىنى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى دەپ قارىغان. تېمۇر قوشۇنلىرىغا داۋاملىق چېدىر ئۆيدە يېتىش تەلىپىنى قويۇپ، ئۆزى بولسا پايتەخت سەمەرقەندتە سالدۇرغان ھەشەمەتلىك ئوردىدا تۇرغان. ئۇ بۇ قۇرۇلۇشلار ئۈچۈن، ھەرقايسى جايلاردىن نۇرغۇنلىغان قول ھۈنەر ئۇستىلىرى ۋە ئارخىتېكتورلارنى مەجبۇرىي يۆتكەپ كەلگەن.

تېمۇر ئىنتايىن ياۋۇزلۇق بىلەن قانلىق ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بېرىپ ئۆز خانلىقىنى تىكلىگەن. ئۇ موغۇلىستان، ئامۇ دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى رايونلار ۋە خارەزمنى كونترول قىلغان ھەم كۆپ قېتىم ھىندىستانغا بېسىپ كىرىپ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغان. ۋاھالەنكى، ئۇ يەنە دۆلەت چېگرىسى ئىچىدە شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سودىنى ماھىرلىق بىلەن يېڭىباشتىن گۈللەندۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق قىسمەن جايلاردا يىپەك يولىنىڭ شۇ جايلار بويىچە ئىلگىرىكى مۇھىم رولىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. تېمۇر مىلادىيە 1405 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەندىن

كېيىن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى سەمەرقەند بىلەن ھېراتنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم مەركىزىگە ئايلاندۇرغان. ھىندىستان ئىسلام موغۇل خانلىقىنى قۇرغۇچى بابۇر (1483 ~ 1530 ـ يىللار) تېمۇرنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىر تۈرك يېزىقىدا بىر پارچە تەرجىمىھال يېزىپ قالدۇرغان.

يۇقىرىدا بىز بىر قىسىم مىللەت ۋە دۆلەتلەرنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق، ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ مىلادىيە 14 ـ ئەسىرگىچە بولغان مىللەت ۋە سىياسىي جەھەتتىكى رايون ئايرىلىشلىرىنى بەلگىلىگەن. لېكىن، يەنە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك ئىككى مىللەت بار، بۇ ئىككى مىللەت يىپەك يولى ئارقىلىق ئۆزئارا ئۇچراشقان ھەم ئوخشاشلا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىيەت قىياپىتىنى بەلگىلەشتە چوڭقۇر رول ئوينىغان بولۇپ، ئۇلار ھىندىلار ۋە جۇڭگولۇقلاردۇر.

## 12. ھىندىلار

تەخمىنەن مىلادىيىدىن باشلاپ، تارىم ئويمانلىقىنى كېسىپ ئۆتىدىغان يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي لىنىيىسىدىكى بىر قانچە مۇھىم تۈگۈنلەردە ھىندى سودىگەرلىرى بولغان. ھىندىستاننىڭ بۇددا دىنى دىن تارقاتقۇچىلىرى ھىندىستان رىۋايەتلىرىدە دېيىلگەنگە ئوخشاش، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 3 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ئاشۇكا خان دەۋرىدە خوتەن بوستانلىقىغا بارغان-بارمىغانلىقى توغرىسىدا، بۇ يەردە مۇھاكىمە قىلمايمىز. لېكىن، مۇنداق بىر نۇقتا ئېنىقكى، ئۇ بولسىمۇ ساكلار بۇ بوستانلىقتا پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى، ھىندىستان ۋە جۇڭگونىڭ تەسىرى بۇ رايوننىڭ مەدەنىيىتىنى بەلگىلىگەن. خوتەن تارىخى بايان قىلىنغان بىر قىسىم تۇبۇتچە ھۆججەتلەردىمۇ بۇ نۇقتا

تەكىتلەنگەن [115] .

جۇڭگونىڭ بۇددا دىنى تارىخى شۇنى نامايان قىلىدۇكى، ھىندىلار مىلادىيىنىڭ دەسلەپكى بىر نەچچە ئەسىردە قۇرۇقلۇق ۋە سۇ يوللىرى ئارقىلىق جۇڭگوغا كەلگەن. لېكىن، ھىندىستاندا پەيدا بولغان بۇ دۇنياۋى دىن ئوتتۇرا ئاسىيا راھىبلىرى ۋە ئارساكىنىڭ مۇرىتلىرى ئارقىلىق جۇڭگوغا تارقىلىپ كىرگەن [116] . يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن جۇڭگونىڭ سەددىچىن سېپىلىنىڭ بىر راۋىقىدىن تېپىلغان سوغدچە بىر پارچە خەتتىن مىلادىيە 4 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى لوياڭدا سوغد سودىگەرلىرىدىن باشقا، ھىندى سودىگەرلىرىنىڭمۇ بارلىقىنى بىلەلەيمىز. كىروران (تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىدىكى بىر قەدىمىي دۆلەت) دىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە تېپىلغان بۇيۇملار بۇ رايوندا جۇڭگونىڭ تەسىرىدىن باشقا، يەنە ھىندىستان مەدەنىيىتىنىڭمۇ ئىز قالدۇرغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. مەسىلەن، كىشىلەرنىڭ بايقىشىچە، مېتال پۇل قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ئۈستىگە قارۇشتى يېزىقىدا ھىندىستان بەلگىلىرى چۈشۈرۈلگەن [117] . مىرەندىن تېپىلغان مىلادىيە 3 ~ 4 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىللىرىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن بۇددا دىنىغا ئائىت سىزما رەسىملەرمۇ بۇ يەردە ھىندىستان مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى بارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. كۇچادىمۇ شۇنداق، بۇ يەردىكى بىر رەسىمدە ھىندىچە كىيىنگەن بىر تۆرىنىڭ ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن.

ھىندىستان مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقاتقىنى ئاساسلىقى كۇشان خانلىقىدۇر. چۈنكى، بۇ خانلىقنىڭ زېمىنى ئامۇ دەرياسى ۋادىسى بىلەن ھىندى دەرياسى ۋادىسىغىچە، بىر مەزگىل ھەتتا گانگ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى موتۇروغىچە يېتىپ بارغان. ھىندى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھىندىلارنىڭ تەسىرىمۇ كۇشان خانلىقى چىقارغان قۇيما پۇلدا ئۆز

ئىپادىسىنى تاپقان، بۇنى دەسلەپكى بىر نەچچە ئەۋلاد خانلارغىچە سۈرۈش مۇمكىن. ئەگەر مىلادىيە 7 ـ ئەسىردىكى سوغدلارنىڭ كېيىنكى مەزگىلدىكى دىنىي سەنئىتىدىمۇ ھىندىستاننىڭ ھىندى دىنى ئۇسلۇبىنى كۆرگىلى بولىدۇ دېيىلسە (مەسىلەن، ئىلاھنىڭ ئوبرازى ھىندى دىنىدىكى شىۋانى ئويلاتقۇزىدۇ)، بۇ خىل تەسىر ئالدى بىلەن كۇشان خانلىقى ئارقىلىق تارقىلىپ كەلگەن بولىدۇ. بىزنىڭ سوغدىيانا رايونىدىمۇ ھىندىستان سودىگەرلىرى بولغان دەپ پەرەز قىلىشىمىز تامامەن مۇمكىن.



15 ـ رەسىم ھىندىچە كىيىنگەن بىر تۆرە ئوردىدا قۇياش ئىلاھىغا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلماقتا

ھىندىستاننىڭ يىپەك يولىغا كۆرسەتكەن تەسىرى بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ خىل تەسىر ئالدى بىلەن مەدەنىيەت شەكلىدە ئىپادىلەنگەن. گەرچە قارۇشتى يېزىقى تۇرمۇشتا ۋە مەمۇرىي ئىشلاردا قوللىنىلغان



16 ـ رەسىم ساقال قويۇۋالغان بىراھمى ۋە جىن ـ ئالۋاستىنىڭ باش قىسمى، دۇلدۇل ئوقۇردىن تېپىلغان

بولسىمۇ ( كۇشان خانلىقى بىلەن كروران خانلىقىدا شۇنداق)، بىراق بۇددا دىنى ماقال ـ تەمسىللىرى يېزىلغان ھۆججەتلەردىمۇ قوللىنىلغان. بۇنىڭدىن باشقا، ھىندىستاندا ۋۇجۇدقا كەلگەن براھمى يېزىقى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ ئۆزگەرگەن (118). ئۇ بۇددا دىنىنىڭ سانسكرىتچە ھۆججەتلىرىنى يېزىشتا قوللىنىلىپلا قالماستىن، يەنە خوتەن ساك تىلى ۋە توخار تىلىدىكى ئەسەرلەرنى، شۇنداقلا قىسمەن ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەسەرلەرنى يېزىشتىمۇ قوللىنىلغان. نۇرغۇنلىغان سانسكرىت تىلى ئاتالغۇلىرى سىرتتىن كەلگەن تىل سۈپىتىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر خىل تىللارغا، بولۇپمۇ بۇددا دىنىدا ئىشلىتىلگەن تىل ۋە مېدىتسىنا بىلەن ئاسترونومىيىدە قوللىنىلغان تىللارغا سىڭىپ كىرگەن. بۇلاردىن باشقا، ئاتالمىش «ھىندى ـ ئىران رەسىملىرى» دەۋرىدىكى كۆچادا، بىر خىل ھىندىستان سەنئىتى ئۇسلۇبى بىلەن تۇرمۇش ئۇسلۇبى تارقالغان (119). بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىپ كىرىشى بىلەن بىر

ۋاقىتتا، نۇرغۇنلىغان ھىندىستان مەدەنىيىتىنىڭ مەزمۇنلىرى، بولۇپمۇ ھىندىستاندا پەيدا بولغان بۇددا دىنى ھېكايىلىرى بىرلىكتە كىرگەن، بۇ جەھەتتە ھىندىستاننىڭ «بەش نوم قامۇسى» بايقالغان. بىراق، يىپەك يولىنىڭ شىمالىي بۆلىكى سەنئىتىدە دائىم كۆرۈلىدىغان براھمى ئوبرازى، ئېھتىمال تۇرمۇشتىكى ئەينەنلىك بويىچە ئەمەس، بەلكى بۇددا دىنى ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن يارىتىلغان بولۇشى مۇمكىن.

## 13. جۇڭگولۇقلار

جۇڭگولۇقلار (ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى كۆرسىتىدۇ — تەھرىردىن) يىپەك يولى مەدەنىيىتىگە زور تۆھپە قوشقان بولۇپ، ئۇلار دەسلەپتە خەن سۇلالىسى دەۋرىدە، كېيىن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تارىم ئويمانلىقىدىكى ھەربىي بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلىرىدا ئولتۇراقلاشقان، ئۇنىڭ ئالدىنقى قاراۋۇل نۇقتىسى پامىر تاغلىرى ۋە فەرغانە ۋادىسىغا يېتىپ بارغان، شۇنىڭدەك قۇمۇل، تۇرپان بوستانلىقلىرىدا خېلى بۇرۇنلا جۇڭگو كۆچمەنلىرى بولغان، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ يەنە قەشقەرگە بارغان. ئۇلار ئاساسلىقى دېھقانچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن، لېكىن يەنە سودىگەرلىرى ۋە قول سانائەت ئىشچىلىرىدىن شىنجاڭنىڭ مۇھىم تۈگۈن جايلىرىغا ئولتۇراقلاشقانلىرى ياكى ئۇ يەرگە بارغانلىرىمۇ بولغان. ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىدىن تېپىلغان دەسلەپكى مەزگىللەردىكى تۈركچە ئابىدىلەردىن جۇڭگونىڭ بەزى سەنئەتكارلىرى كەڭ يايلاققا چاقىرتىلىپ، ئالەمدىن ئۆتكەن بىر قاغاننىڭ قەبرىسىنى بېزىتىلگەنلىكىنى بىلدۇق (120) .

جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىغا بەكمۇ ئاز تەسىر كۆرسەتكەن، ھەم مىلادىيە 751 - يىلى تالاس دەرياسىدا ئەرەبلەر

بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، بۇ خىل تەسىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك يوقالغان. ئەمما، جۇڭگولۇقلار تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ، ئۆزلىرىنىڭ تارىم ئويمانلىقىدىكى تەسىر كۈچىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتكەن. كىشىلەر تۇرپاندىكى ئاستانىدىن نۇرغۇنلىغان ئاخىرەتلىك بۇيۇملار بىللە دەپنە قىلىنىپ ساقلانغان جۇڭگونىڭ قەدىمكى قەبرىلىرىنى قېزىپ چىققان، بۇ ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار بۇ خىل تەسىرنى تېخىمۇ يىراق قەدىمكى دەۋرگە سۈرۈش لازىملىقىنى نامايان قىلغان. تۇرپاندىكى ئاستانىدىن تېپىلغان خەنزۇچە مەكتۇپلار يەنە شۇنى ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگولۇقلار مۇشۇ يىراق رايونلاردا بۇددا دىنىنى تارقىتىپلا قالماي، يەنە ئۆزلىرىنىڭ تەرىقەت دىنى ۋە كۆڭزى تەلىماتلىرىنىمۇ تارقاتقان. مەسىلەن، تۇرپاندىكى ئىبادەتخانىدىن تېپىلغان بىر پارچە خەنزۇچە ئابىدىدىن جۇڭگونىڭ كلاسسىك يازغۇچىلىرىنىڭ بىلىمىنى چۈشىنىۋالدۇق [121] .

ئاستانىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن تېپىلغان ھۆججەتلەر جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى نەزەرىيىسىنى تارىم ئويمانلىقىدىكى جۇڭگو كۆچمەنلىرىنىڭمۇ قوبۇل قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ [122] .

ئۆز ئۆزىدىن مەلۇمكى، كۆپلىگەن ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە دائىر ھۆججەتلەردە جۇڭگونىڭ تەسىرى ئەكس ئەتسىمۇ، لېكىن ئۇ ئاساسلىقى يىپەك يولىدىكى بۇددا دىنى مەدەنىيىتىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مۇبادا بۇ دەسلەپتىلا دۇنخۇاڭدىكى قەدىمي مەدەنىيەت ئىزلىرىغا مۇۋاپىق كەلگەن دېيىلسە (بۇ نەرسىلەرنى پەقەت جۇڭگونىڭ سەنئەت ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى بىر ئەينەك دەپ قاراشقا بولىدۇ)، ئۇ چاغدا، مىلادىيە 640 ـ يىلىدىن كېيىنكى كۇچا، تۇرپان ۋە يىپەك يولىدىكى باشقا جايلاردا، جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ئوخشاشلا زور بولغان. بۇ نۇقتىنى نامايان قىلالايدىغىنى شۇكى، بىر تەرەپتىن تارىم ئويمانلىقىدىكى يىپەك يولىنىڭ

ھەرقايسى تۈگۈنلىرىدە جۇڭگونىڭ راھىب ۋە سەنئەتكارلىرى بولغان (بۇنى جۇڭگونىڭ ھىندىستانغا تاۋاپ قىلىشقا بارغۇچىلىرى قايتا ـ قايتا ئېيتىپ ئۆتكەن. ئۇلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان قېرىنداشلىرىنى ئۇچراتقاندا خۇشال بولغان)، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يىپەك يولىنىڭ شىمالىي لىنىيىسىدە جۇڭگو ئۇسلۇبىدىكى سىزما سۈرەتلەر بولۇش بىلەنلا قالماي، بەلكى يەنە جۇڭگو راھىبلىرىنىڭ رەسىملىرى ۋە بېغىشلىما خاتىرىلىرى بولغان. مەسىلەن، تۇرپاندىكى بېزەكلىك بۇ جەھەتتە ئالاھىدە گەۋدىلىك.



17ـ رەسىم. دەسلەپكى تاڭ ئۇسلۇبىدا سىزىلغان بىر جۈپ ئاقسۆڭەك ئەر ـ خوتۇن، ئاستانىدىن قېزىۋېلىنغان

يەنە بىر تەرەپتىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن باشلاپ، خەنزۇچە بۇددا دىنى ھۆججەتلىرى ئۇيغۇرلار تەرجىمە بىلەن شۇغۇللانغاندا ئاساسلىنىدىغان ئاساس نۇسخا بولۇپ قالغان. ئۇلار دەسلەپتە سوغدچە ۋە توخارچىدىن،

كېيىنچە سانسكرىتچىدىن تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، ھەتتا جۇڭگونىڭ ھىندىستاننى تاۋاپ قىلغۇچىسى خۇيتساڭنىڭ ھاياتىمۇ ئۇيغۇرچىگە تەرجىمە قىلىنغان. بۇددا دىنىنىڭ جۇڭگولىشىشقا قاراپ مېڭىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، تارىم ئويمانلىقىدىكى ھەرقايسى بۇددا دىنى مەركەزلىرىدە بەزى جۇڭگو راھىبلىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە بۇ يەردە جۇڭگولۇقلار باشقۇرۇۋاتقان بەزى مۇكەممەل ئىبادەتخانا ۋە كىتاب ئامبارلىرىمۇ بار ئىدى. مەسىلەن، مىلادىيە 982 ـ يىلى قوجو ئۇيغۇر خانلىقىغا كەلگەن جۇڭگو ئەلچىسى ۋاڭ يەندې خەنزۇچە بۇددا دىنى ھۆججەتلىرى ساقلىنىۋاتقان زور تېپتىكى بىر كىتاب ئامبىرىنىڭ ئەھۋالىدىن مەلۇمات بەرگەن بولۇپ، بۇ ئامبار ئاشۇ خانلىقتىكى 50 ئىبادەتخانىنىڭ بىرسىگە تەسىس قىلىنغان(123) . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۇرپاندىن تېپىلغان زور مىقتاردىكى خەنزۇچە بۇددا دىنى ھۆججەتلىرىمۇ جۇڭگولۇقلار تارقاتقان بۇددا دىنىنىڭ تارىم ئويمانلىقىدىكى دىنىي تۇرمۇش ۋە مەدەنىيەت تۇرمۇشىدا ئوينىغان مۇھىم رولىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جۇڭگولۇقلار «غەربىي يۇرت» قا قارىتا دىنىي ئىگىلىك ھوقۇقى تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان، بۇ دەۋردىكى تارىخىي ماتېرىياللاردا سەددىچىنىنىڭ غەربىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلگەنلىكى بايان قىلىنغان، بۇ ئاشۇ ئەھۋاللارنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرى (960 ~ 1279 ـ يىللار) دە جۇڭگو بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئارىسىدىكى بېرىش ـ كېلىش ئازىيىپ كەتكەن، بىراق موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە، بۇ خىل بېرىش ـ كېلىش يەنە يېڭىباشتىن كۆپىيىشكە باشلىغان.

شۇنداق بولسىمۇ، جۇڭگونىڭ تارىم ئويمانلىقىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرگە قارىتا كۆرسەتكەن تەسىرىنى دىنىي

مەدەنىيەتتىنلا ئەمەس، دىندىن خالىي مەدەنىيەتتىنمۇ



18 ـ رەسىم جۇڭگو راھىبلىرى، بېزەكلىك تام سۈرەتلىرىگە
ئاساسەن تەقلىد قىلىنغان. مىلادىيە 10 ـ ئەسىر

كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر تىلىغا كۆپلىگەن خەنزۇ تىلى ئاتالغۇلىرى ئۆتنە ئېلىپ قوللىنىلغان، ھەتتا جۇڭگونىڭ قانۇن - تۈزۈملىرىمۇ قوبۇل قىلىنغان، بۇنى ئۇيغۇرچە يېزىلغان نۇرغۇنلىغان قانۇن - تۈزۈم ھۆججەتلىرى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. جۇڭگونىڭ تەسىرى ئىقتىسادىي ساھەسىدىمۇ ئوخشاشلا رول ئوينىغان بولۇپ، سودا ساھەسىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۆلچەم - بىرلىكلەردىمۇ جۇڭگونىڭكى قوللىنىلغان. موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقىدا ئەركىن سودا ئېلىپ بېرىلغانلىقى ۋە جۇڭگوچە ئامىللار موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ مەدەنىيىتىگە سىڭىپ كىرگەنلىكى ئۈچۈن، شۇ مەزگىللەردە جۇڭگونىڭ تەسىر كۆرسىتىش ئىقتىدارى يەنە يېڭىباشتىن كۈچەيگەن.

## 14. ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەر ۋە كۆچمەن مىللەتلەر

ئەگەر بۇرۇن يىپەك يولى بويىدا ياشىغان ئاشۇ مىللەتلەر ۋە دۆلەتلەرنىڭ تارىخىنى ئەسلەيدىغان بولساق، ئۇنداقتا بۇ يەردە ئېبېرخارتنىڭ بىر ئېغىز سۆزى پرىنسىپ جەھەتتىن مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كۆچمەن مىللەتلەر بىلەن ئاسىيانىڭ چېتىدىكى يۇكسەك دېھقانچىلىق مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى ئالماشتۇرۇش ئاسىيا تارىخىنىڭ رېتىمىنى شەكىللەندۇرگەن» [124].

بەزى كۆچمەن قەبىلىلەر، بولۇپمۇ تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان كەڭ يايلاقتىكى قەبىلىلەر، ئۇزلۇكسىز تۇردە قەبىلە ئىتتىپاقى تەشكىللەپ، بىر ياپلاق خانلىقى قۇرۇپ چىققان. بۇ خانلىق قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچكە ئىگە بولۇپ، دېھقانچىلىق رايونلىرىغا، يەنى جۇڭگوغا تەھدىت سالغان، لېكىن ئالدى بىلەن يەنىلا قۇملۇقتىكى

بوستانلىقلارغا تەھدىت سالغان.

بۇ قەبىلە ئىتتىپاقلىرى دائىم ئەمەلىي كۈچى زور سەركەردىلەر تەرىپىدىن قۇرۇلغان بولۇپ، بىر قىسمى دەرىجە تۈزۈمى بويىچە تەشكىللەنگەنىدى. يەنە مۇنداق بەزى قەبىلىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغانكى، ئۇلار قورال كۈچى بىلەن قەبىلە ئىتتىپاقىغا قوشۇلغان. ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان ئاشۇ قەبىلىنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيىتى بۇ يايلاق خانلىقىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بەلگىلىگەن. بۇ يايلاق خانلىقى بولۇپمۇ جۇڭگولۇقلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، دائىملىق ئېغىر تەھدىتكە ئايلانغان. مەسىلەن، بۇ قەبىلە ئىتتىپاقلىرى قايتا ـ قايتا، داۋاملىق تۈردە دېھقانچىلىق رايونلىرىغا بېرىپ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغان، چۈنكى ئۇ يەردە ئۇلار قولغا كەلتۈرۈشنى ئارزۇ قىلىۋاتقان مەدەنىيەت بايلىقى بار ئىدى. جۇڭگو بۇ خىل ھۇجۇمدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن سەددىچىن سېپىلىنى قۇرۇپ چىققان، بۇ شۇ خىل ئەھۋالنىڭ دەسلەپكى بىر دەلىلىدۇر. ۋاھالەنكى، جەنۇبىي ھۇن (304 ~ 329 ـ يىللار)، توبا (386 ~ 550 ياكى 557 ـ يىللار) ۋە كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى موڭغۇللار (1279 ~ 1368 ـ يىللار) نىڭ قىلغىنىغا ئوخشاش، بۇ يايلاق خانلىقىنىڭ ھەرىكىتىدە دېھقانچىلىق رايونلىرىنى چەتكە قېقىش، ھەتتا ئۇنى پۈتۈنلەي ئىشغال قىلىۋېلىش، جۇڭگونىڭ ھوقۇقىنى ياكى ھېچ بولمىغاندا بىر قىسىم ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈپ ئېلىشنى ئويلىغان. بىراق، بۇ يايلاق خانلىقلىرى ئۆزلىرىنىڭ رايونلىرىدا، بولۇپمۇ چەت ئەلدە ئۇزۇن ۋاقىت مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمىغان، شۇنىڭ بىلەن ئۈزلۈكسىز تۈردە تەكرار ئىرقىي جەھەتتە ئۆزگىرىش ۋە سىياسىي ئۆزگىرىش ھادىسىلىرى يۈز بەرگەن. بۇنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، بىر كۆچمەن خانلىق تاسادىبىي باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، يەنە قەدەممۇ قەدەم زاۋال تاپقان، بۇنداق خانلىق يەنە ئۆزىنىڭ كۈچىيىپ گۈللەنگەن

مەزگىلىدە پېپەك يولىنىڭ شەرقىي قىسمىنى كونترول قىلغان. ئالدى بىلەن جۇڭگولۇقلار كەڭ يايلاقتا يۈز بەرگەن بۇنداق ۋەقەلەردىن چوقۇم خاتىرجەمسىزلىك ھېس قىلاتتى، چۈنكى خەن سۇلالىسىنىڭ «غەربىي يۇرت» قا نىسبەتەن ئوتتۇرىغا قويغان مۇددىئالىرى كۆچمەن ھاكىمىيەتلەرنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دەسلەپكى ۋاقىتتىن تارتىپلا شۇنى چۈشەنگەنكى، ھەربىي ۋاستە قوللانغاندىن سىرت، يەنە تاكتىكا ۋە دىپلوماتىيە ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ، بۇ خىل خەتەرنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلانغان. ئەمەلىيەتتە، جۇڭگولۇقلار كەڭ يايلاقتىكى مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىشكە ھەر ۋاقىت دىققەت قىلىپلا قالماي، بەلكى يەنە خەتەرلىك ئاپەتلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇ يەردىكى شەخسلەرنىڭ ئەھۋالىنىمۇ دىققەت بىلەن كۆزەتكەن.

كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ ھىندىستان ۋە ئىرانغا قارىتىلغان پاراكەندىچىلىكى ئۇزۇندىن بۇيان جۇڭگوغا قىلغاندەك ئېغىر بولمىغان، جۇڭگونىڭ كەڭ يايلاققا قارىتا تەبىئىي توساقلىرى يوق ئىدى. ھىندىستان بولسا قاراقورۇم تېغى، ھىندۇقۇش تېغى ۋە تىبەت ئېگىزلىكىگە تايىنىپ، ئۆزىنىڭ زېمىنىگە قارىتا قىلىنغان تاجاۋۇزچىلىقتىن ساقلانغان. شۇنداق بولسىمۇ، يەنىلا يات مىللەتلەر بۇ دۆلەتنىڭ غەربىي شىمال رايونىغا كۆپ قېتىم تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن، لېكىن ئۇزاققا قالماي ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتكەن. ئىران ئۆزىنىڭ شەرقىي قىسمىدا، ئاساسلىقى ھازىرقى ئافغانىستانغا تەۋە بولغان رايونلار ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا، باشتىن ـ ئاخىر كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ بۇلاڭ ـ تالاڭچىلىقى ۋە يات مىللەتلەرنىڭ كۆچۈپ كىرىشىدىن مۇداپىئەلىنىشكە مەجبۇر بولغان. شۇڭا، بۇ يەردىمۇ جۇڭگونىڭ غەربىي قىسىم چېگرىسىدىكىگە ئوخشاش مەسىلە قىسمەن كۆرۈلگەن. ئەگەر ئاخېمىنىدلار سكىفلارنىڭ

تەھدىتىنى ھېس قىلغان دېيىلسە، ئۇ ھالدا ئوخشاشلا ئارساكلار ۋە ساسانىيلارمۇ ساكلار، ئېفتالىتلار ۋە باشقا كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ ئىغۋاگەرچىلىكىگە ئۈزلۈكسىز ئۇچرىغان.



19 ـ رەسىم ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى، بېزەكلىك

تارىخ سەھنىسىدە تېز پەيدا بولۇپ، يەنە تېز غايىب بولۇش ـ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاشۇ كۆچمەن خانلىقلارنىڭ تارىخي ئالاھىدىلىكى. لېكىن، يىپەك يولىدىكى شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ تەرەققىياتىمۇ ئوڭۇشسىزلىقلارنى باشتىن ئۆتكۈزگەن، سەۋەبى ئاشۇ كۆچمەن خانلىقلارمۇ بوستانلىق رايونلارنى كونترول قىلىشقا ئىنتىلەتتى. بۇ بوستانلىق رايونلار بولسا، ئۈزلۈكسىز

ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىدە ئىدى. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ماھىرلىق بىلەن ئەڭ زور دەرىجىدىكى مۇستەقىللىقنى ساقلاپ قالغان ھەمدە مەدەنىي تۇرمۇشتىمۇ بىر قەدەر مۇقىم شەكىلنى ياراتقان. ئارىلىقتا سىياسىي جەھەتتىكى مالىمانچىلىق دەۋرنى ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ بوستانلىقلار يەنىلا سودا، قول سانائەت، سەنئەت ۋە ئىلىم - ھېكمەت مەركىزى بولغان. گەرچە ئۇلارنىڭ مۇستەقىللىق دەرىجىسىدە دائىم ئۆزگىرىش بولۇپ تۇرسىمۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ ئاشۇ كۆچمەن خانلىقلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە جۇڭگو، ئىران ياكى كۇشان خانلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۇلارغا قارىتا ئىشلىتىلگەن ھەربىي بېسىمغا باغلىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان سىياسىي جانلىقلىقنى كۆرسەتكەن. بۇ خىل جانلىقلىق ئۇلارنىڭ دۆلەت ئىچىدە مۇئەييەن ئەركىن ماكانغا ئىگە بولۇشنى تەمىن ئەتكەن. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئۇلار جۇغراپىيىلىك ئورنى بىلەن تا ئىسلام دەۋرىگىچە يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنى بولۇشتەك مۇھىم رولىنى ئۈزلۈكسىز ساقلاپ قالالىغان. ئۇلار سودا ۋە مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنى يۆتكەپ توشۇش جايى بولۇش سۈپىتىدە، دۇنياغا يۈزلىنىپ ئېچىۋېتىش مەركىزى بولغان. بۇ خىل ئەھۋال نۇرغۇنلىغان ئاھالىنىڭ كۆپ خىل تىلدا سۆزلىشەلەيدىغانلىقىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭغا مۇناسىپ يەنە مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشى باشلىنىشتىن بۇرۇن، بوستانلىقلاردا خىلمۇخىل مىللەتلەر بىرلىكتە ياشاپ كەلگەن. مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشىدىكى ئاساسلىق نامايەندە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈركلىشىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

# ئۈتىنچى باب
# يىپەك يولىدىكى دىنلار

يىپەك يولىدىكى دىن ساھەسىدە رەڭگارەڭ مەنزىرە شەكىللەنگەن. شۇنداق بولسىمۇ، ئېتىقادنىڭ مەزمۇنىنى ئوخشاش بولمىغان روشەن ئىككى تۈرگە، يەنى مىللىي دىن ۋە دۇنياۋى دىنغا ئايرىش مۇمكىن. بىز دەۋاتقان مىللىي دىن شۇ مىللەت ۋە ئىرق ئەزەلىرى ئارىسىدىكى ئېتىقاد ئادەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ دۇنياۋى خاراكتېرلىك دىن بولغان خرىستىئان دىنى، مانى دىنى، بۇددا دىنى ۋە ئىسلام دىنلىرىغا ئوخشاش، تۇرغۇنلىغان ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر ئارىسىغا تارقالغان ئەمەس. مانسىنگېر دۇنياۋى دىننىڭ تارقىلىشى ئۈچۈن ھازىرلىنىشى زۆرۈر بولغان ئىچكى شەرت - شارائىت جەھەتتە ئىزدىنىپ مۇھاكىمە ئېلىپ مۇنداق دەپ تەكىتلىگەن: دۇنياۋى دىن ھەر بىر ئادەمنىڭ مىجەز - خاراكتېرى بىلەن ھەمنەپەسلىك پەيدا قىلىدۇ، ئۇ ئادەمدە بولىدىغان ئەنئەنىۋى مىللىي مۇناسىۋەت بىلەن مۇناسىۋەتسىز. مىللىي دىن بولسا ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ، ئۇ مەلۇم بىر مىللەتنىڭ ئېتىقادى بولۇش بىلەنلا قالماي، شۇ مىللەتنىڭ مەنىۋى ۋە ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى بىلەن شۇنداق زىچ بىرلىشىپ كەتكەن بولىدۇكى، باشقا مىللەتكە تارقىتىش شەرت - شارائىتى يوق دېيەرلىك بولىدۇ[126].

يىپەك يولىدا بىر قىسىم ئاربلاشما تېپتىكى گىرەلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ دىنىي ئەھۋال بولسىمۇ[127]، لېكىن يۇقىرىدا ئېيتىلغان، دەسلەپ قارىماققا ئاددىي بىلىنگەن بۇ خىل ئايرىش

ئۇسۇلىنى شۇ دىنلارنى تۈرگە ئايرىشنىڭ پرىنسىپى قىلىشقا بولىدۇ. چۈنكى، بىز ئەمەلىيەتتە ئۇچراتقان ئاشۇ ئېتىقاد ئادەتلىرى تەرەققىي قىلىپ دىنىي جەمئىيەتنىڭ بىر خىل كېڭىيىش كۈچىنى پەيدا قىلالمىغان، ھەتتا ئاشۇنداق قىلىشنىمۇ ئويلاشمىغان. باشقا بەزى دىنلار بولسا، زور دەرىجىدە دىنىي جەمئىيەت دىنى بولۇپ قالغان بولۇپ، ئاساسلىقى ئۇلار يىپەك يولىنىڭ شەرقىي قىسمى (پامىرنىڭ شەرقى) دىكى بوستانلىق شەھەرلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بەلگىلىگەن. لېكىن، شەرقىي ئىران، كۇشان خانلىقى ۋە سوغد رايونلىرىدا بولسا، رايون ئالاھىدىلىكىگە ئىگە پارس مىللىي دىنى ئىسلامىيەت دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتا دىندارلار ئوبرازىنى ياراتقان. بۇنىڭ ئەكسىچە، قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى كەڭ يايلاقتىن بوستانلىق شەھەرلەرگە كۆچۈپ بارغان ئاشۇ كۆچمەن مىللەتلەر ۋە يېرىم كۆچمەن مىللەتلەر ناھايىتى زور دەرىجىدە ئىلگىرىكى قەبىلە دىنلىرىنى تاشلاپ، دۇنياۋى دىنغا ئېتىقاد قىلغان. ئولتۇراقلىشىش دەرىجىسى بارغانچە زورايغان بولسىمۇ، لېكىن ئەنئەنىۋى دىنىي تەركىبلەر خەلق ئېتىقادى سۈپىتىدە يەنىلا دۇنياۋى دىن ئىچىدە ساقلىنىپ كەلگەن. بۇ خىل ئەنئەنىۋى دىنىي تەركىبكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇددا دىنى كۆرۈنەرلىك ھالدا قاراقويۇق ھەممىنى قوبۇل قىلىپ كىرگۈزگەن. ئەمەلىيەتتە، يىپەك يولىدىكى دىنىي تۇرمۇشنىڭ بەلگە ـ ئالامىتى شۇكى، ئەنئەنىۋى دىنىنىڭ مەزمۇنلىرىنى ئالاھىدە ياقتۇرۇپ، قىسمەن ھالدا ساقلاپ قالغان ھەم ئۇنى ئېتىقاد قىلغان دۇنياۋى دىنغا قوشۇۋالغان.

شۇنىڭ بىلەن خەلق ئېتىقادى تەشكىلىي جەھەتتە ئەمەس، بەلكى كۆپ ھاللاردا ئاڭ جەھەتتە ئىپادىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ دۇنياۋى دىنغا ئەينى ۋاقىتتا ئۆزلىرىنىڭ رايون خاراكتېرلىك تامغىسىنى باسقان. شۇنداق بولسىمۇ، ھىندىستان ۋە ئىران بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا تۇتىشىدىغان رايونلاردا، دىنلارنىڭ

ئارىلىشىشقا يۈزلەنگەنلىكىدىن شۇنى كۆرەلەيمىزكى، بۇ ئەھۋال تامامەن يېڭى دىنىي قائىدە ـ يوسۇنىنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەب بولۇپ، بۇ خىل قائىدە ـ يوسۇنلۇق دىن ئەكسىچە يەنە دۇنياۋى دىنغا تەسىر كۆرسەتكەن.

بولۇپمۇ ئىران دىنى خىلمۇ خىل رايون تىپىغا ئىگە، يەنە ھەرقايسى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ قەبىلە دىنىمۇ شۇنداق. ئىران دىنىدا ئالاھىدە بىر خىل مۇتەئەسسىپلىك ئىپادىلەنگەن. گەرچە ئۇ خانىنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن راۋاجلىنىپ دۇنياۋى دىنغا ئايلىنالمىغان. دەرۋەقە، ئاتەشپەرەستلىك دىنىنىڭ جۇڭگودا تاڭ دەۋرىگىچە يەنە مەلۇم ساندا مۇرىتلىرى بولغان، بىراق بۇ ئادەملەر ئاساسلىقى غەيرىي جۇڭگولۇقلاردىن تەركىب تاپقان بولۇشى مۇمكىن [128] . بىز تارىم ئويمانلىقى ۋە دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئىران تىلىدىكى ھۆججەتلەرنى پۈتۈنلەي دېيەرلىك چوڭ تىپتىكى دۇنياۋى دىنغا مەنسۇپ قىلىپ كىرگۈزۈشىمىز مۇمكىن. شۇنداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، دەل ئىرانىنىڭ ئىدىيە كۆز قاراشلىرى يىپەك يولى رايونىدىكى مانى دىنى، بۇددا دىنى ۋە كېيىنكى ۋاقىتتا چوقۇم يەنە ئىسلام دىنىنىڭ شەكىللىنىشىگە ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسەتكەن. قەدىمكى يۇنانىنىڭ دىنىي ۋە مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ داۋاملىشىش رولى، ھەتتا يۇنان ـ باكترىيە خانلىقى (تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 256 ـ يىلىدىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 75 ـ يىلىغىچە) مۇنقەرز بولۇپ، ئۇزاققىچە يەنىلا تەسىرگە ئىگە بولغان [129] . بۇ خىل رولنىڭ بۇددا دىنىغا بولغان مۇھىم ئەھمىيىتىنى «قەندەھار» دېگەن سۆز ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. بۇ سۆزدە كۆزدە تۇتۇلغىنى غەربىي شىمالدىكى ئۆلكە بولۇپ، ئۇ يەردە مىلادىيە 2 ~ 4 ـ ئەسىرلەردە بىر خىل يۇنان بۇددا دىنى — رىم ئامىلىمۇ بار — سەنئىتى راۋاجلانغان، بۇ سەنئەتنىڭ نۇرى تېخىمۇ يىراقتىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىمۇ يورۇتقان.

گەرچە ھىندىستان بىلەن ھىندۇقۇش ۋە قاراقورۇم تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى رايونلار ئوتتۇرىسىدا قويۇق بېرىش - كېلىش ئالاقىلىرى بولسىمۇ، لېكىن ھىندى دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرخىل دىنلارنىڭ شەكىللىنىشىدە ئوينىغان رولى چەكلىك بولغان. مەسىلەن، بىز سوغد سەنئىتىدە چېلىقتۇرغان ھىندى دىنى شەكلىدىكى ئىلاھنىڭ بۇددا دىنى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى بولمىسىمۇ، لېكىن ھىندى دىنى ئىلاھى بىلەن دىنىي كۆزقاراشلىرىنىڭ بۇددا دىنىدا داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ دىنىي تۇرمۇشىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھىندى دىنىنىڭ ئۆزىگە سىڭدۈرگەندىن تېخىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

مىللىي دىنلارنى بايان قىلغاندا، ئالدى بىلەن ئىراننىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ھەر قايسى مىللىي دىنلارنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسىنى تەسۋىرلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ، لېكىن ساكلار ئۇنىڭ سىرتىدا، چۈنكى يىپەك يولىنىڭ ھەرقايسى تۈگۈنلىرى، بولۇپمۇ كۇشان رايونى ۋە پامىرنىڭ شەرقىدىكى رايونلارغا جايلاشقان ساكلار خېلى بۇرۇنلا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان[130]. باكترىيىلىكلەرنىڭ تارىخىي كەچۈرمىشلىرىدىكى ئۆزگىرىش كۆپ بولغان، شۇنىڭ بىلەن باكترىيىنىڭ دىنىي ئەھۋالىمۇ كۆپ خىل بولغان. توخارلار ئۆزلىرىنىڭ بۇددا دىنىدىن ئىلگىرىكى دىنى توغرىسىدا ھېچقانداق دەلىل - ئىسپات قالدۇرمىغان. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئاساسلىقى قەدىمكى تۈركچە ئابىدىلەردە كەڭ يايلاقتىكى ئاشۇ تۈركىي مىللەتلەرنىڭ قەبىلىۋى دىنلىرى توغرىسىدا خاتىرىلەر بار. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى مىلادىيە 7 - ئەسىردىن بۇرۇنلا تارىم ئويمانلىقى ۋە گەنسۇدىكى بوستانلىق شەھەرلەردە ئولتۇراقلىشىپ بولغان. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى يىپەك يولىدىكى بوستانلىق شەھەرلەردە ياشىغان جۇڭگولۇقلارنىڭ دىنى توغرىسىدىمۇ بىر قۇرۇلما سىخېمىسىنى سىزىپ چىقىش كېرەك. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بولۇپمۇ بۇ

مىللەت ئاساسلىقى ئۆرپ ـ ئادەت خاراكتېرىدىكى ھۆججەتلەرنى قالدۇرۇپلا قالماي، يەنە دەپنە بۇيۇملىرىدىن ئىبارەت مۇھىم بولغان ماددىي دەلىل ـ ئىسپاتلارنى قالدۇرغان (ئاستانىدە). بىراق، بۇ ساھەدە يەنە بەزى سىستېمىلىق تەييارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ.

## 1. مىللىي دىنلار

### باكترىيە دىنى

ئىمپېراتور ئالېكساندېر ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىن بۇرۇنلا، باكترىيىدە يەرلىك شەكىلدىكى بىر خىل ئاتەشپەرەستلىك دىنى تارقالغان بولۇپ، ئۇ يەرلىك ئېتىقاد بىلەن بىرلىشىپ كەتكەنىدى. روشەنكى، بۇ يەردىكى كىشىلەر ئىران دىنى مەركىزىي رايونىدىكى دىنداشلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كەلگەنىدى، ھەتتا مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 330 ـ يىلى ئىمپېراتور ئالېكساندېر تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىنمۇ، بۇ خىل مۇناسىۋەت يەنىلا ناھايىتى جانلىق بولغان. بۇ ئەھۋاللارنى ئاتەشپەرەستلىك ئىلاھلىرىغا بولغان چوقۇنۇش ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. مەسىلەن، مول ـ ھوسۇل ئىلاھى ئانناختاغا چوقۇنۇش؛ ياكى تىئېرغا چوقۇنۇش، بۇ ئىلاھ يامغۇر پەسلىدە كىشىلەرنىڭ كۆچە كۆيدۇرۇپ، ئىبادەت قىلىشىغا سازاۋەر بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئورموزد (ئاھۇرا مازدا) دېگەن ئىسىممۇ بۇ ئەھۋالنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ، ئۇ كۇشانىيلارنىڭ ئاخىرقى مەزگىلدىكى پۇللىرىدا ئۇچرايدۇ. قەدىمكى يۇنان دەۋرىدە، بولۇپمۇ يۇنان ـ باكترىيە خانلىقى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 256 ـ يىلىدىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 75 ـ يىلىغىچە) دەۋرىدە، ھەرخىل يۇنان ئىلاھلىرى تارقىلىپ كىرگەن. بۇ ئىلاھلارغا چوقۇنغۇچىلارنىڭ يۇنانلىقلارلا

ئەمەسلىكى چوقۇم. بۇ يەردىكى كىشىلەر شۇ يەردىكى ئاتەشپەرەستلەر دىنى ئىلاھى بىلەن يۇنان ئىلاھىغا ئوخشاشلا ئىبادەت قىلىپ چوقۇنغان ھەم يۇنان ئۇسلۇبى بويىچە ئۇلارنىڭ ئوبرازىنى ياراتقان. ئىلاھلارنىڭ سۈرىتى ئىبادەتخانىلاردىلا بولۇش بىلەن قالماي، يەنە بازارلاردىمۇ سېتىلغان ھەمدە يۇنان - باكترىيە خانلىقى پۇلىنىڭ كەينى يۈزىگىمۇ چۈشۈرۈلگەن. بۇ پۇلنىڭ ئوبوروت قىلىنىشى بىلەن يۇنان ئىلاھى باشقا جايلارغىمۇ تارقىلىشقا باشلىغان. كۇشان خانلىقى ئىچىدە تەسىر پەيدا قىلغان خىلمۇخىل مەدەنىيەت ۋە دىنلار شۇ دەۋردە قۇيۇلغان مىتال پۇللاردىمۇ ئەكس ئەتكەن. بۇ مىتال پۇللارغا بۇت ۋە بۇددا دىنىنىڭ ھەر خىل بەلگىلىرى چۈشۈرۈلگەندىن باشقا، يەنە ئاتاشپەرەستلەر ئىلاھى، ھىندى ئىلاھى ۋە يۇنان - رىم ئىلاھىمۇ چۈشۈرۈلگەن، ئۇلارنىڭ ئىسمى بۇ پۇللارغا يۇنان يېزىقىدا چۈشۈرۈلگەن[131].

ئاتەشپەرەستلىك دىنى ئىلاھىنىڭ ئىسمى كۆپىنچە باكترىيە ئاتەشپەرەستلىك دىنىدا ساقلىنىپ قالغان. بۇ ئۇلارنىڭ كۇشان ئىبادەتخانىلىرىدىكى ئەھمىيىتى ۋە ئوينىغان رولى، مۇتلەق ھالدا ئورتودوكسال ئاتەشپەرەستلىك دىنىنىڭكى بىلەن ئوخشاش دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە. تەخمىنەن 15 كىشىلىك ئاتەشپەرەستلەر ئىلاھى كۇشان ئىبادەتخانىلىرىدىكى ئەڭ چوڭ بىر گۇرۇپپا ئىلاھنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. ئۇنىڭ ئىچىدە «ئادىل» ۋە «دۆلەت» ئىلاھلىرى بولۇپ، ئۇلار ئاشۇ ئالتە «ئابى ھايات ئەۋلىيا» لىرىنىڭ ئىككىسى. ئاتەشپەرەستلىك نوملىرىدا، بۇ ئالتە ئەۋلىيا «ئەقىل - پاراسەت ئىلاھى» بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن. شۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇكى، دەل مۇشۇ ئىلاھلار خاننىڭ ئوچۇق - ئاشكارا ئىبادەت قىلىشىغا نائىل بولغان. يەنە بىر چۈشىنىۋېلىشقا بولىدىغىنى شۇكى، قۇياش ئىلاھى بىلەن غالىبىيەت ئىلاھىنىڭ ئۇرۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرى

بۇ خانلىقنىڭ دىنىي دۇنياسىدا ئالاھىدە رول ئوينىغان.

بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ھۆكۈمەت خاراكتېرىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، تۆۋەندە بايان قىلىنغان ھادىسىلەرنىمۇ چۈشىنىۋېلىش تەس ئەمەس: بىز قەدىمكى ئىراندىن بايقالغان پادىشاھ ياكى ئىلاھتىن ئىبارەت «بەخت ـ سائادەت نۇرى» دېيىلگەن ئادەم خانلىقنىڭ مېتال پۇلىدا بايقالغان. شۇڭا، تۆۋەندە بايان قىلىنغان ھادىسىمۇ كىشىنى ئەجەبلەندۈرمەيدۇ: مىلادىيە 2 ~ 4 ـ ئەسىرلەردىكى مېتال پۇلدا ئانناختىتا ۋە ناناغا چوقۇنۇش بىلدۈرۈلگەن، ياكى ئاتتىن ئىبارەت پاناھ ئىلاھىمۇ بايقالغان، ئات بولسا بۇ زېمىنى كەڭ، ئەمما جۇغراپىيىلىك جەھەتتە كۆپ قولايسىز بولغان خانلىققا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەمۇرىي ئىشلاردىمۇ، ھەربىي ئىشلاردىمۇ كەم بولسا بولمايتتى.



20 ـ رەسىم كانىشكا ۋە خۇۋىشكا خان قۇيدۇرغان پۇل ئۈستىدىكى «بەخت ـ سائادەت نۇرى ئىلاھى» ۋە ئىراننىڭ غالىبىيەت ئىلاھى

يۇقىرىدىكى بايانلاردىن شۇنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، كۇشان خانلىقى دەۋرىدە قەدىمكى يۇناننىڭ تەسىرى ئۇزۇن ۋاقىت داۋاملاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئاتەشپەرەستلىك دىنى شەرقنىڭ پۇل قۇيۇش ئىشىدا يەنىلا ئىنتايىن جانلىق كۈچكە ئىگە بولغان. ئەگەر ئىران ئىبادەتخانىلىرىدىكى ئەڭ ئالىي ئىلاھ ئاھۇرا مازدا

ناھايىتى ئاز كۆرۈنىدۇ دېيىلسە، بۇنىڭ سەۋەبى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ قىممىتى يوقلۇقىدا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئوبرازىغا قارىتا قورقۇش ھېس قىلغانلىقىدا.

شۇنداق بولسىمۇ، بىز يەنە شۇنى كۆرۈشىمىز لازىمكى، مېتال پۇلنىڭ ئەكس ئەتتۇرگىنى پەقەت ھۆكۈمەتنىڭ بىر خىل دىنىي پسىخىكىسىدىنلا ئىبارەت، ئۇ ھەتتا كىشلەرگە مەلۇم خاننىڭ دىنىي پروگراممىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، قۇياش ئىلاھى پەقەت كانىشكا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى خۇۋىشكا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋاقىتتىكى پۇلدىلا كۆرۈنىدۇ، تۆۋەندە بايان قىلىنغان ئەھۋالنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان. كانىشكا بۇددا دىنىنىڭ ئەنئەنىسىگە ئىگە بولغاچقا، ئۇنىڭ ھەل قىلغۇچ ئىلگىرى سۈرگۈچىسى بولۇپ قالغان؛ يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ئىككى خاننىڭ ئالدىنقىسى ۋە كېيىنكىسىمۇ ھىندى دىنى مەنبەسىدىكى دىنىي ئىدىيىنى ئۆزلىرىنىڭ پۇللىرىدا ئەكس ئەتتۈرگەن. مەسىلەن، كۇشان خانلىقىنىڭ 2 ـ خانى ۋىما كادفىز ھىندى دىنى ئىلاھى شىۋانى بۇددا دىنىنىڭ بەلگىلىرى بىلەن بىللە ئۆزى قۇيدۇرغان مېتال پۇلنىڭ ئۈستىگە چۈشۈرگەن، ھەتتا ساسانىيلار كۇشان خانلىقىنىڭ مەركىزىي رايونلىرىنىمۇ ئۆز تېررىتورىيىسىگە كىرگۈزۈۋالغان (مىلادىيە 356 ـ يىلىدىن) كېيىن، ھىندىستاننىڭ تەسىرى، بولۇپمۇ بۇددا دىنىنىڭ تەسىرى، يەنىلا ھۆكۈمەت قۇيدۇرغان كۇشان ـ ساسان مېتال پۇللىرىدا ساقلىنىپ قالغان.

ساسانىيلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، كۇشان خانلىقى بىر مەھەل قوراللىق دىنىي كۈرەشلەرنىڭ سەھنىسىگە ئايلىنىپ قالغان. ئەمما، ئاتەشپەرەستلىك دىنى، مانى دىنى ۋە بۇددا دىنى تىنچ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. بۇ جەرياندا دۇنيا قارىشى تامامەن ئوخشاش بولمىغان بۇ دىنلار ئوتتۇرىسىدا ھەيران قالارلىق بىرلىشىش بارلىققا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

مەسىلەن، بۇددا دىنى ئىبادەتخانىلىرىدا ئاتەشپەرەستلىك دىنىنىڭ نەزىر - چىراغ مېھرابى تەسىس قىلىنغانلىقى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

پرىنسىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، ساسانىيلار قوشۇۋالغان رايونلارنىڭ ھوقۇقى كۇشان خانىنىڭ قولىدا بولغان، برۇتس I بۇ ۋەزىپىنى بىرىنچى بولۇپ ئۈستىگە ئالغان ئادەم بولۇپ، ئۇ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ قۇيدۇرغان مېتال پۇلدا بۇتتىن باشقا يەنە ئاتەشپەرەستلىك دىنىنىڭ بەلگىلىرى بولغان. پرىنسىپ جەھەتتە ئوچۇق - ئاشكارا مۇشۇنداق بولىسمۇ، لېكىن شۇنداق قارىشىمىزغا بولىدۇكى، بىر مەزگىل ئاتەشپەرەستلىك دىنىنىڭ مۇرىتلىرىغا قارىتىلغان زىيانكەشلىك، مەسىلەن، ئالىي دەرىجىلىك باستېر كايدىر ۋاقتىدا قىلغانغا ئوخشاش كۇشان رايونىغىمۇ كېڭەيگەن (132) . شۇنداق بولسىمۇ، لېكىن بۇددا دىنى كۇشانلىقلارنىڭ ئەسلىدىكى ئەجدادلىرى تۇرغان جايدا، تاكى ئىسلامىيەت دەۋرىگىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، شەكسىزكى، يەرلىك شەكىلدىكى ئاتەشپەرەستلىك دىنى مۇستەقىل قەبىلە دىنى بىلەن بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان.

## سوغدلار يۇرتىدىكى دىنلار

ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسى ئوتتۇرىسىدىن سوغد ھۆججەتلىرى تېپىلغان، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىمى مۇغ تېغىدىن تېپىلغان خەت - چەكلەردۇر. بۇلار ئاساسلىقى سىياسىي ۋەقەلەرنىڭ دەلىلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭ ۋە گەنسۇدىن تېپىلغان سوغد يېزىقىدىكى ھۆججەتلەرنىڭ مەزمۇنى دۇنياۋى دىن خرىستىئان دىنى، مانى دىنى ۋە بۇددا دىنىغا مەنسۇپ بولۇپ، بۇ ھۆججەتلەردە مەخسۇس ئىشلىتىلگەن تىللارنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، سوغد تىلىدىكى ئىلاھ ۋە دىن توغرىسىدىكى ئاتالغۇلارنى ئۇچرىتىمىز (133) . گەرچە بۇ ئاتالغۇلار ئېتمولوگىيە

جەھەتتە ئاتەشپەرەستلىك دىنى ئاتالغۇلىرى بىلەن باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىسىمۇ، لېكىن كۆپ قىسمىنىڭ مەزمۇنى ھازىرغىچە يەنىلا قۇرۇق بولۇپ كەلگەن. ئەمما، ئىلاھنىڭ ئىسمى جەھەتتە بىر خىل تەسىراتقا، يەنى سوغد ئىبادەتخانىلىرى ئىراننىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە دېگەن تەسىراتقا ئېرىشتۇق.

پەقەت بەزى شەھەرلەر (ئافراسىياب، شەھرىستان ۋە پەنجىكەنت) نىڭ سىزما سۇرەتلىرى ئۈستىدە سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بارغان ھەمدە تىلشۇناسلىق تەتقىقاتى ئاساسىدا بايان قىلغاندىلا، ئاندىن مەلۇم دەرىجىدە تولۇق مۇستەقىل بولغان بۇ دىنىي ئوبراز يارىتىلغان دۇنيا توغرىسىدا ئومۇملاشتۇرۇلغان بىر تەسىراتقا ئېرىشەلەيمىز[134]، كىشىلەر دەل مۇۋاپىق ھالدا بۇ ئوبراز يارىتىلغان دۇنيا ئىسلامىيەت دەۋرىدىن ئىلگىرىكى شىنجاڭغا نىسبەتەن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ كۆرسەتكەن[135]. تارىم ئويمانلىقى ۋە گەنسۇنىڭ بوستانلىق شەھەرلىرىدىكى سوغدلار گەرچە چوڭ تىپتىكى دۇنياۋى دىنلارنىڭ مۇرىتلىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بۇ ئېتىقادلار تارقالغان ۋاقىتتا، ھەرگىز سوغد ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىگە ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولۇپلا قالماي، ئۇلار يەنە ئۆزلىرى كېلىپ چىققان جايلاردا ئاللىبۇرۇن بار بولغان ئۆرپ ـ ئادەت ۋە ئۆلچەملەرنى ساقلاپ قالغان. بىز پەقەت شۇنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىزكى، سوغدلاردا كېلىپ چىققان يېڭى يىل بايرىمى («يېڭى كۈن») توخارلار ۋە ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ئالغاندا ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، بۇ بايرام روشەنكى، پەقەت تارىم ئويمانلىقىغا بارغاندا، ئاندىن بۇددا دىنى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن.
قەدىمكى تۈركىي تىلدا سوغد تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆز ـ ئىبارىلەرمۇ سوغدلارنىڭ مۇھىم ۋاستىچىلىك رولىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن[136]. بۇ سۆز ـ ئىبارىلەرمۇ كۆپ چاغلاردا دىنىي كاتېگورىيىگە مەنسۇپ بولغان.



21 ـ رەسىم تەختتە ئولتۇرغان ئايال ئىلاھ،
پەنجىكەنتتىكى 2 ـ نومۇرلۇق ئىبادەتخانا،
مىلادىيە 6 ـ ئەسىر (؟)

كۇشان سەنئىتىنىڭ ئەكسىچە، سوغد سەنئىتى ئۆزى كېلىپ چىققان جايدا ھۆكۈمەت ئالاھىدىلىكى بولمىغان. ئۇ بىر خىل نازاكەتلىك ۋە شەھەر ئاھالىسىنىڭ سەنئىتى بولۇپ، بۇ خىل سەنئەت بىر تەرەپتىن خان ـ تۆرىلەر ئوردىسىدا، يەنە بىر تەرەپتىن شەھەر بايلىرىنىڭ ئائىلىسىدە مەۋجۇت ئىدى. ئۇ كۆپ

مىقتاردىكى ئۆرپ - ئادەت تېمىلىرىدىن باشقا، دىنىي پائالىيەت كۆرۈنۈشلىرىنىمۇ نامايان قىلغان. بەزى شەھەر ئىبادەتخانىلىرى ۋە ئائىلە ئىبادەتخانىلىرىدىكى ئارخېئولوگىيە تېپىلمىلىرىنى سوغد دىنىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى سۈپىتىدە تەتقىق قىلىشقا بولىدۇ. بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مىلادىيە 6 ~ 7 - ئەسىرلەردە ۋۇجۇدقا كەلگەن، بۇ يەرلىك تىللارنىڭ يېڭىباشتىن گۈللەنگەن دەۋرى ئىدى. بۇ يەرگە بۇرۇنلا بۇددا دىنى تارقىلىپ كىرگەن بولغاچقا، نۇرغۇنلىغان يەرلىك دىنلار چەتكە قېقىپ چىقىرىۋېتىلگەن، ئىسلام دىنى تېخى تارقالمىغانىدى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان شەھەرلەردە، ھىندىستاننىڭ ھىندى دىنى يەنىلا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەردىكى تام رەسىملىرىدە، بۇددا دىنىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە ئائىت دەلىل - ئىسپاتلار ساقلىنىپ قالمىغان.

مىلادىيە 9 - ئەسىردىكى ئىسلامىيەت دەۋرىگە كەلگەندە، سەمەرقەندنىڭ ئاتەشپەرەستلىك دىنىي مۇرىتلىرى دىنىي مەسىلىلەردە يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ئىراندىكى دىنداشلىرىدىن مەسلىھەت سورىغان بولسىمۇ[137]، لېكىن سوغدلاردىكى ئىران دىنى ئىلاھلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىرانچە ئىسمى بولغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزىنىڭ تولۇق مۇستەقىللىق ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلغان[138]. ھەرخىل ئىلاھلار بولغاندىن تاشقىرى، يەنە بىر تۈرلۈك جىن - ئالۋاستى بولۇپ، ئۇنىڭ كاتتىبېشى سوغد ھازازۇلى ئىكەن. ئۇلار ئىلاھ بىلەن قارمۇقارشى بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. ئىلاھنىڭ خاس ئالاھىدىلىكى، ئاساسلىقى ئۇلارنىڭ سۈرىتىدە ئوبراز يارىتىشتا ئىپادىلەنگەن. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە غەيرىي ئاتەشپەرەستلىك ئىلاھلىرىمۇ بولغان. مەسىلەن، «زېمىن ئىلاھى»، يەنە بەزى جىن - شەيتانلارمۇ بولۇپ، ئۇلار ھىندىستان ئۇسلۇبى بويىچە ھەم مېھرىبانلىقنى

ئىپادىلىسە، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئۇلارنىڭ كىشىلەر كۆرسىلا تېنى شۇركىنىدىغان ئالاھىدىلىكىمۇ بار بولۇپ، بۇ پۈتۈنلەي غەيرىي ئىرانچە ئاڭ ئىدى.

سوغد ئىبادەتخانىلىرى ئۆزىدىكى تام سۈرەتلىرى ئارقىلىق گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىكى ئىلاھ دائىم تەختتە ئولتۇرغان ھالەتتە بولۇپ، تەختنى رېئاللىقتىكى ياكى ئەپسانىلەردىكى ھايۋان كۆتۈرۈپ تۇرغان. بۇنىڭدىن ھىندىستاننىڭ تەسىرى رول ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئىبادەتخانا ئىچىدە بىر پارچە توپلىشىپ تۇرغان ئىلاھنىڭ سۈرىتى بار، بۇ خىل ئىبادەتخانا قۇرۇلۇشى (ئالدى تەرىپىدە تۆت تال تۈۋرۈكى بار ئىبادەتخانا) نى ئىران ئاتەشپەرەستلىك دىنى چېركاۋىنىڭ نۇسخىسىدىن سۈرۈشتۈرۈشكە بولىدۇ (139) . ئىبادەتخانا يېنىدا ئوتقا چوقۇنۇش سارىيى بارلىقى ئىسپاتلانغان.

ئىبادەتخانىدا دائىم ھۆرمەت بىلدۈرۈلىدىغان ئايال ئىلاھ ئىچىدە نانا بولۇپ، بىز ئۇنى كۇشان سەنئىتىدە كۆرگەن. پەنجىكەنتتىكى بىر پارچە سىزما سۈرەتتە ئۇ تۆت قوللۇق قىلىپ سىزىلغان. ناھايىتى روشەنكى، پۈتكۈل ئامۇ دەرياسى ۋادىسىدا، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا مۇشۇنداق تەرىزدە ھۆرمەت بىلدۈرگەن (140) . بەزى سۈرەتلەردە، ئۇنىڭ تۆت قولىدىن ئىككىسى قۇياش ۋە ئاينى كۆتۈرۈپ تۇرغان. بۇنىڭدىن باشقا، نانا يەنە ئۆلۈم ئىلاھىغا قوقۇنغانلىقى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن. مىتال پۇلدىمۇ ئۇنىڭ ئىسمى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئىسلامىيەت دەۋرىدىن ئىلگىرى سوغدلار ئىبادەتخانىسىدىكى ئاساسلىق ئىلاھىي سۈرەتلەردىن بىرى بولغان بولۇشى مۇمكىن. نانادىن باشقا يەنە بىر قوش قوللۇق ئىلاھ بولۇپ، ئۇمۇ تۆت قوللۇق قىلىپ سىزىلغان. قارىغاندا ئۇ دەريا ئىلاھى ئىكەنلىكى ئېھتىمال. دەرۋەقە، ئۇ ئانناختىنا بىلەن مۇناسىۋەتلىك (141) . بىر ئىلاھ بولۇپ، ئەرگە ئوخشايدۇ، كىشىلەر ئۇنى مىترا دەپ قاراشقا

مايىل. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ساۋۇت - دۇبۇلغا كىيگەن ئۇچ باشلىق بىر ئادەم سىزىلغان. كىشىلەر بۇنى سوغدلارنىڭ شامال ئىلاھى دەپ ھۆكۈم قىلغان(142). بىز شۇۋا ھەقىقىدىكى رىۋايەت - چۆچەكلەرگە ئاساسەن بۇ ئۇچ باش يارىتىش، ساقلاپ قېلىش ۋە گۇمران قىلىشقا ۋەكىللىك قىلىدۇ دەپ قارايمىز. شۇڭا، ھىندىستان ئۇلگىسى بويىچە بۇ شامال ئىلاھى ئالەمدىكى بىر - بىرىگە قارمۇقارشى بولغان نەرسىلەرنىڭ يىغىلىپ بىر گەۋدىلىنىشىدۇر.

سوغدلارنىڭ سىزما سۈرەت ئەسەرلىرىدە، داستان بىلەن ئوردا تۇرمۇشى جەھەتتىكى مەزمۇنلار زور ھەجىمنى ئىگىلىگەن، بىراق ئىلاھ سۈرىتىدىن باشقا، ئۆلۈم ئىلاھىغا دۇئا - تىلاۋەت، نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈۋاتقان ئەھۋالمۇ نامايان قىلىنغان.



22 - رەسىم ئۇچ باشلىق شامال ئىلاھى، پەنجىكەنت.
مىلادىيە 7 - ئەسىر

## ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرىنىڭ دەسلەپكى قەبىلە دىنلىرى

كۇچا، قاراشەھەر ۋە تۇرپان بوستانلىقلىرىدىكى توخارلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى دىنى توغرىسىدا ئاساسەن ھېچنېمىنى بىلمەيمىز. لېكىن، تۈركلەرنىڭ بۇ بوستانلىق شەھەرلىرىگە كۆچۈپ بېرىشتىن ئىلگىرىكى دىنى توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىمىز كۆپرەك. بۇ چوڭ قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى كەڭ يايلاقتا تېپىلغان قەدىمكى تۈركچە مەڭگۈتاش يادىكارلىقلىرىغا مەنسۇپ بولۇشى كېرەك. بۇ مەڭگۈتاشلار ئاساسلىقى مىلادىيە 7 ~ 8 - ئەسىردە ۋۇجۇدقا كەلگەن قەبرە ئابىدىلىرىدىكى ئويما يېزىق، ئۇلار ئارقىلىق ئۆلگۈچىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى تۇرمۇشىنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇ ھەمدە ئۇلار يەنە دىنىي ئەھۋاللارنىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. فون گابائىن تەكىتلەپ مۇنداق كۆرسەتكەن: بۇ مەڭگۈتاشلاردىن بىر قىسمى سېھىرگەرلىك تۈسىنى ئالغان، ئۇلار ئۆلگۈچىنىڭ شان - شۆھرىتىنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا تونۇشتۇرۇپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ ئۇ دۇنيادا ياخشىلىققا ئىگە بولۇشىنى تىلىگەن.

تۈركلەر چوقۇنىدىغان ئىلاھنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا، مۇشۇ مەڭگۈتاشلاردىن شۇنى بىلدۇقكى[143]، تەڭرى يەر ياكى يەر ئىلاھىدىن باشقا، ئۇلار چوقۇنغان ئەڭ ئۇلۇغ ئىلاھتۇر. بىزدە ئىشەنچلىك دەلىل - ئىسپات يوق بولسىمۇ، لېكىن شۇنداق قارايمىزكى، تەڭرى ھەرقايسى ئىلاھلارنىڭ ئاتىسى دەپ قارالغان. قىسقىسى، تەڭرى «مۇقەددەس تۈرك زېمىنى» دىن باشقا، دائىم تىلغا ئېلىنىدىغان «ئەرشتىكى تۈرك ئىلاھى» دىن ئىبارەت. شۇنداق بولۇپلا قالماي، يەنە يەر ئىلاھى ۋە سۇ ئىلاھى بارلىقىنى بىلدۇق، بۇ خىل جىن - ئالۋاستى ۋە ئىلاھلار روشەن يەرلىك خاراكتېرگە ئىگە. تۈركىي تىلدا يېزىلغان ئاخىرقى مەزگىللەردىكى بۇددا دىنى ھۆججەتلىرى بىزنى شۇنداق پەرەز

قىلدۇرىدىكى، ئۇ چاغدا ئاسمان ۋە زېمىندا نۇرغۇن جىن ـ ئالۋاستى ۋە ئىلاھلار بولغان. بۇ جىن ـ ئالۋاستى ۋە ئىلاھلارنىڭ مۇھىملىقى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىككى ئۇلۇغ ئىلاھنىڭ كەينىگە تىزىلغان.

تەڭرى خەلق ئاممىسى ۋە ئۇنىڭ قاغانىنىڭ تەقدىرىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ، ئۇ قاغانلىق ئورۇنى دۆلەت قاغانىغا تەيىنلەپ بەرگەن. ئۇ ۋەزىرلەرگە ئەقىل ـ پاراسەت ۋە كۆزىتىش كۈچىنى بەخش ئەتكەن، قوڭۇر يەر بولسا، ئىنسانلارنى بېقىۋاتقان، تەڭرى تۈرك خەلقى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرىگە كۈچ ـ قۇۋۋەت بەرگەن. لېكىن، ئۇ دۈشمەننى يەڭگەندىن كېيىن يەنە كەڭ قورساقلىق قىلغان. خەلق خاتالىق ئۆتكۈزمىسىلا، تەڭرى ۋە يەر تۈرك دۆلىتى بىلەن ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇزۇن ۋاقىت مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا كېپىللىك قىلغان. لېكىن، مۇنداق بىر خىل ئەھۋالدا، تەڭرى ۋە يەرنىڭ مالىمانچىلىق كۆرسىتىش، ھەتتا توپىلاڭ پەيدا قىلىش ئېھتىمالى بولغان. ئۇلار قاغاننى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جازا قوللىنىشى مۇمكىن. ۋاھالەنكى، بۇ ئادەتتە ۋاقىتلىق ئەھۋال بولىدۇ. چۈنكى، ئىلاھنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى باشتىن ئاخىر ئادەملەرنى ئامان ـ ئېسەن ساقلايدىغان ۋە باشقۇرىدىغان كۈچتۇر.

تەڭرى خەلق ۋە دۆلەتنىڭ تەقدىرىگە يېتەكچىلىك قىلىپلا قالماي، ئۇ يەنە ئالەمدىن ئۆتكەن قاغانلارنىڭ روھىنىمۇ قوبۇل قىلىۋالغان، قاغان ئۆزىنى «تەڭرى بىلەن باراۋەر، ئەمما تەڭرى ياراتقان» دەپ ئاتىشى مۇمكىن. «كۆل تېگىن مەڭگۈتېشى» نى پۈتكۈچى مۇشۇنداق ئارزۇنى بىلدۈرۈپ، ئالەمدىن ئۆتكەن (ئاسمانغا چىقىپ كەتكەن) قاغاننىڭ ئاسماندىكى تۇرمۇشىنىڭ يەر ئۈستىدىكىگە ئوخشاش بولۇشىنى ئۈمىد قىلغان. بۇ ئۇ ئالەم، بۇ ئالەمنىڭ داۋامى دېگەنلىكتۇر. ئەگەر ئۆلگەندىن كېيىنكى تۇرمۇش — سېھىرگەرلىك قوغدىغان، ئەلۋەتتە — [144] پانىي

دۇنيادىكى تۇرمۇشىنىڭ داۋامى بولۇپ، خۇددى نەزىر - چىراغ، ئۆلۈم ئىلاھى نەزىر - چىرىغى ۋە ئەجدادلار ئۈچۈن قىلىنغان نەزىر - چىراغلار ئىپادىلىگەنگە ئوخشاش [145] دەپ چۈشىنىلسە، ئۇ ھالدا بۇ باشقا تەرەپلەردىن بىلگەن قەبىلە دىنىي ئېتىقادلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىغا تامامەن ئوخشاش بولىدۇ.

بىر مىللەت ئېتىقاد قىلغان ئىلاھنىڭ، ھەتتا ئىرقىي جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ، قاغان تۈرلەر بىلەن زىچ باغلانغانلىقىدىكى مۇھىم سەۋەب شۇكى، بۇنداق روھىي ھالەتنىڭ كېلىش مەنبەسى تەڭرى بولۇپ، ئۇنى تەڭرى ئىنئام قىلغان [146]. شۇنىڭغا ئوخشاش مۇھىم بولغىنى شۇكى، ئاتالمىش ئاشۇ «ئىلاھ» نىڭ دۆلەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقىدۇر. بۇ دۆلەتكە «قەدىرلىك ئانا خانىم» نىڭ ئىسمىنى بېرىشكە بولىدۇ. بۇنىڭدا ئاساسلىقى يەر ئىلاھى ئانا تاغ، يەنى كەڭ يايلاقتىكى تۈرك قاغانلىقىنىڭ پايتەختى كۆزدە تۇتۇلغان. تۇرپاندىن تېپىلغان مانى دىنىغا ئائىت بىر پارچە ھۆججەتتە، شۇنى يازغۇچى ئىززەت - ھۆرمەت ئىبارىلىرى بىلەن يەر ئىلاھى ئانا تاغدىكى شامان ئىلاھىنى تىلغا ئالغان [147]. ئۇنىڭدا يەر ئىلاھى ئانا قاغانلىقنىڭ ئۆز پاناھىدا ساقلىغۇچى ئىلاھ بولۇپ، «يېقىندىن مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغان قاغان - تۆرىلەرگە ئىلتىپات قىلىپ، كۈچ - قۇۋۋەت بەرگەنلىكى» تەكىتلەپ كۆرسىتىلگەن [148]، مەڭگۈتاش ئابىدىلىرىدىن كەڭ يايلاق قاغانلىقىنىڭ مەركىزى بولغان يەر ئىلاھى ئانا تاغنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. مەڭگۈتاش ئابىدىلىرىدە كەڭ يايلاق قاغانلىقىنى مۇشۇ جايدىن كېلىپ باشقۇرۇشقا تېگىشلىك ئىكەنلىكى تەكىتلەپ كۆرسىتىلگەن [149]. شۇنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇگۇ قاغان مىلادىيە 762 - يىلى مانى دىنىنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، پۈتكۈل قاغانلىق ئېتىقاد

قىلىبدىغان دىن قىلىپ جاكارلىغان بولسىمۇ، لېكىن قاغانلىقنىڭ بۇ مۇقەددەس مەركىزى، يەنى ئالەمنىڭ كېلىپ چىقىشى مەركىزىنىڭ مىلادىيە 840 - يىلى يوقىلىشى ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، تولىمۇ زور دىنىي رولغا ئىگە ئىدى، شۇ يىلى ئۇلارنىڭ يايلاق دۆلىتى قىرغىزلار تەرىپىدىن گۇمران قىلىنغان. قارىغاندا، بىز تۆۋەندىكىدەك پاكىتنى، يەنى كەڭ يايلاقتىكى مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ بولغان دۆلەتتە مىللىي دىن يەنىلا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز لازىم.

ھەرقايسى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئاشۇ مۇقەددەس رايوندىن قوغلاپ چىقىرىلىشىغا ئەگىشىپ، ئەسلىدىكى ئېتىقادىمۇ بىر مۇھىم تايانچىدىن ئايرىلىپ قالغان. ئارقىدىنلا، تۈركلەر يىپەك يولىدىكى بوستانلىقتا يېڭىدىن ئولتۇراق رايوننى ئىگىلىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار ئەنئەنىۋى دىندىن ۋاز كېچىپ، بىرنەچچە دۇنياۋى دىنغا ئېتىقاد قىلغان، بۇلاردىن ناھايىتى ئاز بىر قىسمى نېستورى دىنىغا ئېتىقاد قىلغان، بەزىلىرى ئەينى ۋاقىتتا تۇرپاندا يىلتىز تارتىپ بولغان مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بارغانچە كۆپلىگەن ئادەملەر بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. ئەلۋەتتە، ئەسلىدىكى مىللىي ئېتىقادنىڭ بەزى ئەسلىملىرى يەنە ساقلىنىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، يەر ئىلاھى ئانا ئۈچۈن دۇئا - تىلاۋەت قىلىش بۇ نوقتىنى ئىسپاتلايدۇ. لېكىن، قائىدە جەھەتتىن ئالغاندا، مىللىي دىنىنىڭ تەركىبى ئاساسلىقى بۇددا دىنىغا كىرگۈزۈلگەن. مۇبادا رايون خاراكتېرىدىكى قوغدىغۇچى ئىلاھقا يەنە دۇئا - تىلاۋەت قىلىنىدۇ دېيىلسە، ئۇ ھالدا بۇ ئىلاھلار يېڭى يۇرتنىڭ مۇھاپىزەت ئىلاھى بولغان. مەسىلەن، «قۇتلۇق ئەل قوجونىڭ قوغدىغۇچى ئىلاھى» غا ئوخشاش. لېكىن، يەنە بىر تەرەپتىن نېستورى دىنىنىڭ پەيغەمبىرى، مەسىلەن، ئەۋلىيا جورج، مانى دىنىنىڭ پەرىشتىسى، بولۇپمۇ بۇددا دىنىنىڭ ئىلاھى، ھازىر ئۇلارنى

ئۆرپ ـ ئادەتنى قوغداش فۇنكسىيىسى ئۇستىگە ئالغان. تۈركچە



23 ـ رەسىم تۈركلەرنىڭ قوغدىغۇچى ئىلاھى، قولىدا بىر تەخسە گۈلنى
كۆتۈرۈپ بۇدداغا ھۆرمەت بىلدۈرمەكتە. قوجو،
مىلادىيە 10 ـ ئەسىر.

تۇرپان ھۆججەتلىرىدىكى بېغىشلىما خاتىرىلەر بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلىغان (150). ۋاھالەنكى، بەزىلىرى ئەسلىدە دۇنياۋى دىندىن كەلگەنلىكى ناتايىن بولسىمۇ، لېكىن بۇ دىنلارغا قوبۇل قىلىنىپ بولغان بەزى مەزمۇنلارنىڭ يەنىلا تۈركلەرنىڭ مىللىي ئېتىقادىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكى ئېھتىمالغا يېقىن (151). مەسىلەن، تۈركلەردىن بولغان بىر بۇددا دىنىغا ئېتىقادچى بۇرۇنلا تولۇق بۇددا دىنىلىشىپ كەتكەن ئاسمان ئىلاھى ۋە يەر ئىلاھى ئۈچۈن نەزىر ـ چىراغ قىلىپ، ئۇلارنى بۇددا دىنىنىڭ ئىلاھى بىلەن بىللە تىلغا ئالغان ھەمدە ئۆزىنىڭ ئىخلاسمەنلىك ھەرىكىتىدىكى بىر قىسىم ئۆھپىسىنى مۇشۇ ئىلاھلارغا تەقدىم قىلغان. (152)

## 2. دۇنياۋى دىنلار

### خرىستىئان دىنىنىڭ نېستۇرى مەزھىپى

ئىنجىل دەۋرىدىلا خرىستىئان دىنى شەرققە تارقىلىپ بولغان، مۇقەددەس روھنىڭ چۈشۈشى توغرىسىدىكى رىۋايەت («ھاۋارىيۇنلار تەزكىرىسى» («使徒行传») نىڭ 2 ـ، 9 ـ بابى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بابلار) دىن شۇنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇقەددەس روھنىڭ چۈشۈشىدىن ئىبارەت بىر ئەھۋال يۈز بەرگەن ۋاقىتتا، ئېرۇسالمدا ئارساكلار، مېتاللار ۋە ئارمىنلارمۇ بولغان. مۆلچەرىمىزچە، مىلادىيە 2 ـ ئەسىردىن باشلاپ، ئىران زېمىنىدا بىر خرىستىئان دىنى جەمئىيىتى بولغان. بۇ دىنىي جەمئىيەت ئىلاھىيەت جەھەتتە سۈرىيىنىڭ دىنىي مەركىزى (مەسىلەن، ئالبىرا ۋە ئايدىس) گە بويسۇنغان. مىلادىيە 5 ـ ئەسىردە، ساسانىيلار خانلىقى دائىرىسىدە «شەرقىي سۈرىيە چېركاۋى» دېيىلىدىغان بىر مۇستەقىل چېركاۋ تەسىس قىلىنىپ، رەسمىي ھالدا «ھاۋارىيۇنلار چېركاۋى» دەپ

ئاتالغان. ئۇ مىلادىيە 483 ـ يىلى غەربىي قىسمىدىكى دۆلەت چېركاۋىدىن ئايرىلىپ «شەرقىي قىسىم چېركاۋى» بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ چېركاۋ تەشكىلىي جەھەتتە ۋە دىنىي مۇراسىم ھەم دىنىي ئەقىدە جەھەتلەردە مۇستەقىل راۋاجلانغان. بۇ «ھاۋارىيۇنلار چېركاۋى» نىڭ مەنىۋى مەركىزى، پېرسىيىدىكى نوم ـ دەستۇرلار مەھكىمىسى نىسبىس ئىدى.



24 ـ رەسىم ئاتلىق دىن تارقاتقۇچى، قولىدىكى ئۇزۇن تاياقتا نېستۇرى دىنى كرېست بەلگىسى بار

بۇ «شەرقىي قىسىم چېركاۋى» دا، سۇرىيە تىلىنىڭ ئورنى لاتىن تىلىنىڭ غەربىي قىسىم رايونىدىكى ئورنى بىلەن ئوخشاش ئىدى. بۇ چېركاۋ تىلىنىڭ ئەۋج ئالغان جايى ناھايىتى كەڭ

بولۇپ، جۇڭگوغىچە يېتىپ بارغان ھەممە بۇ جايلاردا ئۆزىنىڭ ھەل قىلغۇچ رولىنى ساقلاپ قالغان. بۇنى يەتتە سۇ ۋادىسى، يەنى بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىي رايونلىرىدا تېپىلغان سۇرىيە يېزىقىدىكى قەبرە ئابىدىسى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. سۇرىيە تىل - يېزىقىدىن باشقا، يەرلىك تىل يېزىقىمۇ قوللىنىلغان، مەسىلەن، ئوتتۇرا ئەسىر پارس تىلى، سوغد تىلى، تۇرك تىلى ۋە خەنزۇ تىلىنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ ھۆججەتلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن، گەرچە بۇ ھۆججەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى تەرجىمە نۇسخا بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆزى يازغان ئەسەرلەرمۇ بار[153].

مىلادىيە 5 - ئەسىردە، نېستورى دىنىنىڭ ئەقىدىسى ھۆكۈمەتنىڭ رەسمىي ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن، بۇ دىنىي تۈزۈم جەھەتتىكى مۇھىم قارار ئىدى. مىلادىيە 431 - يىلىدىكى ئېفېس شەھرىدە ئېچىلغان دىنىي يىغىندا، نېستورى ئەقىدىلىرى غەربىي قىسىم چېركاۋىنىڭ قارغىشىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا شەرقىي قىسىم چېركاۋىنىڭ داڭدار يۇنان باستىپلىرىنىڭ بىرى دەپ قارالغان. مىلادىيە 612 - يىلى سېلېۋكىيە تېسفوندا ئۆتكۈزۈلگەن دىنىي يىغىندا خرىستىئان دىنى تەلىماتىنىڭ ئەقىدىسى بابدىس گروفېن (628 - يىلى ۋاپات بولغان) تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغاندا، ئۇنىڭ نەزەرىيىسىگە ئىلاھىيەت چۈشەندۈرۈشى بېرىلگەن. مۇشۇ ئەقىدە بويىچە، خرىستوس ئىككى خىل تەبىئىي خۇسۇسىيەت ياكى ئاساسنى بىر ئادەمنىڭ تېنىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن. نېستورىنىڭ نەزەرىيىسى خرىستوسنىڭ ئادەمنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتى جەھەتتىكى ئەقىدىسىگە ئالاھىدە ماس كەلگەن. ۋاھالەنكى، بۇ خىل پانىي ئالەمدىكى ئەيساغا چوقۇنۇش جانلاندۇرۇلغان قايتا تىرىلىشكىمۇ يۆتكەپ ئايرىلغان. مەسىلەن، بولۇپمۇ قايتا تىرىلگەندىن كېيىنكى خرىستوس يېپەك

يولىدىمۇ نېستۇرى مەزھىپىدىكى خرىستىئانلار ئېتىقادىنىڭ يادروسى بولغان. نۇرغۇنلىغان ھۆججەتلەر بۇنى ئىسپاتلىغان [154]. نېستۇرنىڭ كرېستى — قەدىرلەنگەن ئەرباب كرېستى — مۇ ئاشۇ قايتا تىرىلگەن ئادەمنى ئويلاشقا ئىلھاملاندۇرغان. ئومۇمەن، نېستۇرى مۇرىتلىرى ئىز قالدۇرغان جايلارنىڭ ھەممىسىدە، بولۇپمۇ يەتتە سۇ ۋادىسى، تارىم ئويمانلىقى، جۇڭگو، ھەتتا لاداقلار (تىبەتنىڭ غەربىي قىسمى) دىمۇ بۇ بەلگىنى كۆرەلەيمىز.

ئەيسانىڭ قايتا تىرىلىشىنى تەكىتلەش شەرقىي قىسىم چېركاۋنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ قۇربان بولغانلار ۋە ئەۋلىيالارنىڭ قايتا تىرىلىشىنى تەكىتلەش، ئاخىردا ھەربىر مۇرىتنىڭمۇ قايتا تىرىلىشىنى تەكىتلەش بىز يېپەك يولىدا تاپقان يېزىقتىكى نېستۇرى دىنىغا ئائىت ھۆججەتلەرنىڭ يېتەكچى تېمىسى بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ھەربىر چېركاۋ تۇرمۇش يىلىدا، پاسخا بايرىمىنى تەبرىكلەش مۇراسىمىنىڭ ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالالايمىز. بىز تۇرپاندىن تېپىلغان سوغد يېزىقىدىكى نېستۇرى دىنىغا ئائىت بىر پارچە ھۆججەتتىن بىلىشىمىزچە، بۇددىستلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، قايتا تىرىلىش ئىككى ئالاھىدە بىر توسالغۇ ھېسابلانغان. ئاشۇ ھۆججەتتە، ئەۋلىيا جورجىنىڭ بۇددا دىنىدىكى رەقىبلىرى ئۇنى ئەيىبلەپ: «ئۇ ‹ئالۋاستى› غا ئوخشايدىغان ئادەملەرنى بىزنىڭ ئالدىمىزغا باشلاپ كېلىپ، بىزگە: ‹مەن ئۆلگەن ئادەمنى قايتا تىرىلدۇرىمەن› دەيدۇ» دېگەن [155].

قىلچە ئەجەبلىنەرلىك ئەمەسكى، تەن ۋە پانىي دۇنيادىكى شەيئىلەرنى چەتكە چىقىرىشقا تىرىشىپ، ئېسىل ئەرش تۇرمۇشىغا ئىنتىلدۇرىدىغان بۇددا دىنى نېستۇرى دىنىنىڭ كۈچلۈك رەقىبىگە ئايلانغان. لېكىن، نېستۇرى دىنىمۇ ئوخشاشلا روھنى ۋە زاھىدلىق، دەرۋىشلىك دىنىي ئەقىدە ئۆگەنگۈچى ۋە

ئەمەل قىلغۇچى بولۇش ئىدىيىسىنى تەكىتلىگەن، مۇناستىر - ئىبادەتخانىمۇ ياسىغان. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ نېستورى دىنىنىڭ مۇرىتلىرى مەلۇم دەرىجىدىكى تەنقىدىي پوزىتسىيە بىلەن بۇددا دىنىدىن يىراقلاشقان، شۇنداقلا مانى دىنىدىنمۇ يىراقلاشقان، مانى دىنىنىڭ تەكىتلەيدىغىنى ئەيسانىڭ تاشقى بەدەن خاراكتېرى ئىدى. تۆۋەندىكى پاكىتلاردىنمۇ بۇددا دىنىنىڭ نەزىر - چىراغ، دۇئا - تىلاۋەتلىرىگە قارىتىلغان تەنقىدىنى ئېنىق كۆرەلەيمىز: قاپقاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە تۇرغان بۇددا ئىلاھىنىڭ سۈرىتىنى سىزىپ، ئۇنىڭدىن سوراق - سوئال بولىدىغان كۈن يېتىپ كەلگۈچە دوزاخقا كىرىپ كېتىش ۋە «مەن خرىستىئان دىنىنىڭ ئىلاھى ئەمەس، شەيتاننىڭ ئەشەددىي (ياردەمچىسى)» [156] دەپ ئىقرار قىلىش تەلەپ قىلىنغان.

پېرسىيىدىمۇ، نېستورى دىنى ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن ئاتەشپەرەستلىك دىنى مۇرىتلىرىنىڭ ئوتقا چوقۇنۇش ھەرىكىتىدىن چەك - چېگرىسىنى ئايرىغان. مەسىلەن، تۇرپاندىن تېپىلغان سوغدى يېزىقىدىكى بىر پارچە ھۆججەتتە مۇنداق يېزىلغان: «ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ بىزنى مۇقەددەس ھالدا گۇناھىمىزغا تۆۋە قىلغۇزدى، شۇنىڭ بىلەن بىز ئوتنىڭ قېشىغا قايتا بارمايدىغان، بەلكى كۆيۈۋاتقان ئوتنى قايتا كۆرمەيدىغان بولدۇق» [157]. تۇركلەردە بىر ھېكايە بولۇپ، ئۇنىڭدا شەرقتىن كەلگەن ئۈچ نەپەر سېھىرگەرنىڭ بېتلېھېمغا بېرىپ ساياھەت قىلغان ئەھۋالى بايان قىلىنغان، ئۇنىڭدا بىر خاتالىق ئوتقا چوقۇنۇش پائالىيىتىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن [158]. بۇ خىل چەك - چېگرىنى ئايرىش تۆۋەندىكى پاكىتتىمۇ ئىپادىلىنىدۇ: تۇرپاندىكى نېستورى مۇرىتلىرى گەرچە بۇرۇن قىسقا ۋاقىت مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ۋە قوچو شەھىرىدە بىر بۇتخانا بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئورۇن جەھەتتە ئۇلار مانى دىنى ۋە بۇددا دىنى مەركىزىدىن يىراققا ئايرىلىپ

كەتكەن.

پەقەت جۇڭگوغا كەلگەندە، نېستورى دىنى ئۆزىنى كۆچىنىڭ بارىچە بۇددا دىنىغا يېقىنلاشتۇرغان، بۇنى ھۆججەتلەردىن تەرجىمە قىلىنغان بۇددا دىنىلىشىشتىن ۋە ئەسەر يېزىشتا قوللانغان ماۋزۇلاردىنمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، «دۇنيانىڭ نىجاتچىسى ئەيسا نومى» [159] . جۇڭگودا ھەقىقەتەن ئىچكى قىسىمدا ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشنىڭ شەرت ـ شارائىتى ھازىرلانغان. چۈنكى، ئۇ يەردىكى راھىبلار نېستورى مەزھىپىدىكى خرىستىئان دىنىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا سەۋر ـ تاقەت قىلالىغان؛ بۇرۇن ئىران زېمىنىدا چەتكە قېقىلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى دۇنيادىن غايىب بولۇش خاھىشى ئەمدى يەنە تارقالغان.

شەرقىي قىسىمدىكى دىنىي جەمئىيەت غەربىي قىسىمدىكى دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئەكسىچە بولغان، ئۇ ھېچقانداق ھاكىمىيەتنىڭ ئېتىبار بېرىشى ياكى ياردىمىگە سازاۋەر بولالمىغان [160] . لېكىن، ئۇنىڭ ئەھمىيەت بىلەن قاراشقا ئەرزىيدىغان دىن تارقىتىش پائالىيىتى ئۇنىڭ باشقا دىنلار بىلەن ئالاقە قىلىشىدىغان شەرت ـ شارائىتى بولغان. ئۇنىڭغا ماسلاشقان ئاشۇ تەشكىلىي شەكلى «تاشقى قىسىم دىنىي رايون» دىكى باش روھانىي رايونىغا نىسپىي ھالدا كۆپ ئەركىنلىك بەرگەن. ئۇلار پەقەت خەت ـ ئالاقە ئۇسۇلى ئارقىلىق دىنىي جەمئىيەت مەركىزى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قالغان. بۇ خىل مەركەز دەسلەپكى ۋاقىتتا تىگرىس دەرياسى بويىدىكى سېلېۋكىيە تېسىفون، يەنى «ئەرمىنىيە دىنىي رەھبىرى» تۇرغان جاي بولۇپ، مىلادىيە 8 ـ ئەسىردىن باشلاپ باغدادقا كۆچكەن.

ئەرمىنىيىنىڭ دىنىي رەھبىرى تىموخروس I (780 ~ 823 ـ يىللار) دىن تارقىتىش خىزمىتىگە ئالاھىدە مەدەت بەرگەن، ئۇ رەھبەرلىك قىلغان مەزگىلدە، ھەتتا باش روھانىيلار

دىنىي رەھبەرنى ئۆزلىرىنى ۋەزىپىگە بىۋاسىتە تەيىنلەشكە تەكلىپ قىلىدىغان مەجبۇرىيەتتىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان. مەسىلەن، شەرقىي قىسىمدىكى باش روھانىي رايونى دىنىي جەمئىيەت بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ساقلاپ قېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان. مەسىلەن، خرىستىئان دىنى ئېتىقادىنى تارقىتىش ۋاقتىدا، مىللىي شەرت ـ شارائىتى ۋە مەدەنىيەت شەرت ـ شارائىتىغا مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىشكە مۇمكىن بولغان. تۆۋەندىكى ئەھۋالمۇ نېستۇرى دىنىنىڭ شەرقىي ئاسىيادىكى سودا يوللىرىدا تارقىتىلىشىغا پايدىلىق بولغان: باستىرنىڭ ۋەزىپىسى نىكاھنى مەنئى قىلىش بولمىغان، دىنىي تەبىقە بىلەن دىندىن خالىي تەبىقە ئوتتۇرىسىدىكى چەك ـ چېگرا ئۆزگىرىپ ئۆتۈشۈپ تۇرغان. مەسىلەن، سودىگەرلەر دىن تارقىتىش ۋەزىپىسىدىن پايدىلىنىپ ساياھەت قىلىشقا بولىدىكەن. بۇنىڭ ئەكسىچە، مەخسۇس ۋەزىپىدىكى باستىرمۇ دىندىن خالىي كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداشقا بولىدىكەن. پەقەت جۇڭگوغا كەلگەندە، مۇناستىرنى تايانچ نۇقتا قىلغان خرىستىئان دىنى بەرپا بولغان.

نېستۇرى دىنى مىلادىيە 5 ـ ئەسىردىلا ئىراننىڭ شەرقىي قىسىمدىكى مەدەنىيەت رايونىغا تارقالغان. رەي، سىستان، مەرۋ ۋە ھېرات قاتارلىق جايلارنىڭ ھەممىسىدە باش روھانىي بار ئىدى، سوغدچە يېزىلغان دىنىي جەمئىيەت تارىخىغا ئائىت بىر پارچە ھۆججەتتە، باش روھانىينىڭ باشقۇرۇش رايونى پېرسىيە بىلەن بەلخ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بىر قاتار باشقا تايانچ نۇقتىلار كۆرسىتىلگەن، بۇ تايانچ نۇقتىلار پائالىيەت ئىقتىدارى كۈچلۈك بولغان باش روھانىي دەۋرىدە قۇرۇلغان(161) . مەرۋ بىلەن ھېرات مىلادىيە 6 ـ ئەسىردە باش روھانىي رايونى بولغاندىن كېيىن، بۇلار ئوتتۇرا ئاسىيادا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بېرىلغان دىن

تارقىتىش پائالىيىتىنىڭ تايانچ بازىسى بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن، تەخمىنەن مىلادىيە 8 ـ ئەسىردىن كېيىن، سەمەرقەندىنمۇ بىر باش روھانىي رايونى ۋۇجۇدقا كەلگەن. ئۇ ۋاقىت ئاللىبۇرۇن تىمو خروس I رەھبەرلىك قىلغان مەزگىل بولۇشى مۇمكىن. ئۇ بىر پارچە خېتىدە خرىستىئان دىنى مۇرىتلىرىنىڭ «ھىندىستانلىق ۋە جۇڭگولۇقلار رايونىدىكى ئەھۋالىنى، تۇبۇتلەر ۋە تۈركلەر رايونىدىكى ئەھۋالىنى ۋە مۇشۇ باش روھانىي رەھبەرلىك قىلىۋاتقان بارلىق دىنىي رايونلاردىكى ئەھۋال» نى بايان قىلغان ھەمدە تەكىتلەپ: «تۈركلەرنىڭ بىر قاغانى» مۇ ئېتىقاد قىلغان دېگەن (162) .




25 ـ رەسىم نېستورى دىنىي جەمئىيەتلىرىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى (ƽ جاسلىق دىنىي رەھبەر) تۇرۇشلۇق جاي □ باش روھانىي تۇرۇشلۇق جاي، ▲ باش روھانىي دىنىي رايونى ● ئارخېئولوگىيىلىك يادىكارلىقلار تېپىلغان جاي)

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىدا ئىسلامىيەت دەۋرىگە

كەلگەندىمۇ خرىستىئان دىنىنىڭ دىنىي رايونى بولغان، بۇنىڭ ئىچىدە بۇخارا، تالاسمۇ بار ئىدى. بەزى تۈرك تاتارلىرى ئىچىدە نېستۇرى مەزھىپىدىكى خرىستىئان دىنى مىلادىيە 14 ـ ئەسىرگىچە داۋاملىشىپ كەلگەن، كېيىنكى ۋاقىتتا ئەسەبىيلەشكەن مۇسۇلمان ئاقساق تۆمۈر تەرىپىدىن يوقىتىلغان. ۋاھالەنكى، مىلادىيە 15 ـ ئەسىردىمۇ ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا جايلاشقان ئەسلىدىكى نېستۇرى دىنىنىڭ مەركىزى مەرۋ شەھىرىدە يەنە بىر مەزگىل گۈللەنگەن.

تارىم ئويمانلىقىدا، نېستۇرى مەزھىپىدىكى خرىستىئان دىنى دەسلەپتە قايسى ۋاقىتتا يېيلىپ تارقالغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق بىر نەرسە دېيەلمەيمىز. ئۇ يەردە بەزى دىنىي رايوننىڭ ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكىنى تۇنجى قېتىم يۈز بەرگەن دىن تارقىتىش دولقۇنىغىچە سۈرۈش مۇمكىن. ئۇ قېتىمقى دولقۇننى 11 ـ ئەسىردە يۈز بەرگەن ئىككىنچى قېتىملىق دولقۇندىن ھەمدە موڭغۇللار دەۋرى (مىلادىيە 13 ـ ئەسىر) دە بارلىققا كەلگەن بىر قېتىملىق زور تەرەققىياتتىن پەرقلەندۈرۈشكە بولىدۇ. شەك ـ شۈبھىسىزكى، دېنكس (ئورنى لاداقتا) تىن تېپىلغان بىر پارچە سوغدچە ئابىدە بولۇپ، ئۇنىڭ بارلىققا كەلگەن ۋاقتى بىرىنچى قېتىملىق تەرەققىيات مەزگىلىگە توغرا كېلىدۇ.

دۇنخۇاڭدىن باشقا، تۇرپان بوستانلىقىمۇ مۇھىم بىر ئارخېئولوگىيىلىك يادىكارلىقلار تېپىلىدىغان جاي ھېسابلىنىدۇ. ئۇ يەردىكى قوچو قەدىمىي شەھىرىدە، خرىستىئان دىنىنىڭ بىر چېركاۋنىڭ يادىكارلىق ئىزى، بۇيلۇقتىن زور مىقتاردىكى قولىيازما ھۆججەتلەر تېپىلغان. بۇ ھۆججەتلەر ئاساسلىقى سۈرىيە يېزىقى ۋە سوغد يېزىقىدا يېزىلغان. ئۇنىڭ ئىچىدىكى سوغد يېزىقىدا يېزىلغان نۇسخىلارنىڭ ئەسلى نۇسخىسى كۆپىنچە يەنە سۈرىيە يېزىقىدىكى نۇسخىلار ئىكەن، بىر قىسمى بولسا ئوتتۇرا ئەسىر پارس يېزىقىدىكى ئەسلى نۇسخىنى ئاساسىي نۇسخا قىلغان.

بۇلاردىن باشقا، يەنە ئىككى خىل يېزىقتا يېزىلغان ھۆججەتمۇ بار، يەنى ھەر بىر سۇرىيە يېزىقىدىكى جۈملىنىڭ ئاخىرىغا سوغد يېزىقىدىكى تەرجىمىسى قوشۇمچە قىلىنغان. ئۇ يەردىن يەنە تۈرك يېزىقىدىكى خرىستىئان دىنىغا ئائىت ھۆججەتلەرمۇ تېپىلغان. بۇ ماتېرىياللار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، سوغدلار بۇ دىنني رايوننىڭ ئاساسلىق مۇرىتلىرى بولسىمۇ، لېكىن ئەھۋالدىن قارىغاندا، پارسلارمۇ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن، نېستۇرى دىنىنىڭ تۈرك مۇرىتلىرى، روشەنكى بۇ دىنني رايوندا ئاز ساندا بولغان.

تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا قەشقەر بىلەن دۇنخۇاڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى كارۋان يولىغا جايلاشقان نۇرغۇن بېكەتلەرنىڭ ھەممىسىدىن خرىستىئان دىنىنىڭ يادىكارلىق ئىزلىرى تېپىلغان. بۇ غايەت زور تەبىئىي توساقنىڭ شىمالىدىكى ئىسسىقكۆلنىڭ يېنىغا جايلاشقان ناۋىكاستىن قەدىمىي يادىكارلىق ئىزى (مىلادىيە 10 ـ ئەسىردىن باشلانغان) بايقالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە مىلادىيە 19 ـ ئەسىردە خرىستىئان دىنىغا قىسمەن ئېتىقاد قىلغان قارلۇقلار رايونى ۋە قارا قىتان رايونى (بالقاش كۆلى ۋە ئىسسىقكۆلنىڭ جەنۇبىدا) دىنمۇ تېپىلغان. يەتتە سۇ ۋادىسى ۋە ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى ئالمالىق (مىلادىيە 13 ~ 14 ـ ئەسىردە چاغاتاي خان تۇرغان جاي) تىنمۇ زور مىقداردا نېستۇرى دىنىغا ئائىت قەبرە ئابىدىسى تېپىلغان، بۇلارنىڭ ئۈستىگە سۇرىيە يېزىقى ۋە تۈرك يېزىقىدا خەتلەر ئويۇلغان. بۇ قەبرە ئابىدىلىرى ئورنىتىلغان دەۋر مىلادىيە 9 ~ 14 ـ ئەسىرلەرگىچە بولۇشى كېرەك(163). مىلادىيە 13 ~ 14 ـ ئەسىرلەردە يېپەك يولى رايونىدا يەنە خرىستىئان دىنىنىڭ باشقا مەزھەپلىرىنىڭ مۇرىتلىرى ۋۇجۇدقا كەلگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە كاتولىك دىنىنىڭ بىرىنچى تۈركۈم دىن تارقاتقۇچىلىرى بولۇپ، ئۇلار جۇڭگوغا بېرىپ يۈەن سۇلالىسى خانىنى زىيارەت قىلغان.

ئۆلاردىن بەزىلىرى جانلىق ساياھەت خاتىرىسى شەكلىدە، ئۆزلىرىنىڭ سەرگۈزەشتلىرىدىن خەۋەر بەرگەن. مەسىلەن، پلان كارپىن ۋە گىلللۇم رۇبرۇكلار [164].

شىئەن (چاڭئەن) دە، مىلادىيە 781 ـ يىلى ياسالغان بىر پارچە مەشھۇر تاش ئابىدە بولۇپ، ئۈستىگە راھىب ئولوپپىننىڭ مىلادىيە 635 ـ يىلى ئىمپېرىيىنىڭ پايتەختى چاڭئەنگە كەلگەنلىكى ۋە شۇنىڭدىن باشلاپ جۇڭگودا راھىب خۇسۇسىيىتىگە ئىگە نېستۇرى دىنىنىڭ دىنىي جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقى، بۇ خىل دىنىي جەمئىيەت ئەينى ۋاقىتتا جۇڭگودا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن دىنىي ـ سىياسىي خاھىشقا بويسۇندىغانلىقى خاتىرىلەنگەن. بۇ دىنىي رايون مىلادىيە 7 ~ 8 ـ ئەسىرلەردە بەزى راۋاجلىنىشقا ئېرىشكەندىن كېيىن، مىلادىيە 845 ـ يىلى پادىشاھ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، چەتتىن كەلگەن بارلىق دىنلارنى مەنئى قىلغان، شۇنىڭ بىلەن نېستۇرى دىنى ئېغىر زەربىگە ئۇچرىغان. مىلادىيە 10 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە، شەرقىي سۇرىيە خرىستىئان دىنى ئەمەلىيەتتە جۇڭگودا ئىز ـ تىزى قالماي يوقالغان. موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە گۈللەنگەن، كېيىن يەنە يۈەن سۇلالىسى (1279 ~ 1368) نىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ يەنە بىر قېتىم يوقالغان.

بىز يىپەك يولىدا بايقىغان خرىستىئان دىنى ھۆججەتلىرىدە ئورتودوكسال مەزھەپنىڭ ئىگى بولسىمۇ، لېكىن بۇددا دىنى تەرىپىدىن قۇرۇلغان دىنىي جەمئىيەت مۇھىتىمۇ بۇ خىل ھۆججەتتە ئىز قالدۇرغان. مەسىلەن، بىر پارچە خرىستىئان دىنى ھۆججىتىنىڭ ئاخىرقى سۆزىدىن ھۆججەتنى يازغۇچى دىنغا قىلىنغان ھەدىيىنى خان جەمەتىگە تەقدىم قىلغانلىقىنى ئۇچراتتۇق [165]، بۇددا دىنى ھۆججەتلىرىنىڭ ئاخىرقى سۆزى ئادەتتە مۇشۇنداق بولغان.

## مانى دىنى

بۇ دىننىڭ ئاساسچىسى مانى (216 ~ 276 ـ يىللار) تەخمىنەن مىلادىيە 240 ـ يىلى «ئىككى دەريا ۋادىسىغا بېرىپ، گنوستى دىنى تەلىماتىنى تەشۋىق قىلغان. بۇ خىل تەلىمات خرىستىئان دىنى، ئاتەشپەرەستلىك دىنى ۋە بۇددا دىنى تەلىماتلىرىنىڭ يىغىندىسى ۋە يۇكسىلىشى ئىدى. مانى ئېلسار ئوردىسىدىكى يەھۇدى خرىستىئان دىنىنىڭ گۇناھ يۇيۇش مۇراسىمى مەزھىپىدە ئۆسۈپ ـ يېتىلگەن. بۇنى بىز مىسىردا تېپىلغان يۇنان يېزىقىدىكى بىر پارچە قەدىمىي كىتابنىڭ كۆچۈرمىسىدىن بىلدۇق[166] . ئۇ ئۆزىنى «ئەيسا ـ خرىستوسنىڭ شاگىرتى» ھەمدە ئىنجىلدا ئېتىراپ قىلىپ بېكىتىلگەن پەرۋەردىگار دەپ قارىغان. ئۇ گۇناھ يۇيۇش مۇراسىمى مەزھىپىدىن چېكىنىپ چىققاندىن كېيىن، پاۋلو تەلىماتىنى ئاساس قىلىپ، دىن تارقىتىش پائالىيىتى بىلەن ئاكتىپ شۇغۇللىنىپ، ئۆزىنىڭ ئىنجىل كىتابىدىكى گنوستى دىنى توغرىسىدىكى كۆز قارىشىنى تەشۋىق قىلغان ھەمدە ئۆزىنىڭ دىنىي جەمئىيىتىنى قۇرغان.

مانى دىن تارقىتىش سەپىرىدە، ئىككى «دەريا ۋادىسى» ۋە ئىراننىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىش بىلەنلا قالماي، يەنە ھىندىستانغا بارغان ساسانىيلار خانى شاپۇر I نىڭ ئوردىسىنى زىيارەت قىلغان. ئۇ ئوتتۇرا ئەسىر پارس يېزىقىدا يېزىلغان بىر پارچە ئەسىرى «شاپۇراگان» نى خانغا تەقدىم قىلغان. بىز تۇرپاندا مۇشۇ ئەسەرنىڭ كەمتۈك بەتلىرىنى تاپقان. ئۇ شاپۇر I دىن رۇخسەت ئېلىپ، ساسانىيلار دۆلىتى بويىچە ئۆزىنىڭ ئەقىدىسىنى تەشۋىق قىلغان. مانى دىنى ساسانىيلاردىن ئىبارەت بۇ كۆپ مىللەتلىك دۆلەتنىڭ خانىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بەكمۇ دىلىغا ياققان. چۈنكى، ئۇ دەل ئۆزىنىڭ بۇ دۆلىتى ئىچىدىكى ھەر خىل دىنلارنى قوشۇپ يېغى، بىرلىككە كەلگەن بىر دىن

قىلىشنى ئويلايتتى. شاپۇرنىڭ بۇ يېڭى دىنغا قارىتا تۇتقان پوزىتسىيىسىدە ھەم قىزىقىش، ھەم ئېتىبار بېرىش بولسىمۇ، لېكىن مانىنىڭ دىنىي كۆشەندىسى — دۆلەتنىڭ ئاتەشپەرەستلىك دىنىنىڭ دىنىي جەمئىيىتىدىكى ۋەكىللىك ئەرباب، ئالدى بىلەن باش روھانىي كايدىرنىڭ ئورەدىنىڭ دىنىي سىياسىتىگە بولغان تەسىرى بارغانسېرى زورايغان. مىلادىيە 276 ـ يىلىغا كەلگەندە، مانى ھاكىمىيەت بېشىدىكى ۋاخلان I تەرىپىدىن قاماققا ئېلىنىپ تۈرمىدە ئۆلگەن.

نۇرغۇن جايدا راۋاجلانغان مانى دىنىنىڭ دىنىي جەمئىيىتى زىيانكەشلىككە ۋە قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان. شۇنىڭ بىلەن، مۇھىم نۇقتىسىنى «ئىككى دەريا» ۋادىسى ۋە ئىران ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي شىمالىي رايونى ۋە قوشنا بولغان تۇرانلار زېمىنىغا يۆتكەشكە مەجبۇر بولغان. بۇ رايوندا، مانىنىڭ شاگىرتى، شەرقىي قىسىمدا دىن تارقاتقۇچى ئامو مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا دىن تارقاتقان. بىزنىڭ تۇرپان ھۆججەتلىرىدىن بىلىشىمىزچە، ئۇ بايلار ۋە ئاقسۆڭەكلەر ئىچىدە، خېلى كۆپ مۇرىتلارغا ئېرىشكەن ھەمدە ئاباشەھەر، مەرۋ شەھىرى ۋە ئىلگىرىكى كۇشان خانلىقى رايونىدا بۇ دىننى تارقاتقان (167) .

گەرچە مانى دىنىي جەمئىيەتلىرى ساسانىيلار خانلىقىدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قىسقىغىنا بىر نەچچە ئەسىردە، رىم ئىمپېرىيىسىگە ھەمدە تېخىمۇ يىراقتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغىچە تارقىتىلغان (168) . غەربىي قىسىمنىڭ دىن تارقىتىش پائالىيىتى مانى ھايات ۋاقتىدىلا ئۇنىڭ شاگىرتى ئادانىڭ رەھبەرلىكىدە زور نەتىجىگە ئېرىشكەن. مانى دىنىي جەمئىيىتى سۇرىيە، پەلەستىن ۋە مىسىر رايونلىرىدا قۇرۇلغان. مىسىر مىلادىيە 4 ـ ئەسىردە مانى دىنىنىڭ بىر نەزەرىيە مەركىزى بولغان. مىسىر قۇملۇقلىرىدا مانىنىڭ يۇنان

يېزىقىدىكى قەدىمىي نۇملىرى ساقلىنىپلا قالماي، يەنە مەزمۇنى كەڭ بولغان قەدىمكى مىسىر خرىستىئان دىنى ھۆججەتلىرىمۇ ساقلىنىپ قالغان، بۇ خىل ھۆججەتلەر ئەسلىدە سۇرىيە يېزىقىدا يېزىلىپ، مانىنىڭ بىرىنچى ئەۋلاد شاگىرتى مەزگىلىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن. بۇ ھۆججەتلەرنىڭ قىممىتى ئالاھىدە يۇقىرى بولۇپ، ئۇلار تۇرپان ۋە دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان مانى دىنىغا ئائىت مۇھىم ھۆججەتلەرنى تولۇقلىغان.

مانى دىنىنىڭ ئوتتۇرا دېڭىز قىرغىقىدىكى دۆلەتلەر (بۇ شىمالىي ئافرىقا، ئىسپانىيە ۋە ئىتالىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دە كۆپلىگەن مۇرىتلىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا خرىستىئان دىنى تەرىپىدىن بىر خىل بىدئەت دەپ قارىلىپ، دۆلەت ۋە دىنىي جەمئىيەتنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان. ئۇنىڭ ئەقىدىسىگە ئەڭ كەسكىن قارشى تۇرغۇچىلاردىن بىرى، چېركاۋئاتا ئاۋگۇست بولۇپ، ئۇ بۇرۇن توققۇز يىل مانى دىنىنىڭ دىنىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولغان. مانى دىنى مىلادىيە 6 ـ ئەسىردە رىم ئىمپېرىيىسىدە زاۋال تاپقاندا، ئۇ پەقەت خرىستىئان دىنىنىڭ چېركاۋ ئاتىنىڭ بەس ـ مۇنازىرىسىدە بەزى يادىكارلىق ئىزىنى قالدۇرغان. مىسىردا تېپىلغان مانى دىنىغا ئائىت ھۆججەتلەردىن باشقا، تېخىمۇ مۇھىمى يېپەك يولىدا ئېرىشكەن مانى دىنىنىڭ ئىپتىدائىي ھۆججەتلىرىدىن ئىبارەت. بۇ ھۆججەتلەر بىزگە بۇ دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىنى نامايان قىلىپ بېرىش بىلەنلا قالماي، يەنە مانى دىنى مۇرىتلىرىنىڭ ئىخلاسمەنلىك پوزىتسىيىسىنى تونۇشتۇرىدۇ (169).

شەرقتە، ئارساكلار قىلغاندىن باشقا، سوغدلار بۇ «نۇرلۇق دىن» جۇڭگوغا تارقىلىشتا ئاساسلىق رول ئوينىغان. بىز شۇنداق قارايمىزكى، سوغدلار تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇرغان جايلاردا، بۇددا دىنى ۋە خرىستىئان دىنلىرىنىڭ مۇرىتلىرى بولغاندىن باشقا، كۆپ ساندا مانى دىنى مۇرىتلىرىمۇ بولغان.

ھىندى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن تېپىلغان تىك يار تېمىغا ئويۇلغان يېزىق، موڭغۇلىيىدىن تېپىلغان تۈرك تىلى، رۇنىڭ يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشلار ۋە سىبىرىيىدىكى يەنسەي دەرياسى جىلغىسىدىكى تاش سۈرەتلەرنىڭ ھەممىسى بىزگە مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان سوغدلارنىڭ يادىكارلىق ئىزلىرىنى كۆرسىتىپ بەردى.

مىلادىيە 8 ~ 10 - ئەسىرلەردىكى ھۆججەتلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، تۈبۈتلەر مانى دىنى ۋە نېستۇرى دىنىنى چۈشەنگەن[170]. 694 - يىلى مانى دىنىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك بىر باستىبرى جۇڭگو ئوردىسىنى زىيارەت قىلغان. ئۇ توخارىستاندىن، يەنى بۈرۈنقى باكترىيە رايونىدىن كەلگەن. ئېھتىمال ئۇ زىيارەتكە كېلىشتىن بۇرۇنلا، جۇڭگودا مانى دىنى بولغان بولۇشى مۇمكىن. مەيلى قانداق بولمىسۇن، جۇڭگودا ئاساسلىقى سوغدلار ئۇيۇشتۇرغان مانى دىنىنىڭ بىر دىنىي جەمئىيىتى مەۋجۇت بولغان، بۇ ئوتتۇرا ئاسىياغا كەڭ تەسىر كۆرسەتكەن. چۈنكى، ئۇيغۇر يايلاق خانلىقىنىڭ قاغانى بۆگۈ قاغان مىلادىيە 762 - يىلى ئىمپېرىيىنىڭ پايتەختى لوياڭدا مانى دىنىنىڭ بىرقانچە باستىبرى بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئېتىقادىغا كىرىپ، بۇ دىننى ئۆز قاغانلىقىدا ئېتىقاد قىلىش زۆرۈر بولغان دىن قىلىپ بېكىتكەن. ئەمدى بۇ خىل ھۆكۈمەت ئېتىراپ قىلغان ئېتىقاد خەلق ئاممىسىنى باشقۇرالىغانمۇ، يوق، بۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش تەس.

بۇ ئۇيغۇر مىلادىيە 840 - يىلى قىرغىزلار تەرىپىدىن گۇمران قىلىنغاندا، كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار تارىم ئويمانلىقى ۋە ھازىرقى گەنسۇ رايونىغا قېچىپ كېلىپ، تۇرپان ۋە دۇنخۇاڭغا ئوخشاش بوستانلىق شەھەرلەردە ئولتۇراقلاشقان. گەنسۇدىكى ئۇيغۇرلار ئۇزاق ئۆتمەي ئۆزلىرىنىڭ مىللىي دىنى ۋە مانى دىنىنى تاشلاپ، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. ۋاھالەنكى، تۇرپاندا

كەلگەن مانى دىنى مۇرىتلىرى بۇ يەردە ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقادىغا ئوخشاش ئېتىقادتىكى ئادەملەر بىلەن ئۇچراشقان. بۇ مانى دىنى مۇرىتلىرى ئىچىدە، نۇرغۇن ئادەملەر كەڭ يايلاقتىكى مەزگىلدە ئېتىقاد قىلغان نېستورى دىنىنى ساقلاپ قالغان.

قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە (850 ~ 1250 - يىللار)، خېلى كۆپ خانلار مانى دىنىنى قۇۋۋەتلىگەن. ئەمدى قايسى خان ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغان ياكى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان (بۇ دىن بارغانسېرى زور دەرىجىدە بۇ بوستانلىقنىڭ تاشقى قىياپىتىنى بەلگىلىگەن)، بۇ ھەقتە بىر نېمە دېيىش تەس. خان ئاتەشپەرەستلىك دىنىغا بىر مەزگىل ئېتىبار بەرگەن. ئاشۇ مەزگىلدە، تۇرپاندا مانى دىنىغا ئائىت ئىنتايىن قىممەتلىك ھۆججەت ۋە سىزما سۈرەتلەر ۋۇجۇدقا كەلگەن. بۇ مەزگىلدىن كېيىن، بۇ ئىككى خىل دىن روشەن ھالدا ئۇزاق ۋاقىت تىنچ بىللە ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇددا دىنى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن. تۇرپاندا مانى دىنى تەخمىنەن موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرى (مىلادىيە 13 - ئەسىر) گە كەلگەندە ئاندىن يوقالغان. دۇنخۇاڭدا پەرىزىمىزچە، مىلادىيە 11 - ئەسىردە تاڭغۇتلار بېسىپ كىرگەندە، بۇ خىل ئېتىقاد ئاخىرلىشىپ بولغان. جۇڭگودا مىلادىيە 845 - يىلى سىرتتىن كەلگەن دىنغا قىلىنغان زىيانكەشلىك بىلەن ئۇ ئېغىر زەربىگە ئۇچرىغان. لېكىن، ئۇ جەنۇب تەرەپتىكى دېڭىز ياقىسىدىكى ئۆلكىلەردىن فۇجيەندە، مىلادىيە 16 - ئەسىرگىچىلىك داۋاملاشقان[171].

پرۇسسىيە (يەنى ھازىرقى گېرمانىيە) بىر نەچچە قېتىم تۇرپاندا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، كۆپ مىقداردا مانى دىنىغا ئائىت ھۆججەتلەرنى تاپقان. كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى، بۇلاردىن كۆپ قىسمى كەمتۈك، يىرتىق بولۇپ، تولۇق ئەمەس. بۇ ھۆججەتلەردە قوللانغان تىل - يېزىقلاردىن ئىران تىلى (ئوتتۇرا ئەسىر پارس تىلى، ئارساك تىلى، سوغد تىلى)

ۋە تۈرك تىلى بار. بۇلاردىن بەزى ھۆججەتلەر مانى دىنىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن مانى ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى يازغان ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمە نۇسخىسى، يەنە شەرقىي قىسمىنىڭ دىن تارقاتقۇچىسى ئامونىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تەرجىمە نۇسخىسىمۇ بار. بۇ ھۆججەتلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئىران دىنىي جەمئىيىتى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دىنىي جەمئىيىتىنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئەقىدە ماقالىلىرى، نوم ـ دەستۇرلار شەرھى، ماقال ـ تەمسىل، ھېكايە ۋە دىنىي جەمئىيەت تارىخىغا ئائىت ئەسەرلەردىن باشقا، يەنە بىرمۇنچە دىنىي مۇراسىم توغرىسىدىكى ماقالىلەرمۇ بار. كېيىنكىسىگە مەنسۇپلاردىن نۇرغۇنلىغان مۇقەددەس ناخشا ـ غەزەل ۋە دۇئا ـ تىلاۋەت ماقالىلىرى بار، لېكىن يەنە دىن مۇرىتلىرى ۋە پۇقرالار ئۈچۈن يېزىلغان تۆۋبنامىمۇ بار. كىشىنى ھەممىدىن بەك مەھلىيا قىلىدىغان تۆۋبنامە ئىچىدە، بىر پارچە تۆۋە قىلىشتا پايدىلىنىش كىتابى بار، كىتاب ئىسمى «تۆۋبنامە». تۇرپان ۋە دۇنخۇاڭدا، 20 نەچچە پارچە مۇشۇ كىتابنىڭ مەزمۇنلىرى بار قول يازما نۇسخىسىنىڭ كەمتۈكلىرى تېپىلغان. بۇ كەمتۈك پارچىلار ئۇنىڭ زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان، بولۇپمۇ ئاشۇ مۇقەددەس ناخشا ـ غەزەللەر ۋە دۇئا ـ تىلاۋەت ماقالىلىرى كىشىلەرگە يىپەك يولىدا مانى شاگىرتلىرىنىڭ ئۆز ئېتىقادىغا بولغان ئىخلاسمەنلىكىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن (172).

كىشىلەر بۇ ھۆججەتلەرنى تەتقىق قىلىش جەريانىدا، تىلشۇناسلىق جەھەتتىكى نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن، مۇشۇ قىيىنچىلىقلار سەۋەبىدىن بۇ ھۆججەتلەرنىڭ تېپىلغىنىغا 80 يىل بولغان بۈگۈنكى كۈندە، گېرمانىيىگە توشۇپ كېلىنگەن بۇ خىل ھۆججەتلەردىن بىرقىسمىلا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. بۇرۇن تەتقىق قىلىنمىغان تۈركچە مانى دىنىغا ئائىت ھۆججەتلەر

يېقىندىلا نەشردىن چىقتى (173) . يېقىندا پارسچە ھۆججەتلەرنى تەتقىق قىلىش يەنە يېڭىباشتىن باشلاندى. بۇ تەتقىقات بىزنى شەرقنىڭ مانى دىنىنىڭ مەزمۇنى توغرىسىدىكى مۇھىم يېڭى بىلىملەر بىلەن تەمىن ئەتكۈسى (174) .



26 ـ رەسىم قوچونىڭ «K» خارابىسىدىكى تام سۈرەتلىرى، مانى ۋە ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرى

تۇرپاندىن تېپىلغان بۇ يازما مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئوبرازلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ تولۇقلىنىشىغا ئېرىشتى. بۇ بىز كۆرگەن كۆڭۈل قويۇپ سىزىلغان پۇختا سۈرەتلەر ۋە تام سۈرەتلەردىن ئىبارەت (175) . گەرچە بۇ سۈرەتلەردىن بىرقىسمىنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى يىرتىق ـ كەمتۈك بولۇپ، تولۇق بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ مانى دىنى مۇرىتلىرىنىڭ مۇھىم سەنئەت ئىجادىيىتىنى نامايان قىلىپ بەردى، ھەتتا ئۇلارنىڭ

شەرق ۋە غەربنىڭ كۆشەندىلىرىمۇ قايىل بولۇپ ماختىشىپ كەتكەن. تۈرپاندىن قولغا چۈشۈرۈلگەن بۇ سىزما سۈرەتلەر ئاللىبۇرۇن يوقالغان. بۇ دۇنياۋى دىنغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەمەلىيەتتە سەنئەت جەھەتتە بۈگۈنكى كۈنگىچە تېخى مەۋجۇت ئىكەنلىكىنىڭ بىردىنبىر دەلىلى.

دۇنخۇاڭدا تېپىلغان مانى دىنىغا ئائىت خەنزۇچە ھۆججەتلەر تۈرپان ھۆججەتلىرىگە قارىغاندا كۆپ ياخشى ساقلانغان[176] . بۇ دۇنخۇاڭ ھۆججەتلىرى ئىچىدە، بىر پارچە ناھايىتى ئۇزۇن يۆگىمە شەكىللىك مۇقەددەس غەزەل، بىر پارچە مەزمۇنى كەڭ ئەقىدە ماقالىسى ۋە بىر پارچە مانى تەلىماتىنىڭ پروگراممىسى بار. يەنە مەزمۇنى ئاشۇ خەنزۇچە ھۆججەتلەرنىڭ مەزمۇنىغا ئوخشاش بولغان ئارساك يېزىقى ۋە تۈرك يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر تېپىلغان. تۈرپاندىن تېپىلغان كۆپ مىقداردىكى مانى دىنىغا ئائىت ھۆججەتلەرنىڭ كەمتۈك پارچىلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 10 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق، بىراق ئۇلاردىن بەزىلىرى بەك كىچىك، شۇنداقتىمۇ دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان خەنزۇچە ھۆججەتلەر مۇشۇ تۈرپان ھۆججەتلىرىنى رەتلەش ۋە تۈرگە ئايرىشتا، ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ مانى دىنى ئىجادچىسىنىڭ دەسلەپكى نەزەرىيىسىنىڭ مەزمۇنى قانداق ئىكەنلىكىنى ھازىرغىچە بىلىپ كېتەلمىگەن بولساقمۇ، لېكىن مانى دىنىنىڭ ئەقىدىسى يېپەك يولىدا جانلىق، كونكرېت بولغان، بۇنىڭدىن بىز ئۇنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسىنىڭ ئىزناسىنى تەسۋىرلەپ چىقىشىمىز مۇمكىن[177] . بۇ دىنىي ئەقىدىنى يىغىنچاقلاپ بىر قائىدە قىلىپ، «ئىككى مەنبە ئۈچ نەزەرىيىسى» دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئىنسانلارنىڭ دەسلەپكى ۋاقتىدا، ئىككى خىل ئۆزئارا قارىمۇ قارشى قائىدە، يەنى يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلار چەك ـ چېگرىسى ئېنىق بولغان ئىككى دۆلەتتە

كونكرېت ئىپادىلەنگەن. «نۇرلۇق دۆلەت» تە «نۇرلۇق ئاتا» كېلىپ ھۆكۈمرانلىق قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ئەتراپىدا بىر توپ ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالار بولۇپ، ئۇلار ئۇنىڭ «چاقىرغان» ۋەكىلى ئىكەن. بۇنىڭ ئەكسىچە، «زۇلمەتلىك دۆلەت» نىڭ ھۆكۈمرانى بولسا «بەش خىل ئالۋاستى» بولۇپ، ئۇ نۇرغۇنلىغان جىن ـ شاياتۇنلارنىڭ سەركىسى ئىكەن، ئۇلار ھەمىشە جېدەل ـ ماجىرالار ئىچىدە ياشايدىكەن. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاچ كۆز ئىكەن ھەم باشقا ئارزۇ ـ ھەۋەسلەر تەرىپىدىن مەجبۇر قىلىنىدىكەن. بىر تەرەپتىن نۇرلۇق دۆلەتنىڭ خاراكتېرلىك خۇسۇسىيىتى تىنچ ـ خاتىرجەم، ئىناق، مەنزىرىسى گۈزەل، خۇش پۇراقلىرى كىشىگە ياقىدىكەن؛ يەنە بىر تەرەپتىن «بەش خىل ئالۋاستى» ھۆكۈمرانلىق قىلغان دۆلەتتە بولسا، ئەنسىزلىك، ئۇرۇش ـ تالاش، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلار بولۇپ، سېسىقچىلىقتا تۇرغىلى بولمايدىكەن. «ئىككى ئۇرۇق» نى ماددىي جەھەتتىن مۇنداق چۈشەنگەن: نۇرلۇق دۆلەتتە، ھەممىنىڭ گۈزەل تاشقى كۆرۈنۈشى بولىدىكەن؛ زۇلمەتلىك دۆلەتتە، ھەممە مەۋجۇداتلار سەت، بەتبەشىرە ئىكەن.

مانى دىنى مۇرىتلىرىنىڭ تەلتۆكۈس ئىككى مەنبەلىك نەزەرىيىسى نۇقتىئىنەزەرى ئۇلارنىڭ تۇرمۇش پوزىتسىيىسى ۋە تۇرمۇش يولىنى بەلگىلەش بىلەنلا قالماي، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس خەتتاتلىق ۋە سەنئەت ئىجادىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن. ئېنىق، مۇكەممەل خەت ـ يېزىق ۋە سىزما سۈرەت ئوبرازلىرىنى يارىتىپ، مەنىۋى دۇنياسىنىڭ تەرتىپلىك ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. روشەنكى، بۇ نۇرلۇق دۆلەتتۇر. پاكلىققا ئىنتىلىدىغان بۇ خىل غايە مەزمۇن جەھەتتىمۇ بۇ خىل سەنئەت ئىجادىيىتىيگە يېتەكچىلىك قىلغان (178) . پۈش: «تۇرپاندا ساقلىنىپ كەلگەن پۈختا سۈرەتكە سىلىشتۇرغاندا، مانى دىنىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى بىزگە تېخىمۇ ئېنىق نامايان قىلىپ

بىرەلىگۈدەك ھېچقانداق نەرسە يوق، بۇ پۈختا، ئىنچىكە سىزىلغان سۈرەتلەرنىڭ كۆرۈنۈشى ئېنىق، سىزىقلىرى ئىنچىكە، رەڭلىرى سۈزۈك ھەم ساپ» دېگەن[179]. بىز ھۆججەتلەردە پاكلىققا ۋەكىل قىلىنغان ھەر خىل بەلگىلەرنى ئۇچراتتۇق، بۇ بەلگىلەرنىڭ مەنىسى پۈشنىڭ سۈزۈك ـ يورۇق ئاي، قىممەتلىك ئۈنچە ـ مەرۋايىت، نۇر چاقنىتىپ تۇرغان مۆكەممەللىك دېگەن كۆز قارىشىنى تولۇقلىغان. نېلۇپەر بۇددا دىنىدىكى بىر بەلگە بولۇپ، بۇلغىنىشقا ئۇچرىمىغان پاكلىققا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇنىڭ سەنئەت جەھەتتە دائىم قوللىنىلىشى كىشىلەرنىڭ پىكىر يۈرگۈزۈپ بۇددا دىنىنىڭ تاشقى شەكلىگە تايىنىشقا ئىلھام بېرىشتە زۆرۈر بولغان ئىچكى ئالدىنقى شەرتتىنلا ئىبارەت. بۇ خىل تاشقى شەكىلنى بىز سەنئەت جەھەتتە ۋە ھۆججەتلەردە ئۇچراتتۇق. بۇ ئالدىنقى شەرت بولسا، بۇ ئالەمدىن چەتتە تۇرىدىغان پاك غايە بولۇپ، خۇددى مەينەت لايلىرى تازىلانغان بۇلغانمىغان نېلۇپەرگە ئوخشايدۇ.

## بۇددا دىنى

رېئال تۇرمۇشتىكى بۇددا ساكيامۇنىنىڭ ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغان نىشانى ئالدى بىلەن ئۆزىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن باشقا ئادەملەرنى ھايات ـ ماماتلىقنىڭ نۆۋەتلىشىشىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىش، بۇ خىل نۆۋەتلىشىش ھىندىچە «سانسار» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئۇقۇم خالىي بولغىلى بولمايدىغان ئۈزلۈكسىز يېڭىباشتىن تۇغۇلۇشنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش بىلەنلا قالماي، ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان بۇ پانىي دۇنيا ۋە ئۇنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى ئىچىگە پېتىپ قېلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ خىل ئازاب ـ ئوقۇبەت كېسەللىك، قېرىلىق، ئۆلۈم بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ.

«تۆت ھەقىقەت» تىن ئىبارەت بۇ ئەقىدىدە، رېئال

كىشىلىك تۇرمۇشنى «ئازاب» دەپ ھۆكۈم قىلغان. بۇ خىل «ئازاب» تىن قۇتۇلۇش ئۇسۇلى، ئۇ كۆرسەتكەن «سەككىز توغرا يول» غا ئەمەل قىلىش. «سەككىز توغرا يول» نىڭ نىشانى، پانىي ئالەم رېئاللىقى (تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، بىر خىل ساقتا خىيالىي تۇيغۇ) دىن قۇتۇلۇپ چىقىش، ھەممىدىن قۇتۇلۇش، جۈملىدىن نام جەھەتتىكى «مەن» دىن قۇتۇلۇش. كىشىلەر جاھىل «ئىش» قائىدىسىدىن تىرىشىپ قۇتۇلۇپ چىقىش كېرەك. بۇ خىل ئىش قائىدىسى ھەر بىر ھەرىكەتنى مۇشۇ ھاياتىدا ياكى باقىي ئالەمدە بىر خىل ئاقىۋەتكە ئېرىشتۈرىدۇ، سانسار كىشىنى قورقۇتىدىغان بىر خىل خاراكتېرگە ئىگە قىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ سانساردىن قۇتۇلۇش لازىم بولۇپلا قالماي، شۇنىڭ بىلەن يەنە بارلىق نۇقتىئىينەزەر، سۈرەت، ھەتتا ساقتا رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان سۆز ـ ئىبارىلەردىنمۇ قۇتۇلۇشى لازىم.

بۇ كىشىلەرنىڭ بارلىق ھادىسە ۋە بارلىق ئىدىيە ـ شەكىلدىن قۇتۇلۇشى، يۇقىرى ئۆرلەپ ئاشۇ چەكسىز مەنزىل، يەنى نېرۋاناغا يېتىشى لازىم دېگەنلىكتۇر. ئۇ نۆۋەت بىلەن قايتىپ دۇنيا تۇتۇشنى تۈگىتىپ، مەڭگۈ قۇتۇلۇشقا ئايلانغان. نېرۋانانىڭ خاراكتېرى ئىجابىي سۆز ئارقىلىق نامايان قىلىنمىغان بولسىمۇ، لېكىن تۆۋەندىكى پاكىت ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن: ئۇ بىر خىل تىنچ ھالەتتە، ئازاب ـ ئوقۇبەت تاشقىنىغا قارىمۇ قارشى تۇرغان، شۇنىڭ بىلەن بۇددىساتىۋادىن ئىبارەت بولغان. شۇنداق قىلىپ، بۇ خىل بۇدىساتۋانى پەقەت ئىشارەت ئۇسۇلى بىلەن بىلدۈرۈشكىلا بولىدۇكى، ئۇنىڭغا قايتا ئوبراز بېرىشكە بولمايدۇ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تاش ئۆڭكۈردىكى گۈمبەز تورۇسنىڭ ئوتتۇرىسىغا دائىم بېزەك نەقىشلىرى سىزىلىدۇ. نەقىشنىڭ مەركىزى يۇمىلاق بولۇپ، بۇ پانىي دۇنيا ئۈستىدىن چەتتە تۇرغانلىقتىن بىشارەت بېرىدۇ. بۇ خىل

چەتلەشنىڭ مەنىسىنى تۆۋەندىكى ئۇسۇل ئارقىلىق يەنىمۇ تەكىتلەپ چىقىرىمىز مۇمكىن: گۈمبەز تورۇسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يۇمىلاق شەكىللىك بېزەك گۈلىنىڭ مەركىزىي قىسمىدا، ئۆزىنىڭ مىنىدىغان ئېتىغا مىنىپ يۇقىرى ئۆرلەپ، پانىي دۇنياغا سىمۋول قىلىنغان ئائىلىدىن ئايرىلىپ چىقىپ كېتىۋاتقان بۇددا سىزىلغان.



27 ـ رەسىم تۇرپاننىڭ سېڭگىم ئېغىزىدىكى 6 ـ نومۇرلۇق ئۆڭكۈرگە سىزىلغان بۇددىساتۋانىڭ راھىب بولغان سۈرىتى، ئاسمان گۈمبىزى چوققىسىنىڭ مەركىزىدىكى بىر تال گۈلنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىلغان. مىلادىيە 9 ـ ئەسىر

ئەگەر ئەڭ ئاخىرقى نىرۋانا مەنزىلىگە پەقەت ئۆلگەندىن كېيىن يەتكىلى بولىدۇ دېيىلسە، تۆۋەندە بايان قىلىنغان ئۇسۇل بويىچىمۇ شۇنى باشتىن كەچۈرگىلى بولىدۇ: ئىستىقامەتتە ئولتۇرۇپ، ئىستىقامەت جەريانىدا دەرىجىمۇ دەرىجە يۇقىرى ئۆرلەپ، تەبىئىي ھادىسىلەر پانىي دۇنياسىدىن، پانىي دۇنيادىن قەدەممۇ قەدەم چېكىنىپ چىقىپ، تەلتۆكۈس چۈشىنىشكە يېتىش. ۋاھالەنكى، بۇ دەرىجىمۇ دەرىجە يۇقىرى ئۆرلەش يولىدا، مۇئەييەن ئوبراز يارىتىش ۋە ئۇقۇم يەنىلا رول ئوينايدۇ. لېكىن، ئەڭ يۇقىرىقى دەرىجىگە يەتكەندە، بۇنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي تاشلىنىدۇ. يېپەك يولىدىكى بىر مۇنچە جايلاردا، دەسلەپكى مەزگىلدىكى بۇددا دىنىنىڭ غايىۋى نىشانى ئارخاتقا ئوخشاش ئۆلچەمدىن، يەنى «ئەۋلىيا» دىن ئىبارەت. ئۇ ئىستىقامەتتە ئولتۇرۇش ئارقىلىق نىرۋانانى باشتىن كەچۈرگەن، يەنى بۇ خىل كەچۈرمىشتىن چىقىپ، دىلىدا پانىي دۇنيادىن چەتلەپ ياشىغان.

ئازاب ـ ئوقۇبەت ھادىسىلىرى بىلەن تولغان دۇنيا بىلەن پانىي دۇنيادىن چەتلىگەن بەخت ـ سائادەت، خاتىرجەملىك ئوتتۇرىسىدىكى، سانسار بىلەن نىرۋانا ئوتتۇرىسىدىكى مۇتلەق قارىمۇ قارشىلىق دەسلەپكى مەزگىلدىكى بۇددا دىنىنىڭ خۇسۇسىيىتى ئىدى. ئۇ تەرەققىيات جەريانىدا، مۇنداق بىر خىل نۇقتىئىينەزەردىن تەدرىجىي ئايرىلغان: بوشلۇق بارلىق ئەڭ ئالىي پرىنسىپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ھەم ھادىسىلىك دۇنيانى، ھەم چەتلىگەن نىرۋانانى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

بۇددا بۇرۇنلا مۇنداق دېگەن: بارلىق ھادىسە، جۈملىدىن «مەن» مۇ، قۇرۇقتۇر. شۇنداق بولغانىكەن، ئابستراكت ئۇقۇم «قۇرۇق» ۋۇجۇدقا كەلگەن بولىدۇ، بۇ «ماھايانا مەزھىپى» نىڭ شەكىللىنىش يولىدىكى ھەل قىلغۇچ بىر قەدەم ھېسابلىنىدۇ. ماھايانا مەزھەپ ۋۇجۇدقا كەلگەندىن كېيىن، بۇنىڭغا قارىمۇ قارشى بولغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى بۇددا دىنى كەمسىتىلىپ،

«ھىنايانا مەزھىپى» دەپ ئاتالغان.

بۇ خىل تەرەققىياتنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىش مەنبەسى، راھىب ناگارجۇنا ۋە ئۇنىڭ «ئوتتۇرا نەزەرىيىسى» دېگەن ئەسىرى. بۇ تەلىماتتا مۇنداق قارىلىدۇ: ھەممە قانۇن سەۋەبلىك ۋۇجۇتقا كېلىدۇ، مەن ھەممىسىنى قۇرۇق دەيمەن. ئۇ پانىي دۇنيادا قارىمۇ قارشى ھالدا مەۋجۇت بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئارقىلىق كىشىلەر تەرىپىدىن سېزىلىدۇ. بۇ خىل رېئاللىق ئىچكى جەھەتتە ئالمىشىش مۇناسىۋىتى مەۋجۇت بولۇشتەك ئىككى تەرەپلىمىلىككە ئىگە، بىرى ھادىسە تەرەپ، يەنە بىرى بارلىق ھادىسىلەرگە قارىمۇ قارشى بولغان تەرەپ. ئەگەر بۇ ئىككى تەرەپنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى ئېنىق بەلگىلەش پەلسەپە تەتقىقاتىنىڭ تېمىسى دېيىلسە (بۇ خىل تەتقىقات ئوخشاش بولمىغان ئىلىم ئېقىملىرىدا ئوخشاش بولمىغان ھالدا بايان قىلىنىدۇ)، مۇھىم ئىش ئەڭ ئاخىرقى رېئاللىق سۈپىتىدىكى مۇتلەق شەيئىنىڭ ھادىسىلىك پانىي دۇنيادا ئايان بولالىشىدا، بۇ پانىي دۇنيا بىر تەرەپتىن قۇرۇق، لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن بىزگە بارلىق مەۋجۇدىيەتنىڭ ئاساسى بولغان، ئۇ ئەزەلدىن بار بولغان رېئاللىقنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ۋاھالەنكى، بۇ خىل مەۋجۇدىيەتمۇ تەرەققىيات جەريانىدا، ئىجابىي تەرەپكە قاراپ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ راستتەك بولۇپ، بۇددا خاراكتېرلىك بولىدۇ. بۇ خىل بۇددا خاراكتېرى بارلىق شەيئىلەرگە سىڭىپ ئۆتىدۇ، ئۇ ئىنسانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق خەلقنىڭ تەبىئەتتىن تاشقىرى يادروسى سۈپىتىدە چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ، يەنى بۇ خىل بۇددا خاراكتېرى نۆۋەت بىلەن قايتىپ دۇنيا تۇتۇشتەك بارلىق مەينەتچىلىكنى چوقۇم تازىلاپ چىقىرىدۇ. پانىي دۇنيانىڭ ساختا نەزەرىيىسى بىلەن پانىي دۇنيادا ئايان بولغان مۇتلەق شەيئىنىڭ قۇرۇق ياكى چىنلىق نەزەرىيىسى ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا دىئالېكتىك مۇناسىۋەت مەۋجۇت. بۇ يەردە يېڭىدىن پانىي

دۇنياغا بۇرۇلۇشتەك بىر خىل خاھىش — ھادىسە شەكلىنىڭ يەنە بىر تەرەپتىكى بىر نۇقتىسىدىن باشلانغان دېيىشكە بولىدۇ — شەرقىي ئاسىيادىلا نەتىجە ھاسىل قىلغان. ۋاھالەنكى، بۇ خىل ئۆزگىرىش يىپەك يولىدىكى بۇددا دىنى سەنئىتى جەھەتتىن ھۆكۈم قىلىنىپ بولغان. مەسىلەن، مەنزىرە سۈرىتىدە ئىپادىلەنگەندەك، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر پانىي دۇنياغا قارىتا تۇتۇلغان پوزىتسىيىسىنى كۆرۈۋالغان(180) .

دەسلەپكى مەزگىلدىكى بۇددا دىنى سەنئىتىدە، مەنزىرە ئىشارەت ئۇسۇلى بىلەن، مەسىلەن، دەل ـ دەرەخ ياكى دەريا ئېقىنلىرىغا ئوخشاش تەبىئىي نەرسىلەر ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. بۇ نەرسىلەر پەقەت ۋەقە يۈز بەرگەن ئورۇننىلا بىلدۈرگەن. كۇچا، تۇرپان ۋە دەسلەپكى مەزگىلدىكى دۇنخۇاڭنىڭ مەنزىرە سۈرەتلىرى بولسا، دېكوراتسىيە رولىنى ئوينىغان. بۇ خىل دېكوراتسىيىنىڭ ئالدى تەرىپىدە بىر قىسىم سۈرەت بولۇپ، ئۇلار دېكوراتسىيىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىنىپ، بۇددانىڭ سۈرىتى ياكى بۇددا دىنىغا دائىر ھېكايە ـ سۈرەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

ئەمما، تاڭ دەۋرىدىكى دۇنخۇاڭنىڭ مەنزىرە سۈرەتلىرى ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئالدى بىلەن ئۇ دىنىي ھېكايىنى نامايان قىلىدىغان سورۇن بولغان بولسا، دىنىي ھېكايە ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئۇنى زۆرۈر شەرتكە ئايلاندۇرغان. بۇ يەردىن نوقۇل مەنزىرە سۈرىتىگە بارغۇچە بولغان ئارىلىق كىچىك بىر قەدەملا كېلىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، مەنزىرە سۈرىتى بۇ يەردە كۆپىنچە يېتەكچىلىك خاراكتېرگە ئىگە بولغان. چۈنكى، ئۇ بوش، قۇرۇق ئارقا كۆرۈنۈشنى كۆرگىلى بولىدىغان نەرسىگە ئايلاندۇرغان، بۇ ئارقا كۆرۈنۈش بارلىق شەيئىنىڭ ئارقىسىدا تۇرماستىن، بەلكى مۇشۇ شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدا ئايان بولىدۇ(181) .

دەسلەپكى مەزگىلدىكى بۇددا دىنىدىكى بۇددا دىنىدىن ماھايانا مەزھىپىگە بولغان تەرەققىيات ئەھۋالىنى ئوخشاشلا بۇددا

ۋە باشقا مۇقەددەس ئەرباپلارنىڭ يارىتىلغان سۈرەتلىرىدىن سېزىۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ نۇقتىئىنەزەرى بويىچە، ئۆتكەنكى دەۋردىمۇ ئۆزىنىڭ تۇرلۇك بۇددالىرى بولغان. خېلى بۇرۇنقى ۋاقىتتىلا بۇددانىڭ پېشىۋالار توغرىسىدىكى پەرەزلەر بولغان، كىشىلەر خۇددى تارىختا مەۋجۇت بولغان بۇدداغا مۇئامىلە قىلغانغا ئوخشاش، بۇ پېشىۋالار ئۈچۈنمۇ ئەپسانىۋى ئوبراز يارىتىپ، ئۇلارغا گۈزەل ھېكايە گۈل چەمبىرىكىنى تاقاپ قويغان. بالدۇرقى مەزگىلدە، كىشىلەر دەسلەپتە تەخمىنەن بۇددانىڭ ئالتە پېشىۋاسى بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان، بۇ سان كېيىنكى ۋاقىتتا كۆپىيىپ 12، 15، 24 كە يەتكەن.



28 ـ رەسىم قىزىل مىڭئۆيدىكى بۇددانىڭ ئىستىقامەتتە ئولتۇرۇۋاتقان سۈرىتى، مىلادىيە 7 ـ ئەسىر

بىز ھىندىستاننىڭ ساڭكى ۋە بارخۇت دېگەن جايلىرىدا، ھەيكەل ياساش جەھەتتە بۇددانىڭ يارىلىش ئەپسانىلىرى ھەمدە ئىلاھىيلاشتۇرۇلغانلىقىنى كۆردۇق. بۇ مەزمۇنلاردا بۇددا

مۇنارىنى چۆرىدەپ تاشتا قوپۇرۇلغان قورۇق تام ۋە ئەگمە ئىشىكتە، مۇقەددەس شارىر قۇتىسى (سۆڭەك كۈلى قۇتىسى) دا كۆرۈنىدۇ، بۇ خىل شارىر قۇتىسىنىڭ ئۆزى نىرۋاناغا كىرىپ بولغان بۇددىنىڭ بۇتسىز سىمۋولى بولۇپ، كېيىن بارا - بارا قانۇن ۋە ئالەمنىڭ سىمۋولىغا ئايلانغان. ئەينى ۋاقىتتا بۇ ئەۋلىيانىڭ ئۆزىنى تىخى ئادەم سۈرىتى بىلەن ئىپادىلىمەي، پەقەت مەلۇم ئالاھىدىلىككە ئىگە سىمۋول نەرسە ئارقىلىق بىشارەت بەرگەن. مەسىلەن، بۇددى سۆگەتنىڭ تۈۋىدە بىر بوش ئورۇن، «ئۆتۈپ كەتكەن ئادەم» نىڭ ئاياغ ئىزى بار، ياكى دارماچاكرا ئارقىلىق بېشارەت بېرىلگەن. يىپەك يولىدا، دارماچاكرا (نوملۇق چاق) هازىرغىچە يەنىلا بۇددا دىنىنىڭ ئاساسىي سىمۋولى هېسابلىنىدۇ.



29 - رەسىم بۇغا ياۋا گۈلىنىڭ دەسلەپكى دارماچاكراغا ئايلىنىشى، بىر جۈپ باققۇچى ئەر - خوتۇن ئۇنىڭ ئىككى يېنىغا جايلاشتۇرۇلغان، بېزەكلىك 12 - ئۆڭكۈر، مىلادىيە 9 - ياكى 10 - ئەسىر

مىلادىيىنىڭ ئالدى - كەينىدە، هىندىستاننىڭ موتۇرو، هىندىستان بىلەن ئىراننىڭ چېگرىداش رايونى، قەندەهار ۋە

زېمىنى كۈندىن ـ كۈنگە كېڭىيىۋاتقان كۇشان خانلىقىدا بىر خىل ئوبراز يارىتىش پرىنسىپى تارقىلىپ، بۇددانى راست ئادەم قىياپىتىدە ئىپادىلەشكە يول قويۇلغان ھەم مول گۈزەل ـ سەنئەت سۈرىتى بىلەن بۇددا ھەققىدىكى رىۋايەت ھېكايىلىرىنى ئىپادىلەيدىغان دەلىل سۈرىتىگە ئايلانغان. بۇددانىڭ پانىي دۇنيادىكى ئوبرازىنىڭ بۇ خىل يارىتىلىشى تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا، رېئاللىققا قاراپ بۇرۇلۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن. بۇنداق ھادىسە ئىچىدە، بىر خىل مۇتلەق ئۇنۇملۇك خاراكتېردىكى ئۆزگىرىشنى كۆرگىلى بولىدۇ. سەنئەت جەھەتتە، بۇ خىل ئىدىيە ھەر خىل ئۇسۇل ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، پانى دۇنيادىن چەتلىگەن جىمجىتلىققا ئوخشاش، بۇ خىل جىمجىتلىق پەقەت بۇددادىلا بولۇپ، ئۇ كۆپىنچە جىمجىتلىقنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى سۈپىتىدە ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان ئاشۇ قالايمىقان ھادىسىلەر ئىچىدىن قەد كۆتۈرۈپ چىقىدۇ.

بۇددا دىنى سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى ماھايانا مەزھىپىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇنىڭدا دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ھەتتا ھىنايانا مەزھىپى، مەسىلەن، سارۋاستى ۋادا مەزھىپى ۋە سائۇترانتىكا بۇددانىڭ مۇشۇ خىل ئوبرازىنى يارىتىش پرىنسىپىنى قوللانغان. شەك شۈبھىسىزكى، بۇ خىل تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرگەن ئاساسىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ باكترىيىنىڭ يۇنان مىراسلىرى ۋە شەرقىي ئىراننىڭ ئارساك مىراسلىرىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن. يەنە بىر تەرەپتىن ھىندىستاننىڭ تەسىرىمۇ خاتىرىلەش خاراكتېرىدىكى ھەيكەل ياساشتا رول ئوينىغان. بامىيان (مىلادىيە 4 ~ 5 ـ ئەسىرلەر) ۋە قارا داۋان (مىلادىيە 2 ~ 4 ـ ئەسىرلەر) دا غايەت زور بۇددا ئوبرازى يارىتىلغان بولۇپ، ئولتۇرغان، ياتقان بۇددالار بار. شەكسىزكى، بۇددا دىنىنىڭ بۇ

ئىجادچىسىنى ئىلاھلاشتۇرۇش خاھىشى بولۇپ، ئۇنى ئۇستۇرۇپ ئادەمدىن تاشقىرى خەلق بىلەن بىرلەشتۇرۇلگەن.

مىلادىيە باشلانغاندىن كېيىن، يەنە بىر خىل تەرەققىيات بولغان، يەنى تارىختا مەۋجۇت بولغان بۇددادىن باشقا، يەنە راھەت دۇنيادا ياشاۋاتقان ھەر خىل ئەپسانىۋى بۇددانى ياراتقان. بۇ ئوبرازلار ئىچىدە گەۋدىلىكلىرىدىن ئامىتا بۇددا، چەكسىز نۇرلۇق بۇددا، يىروزانا (يەنى ۋايروجانا بۇددا) لار بار. «ئامىتا نومى» پاك تۇپراقنى ياكى مۇشۇ نۇرلۇق بۇددانىڭ غەرب تەرىپىدىكى راھەت دۇنيانى بايان قىلىدۇ. بۇ ئەسەرلەر مىلادىيىدىن كېيىن دەسلەپكى بىر نەچچە ئەسىردە، ھىندىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدا يېزىلغان. بۇ ئەسەرلەرنىڭ دۇنخۇاڭ سەنئىتىگە ئالاھىدە ئىلھام بېرىش رولى ئاشۇ بەختلىك دۇنيانى ئەكس ئەتتۇرىدىغان كۆپ مىقداردىكى تام سۇرەتلەرنىڭ ئىدىيە مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى «ئۇلۇغ ئامىتا نومى» مىلادىيە 252 ـ يىلى خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىنغان.

تارىختا مەۋجۇت بولغان ساكيامۇنى بۇددانىڭ پېشىۋالىرىدىن باشقا، ئاشۇ «سىرلىق بۇددا» لار يىپەك يولىدىكى بۇددا دىنى سەنئىتى ۋە ئەدەبىياتىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان. كېلەچەك بۇدداسى مايترى «تارىختا» كۆرۈلگەن بۇددالار ئىچىدە ئەڭ ئاخىرىدىكى ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۇ يەر يۇزىدە پەيدا بولۇشتىن بۇرۇن، داۋاملىق توۋزىت تەڭرى يېرىدە تۇرغان، ئۇنىڭ ئوبرازىمۇ تەخمىنەن مىلادىيە باشلانغاندىن كېيىن، ھىندىستان بىلەن ئىراننىڭ چېگرىداش رايونىدا پەيدا بولغان[182].

ئېنىقكى، ماھايانا بۇددا دىنىغىمۇ ھىندى دىنى تەسىرىنىڭ ھەل قىلغۇچ تامغىسى بېسىلغان. ئۇنىڭ بىر ئاساسىي يېڭىلىقى «بۇددىساتۋا»، يەنى «دانىشمەن» نىڭ ئوبرازى بىر خىل ئۆتكۈنچى رولىنى ئۇستىگە ئالغان. ئۇ بۇددا تېنىدە گەۋدىلىنىدىغان مۇتلەق شەيئى بىلەن ئاشۇ ئۇمىد ـ ئارزۇدىن

چەتلىگەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا تۇرىدۇ. بۇددىساتۋا كېلەچەكنىڭ بۇدداسى، ئۇ پانىي دۇنيادا جەبىر ـ زۇلۇم، جاپا ـ مۇشەققەتكە ئۇچرىغان ئادەملەرگە ھېسداشلىق قىلىشنى كۆزلەپ، بۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى بىر ئادەم جەبىر ـ زۇلۇم دېڭىزىدىن قۇتۇلغانغا قەدەر، نىرۋاناغا يېتىشتىن قەسەم بىلەن ۋاز كەچكەن.



30 ـ رەسىم مايترىنىڭ تۇژىت تەڭرى يېرىدە بۇددا ئەقىدىلىرىنى سۆزلەۋاتقان كۆرۈنۈشى، قىزىل، مىلادىيە 7 ـ ئەسىر

گەرچە قەدىمكى دەۋر بۇددا دىنىدا «بۇددىساتۋا» دېگەن بۇ ئۇقۇم بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى تارىختا مەۋجۇت بولغان بۇددا يول تېپىشتىن ئىلگىرىكى ۋاقتى ۋە بۇددانىڭ دەسلەپكى يىللاردا مەلۇم ئاسمان ياكى زېمىندىكى ۋاقتى بىلەن چەكلىگەن. بولسا، بۇددىساتۋادىن ئىبارەت بۇخىل مېھرىبانلىقنىڭ تېپى، بۇ خىل ئەسلىدىكى تېپىك، ئارخاتقا ماس كېلىدىغان تىپ نۇرغۇنلىغان يەككە ئوبراز قىلىپ يارىتىلغان، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرئەمدى

«ئۇ» دېمەي، «بىر» بۇددىساتۋا دەيدىغان بولغان. بۇددىساتۋا جەبىر ـ زۇلۇم، جاپا ـ مۇشەققەتتىن قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئادەمگە ھەم مېھىر ـ شەپقەت بىلدۈرىدۇ، ھەم خۇشاللىق بىلەن ياردەم قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇنى ئەمەلىي قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرىدۇ. بارلىق بۇددىساتۋا ئىچىدە، ئۇلۇغ شەپقەتچى بوددىساتۋا بولۇپ، ئۇنىڭ نامىنىڭ مەنىسى «مېھرىبانلىق بىلەن ئېگىزدىن نەزەر سېلىپ تۇرغۇچى ئىلاھ» دېگەن بولىدۇ. يىپەك يولىدا ئۇنىڭ ئۇچۇن ئوخشاش بولمىغان رەسىملەر يارىتىلغان، شۇنداقلا جوڭگونىڭ تەسىرىدە ئۇنى گۈزەل ئايال شەپقەتچى قىلىپ ياراتقان. بۇ كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان چەكسىز ھۆرمىتىنى نامايان قىلىدۇ.

سەنئەت ئەسەرلىرىدە، بۇددىساتۋالار ئادەتتە ئىنتايىن چىرايلىق كېيىنىدۇ، ياكى ئولتۇرىدىكى بۇددانىڭ ئىككى يېنىدا، ياكى يالغۇز كۆرۈنگەن بۇددىساتۋا مېھرىبان ـ شەپقەتلىك چىراي بىلەن كىشىلەرگە قاراپ تۇرىدۇ. بۇددىساتۋا مەڭگۇ بارلىق ئادەملەرنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن ئىشلەيدۇ، ئۇنىڭ كىشىلەرگە چەكسىز ياردەم قىلىش روھى ۋە قۇربان بېرىش روھى بۇددا دىنى ئىدىيىسىدە دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بىر ئىلاھلار سىستېمىسىنى ۋۇجۇدقا چىقارغان. مۇشۇ سىستېما بويىچە، پارامىتانىڭ ئولتۇرىسىدا ئالتە ياكى ئون قاتلام بولىدۇ، بۇنى ھەر بىر بۇددىساتۋا ئۇ دۇنياغا بېرىشتا باشتىن كەچۈرىدۇ [183]. خەلق ئېتىقادىدا، بۇددىساتۋانىڭ تەسىرى خرىستىئان دىنىنىڭ چېركاۋلىرىدىكى ئاشۇ دانىشمەنلەرنىڭ تەسىرىگە ئوخشايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، بۇددىساتۋادىن ئىبارەت بۇ تېمىنىڭ دائىرىسى كۆپ كەڭ، چۈنكى ماھايانا بۇددا دىنىدا، ئومۇمەن ئىخلاس بىلەن بۇددا قائىدىسىگە ئىنتىلگۈچى، مەسىلەن، ساڭرام ـ ئىبادەتخانىلاردا نەزىر ـ چىراغ قىلىپ، بۇ خىل نىيىتىنى ئىپادىلىگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى بۇددىساتۋانىڭ يولىغا ماڭالايدۇ.



31 ـ رەسىم بۇددىساتۋا، ئۇنىڭ ياسىنىشى شۇ جاينىڭ خانىغا ئوخشاش، ئىككى بىراھمى بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قاراۋاتىدۇ، قىزىل

پانىي دۇنيادىن چەتلىگەن ئاشۇ مەشھۇر نىرۋانالارنىڭ ھەممىسى مۇئەييەن بۇددا بولۇپ، ئۇلار «ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە قىياپىتى ۋە رولى بولسىمۇ» (184) ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە مېھرىبانلىقىنى گەۋدىلەندۈرەلەيدۇ ھەمدە مۇتلەق شەيئىنىڭ نامايەندىسىگە ئايلىنالايدۇ. ئۇلار شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە ھەقىقەتەن ئۆتكۈنچى خاراكتېرلىك ئەرباب ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى ئۇلار بىر تەرەپتىن ئەڭ ئالىي بۇددا قائىدىسىگە ئىنتىلىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن يەنە بارلىق ئادەملەرنى بەخت ـ سائادەتكە يېتەكلەيدۇ. ئۇ ۋاقىتتىكى سەنئەتنىڭ

مۇشەقەتلىك ۋەزىپىسى «بۇ خىل قوش تەبىئەتنى ئۇنىڭ ئىچكى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن نامايان قىلىش ئىدى» (185) .
بۇ ۋەزىپە ئادەتتە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەل قىلىنىپ بولغان، بىراق ھەرقايسى جايلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇلى بويىچە ھەل قىلىنغان.



32 ـ رەسىم نىرۋانا بۇددانىڭ ئەرشتە ئۇچۇشى ۋە ساز چېلىشى، قىزىل، مىلادىيە 7 ـ ئەسىر

ماھايانا بۇددا دىنىنىڭ بۇددىساتۋالىرى ئىچىدە، يەنە «بىلىملىك شاھلار» ۋە ھىندى دىنىدىن قوبۇل قىلىنغان ئىلاھلارمۇ بار، ئۇلار ئوخشاشلا ئادەم بىلەن شەكىللەشتۈرۈلگەن مۇتلەق شەيئى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈنچى رولنى ئوينىيالايدۇ.

كىشىلەرمۇ مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندا، ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنىمۇ ئاتايدۇ. يىپەك يولىدىكى خەۋەر ئالغۇچىلار بولسا، ئىخلاسمەنلىكى تۈپەيلىدىن ئېرىشكەن تۆھپىلىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئۇلارغا ھەدىيە قىلىپ بېرىدۇ، بۇ خىل ئەھۋال ھەرگىزمۇ ئاز ئۇچرىمايدۇ (186) . شۇنداق بولسىمۇ، مۇنداق بىر نۇقتىنى تەكىتلەنگەن، ئۇ بولسىمۇ پەقەت ئادەمدىن ئىبارەت مۇشۇ قاتلام جەھەتتە، بۇددا قائىدىلىرىنىڭ مەزمۇنىنى تولۇق ئىگىلەپ ئالالىسىلا، ئادەمنىڭ تۇرمۇشى ئىلاھنىڭ تۇرمۇشىدىن تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ دېگەندىن ئىبارەت. يەنە بىر تەرەپتىن ئىلاھ زىيادە خۇشاللىق تۈپەيلىدىن تۇرمۇشنىڭ جەبىر ـ جاپا، ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى چۈشىنىشى مۇمكىن ئەمەس، كىشىلىك تۇرمۇشتا بولغان بۇ خىل قىزىقىش ئادەمگە ئالاھىدە بىر خىل ئىززەت ـ ئابرۇينى ئاتا قىلغانىنىڭ ئۈستىگە، يەنە ئۇنىڭغا ئالاھىدە بىر خىل مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالدۇرغان، ئۇنىڭمۇ تىرىشىپ بۇددانىڭ ئىززەت ـ ئابروينى قولغا كەلتۈرۈشى، بۇنىڭ ئۈچۈن بۇددىساتۋانىڭ يولىغا مېڭىشى لازىم بولغان. بۇ يول ئۇنى دەرىجىمۇ دەرىجە يۇقىرى ئۆرلەشكە يېتەكلەپ، ھايات ـ ماماتلىقنىڭ سانسار ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ.

ئەگەر بارلىق شارائىت ھازىرلانغان ئالدىنقى شەرت ئاستىدا، قۇرۇق چىنلىقتا قارىتا قۇتۇلۇش خاراكتېرلىك تونۇشقا ئېرىشكىلى ، بۇددانىڭ ئۆزىگە خاس تەبىئىتىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ دېيىلسە، پەقەت راھىب ئورنىدىكى ۋاقىتتىلا، ئاندىن ئالدىنقى شەرت ـ شارائىت ھازىر بولىدۇ. ئۇ ھالدا بىر پۇقراغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۈچ «ئەڭگۈشتەر» گە — بۇددا، قانۇن ۋە راھىبقا ئېتىقاد قىلغاندىلا، ئۇ ئاشۇ نىشانغا يېتىدىغان ئاساسىي شەرت ـ شارائىتنى يارىتالايدۇ. قۇتۇلۇشقا ئىنتىلگەندە، ئىخلاس بىلەن بۇنىقا چوقۇنۇش، بۇددا قانۇنىنى ئۆگىنىش ھەم مەڭگۇ. ئەستە ساقلاش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئىبادەتخانىغا مەدەت بېرىش كېرەك. ئىبادەتخانا دىن جەھەتتىكى رەھبەرلىك

ۋەزىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان، ئىبادەتخانىلارنىڭ يىپەك يولىدىكى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئوينىغان رولى پۇقرا ئېتىقادچىلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن، بۇ خىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىز پېرسىيىدىن جۇڭگوغىچە بولغان بوستانلىقلاردا كۆرگەن، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان مەدەنىيەتنىڭ ئاساسىي قىياپىتىنى ھاسىل قىلغان. بۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىشى يىپەك يولىدىكى ھەرقايسى مەدەنىيەت رايونلىرىنى تەھلىل قىلغاندا مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ ئالغا سۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، بۇددا دىنى ئىبادەتخانىلىرىغا قارىتىلغان مەدەنىيەت تەدرىجىي ئازايغان، بۇ ئەھۋال ئاخىر يىپەك يولىدىكى بۇددا دىنىغا ئائىت مۇقەددەس جايلارنى زاۋاللىققا يۈزلەندۈرگەن. تارىم ئويمانلىقىدا، ئىسلام دىنى تەخمىنەن 15 ـ ئەسىردە ئاخىرقى غەلىبىگە ئېرىشكەن. ۋاھالەنكى، دۇنخۇاڭ ۋە جۇڭگونىڭ كىندىكى، بۇددا دىنىغا ئائىت مۇقەددەس جايلار چەتكە قېقىشقا ئۇچرىماي ساقلىنىپ كەلگەن.

## ئىسلام دىنى

ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بوستانلىق شەھەرلەردە، بۇددا دىنىنىڭ زاۋال تېپىشى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىنىڭ تارقىلىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇ خىل تارقىلىش باسقۇچقا بۆلۈنۈپ ئورۇنلانغان، بۇ جەرياندا ئىسلام دىنى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىماي قالمىغان. بۇ ئەرەب پەيغەمبىرى ئېتىقادچىلىرىنىڭ نىشانى پانىي دۇنيادا «قۇرئان كەرىم» نى ئاساس قىلغان بىر دىنىي تۈزۈم بەرپا قىلىش. بۇ خىل تۈزۈم بارلىق بويسۇندۇرۇلغان مىللەتلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشىنى تەلەپ قىلماي، ئىسلام دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىشىنى تەلەپ قىلغان. لېكىن، ئەمەلىيەتتە ئاساسلىق يۈرگۈزگىنى غەيرىي مۇسۇلمانلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى كەمسىتىش

ئۇنىڭ ئىپادىسى: ئۇلارنىڭ كىشى بېشىدىن باج ئېلىش ۋە بۇنىڭدىن كەلگەن غەيرىي ئىسلام دىنى جەمئىيىتىگە يېتەرلىك مەدەت بەرمەسلىك ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئاساسىنى يوقىتىشقا سەۋەبچى بولغان.

بويىس مۇنداق كۆرسىتىدۇ: بۇرۇنقى ئىران ساسانىيلار خانلىقىنىڭ زېمىنلىرى ئەرەبلەر تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغاندىن كېيىن، كۆلىمى بارغانسېرى كىچىكلىسىمۇ، لېكىن پۈتۈنلەي يوقالمىغان. ئاتەشپەرەستلىك دىنىغا تەۋە دىنىي تەشكىلاتلار بارغانچە زور قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىغان. مۆلچەرىمىزچە، ئىراننىڭ جات رايونىدا، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان باكترىيىدىمۇ ئەھۋال ئاساسەن مۇشۇنداق بولغان. بۇ رايونلاردا، ئىسلام دىنى بىلەن يەرلىك ئاتەشپەرەستلىك دىنى ۋە بۇددا دىنى خېلى ئۇزۇن ۋاقىت بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. ئۇنىڭ ئىسلاملىشىش جەريانى ھەرگىز كىشىلەر تەسەۋۋۇر قىلغىنىدەك ئومۇمەن زورلۇق كۈچى بىلەن ئورۇنلانغان ئەمەس، خۇددى مىلادىيە 7 ~ 8 ـ ئەسىرلەردە، ئەرەب ھاكىمىيىتىنىڭ ھەربىي كۈچى ئامۇ دەرياسى ۋادىسىغا قاراپ كېڭەيگەن ۋاقىتتا قىلغىنىغا ئوخشاش. ئەرەب ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىمۇ، بىر قاتار ئايرىم ھەرىكەتتىن كېيىن ئىشقا ئاشۇرۇلغان. بۇ جەرياندا ئىسلامىيەتنىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي داھىيلىرى ئوتتۇرىسىدا ئومۇمەن بىردەك ئىتتىپاق بولغان ئەمەس، بەزى ۋاقىتتا كەسكىن كۈرەشلەرمۇ يۈز بەرگەن[188].

ساسانىيلار خانلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خانى دەگەرد III مىلادىيە 642 ـ يىلى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان، بۇ ئەرەب ئىسلامىيەت كۈچلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قاراپ كېڭىيىشىدىكى ئالدىنقى شەرت ئىدى. بۇ چاغدا يىپەك يولىنىڭ ھەرقايسى بوستانلىق شەھەرلىرىگە بارىدىغان يوللىرى ئەرەب قوشۇنىغا ئېچىۋېتىلگەن[189]. ئىسلامنىڭ ئورنى قەدەممۇ قەدەم

مۇستەھكەملەنگەندىن كېيىن، بۇددا دىنى يەنە داۋاملىق گۈللەنگەن. راھىبلار ئۇلارنىڭ ھىندىستاندىكى دىنداشلىرىغا ئوخشاش يەنە قانلىق قىرغىنچىلىققا ئۇچرىمىغان، ئىبادەتخانىلار پۇقرادىن كېلىدىغان مەدەتتىن تەدرىجىي مەھرۇم بولغان ھەم بارا ـ بارا چۆلدەرەپ قالغان، ئاخىر كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كېتىلگەن. مەسىلەن، بىزگە مەلۇمكى، بامىياننىڭ خانى مىلادىيە 8 ـ ئەسىردە ئىسلام دىنىغا بېقىنغان، ئۇ يەردىكى ئىبادەتخانىلار بولسا 100 يىلغىچە ساقلىنىپ تۇرغان. مىلادىيە 870 ـ يىلىغا كەلگەندە، كىشىلەر «بۇت» نى كۆچۈرۈپ، باغدادقا توشۇپ ئاپارغان (190) .

شەكسىزكى، بۇددا دىنى ھەرقايسى جايلارنىڭ ھەممىسىدىلا «بىدئەت» قالپىقىنى كىيگۈزۈپ مەنئى قىلىنمىغان، ئىسپاتلاشقا بولىدىغان ئاساسلىرىمىز باركى، بىر قىسىم بۇددا ئىبادەتخانىسى ۋە بۇتلار خرىستىئان دىنى ۋە ئاتەشپەرەستلىك دىنىنىڭ مۇقەددەس جايلىرىغا ئوخشاش كەڭچىلىككە سازاۋەر بولغان (191) . ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىللە، بويسۇندۇرۇلغان ئاھالىلەردىن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيگەن. بۇددا دىنى ئىبادەتخانىلىرىمۇ ئۆزلىرى ئۇچۇن زۆرۈر بولغان پۇقرا مۇرىتلىرىدىن كېلىدىغان ياردەمدىن مەھرۇم بولغان. بىرۇنىنىڭ تەخمىنەن مىلادىيە 1000 ـ يىلى يازغان ئەسىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، خۇراسان ۋە ھىندىستاننىڭ چېگرا رايونلىرىدا، بۇددا دىنى ئىبادەتخانىلىرىنىڭ خارابە ۋە ئىزنالىرىلا ساقلىنىپ قالغان (192) .

سوغدلار رايونىدا، مىلادىيە 7 ～ 8 ـ ئەسىرلەردە ئىسلام دىنى كىرىشتىن ئىلگىرى، ئاتەشپەرەستلىك دىنى يەنە بىر قېتىم روناق تاپقان، شۇ جايدىكى ئاھالىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئېتىقادىدا ئالاھىدە قەيسەرلىك بىلەن چىڭ تۇرغان، بۇ يەردە دىنىي تۇرمۇشنىڭ ۋاستىسى ئىقتىسادىي جەھەتتە باشقىلارنىڭ

ئىبادەتخانىلىرىغا بېقىنغان ئەمەس. بىر تەرەپتىن ئۇزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى دىنىي ئېتىقادىدا چىڭ تۇرغان؛ يەنە بىر تەرەپتىن بىر مەھەل قەبىھ ـ شەپقەتسىز ھالدا ئىسلاملاشتۇرۇش بولغان. بۇ ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى نارشاھىنىڭ مەشھۇر «بۇخارا تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە ئېنىق ئەكس ئەتتۇرگەن. مەزكۇر كىتابتىن بىلىشىمىزچە، ئىسلام قوشۇنىنىڭ قوماندانى قۇتەيبە ئىبىن مۇسلىم يەرلىك ئاھالىلەرنى تەكرار ئۈچ قېتىم ئىسلامغا ئېتىقاد قىلدۇرغان، ئەمما كىشىلەر كۆپ قېتىم ئوتقا چوقۇنۇش دىنىنى يېڭىباشتىن بەجا كەلتۇرگەندىن كېيىن، ئاخىر ئىسلام دىنىنى ئومۇملاشتۇرغان (193) .

شۇنداق بولسىمۇ، بۇددا دىنى ۋە ئاتەشپەرەستلىك دىنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمى ۋە باكتېرىيە (ئەينى ۋاقىتتا «توخارىستان» دەپ ئاتالغان) دە، يەنىلا بارغانسېرى كۆچىيىپ كېتىۋاتقان ئىسلام دىنى بىلەن خېلى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. مىلادىيە 13 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، موڭغۇللار بېسىپ كىرگەن مەزگىلدە، مەرۋ شەھىرىدىكى بۇددا دىنىدا ھەتتا يەنە قىسقا ۋاقىتلىق قايتا گۈللىنىش بولغان. بۇددا تەلىماتىدا قايتا گۈللىنىش بولغان بولسىمۇ، لېكىن مىلادىيە 1000 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، پامىرنىڭ غەربىدە يوقالغان. بۇ تەلىماتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئىسلام دىنىغا داۋاملىق تەسىر كۆرسەتمەي قالمىغان.

ئۇ تېخى مىلادىيە 14 ـ ئەسىردىكى ئىش، مۇسۇلمان يازغۇچىلىرى بەزى بۇددا دىنى ئەسەرلىرىنى پارسچىغا تەرجىمە قىلغان. شۇنداق قارىشىمىزغا بولىدۇكى، بولۇپمۇ ئىسلام دىنىدىكى تەسەۋۋۇرچىلىق بۇددا دىنى ۋە مانى دىنىنىڭ تەسىرىدە پەيدا بولغان، ئەھۋالدىن قارىغاندا، شىئە مەزھىپىنىڭ كۆز قارىشىدا مانى دىنىنىڭ ئىلھام نەزەرىيىسىنىڭ تامغىسى ۋە قەدىمكى ئىراننىڭ باشقا ئىدىيىسىنىڭ تامغىسى بار. مانى



33 ـ رەسىم بۇخارادىكى نەقىشلىق ئوردا ئىچى،
مىلادىيە 1553 ـ يىلى سىزىلغان

دىنىنىڭ سەنئىتى پېرسىيە ئىسلام سۈرەتلىرىدە خېلى روشەن ھالدا داۋاملىق مەجۇت بولغان. ۋاھالەنكى، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىسلام دىنىدىكى سۈننىي مەزھىپىنىڭ ئەقىدىسى تارقىتىلغان. بىراق، بۇ مەزھەپ تارقىتىلغاندا، يىپەك يولىدىكى ئىسلام دىنى تەرىپىدىن چەتكە قېقىۋېتىلگەن، باشقا دىنلارنىڭ ئىزلىرىمۇ يوق ئەمەس ئىدى. مەيلى قانداق بولمىسۇن، مۇنداق بىر نۇقتا ئېنىقكى، ئىسلام ئىلاھىيەت ئىنستىتۇتىنىڭ بىناكارلىقى بۇددا دىنى ئىبادەتخانىلىرىنى ئۈلگە قىلغانلىقى ناھايىتى ئېنىق.

تارىم ئويمانلىقىدىمۇ ئىسلاملاشتۇرۇش كۆپىنچە تىنچ ئەمەلگە ئاشقان ئەمەس. مەسىلەن، ئىسلام دىنى تارقىلىشتىن بۇرۇن، بۇددا دىنى ھۆججەتلىرىدە ئېنىق غەم - قايغۇ ئاۋازى ياڭرىغان. كىشىلەر كەلگۈسىدە بۇددا مايتىرىنىڭ مەيدانغا چىقىشىنى ئارزۇ قىلىشقان، غەيرىي دىندىكىلەرنىڭ ئېتىقاد قىلىشى ياكى بويسۇنۇشىنى ئارزۇ قىلىشقان[194]. مىلادىيە 8 - ئەسىردە، خوتەننىڭ بۇددا دىنى راھىبلىرى ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىدىكى ھەربىي غەلىبىسىدىن بىئاراملىق ھېس قىلغان ۋە بەزى ئادەملەر تىبەت تەرەپكە قېچىپ كەتكەن.

خوتەن مىلادىيە 982 - يىلى قاراخانىيلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ يەردىكى بۇددا دىنى ئىبادەتخانا تۇرمۇشى تەخمىنەن مىلادىيە 1000 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئاخىرلاشقان. يىپەك يولىنىڭ شىمالىي لىنىيىسىدىكى بۇددا دىنى بۇنىڭدىن كېيىن خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە داۋام قىلغان، گەرچە راھىبلار ئۇچۇن جوڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ يولىيورۇقى بويىچە (مىلادىيە 845 - يىلى ئېلان قىلىنغان خان يارلىقى)، بۇددادىن كېچىپ خالىيلىقا (دەھرىيلىككە) قايتىش زۆرۈر بولسىمۇ، لېكىن يۈەن دەۋرى (مىلادىيە 13 ~ 14 - ئەسىرلەر) دىكى تۇرپاندا، بۇددا دىنى يەنە بىر قېتىم گۈللەنگەن.

## موغۇلىستان ئىسلام خانلىقى (1389 ~ 1399 - يىللار)

تۇرپاننى بويسۇندۇرغان، شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ تۇرپان ئىسلام دۆلىتىگە ئايلانغان. ۋاھالەنكى، تېمۇرنىڭ بىر ئەۋلادى شاھرۇخ خان (1405 ~ 1447 ـ يىللار) ئەۋەتكەن بىر ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ 1420 ـ يىلى بەرگەن مەلۇماتىدا، تۇرپاننىڭ كۆپ قىسىم ئاھالىسى يەنىلا بۇتقا چوقۇنغۇچىلار، يەنى بۇددا دىنى مۇرىتلىرى ئىكەن دېگەن. تەخمىنەن شۇنىڭدىن كېيىن، بۇرۇن گۈللەپ راۋاج تاپقان بۇددا دىنى مەدەنىيىتى گاھ تېز، گاھ ئاستا زاۋال تاپقان. قۇمۇل بوستانلىقى تەخمىنەن قۇمۇل ۋاڭى داۋاداشىر (1439 ~ 1457 ـ يىللار) ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقىتتا ئىسلاملاشقان. مىڭ سۇلالىسى تارىخىدىكى خاتىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇ خاننىڭ يەنە بىر ئىسمى «ئەلى سۇلتان» ئىكەن. ۋاھالەنكى، دۇنخۇاڭدىن ئىبارەت بۇ «جۇڭگوغا بارىدىغان دەرۋازا» يەنىلا جۇڭگونىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان، شۇ سەۋەبتىن ئىسلامىيەت يۇرگۈزگەن بۇتلارنى ۋەيران قىلىشتىن ساقلىنىپ قالغان.

دەرۋەقە، ئىسلام دىنى ھەرگىز پەقەت مەدەنىيەتنى ۋەيران قىلىدىغان بىر خىل كۈچ سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن ئەمەس[195]، ئۇمۇ ئەھمىيەت بىرىشكە ئەرزىيدىغان بىر خىل مەدەنىيەتنى ياراتقان. بۇ خىل مەدەنىيەت ئەرەبىستان شەكلىگە ئىگە بولۇپلا قالماي، يەنە تۈركىي مىللەتلەرنىڭ مەنىۋى مەزمۇنلىرىغا ئىگە، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىككى خىل مىللەتنىڭ تىلىنى قوللانغان[196]. بۇخارا بىلەن سەمەرقەند پارس ئىسلام سەنئىتى بىلەن ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم مەركىزى بولغان.

## بەشىنچى باب

# يىپەك يولىنىڭ غەربىي بۆلىكىدىكى مەدەنىيەت رايونى

## 1. يۇناننىڭ شەرقىي ئىران ۋە باكترىيىگە كۆرسەتكەن تەسىرى

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 334 - يىلى ئىمپېراتور ئالېكساندېر كىچىك ئاسىياغا بېسىپ كىرىپ پېرسىيىدىكى ئاخېمېنىدلار خانى دارىي III نىڭ قوشۇنلىرىنى تارمار قىلغاندىن كېيىنكى يەتتە يىل ئىچىدە، ئاخېمېنىدلارنىڭ پۈتكۈل زېمىنى ئۇنىڭ تەسەررۇپىغا ئۆتكەن، ئاندىن ئۇ داۋاملىق ئىلگىرىلەپ باكترىيىگىچە يېتىپ بارغان. باكترىيە تەخمىنەن ھازىرقى ئافغانىستان بىلەن ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى رايونلار ئىدى. ئىمپېراتور ئالېكساندېر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوغدلار رايونىغىچە ھۇجۇم قىلىپ سىر دەرياسى ۋادىسىغىچە بېسىپ كىرگەن، كېيىن غەربتىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇ ئىككى چوڭ دەريانىڭ يۇنانچە نامىنى قوللانغاندى. ئىمپېراتور ئالېكساندېر ئوتتۇرا ئاسىيا (باكترىيە ۋە سوغديانا) دا ئۈچ يىلدىن ئارتۇق (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 330 ~ 327 - يىللىرى) تۇرغان بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇ ئىككى دۆلەت ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قاتتىق قارشى تۇرغان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 327 ~ 325 - يىللىرى ئۇ ھىندىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ھىندىستان پادىشاھى بورۇسنىڭ قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، ھىندى دەرياسى ۋادىسىمۇ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى

تىكلىگەن[197].

ئىمپېراتور ئالېكساندىرنىڭ ئىستېلاچىلىقى ئاخېمېنىدلار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزىدە غايەت زور بۇزغۇنچىلىق ۋە ۋەيرانچىلىق پەيدا قىلغان. بۇنىڭ ئىسپاتلىرىنىڭ بىرى پېرسېپولىس خارابىسىدۇر. پېرسېپولىس ئەسلى ئاخېمېنىدلار خانلىقىنىڭ پايتەختى بولۇپ، ئۇنىڭ ھەشەمەتلىكلىكى ئەينى دەۋردىكى ھەرقانداق دۆلەت پايتەختلىرىدىن ئېشىپ چۈشەتتى. ئەينى ۋاقىتتا ئوردا، بۇتخانا ۋە مۇقەددەس بۇيۇملار بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپلا قالماستىن، بەلكى كۆپلىگەن راھىبلار مۇقەددەس بۇيۇملارنى قوغداۋاتقاندا ئۆلتۈرۈلگەن. بۇ خىل ئەھۋاللار ئاخېمېنىدلار خانلىقىنىڭ شەرقىي رايونلىرىدىمۇ، سوغديانا ۋە باكترىيىدىمۇ يۈز بەرگەن.

ئىمپېراتور ئالېكساندىرنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن باشلاپ يۇنانلاشتۇرۇش باشلانغان، بۇ تەدبىر شەرقىي ئىران، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسىملىرى ۋە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىغا ئۇزۇنغىچە تەسىر كۆرسەتكەن. ئالېكساندىر شەرقتە پەقەت يەتتە يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن سەركەردىلىرى ھاكىمىيەت تالىشىپ ئۆز ئارا پۇت تېپىشكەن. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 312 ~ 311 - يىللىرىغا كەلگەندە، سېلېۋك ئاخېمېنىدلار خانلىقىنىڭ زور بىر قىسىم رايونلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەسەررۇپىغا ئېلىپ، تېگرىس دەرياسى ساھىلىدىكى سېلېۋك شەھىرىنى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزى قىلغان.

ئىمپېراتور ئالېكساندىر ھىندۇقۇش ئەتراپلىرىغىچە بولغان جايلاردا نۇرغۇنلىغان يۇنان شەھەرلىرىنى قۇرغان. ئۇ لەشكەرلەر ۋە كۆچمەنلەرنى بۇ شەھەرلەردە ئولتۇراقلاشتۇرۇپ، يۇنان مەدەنىيەت رايونىنى شەكىللەندۈرگەن. ئىراندا ساسانىيلار

خانلىقى دەۋرى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 224 ـ يىلى باشلانغان) گە كەلگەندە، يۇنانچە ئۇسلۇب چەتكە قېقىلىشقا باشلىغان. ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا بولسا، يۇنانچە ئۇسلۇب شۇنىڭدىن كېيىنكى خېلى ئۇزاق مەزگىلگىچە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلگەن. ئۇ قەندەھار بۇددا دىنى سەنئىتىدە ئىپادىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى باكترىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا يۇنان يېزىقىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى، يۇنان ھەيكەلتاراشلىقى، يۇنانچە سۆزلۇكلەر ۋە تەپەككۇر قىلىش شەكىللىرىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ (198).

مەسىلەن، يۇنانچە «nomos» دېگەن سۆز ئەسلىدە يۇنان شەھەرلىرىدىكى (ئىلاھىي) قانۇنلارنى كۆرسىتەتتى. كېيىنچە «nom» شەكلىدە سوغد تىلىغا قوبۇل قىلىنىپ، ئاندىن تۈركىي تىللىرى ۋە موڭغۇل تىلىغا كىرگەن. گەرچە بۇ تىللاردا بۇ سۆز شەھەر قانۇنى مەنىسىنى بىلدۈرمىسىمۇ، لېكىن دىنىي نىزاملارنى كۆرسىتىدۇ ھەم دىنىي مەسىلىلەرنىلا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

شەرقىي ئىران، باكترىيە ۋە يۇنان ئۇسلۇبىنىڭ بىرلىشىشى ھازىرلاشقا تېگىشلىك بولغان بىر ئاساس بولسا، ماكېدونىيىلىكلەر ئىستېلاچىلىقىنى تاماملىغاندىن كېيىن ئاخېمېنىدلار خانلىقىنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسىنى قوللىنىپ، ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ ۋالىيلىرىغا كەڭ دائىرىلىك ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقىنى بېرىشى ئىدى. شەرقىي قىسمىدىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەر ئۆز ئالدىغا مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، سىياسىيغا قارىغاندا مەدەنىيەتتە تېز سۈرئەتتە ئىلگىرىلىگەن، بولۇپمۇ باكترىيىنىڭ بۇ خىل ئەھۋالى كىشىلەرگە يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى روشەن ھېس قىلدۇرىدۇ. بىراق، ئاخېمېنىدلار خانلىقى بىرلىككە كەلتۈرگەن دەۋرنىڭ يالدامىسى سۈپىتىدە، ئىراننىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدىكى ھەرخىل مەدەنىيەت گەۋدىلىرى ئارىسىدا

قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى داۋاملىق ساقلانماقتا ئىدى. بۇ نۇقتا بولۇپمۇ تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردا ئىپادىلىنىدۇ: ئۇلار ناھايىتى زور دەرىجىدە ئوخشاش بولغان بىر قىسىم ئىلاھلارغا چوقۇنغان ھەمدە ھەرقايسى جايلاردا ئاتەشپەرەستلىك دىنى ئىبادەتخانىلىرىنى تەسىس قىلغان. گەرچە بۇ چاغدا رايون پەرقى ساقلىنىۋاتقان بولسىمۇ، يۇنان مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرى مەدەنىي تۇرمۇشتا ۋاستىچىلىك رولىنى ئوينىغان. ھەرقايسى جايلاردا ئېنىق ۋە چۈشىنىشلىك بولغان يۇنان ھەرپلىرى قوللىنىلىش بىلەن بىرگە، قەدىمكى ئىران ھەرپلىرىمۇ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. شۇنداقتىمۇ مۇھىم ئۆزگىرىشلەرنىڭ بىرى كىشلەر يۇنان سەنئەت ئۇسلۇبىدا پادىشاھ ۋە ئىلاھنىڭ رەسىمىنى سىزىپ چىققان بولۇپ، بۇ رەسىملەردىكى ئىزنالار يۇنان ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكىدۇر.

بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان پادىشاھ ۋە ئىلاھ رەسىملىرىنىڭ ئەھۋالى قەدىمكى يۇنان دەۋرىنىڭ پۈتكۈل مەدەنىيەت ئەھۋالىغىمۇ ماس كېلىدۇ. ئادەم ھەيكىلىنى تەسۋىرلىگەندە ئادەملەرنىڭ پانىي دۇنيادا كۆرگىلى، تۇتقىلى بولىدىغان سىرتقى شەكلىگە بولغان ھۆرمەت ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بەخت ئىچكى قەلب دۇنياسىدا مەۋجۇت، لېكىن ئىلاھ پرىنسىپ جەھەتتە تۇرمۇشنىڭ پۈتكۈل قىسمىغا تەۋە بولغاچقا، ئۇلار كېيىنكى دەۋردىكى سەنئەتكە ئوخشىمايدۇ، ئۇ يىراقتىكى جەننەتتى دۆلەتنىڭ ۋەكىلى. ساسانىيلار خانلىقى ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئىراندىمۇ مۇشۇنداق ئۇقۇم مەۋجۇت ئىدى. سېلېۋك خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە، ئاخىرقى زاماندا ھەممە نەرسە گۈللىنىدۇ ۋە گۈزەللىشىدۇ دېگەن ئارزۇ ـ ئارمانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاخىرقى زامان تەلىماتى بارلىققا كەلگەن. بۇ قەدىمكى ئىران ئەدەبىيات ـ سەنئىتىدىكى بىر تېمىدۇر.

بىراق، يۇنان ھۆكۈمرانلىقىدىكى شەھەر ۋە رايونلاردا

يۇنانچە تۇرمۇش ئادىتى ئومۇملاشقان بولۇپ، بۇ ئادەت پانىي ئالەمنىڭ پارلاق ئىكەنلىكىنى مەدھىيىلەشتە ئىپادىلىنىدۇ، چۈنكى پانىي ئالەمدىكى كىشىلەر ئوبرازى ۋە ئىلاھ ئوبرازى روشەن گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن. بۇ يەردىكى سەنئەتتە جىن - ئالۋاستىلار ساھەسىنىڭ ئىزنالىرى بايقالمىغان. جىن - ئالۋاستىلار ساھەسىدە هايۋانلارنىڭ شەكلى كۆپ سانىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، رەھىمسىز هۆكۈمدارلارغا سىمۋول قىلىنغان، بۇخىل هۆكۈمدارلارغا كېيىنكى دەۋردىكى سەنئەتتە چۈشەنچە بېرىلىدۇ (199) .




34 ـ رەسىم ئاي خانۇم ئوردىسىنىڭ
تەكشىلىك خەرىتىسى

شۇڭا، يۇنان كونتروللۇقىدىكى باكترىيىنىڭ بۇددا دىنىنى ئومۇملاشتۇرۇش سۈرئىتى ئىنتايىن ئاستا بولغان. بۇددا دىنىدا تۇرمۇش ئازاب - ئوقۇبەتلىك، پانىي ئالەمدە هاياتلىق بىلەن

ئۆلۈم نۆۋەتلىشىپ تۇرىدۇ دەپ قاراپ، بۇنىڭغا زىت ھالدا جەننەتتىكى ئېرۋانانى ئوتتۇرىغا چىقارغان. پەھلىۋى تىلىدىكى بۇددا نومىدا يۇنان پادىشاھىنىڭ بۇددا تەلىماتىغا قىزىقىپ قالغانلىقى توغرىسىدىكى ناھايىتى مۇھىم بىر ئىسپات بايقالغان. بۇ پادىشاھ دەل مىلاندا (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 165 ~ 130 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى مىلاند دەپ ئاتاشقان. «پادىشاھ مىلاندا سوئاللىرى» دېگەن ئەسەردە ئېيتىلىشىچە، بۇ پادىشاھ بىر راھىبنىڭ دىنىي تەرغىباتىنى ئاڭلىغانىكەن، ئۇ راھىب ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئالاھىدىلىكنىڭ مەنىسىزلىكى توغرىسىدا سۆزلىگەن. شۇنداق بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يۇنانلاشقان باكترىيىلىكلەرنىڭ ئېتىقادىدىكى بۇددا تەلىماتلىرىنى ئىپادىلەپ بەرگەن، بۇ مىلاندا ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەر ئىدى.

تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردىن باكترىيىلىكلەرنىڭ يۇنان روھىنىڭ تەسىرىنى ئۇزاق مۇددەت قوبۇل قىلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 256 ~ 75 ـ يىللىرى يۇنان كونتروللۇقىدىكى بىر باكترىيە خانلىقى مەۋجۇت ئىدى. بۇ خانلىقنىڭ قۇرغۇچىسى دىئودوت I (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 256 ~ 248 ـ يىلى) بولۇپ، ئۇ مۇستەقىل ھالدا سېلېۋكىيە خانلىقىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغانىدى. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزى، پايتەختى دەسلەپتە ھىندۇقۇش تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى باكترىيە بولۇپ، زېمىنى شىمالدا سىر دەرياسىغا، جەنۇبتا ھىندى دەريا ئېغىزىغا يەتكەن. «ئېئۇكراتىدېس جەمەتى» بىر مۇستەقىل خانلىق بولۇپ، پادىشاھى ئېئۇكراتىدېس I ئىدى، ئۇنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋاقتى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 171 ~ 155 ـ يىللىرى ئىدى. ئۇ ھىندى ـ يۇنان خانلىقىنى قۇرۇپ چىقىپ، چېگرىسىنى ھىندۇقۇش تاغلىرىنىڭ شىمالىدىن ھىندى دەرياسىنىڭ شىمالىي ۋادىسىغىچە كېڭەيتكەن.

بۇ خانلىق مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 55 - يىلىغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇپ، كېيىن كۆچمەن ساكلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان.

ئىمپېراتور ئالېكساندىر ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ سىياسىتى يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ باكترىيىلىكلەرگە سىڭىشىدىكى شەرت - شارائىتلارنىڭ بىرسىدۇر. باكترىيىلىكلەر ئالېكساندىرغا ئىنتايىن قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەن. بۇ رايون ئىراننىڭ مەركىزىي رايونى ھەم ھىندىستان بىلەن سوغدلار ئارىسىدا بولغانلىقتىن، مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك جاي ھېسابلىناتتى. ئالېكساندىر بۇ رايوننى بىر يۇنانلىق باش ۋالىينىڭ ئىدارە قىلىشىغا تاپشۇرىدۇ. بۇ باش ۋالىي ۋە باشقا سەركەردىلەر سىياسىي سەۋەبتىن، باكترىيە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قىزلىرىغا ئۆيلەنگەن، ئالېكساندىرنىڭ ئۆزىمۇ گۈزەل ھەم ئەقىللىق رۇكسانانى خوتۇنلۇققا ئالغان.

ئالېكساندىرنىڭ ۋارىسى سېلېۋكمۇ ئەسىرگە چۈشكەن باكترىيىلىك ئاقسۆڭەكنىڭ ئاپاما ئىسىملىك قىزىغا ئۆيلەنگەن، ئاپاما ئۇنىڭغا مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 280 ~ 260 - يىللىرى سېلېۋكىيە خانلىقىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان سېلېۋكنىڭ ۋارىسى ئانتىئوخ I نى تۇغۇپ بەرگەن. شۇڭا، سېلېۋكلارنىڭ تومۇرىدا ئىرانلىقلار بىلەن باكترىيىلىكلەرنىڭ قېنى بولۇپ، ئۇلارنىڭ زېمىنىدا يۇنان - ئىران ئارىلاشما ئاھالىلىرى پەيدا بولغانىدى. يۇنان تەركىبىنى ئومۇميۈزلۈك قوبۇل قىلغاندىمۇ، ئىرانلىقلارنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن يۇنانلىقلارنىڭ مەدەنىيىتى پرىنسىپ جەھەتتە يەنىلا پەرقلىنەتتى. يېڭىدىن بەرپا قىلىنغان كۆچمەنلەر رايونىدا يۇنان مەدەنىيىتى گۈللەنگەن، كونا شەھەر ۋە يېزىلاردا بولسا يەنىلا ئىران ۋە باكترىيە تۇرمۇش ئادىتى ساقلىنىپ قالغانىدى.

سېلېۋكلارنىڭ يەرلىك سىياسىتى ئىلگىرىكى ئاخېمېنىدلار خانلىقىنىڭ ھەرقايسى ئۆلكىلىرىدە، مەيلى سەنئەت جەھەتتە

بولسۇن ياكى تىل - يېزىق جەھەتتە بولسۇن، ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت قاتلىمىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. مەسىلەن، ئاخېمېنىدلار خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىنكى يازما ماتېرىياللار ۋە ئابىدىلەردىن قوللىنىلغان تىللارنىڭ مەرىيە تىلى، ئوتتۇرا ئەسىر پارس تىلى، ئارساك تىلى، كوۋالۇنتىمىيە تىلى ۋە سوغد تىلىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق، شۇنداقتىمۇ باكترىيە ۋە يۇنان تىللىرى ھۆكۈمران ئورۇندا ئىدى. روشەنكى، بۇ جايلاردا ھۆججەتلەرنى خەلق ئارىسىدا قوللىنىلىۋاتقان باكترىيە تىلىدا يېزىش چەكلەنگەن. ساقلىنىپ قالغان باكترىيە تىلىدىكى ھۆججەتلەر بولسا كۇشان خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە مىللەتچىلىكنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى ئارقىسىدا يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ۋاقىتتا يەنىلا يۇنان يېزىقى قوللىنىلغانىدى.

يۇنان - باكترىيە دەۋرىگە ئائىت ئارخېئولوگىيە ۋە سەنئەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئاساسلىقى يۇنان كۆچمەنلەر رايونىدىن تېپىلغان. ئالدى بىلەن كۆرسىتىپ ئۆتىدىغىنىمىز يۇنان - باكترىيىنىڭ يارمىقى، بۇ خىل يارماق مىلادىيە 18 - ئەسىردىلا غەرب ئالىملىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغانىدى. ئۆتكەن ئەسىردىن بۇيان، بۇ يارماقلارنىڭ زور بىر قىسمى ئېنىقلىنىپ بولدى. ئۇنىڭ يۈزىدە ئادەم بېشىنىڭ رەسىمى بولۇپ، بىر پادىشاھنىڭ ئۇڭ تەرەپ يانتۇ يۈزىنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلۈپ، روشەن سىزىقلار ئارقىلىق بۇ ئادەمنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىپادىلەنگەن. يارماقنىڭ يەنە بىر يۈزىگە قوغدىغۇچى ئىلاھ ۋە يۇنان بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن. بۇ يارماقلارغا چۈشۈرۈلگەن رەسىملەر يىپەك يولىدا كېيىن قايتا كۆرۈلۈپ باقمىغان. شەرقىنىڭ تەسىرى ئاستا - ئاستا سىڭىپ كىرىشكە باشلىغان بولۇپ، مەسىلەن، ئىران قۇياش ئىلاھىنىڭ نۇر چېچىپ تۇرغان باش سۈرىئىتى دېمىترى I (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 200 ~ 185 - يىللىرى) دەۋرىدىكى بىر يارماققا چۈشۈرۈلگەن، ھېراكىل ئىلاھىنىڭ بېشىنى ئوراپ تۇرغان.

بۇ يارماقنىڭ تېپىلىشى كىشىلەرنى يۇنان باكترىيە مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ تەتقىق قىلىشقا ئىلھام بەرگەن. كۆپلىگەن يۇنان ئىلاھى ھەيكەللىرى، تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە كىچىك تىپتىكى سەنئەت بۇيۇملىرى ئافغانىستان زېمىنىدىن، ھەتتا يۇنان دەۋرىدىكى ھەر قايسى كۆچمەنلەر رايونىدىن تېپىلغان. مەسىلەن، ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى ئاي خانۇم ۋە مۇشۇ دەريانىڭ شىمالىدىكى ساكسانوخۇ قاتارلىقلار.

فرانسىيىلىك ئارخېئولوگلار ئاي خانۇمدا ھەرخىل شەكىلدىكى قۇرۇلۇشلارنى بايقىغان، بۇنىڭ ئىچىدە بىر ئوردىمۇ بار ئىكەن. بۇ ئوردا يۇنان ئۇسلۇبىدا ياسالغان بولۇپ (201)، ئۇنىڭدا شەھەرنى قوغدايدىغان سېپىل، قاراۋۇلخانا ۋە شەھەر قوۋۇقى بار ئىكەن. شەھەر ئىچىدە ئاممىۋى قۇرۇلۇشلار، ئولتۇراق ئۆيلەر، بىر قەھرىمانلار ئىبادەتخانىسى، تىياتىرخانا، مەكتەپ ۋە ئوردا شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىلاھ زېۋۇس بۇتخانىسى بار ئىكەن. قەھرىمانلار ئىبادەتخانىسى ئوردا شەھىرىنى قۇرغۇچى ياكى بىرەر دۆلەتمەنگە نەزىر - چىراغ قىلىش ئۈچۈن سېلىنغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئىچىدە بىر پارچە يۇنانچە ئابىدە بولۇپ، ئۇ ئوردا شەھىرىنىڭ يۇنان بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. ئابىدىدىن شۇنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇنىڭ مۇئەللىپى كىرىئارخۇس تېرفى شەھىرىگە بېرىپ ئەۋلىيالاردىن ئىلىم تەھسىل قىلغان، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ھەيكەل ۋە ئۇششاق يادىكارلىقلار، قۇرۇلۇش زىننەتلىرى، شىرنىڭ، دېڭىز دېلفىنىنىڭ باشلىرى، تىياتىرخانىنىڭ قۇرۇلمىسى ھەم مەكتەپلەردىكى ھېرمېس ۋە ھېراكلىنىڭ بىر قىسىم يۇنانچە ئابىدىلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى يۇنان بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ساكسانوخۇدىكى

ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلارمۇ مۇشۇ ئەھۋالنى ئەكس ئەتتۈرگەن. بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى لىتۋىنسكىي باشچىلىقىدىكى رۇس ئارخېئولوگلىرى 1966 ~ 1967 ـ يىللىرى قېزىپ چىققان(202) . بۇ قېزىلمىلار ئاي خانۇمنىڭ ھەشەمەتلى ئالاھىدە بولسىمۇ، ئالەمدە تەڭدىشى يوق دېگۈدەك ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىغان.

يۇنان ـ باكترىيە خانلىقىنىڭ سەنئەت ۋە قۇرۇلۇشلىرىدا يۇنان ئۇسلۇبىنىڭ ئىپادىلىرى كۈچلۈك بولغان. يۇنان ئۇسلۇبىدىن باشقا يەنە بابىلۇن ئۇسلۇبى ۋە مەزمۇنى ھەمدە ئىران ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكىمۇ بار بولۇپ، بۇ خىل يەرلىك ئالاھىدىلىك كېچىككىپرەك قوبۇل قىلىنغانىدى. بۇ خىل يۇنان سەنئىتى بىلەن شەرق تەركىبلىرى (ئىران، باكترىيە ۋە ھىندى دىنى تەركىبلىرى) نىڭ قوشۇلۇپ كېتىشى، يۇنان ـ باكترىيە خانلىقى ھالاك بولغاندىن كېيىنكى دەۋرلەردە يەنە يۈز بەرگەن.

مۆلچەرلىنىشچە، «ئامو دەرياسى گۆھىرى» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان مۇھىم ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلارمۇ يۇنان ـ باكترىيە خانلىقى دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن. بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ھازىر بۈيۈك بىرىتانىيە مۇزېيىدا ساقلانماقتا(203)، ئۇ بىر تۈركۈم ئاز ئۇچرايدىغان دىنىي بۇيۇملار ۋە سەنئەت بۇيۇملىرى بولۇپ، بۇلارنى 1880 ـ يىلى ئەتراپىدا بىر قىسىم سودىگەرلەر قۇرۇپ كەتكەن ئامۇ دەرياسى قىنىدىن تاپقان. بۇ بۇيۇملارنىڭ كۆپ قىسمىنى ھىندىستاندىكى ئەنگلىيىلىك ئارخېئولوگلار سېتىۋېلىپ، كېيىن لوندون بۈيۈك بىرىتانىيە مۇزېيىغا تەقدىم قىلغان.

بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ قېزىۋېلىنىشى توغرىسىدىكى كونكرېت ماتېرىياللار كەم بولغاچقا، «ئامۇ دەرياسى گۆھىرى» نىڭ كېلىش مەنبەسى توغرىسىدا تۈرلۈك ئوخشاش بولمىغان قاراشلار مەۋجۇت. بەزىلەر بۇ قىممەتلىك

بۇيۇملار ئىمپېراتور ئالېكساندىرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى ۋاقتى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 334 ~ 332 - يىللار) دا ياكى كېيىنكى پادىشاھ ئېئۇكراتىدېس I نىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 235 ~ 200 - يىللىرى) دىكى سىياسىي پاراكەندىچىلىكلەر تۈپەيلىدىن يەر ئاستىغا كۆمۈۋېتىلگەن دەپ قارايدۇ. بۇ نەرسىلەر بەلكىم ئىبادەتخانىدا يىغىپ ساقلانغان سەدىقە بۇيۇملىرى بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى باكترىيە ۋە ئىراندا كىشىلەر ئىلاھقا تىۋىنىش ياكى ئىلاھتىن پاناھلىق تىلەش ئۈچۈن مۇشۇنداق بۇيۇملارنى سوۋغا قىلاتتى. بۇ قاراشنى قېزىۋېلىنغان يادىكارلىقلار ئارىسىدىكى زور مىقداردىكى تىللالار ئىسپاتلاپ بېرىدۇ، چۈنكى بۇ تىللالار كىشىلەرنىڭ ئىلاھقا ياكى ئىبادەتخانىغا ئاتاپ بەرگەن سەدىقە بۇيۇملىرىدۇر.

بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدىن نۇرغۇن ئوخشاش بولمىغان دىنىي بەلگىلەر بايقالغان بولۇپ، تىللالارغا چەۋەنداز بىلەن ئايالالارنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن. بۇ ئەمەلىيەت بىزگە بۇ بۇيۇملارنىڭ ئايال ئىلاھ ئاناختا ئىبادەتخانىسىنىڭ بۇيۇملىرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ ئايال ئىلاھ مول ھوسۇل ۋە ئۇرۇش ئىلاھىدۇر. بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، باكترىيە بۇ ئايال ئىلاھ ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بىر ئىبادەتخانا بىنا قىلغان. ئۇنىڭدىكى بۇيۇملار گەرچە يۇنان ھاكىمىيىتى دەۋرىدە ساقلانغان بۇيۇملار بولسىمۇ، بىراق قېزىۋېلىنغان بۇيۇملارنىڭ كۆپ قىسمى ئاخېمېنىدلار خانلىقى دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن. بەزىلىرى مىلادىيە 330 ~ 550 - يىللىرى بارلىققا كەلگەن. مۆلچەرلىنىشىچە، بۇ بۇيۇملارنى ئىراندا ئوردىدا خىزمەت قىلىدىغان مەلۇم بىر پېرسىيىلىك قول ھۈنەرۋەن ياساپ چىققان. «ئامۇ دەرياسى گۆھىرى» ئىچىدىكى ئالتۇن بىلەزۈك، مارجانغا ئوخشاش زىننەت بۇيۇملىرى ئاخېمېنىدلار خانلىقى پادىشاھلىرىنىڭ ئىقتىدارلىق ۋەزىر - ۋۇزرالارغا ئىنئانە

قىلىدىغان بۇيۇملىرى ئىكەن.

«ئامۇ دەرياسى گۆھىرى» ئىچىدىكى بەزى بۇيۇملار بەلكى ئاخېمېنىدلار خانلىقى دەۋرىدىن بۇرۇنقى دەۋرلەردە بارلىققا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇلاردىكى سەنئەت ئۇسلۇبى مەربىيە خانلىقى سەنئەت ئۇسلۇبى بىلەن ئوخشاش، بىراق يېمەك ـ ئىچمەك توغرىسىدىكى مەزمۇنلارنى مېسوپوتامىيە دائىرىسىدىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. باشقا بۇيۇملار ئارساك دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 200 ـ يىلىدىن كېيىن ياسالغان. بۇ كېيىنكى دەۋردىكى بۇيۇملارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئاللىقاچان يۇناننىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئاز ساندىكى بۇيۇملاردا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك بولۇپ، «سكىفىيە» ئۇسلۇبىغا ئىگە بولغان بولۇشى مۇمكىن، بۇنىڭدىن ئاسىيادىكى كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ تەسىرىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ئەگەر يۇنانلىقلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى باكترىيىدە يۇنان ئۇسلۇبى ھۆكۈمرانلار قاتلىمىنىڭ مەدەنىيىتىنى بەلگىلىگەن دېيىلسە، «ئامۇ دەرياسى گۆھىرى» كۇشان خانلىقىدىن بۇرۇنقى ئامۇ دەرياسى ۋادىسىدا ئۆز رولىنى كۆرسەتكەن ھەرخىل مەدەنىيەت تەسىرى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. ئالدى بىلەن ئىران مەدەنىيەت رايونىنىڭ باشقا رايونلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىكى روشەن ئۆزگىرىشنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بىراق، بۇ مەدەنىيەت رايونى بابىلۇندىكى «ئىككى دەريا» ۋادىسىدىن ھەرىكەتلەندۇرگۈچى كۈچكە ئېرىشكەن. بۇ مەدەنىيەتنىڭ تەسىرى ھەتتا بابىلۇن روھىغا ئىگە «ئامۇ دەرياسى گۆھىرى» ئىچىدىكى مۆھۈرلەردىمۇ ئۆز رولىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ كەلگەن.

# 2. شەرقىي ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئارساك مەدەنىيىتى

مېسوپوتامىيىدىن باشلاپ ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن سېلېۋكىلار گەرچە پۈتكۈل ئىران، ھىندى دەرياسى ۋە سىر دەرياسىغا ئىگىلىك ھوقۇق تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، سېلېۋك ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئانتىئوخ I دەۋرىدە شەرققە ماڭغانسېرى ئەمەلىي كۈچى ئاجىزلاپ بارغان.

يۇنان ـ باكترىيە خانلىقى ھازىرقى ئافغانىستان رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 246 ـ يىلى مۇستەقىللىق جاكارلىغانىدى. شۇ چاغلاردا شەرقىي ئىراندىكى ئارساكلار توپىلاڭ كۆتۈرۈپ سېلېۋكىيە خانلىقىغا قارشى چىققان ۋە مەلۇم بىر ئارساكلىق يۇنانلىق ۋالىيىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ ئارساك خانلىقىنى قۇرغانىدى. ئۇنىڭ ئەجدادى ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن پال ( 帕勒 ) دەپ ئاتىلىدىغان كۆچمەن قەبىلە بولۇپ، ئۇلارنىڭ سكىفلار بىلەن تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى بار ئىدى. پاللار ئاتەشپەرەستلىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئارساكلارنىڭ تىلى ۋە دىنىنى قوبۇل قىلغان ھەمدە بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، ئارساك خانلىقىنى قۇدرەت تاپقۇزغان.

ئارساك ھاكىمىيىتى مۇستەھكەملەنگەندىن كېيىن، غەربكە قاراپ كېڭەيگەن. بۇ خانلىق قۇرۇلۇپ نەچچە ئون يىلدىن كېيىن، مىترىدات I (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 171 ~ 138 ـ يىلى) غەربكە يۈرۈش قىلىپ، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 141 ـ يىلى تىگرىس دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشقان سېلېۋكىيە خانلىقىنىڭ پايتەختىنى بېسىۋالغان. مىترىدات II ھۆكۈمرانلىقى دەۋرى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 123 ~ 87 ـ يىللىرى) دە ئارساكلارنىڭ

تەسىر كۆچى شەرقتە ھىندى دەرياسى ۋادىسىغىچە، غەربتە مېسوپوتامىيىنىڭ غەربىي چېگرىسىغىچە كېڭىيىپ، شىمالدا تۇران ئويمانلىقىغىچە ئىچكىرىلەپ كىرگەن. مىلادىيە 224 ـ يىلىغا كەلگەندە، ساسانىيلار ئارساكلارنىڭ بۇ رايوندىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلالىغان. گەرچە ئارساكلارنىڭ مەدەنىيىتى ۋە دىنى توغرىسىدىكى يازما ماتېرىياللار يوق دېيەرلىك بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ئاتەشپەرەستلىك دىنىدىن ۋاز كەچمىگەنلىكى توغرىسىدا ئاساس بار. بىراق، ئۇ ھەرخىل رايون ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىدى[204].

ئارساكلار 500 يىل ھۆكۈم سۈرگەن بولۇپ، شانۇ شەۋكەتلىك ئاخېمېنىدلارنىڭ ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقتىدىنمۇ ئۇزۇن، بىراق ئەزەلدىن ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشكەن دۆلەت بولۇپ باقمىغان. ئارساك پادىشاھى بېقىندى ئەللەر پادىشاھلىرى ۋە بەگلەر ئارقىلىق ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلار خېلى كۆپ ئۆزى ئۆزىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا سېلېۋكلارنىڭ تەپرىقىچىلىك ئىدىيىسى سىياسىي تۇرمۇش ياكى مەدەنىيەت تۇرمۇشىدا بولسۇن داۋاملىق ساقلانغان. دىنىي جەھەتتە گەرچە ئارساك راھىبلىرى باشلامچىلىق رول ئوينىسىمۇ، ئەزەلدىن ھەممە ئىشتا ئۆزلىرىگە ئىتائەت قىلىشنى تەلەپ قىلمىغان.

ئارساكلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا يۇنان شەھەرلىرى ئۈزلۈكسىز گۈللەنگەن، بولۇپمۇ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ئارساك خانلىرى يۇنانلىقلارغا ئىنتايىن دوستانە بولغان. مىترىدات Ⅱ قۇيدۇرغان يارماقلاردا ئۆزىنى «شاھىنشاھ، ئادىل ۋە ئەخلاقلىق زات» (بۇ يۇنانلىقلارنىڭ بىرخىل غايىسى ئىدى) دەپ ئاتاپلا قالماستىن، بەلكى يەرلىكلەر ئۇنى «يۇنانلىقلارنىڭ دوستى» دەپ ئاتىغان. بەزى ئارساك خانلىرى يۇنان تىلىغا كامىل بولۇپ، يۇنان ئەدەبىياتىنى چۈشىنەتتى.

مىترىدات I دىن باشلاپ ئارساك خانلىرى يۇنان ھۇنەرۋەنلىرىگە ئۆزىنىڭ يارماقلىرىنى قۇيدۇرۇشقا باشلىغان، ئاخىمېنىدلار خانلىقىنىڭ يارماقلىرىدىكى بەلگىلەرنى چىقىرىۋېتىپ، ئورنىغا ئاتەشپەرەستلىك دىنىدىكى ئىلاھلارنى يۇنان ئۇسلۇبىدا چۈشۈرگەن. يارماقنىڭ ئوڭ يۈزىدىكى پادىشاھ رەسىمىدە شەرقلىقلەرنىڭ ئالاھىدىكىنى گەۋدىلەندۈرگەن. شەرقتىكى يۇنانلىقلار يەنىلا ئۆز يۇرتلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ساقلاپ كەلگەن بولۇپ، شەھەرلەرنىڭ بازار ۋە مەيدانلىرىدا ئۆز ئىلاھلىرىنىڭ ھەيكەللىرىنى ياساپ، يۇنان ئىلاھلىرى بىلەن يەرلىك ئىلاھلارنى بىرلىكتە تۇرغۇزغان. بۇ ئاتەشپەرەستلىك دىنىدىكى رەسساملىق ۋە ھەيكەلتىراشلىققا يېڭى تۈس قوشقان. بۇ خىل رەسساملىق ئارساكلار ۋە باكترىيىلىكلەرنىڭ يارماقلىرى ئارقىلىق تارقىلىپ كەلگەن. مەسىلەن، زېۋس ۋە ئاپوللوننىڭ ھەيكىلىنى ياسىغان. ئۇلار ساپ ھۆرا مازدا بىلەن مىتراغا ۋەكىل قىلغان؛ «جەڭدە غەلىبە قىلالماي قالمايدىغان ھېراكىل» ئىراننىڭ غالىبىيەت ئىلاھى، نىكا ۋە مىترىنى ئىپادىلىگەن. ئاتەشپەرەست دىنىنىڭ ئايال بەخت مۇئەككىلى ئاشا ۋە «ئۆلمەس ئىلاھ» ئالماتقا ۋەكىللىك قىلغان.

بۇنىڭدىن قارىغاندا، بۇنداق يۇنانلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە رول ئوينىغانلار يۇنانلىق دىن تارقاتقانلار دېگەندىن كۆرە، پادىشاھ ۋە بەگلەر دېگەن ياخشى. ئۇلار يۇنان ئۇسلۇبى ئاساسىدا ئۆزلىرى ئۈچۈنمۇ ئىلاھنىڭ نامىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنى ئىلاھ ياكى ئىلاھنىڭ ئوغلى دېگەندەك ناملار بىلەن پەردازلىغان. بۇ ئاتەشپەرەستلىك دىنىغا نىسبەتەن يات، بىدئەت ئىدىيە.

ئارساكلار گەرچە يۇنان ئۆرپ - ئادەتلىرىنى دورىغان بولسىمۇ، بىراق يەنە پۈتۈن دۆلەتتە ئۆزلىرىنىڭ ئاتەشپەرەستلىك ئىبادەتخانىلىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا بايلار سوۋغا قىلغان زور

مىقداردىكى سەدىقە بۇيۇملىرى ساقلانغانىدى. ئەمەلىيەتتە، ئاتەشپەرەستلىك دىنىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىزلىرىنى يەنىلا ساكلار دەۋرىدىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. ئىراننىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىدىكى سىستاندا، دىراڭگىيانا دەپ ئاتىلىدىغان بىر قەدىمىي ئاتەشپەرەستلىك دىنى ئىبادەتخانىسى بار. كوي كۇاكا ياكى «ھەزرەت تېغى» دىكى قازان كۆلى ئەتراپى قاتارلىق جايلاردىن ئۈچ ئىبادەتخانىنى قېزىپ چىققان. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئۈچىنچىسى ساسانىيلار خانلىقى دەۋرىگە تەۋە ئىكەن. ئارساك شەھىرىدە بىر ئاتەشپەرەستلىك دىنى ئىبادەتخانىسى بولۇپ، ئارساكېس مۇشۇ جايدا ئۆزىنى پادىشاھ دەپ جاكارلىغانىدى. ئۇنىڭدا بىر ئۆمۈر چىرىغى بولۇپ، مۆلچەرلىنىشىچە، بۇ ئارساك خانىنىڭ خان جەمەتى ئىبادەتخانىسى ئىكەن. ئۇ چاغلاردا ھەرقايسى بەگلىكلەرنىڭ بەگلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۆمۈر چىرىغىنى ساقلىسا بولىدىكەن.

ئاتەشپەرەستلىك دىنى ئىبادەتخانىسىدىن باشقا، ئارساك خانلىقى دەۋرىدە باكىن نامىدىكى ئىلاھقا تاۋاپ قىلىش ئورنى بولۇپ، ئىچىدە ئىلاھ ھەيكىلى بار ئىدى. بۇلار ئىران ئىلاھلىرى بولۇپ، يەنە بىر قىسىم يۇنان ئىلاھلىرىمۇ بار ئىدى. يۇقىرىقى رەسىمدە ئەھۋال شۇنداق. ھەيۋەتلىك نىسادا، ئىران ئېگىزلىكىنىڭ شىمالىدىكى ئارساك ئويمانلىقىدا (ئۇ جاي ئىسمى جىسمىغا لايىق ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ئىدى) ئىلاھىي ھەيكەللەر بار ئىبادەتخانا بايقالغان (205). نىسادىن يەنە زور مىقداردىكى ساپال پارچىلىرى تېپىلغان، ساپال پارچىلىرىدا ئارساك يېزىقىدىكى ئابىدە بار، ئۇنىڭدا بۇ ئىبادەتخانىنىڭ «ئايازان» دەپ ئاتىلىدىغانلىقى («ئىلاھىي جاي» دېگەنلىك) بايان قىلىنغان.

نىسا ھازىرقى تۈركمەنىستاننىڭ ئاشخىئاباد ئەتراپىغا جايلاشقان بولۇپ، ئارساكلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى پايتەختى ئىدى. بۇ يەردىن ئۆي، قورغان ـ ئىبادەتخانىلار قېزىپ چىقىلغان.

سوۋېت ئالىملىرى بۇ يەردىن يەنە ئارساك خانىنىڭ بىر «چەكلەنگەن رايون» نىنى تاپقان، ئۇ يەردە ئۆلگەنلەرگە نەزىر - چىراغ قىلىش ئورنى ياكى خەزىنە ۋە ھەر خىل ئىبادەتخانىلار بار ئىدى(206). بۇ يەرگە ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ كىرىشى مەنئى قىلىناتتى، بەلكىم مىتىرىدات I ياكى مىتىرىدات II تەرىپىدىن ياسىتىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئارساك خانلىقى مۇنقەرز بولغاندا، بۇ ھەشەمەتلىك قورغان بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ھەم تالان - تاراج قىلىنغان.



35 - رەسىم قەدىمكى نىسادىكى «چاسا شەكىللىك» چوڭ زالنىڭ تەكشىلىك خەرىتىسى، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1 ~ 2 - ئەسىرلەردە قۇرۇلغان (؟)

نىسادىن تېپىلغان 2500 دانە ساپال پارچىسى ئۈستىدە يېزىق بولۇپ، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 100 ~ 29 - يىللىرى

بارلىققا كەلگەن. ئۇنىڭ مەزمۇنى ئاساسلىقى ئىقتىسادقا ئائىت ھۆججەتلەردىن ئىبارەت[207] . سەنئەت جەھەتتە نۇرغۇن جايلاردا ئۈزۈم ۋە تەكلەر تەسۋىرلەنگەنىدى، چۈنكى نۇرغۇن دەۋرلەر ئىلگىرىلا ئارساك ۋە باكترىيە رايونى ئۈزۈم چىقىدىغان جايلار ئىدى. ئىسلامىيەت دەۋرىگە كەلگۈچە بور (ئۈزۈم ھارىقى) ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى شەرقىي ئىران ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بوستانلىق شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ سىمۋولى بولغانىدى. بورنى كۆچمەن مىللەتلەر ياخشى كۆرىدىغان قىمىز بىلەن سېلىشتۇرغاندا قىمىز تۆۋەن ئورۇندا تۇراتتى. ئۈزۈم ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى ئارساك ۋە باكترىيە ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ بوستانلىق شەھەرلىرىگە ھەم جۇڭگو (ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك) غا تارقالغانىدى[208] .

نىسا ساپال پارچىلىرىدا يەنە دىنغا ئائىت مۇھىم ماتېرىياللارمۇ بار، مەسىلەن، «نانا ئىبادەتخانىسى» مېسوپوتامىيە ئىلاھى ئۈچۈن بىنا قىلىنغانىدى. بۇ ئىلاھنىڭ ئارزۇسى ھۆرمەتلىك ئاتەشپەرەستلىك ئايال ئىلاھ ئانىناختىا بىلەن باغلىنىشلىق ئىدى. شەرقتە ئانىناختىا «مول ھوسۇل ۋە سۇ ئىلاھى» دەپ تەرىپلەنگەن. يۇنانلىقلار ئۇنى ئافرودىتا ۋە ئارتېمىدا بىلەن ئوخشاش ئورۇندا قويىدۇ. يەنە بىر ساپال پارچىسىدا «فرات ئىبادەتخانىسى» تىلغا ئېلىنغان. فرات بىر ئارساك خانىنىڭ ئىسمى بولۇپ، ئىبادەتخانىدا پادىشاھنىڭ روھىغا ئاتاپ مۇقەددەس چىراغ يېقىلغانلىقىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ. كىشىلەر بۇ «مۇقەددەس چىراغ» ۋە ئۇ يەردىكى راھىبلارغا نۇرغۇن سەدىقە بەرگەن. بۇ چىراغنىڭ بارلىقى كېيىنكى ساسانىيلار دەۋرىدە ئىسپاتلانغان.

ئارساكلارنىڭ دەسلەپكى پادىشاھلىرىنىڭ قەبرىلىرى نىسا ئەتراپىدا بولۇشى مۇمكىن، بىراق ھازىرغىچە ئۇ توغرىدا ئېنىق ماتېرىيال يوق. پادىشاھلار ئاخېمېنىدلار دەۋرىدىكى قەبرە

شەكلىنى ساقلاپ كەلگەن، بىراق خەلق ئاممىسى ئاتەشپەرەستلىك دىنى ئۆرپ ـ ئادەتلىرى بويىچە مېيىتنى دەپنە قىلغان، يەنى پارسلارغا ئوخشاش ئۆلۈكنى ئىت ياكى قۇشلارغا تاشلاپ بەرگەن. بۇ توغرىدىكى دەلىللەرنى ئاتەشپەرەستلىك كىتابى «ۋىتىدات» (3 ـ توم، 4 ـ بەت ۋە 4 ـ توم، 4 ـ بەت) دىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇستىخانلارنى يىغىۋېلىپ ئىدىش ياكى جەسەت كۆل قۇتىسىغا سېلىپ ساقلىغان. بەزى جەسەت كۆل قۇتىلىرىغا ئابىدىلەر يېزىلغان بولۇپ، ئۆلگۈچىنىڭ روھى ياد ئېتىپ تۇرۇلغان. بۇنداق ئۇستىخانلارنى ساقلاش ئادىتىدە بىر خىل قاراش بولۇپ، ئادەم قايتا تىرىلگەندە مۇشۇ ئۇستىخانلارغا قايتا گۆش ئۇنۇپ چىقىدىكەن ۋە ئىلاھنىڭ قايتا يارىتىشى بىلەن كەتكەن روھ قايتىپ كېلىدىكەن.

ئارساكلارنىڭ بۇخىل ئادىتى يەنىلا يۇنانلىقلارنىڭ تەسىرىنىڭ نەتىجىسىدۇر. كېيىنكىلەر ئالدىنقىلارنى ئۆلگە قىلىپ ئۆلگەن داڭلىق كىشىلەرنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ھەيكىلىنى قاتۇرغان(209) . كىشىلەر نىسادىن ھەشەمەتلىك ئىككى قۇرۇلۇشنى بايقىغان، بۇ قۇرۇلۇش ئۆلگەنلەرگە نەزىر ـ چىراغ قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن دەپ قارالماقتا. بۇ يەردە ئالدى بىلەن «چەكلەنگەن رايون» ياسالغان بولۇپ، نۇرغۇن تۇۋرۇكلۇك «تۆت چاسا زال» (چاسا ئۆي) لار بار ئىكەن، ئۇ تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىردە ياسىلىپ، كېيىن رېمونت قىلىنغان. بەزى ئارخېئولوگلار بۇ خىلدىكى تاملىرىدا پەنجىرىسى يوق قۇرۇلۇشلارنى (ئۇنىڭ بىر نەچچە ئامبىرى ۋە چوڭ بىر ھويلىسى بار) ئوردا خەزىنىسى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىماقتا؛ يەنە بەزى ئارخېئولوگلار بۇ يەرنى كولىغاندا بۇت تەكچىسى ۋە بۇت تېپىلغانلىقىغا قاراپ، بۇ يەر ئۆلگەنلەرگە نەزىر ـ چىراغ قىلىدىغان جاي بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىماقتا. بۇ بۇتلارنىڭ بەزىلىرى مەر مەر تاشتىن ئويۇلغان، قالغانلىرى ئارساكچە

كېيىنكەن نەپىس لاي ھەيكەللەر بولۇپ، بۇلارنىڭ بەزىلىرى بەك كىچىك، بەزىلىرى ئادەمدىنمۇ چوڭ ئىكەن. بويسىنىڭ پەرەز قىلغىنىدەك [210]، بۇ بۇتلار ئالەمدىن ئۆتكەن پادىشاھ ۋە ئاقسۆڭەكلەر بولۇپ، نۇرغۇن نەزىر - چىراغ يېمەكلىكلىرى بار ئىكەن. توران ئويمانلىقىدىكى ئارساكلارغا تەۋە باشقا رايونلاردا ئالەمدىن ئۆتكەن ئاقسۆڭەكلەرنىڭ نەپىس ھەيكەللىرىدىن باشقا، يەنە كىچىك مودېل ساپال ھەيكەللەرمۇ تېپىلغان. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى خەلق ئارىسىدىكى مەشھۇر زاتلار، ئۇلارنىڭمۇ نەزىر - چىراغقا ئىشلىتىلگەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

يېڭى نىسادا دىققەتكە ئەڭ سازاۋەر بولغان قۇرۇلۇشنىڭ بىرى — كېيىنكى دەۋرلەردە ياسالغان ئارساك شەھىرىنىڭ مەركىزىدىكى تۆت ئەتراپى پەلەمپەيلىك قۇرۇلۇش بولۇپ، مۆلچەرلىنىشچە، بۇ بىر ئىبادەتخانا ئىكەن [211].

نىسادىن تېپىلغان سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ ئاساسلىقى «تۆت چاسا زال» دىن قېزىۋېلىنغان. بۇ بۇيۇملارنىڭ ئىچىدە ھەيكەلدىن باشقا، يۇنان ئىلاھى ئۈچۈن ئويدۇرۇلغان مۆھۈر ۋە يىراق ئەللەردىن كەلتۈرۈلگەن سەنئەت بۇيۇملىرىمۇ بار ئىكەن. مەسىلەن، قەدىمىي يۇنان دەۋرىدىكى دېڭىز ياقىسىدىكى شەھەرلەرنىڭ يارماقلىرى تېپىلغان؛ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر تەرىپىدە مىس ئەينەك، يەنە بىر تەرىپىدە كېيىكنىڭ رەسىمى بار بىر ئابىدە بايقالغان ، كىشىلەر بۇنىڭ سكىفلارنىڭ ھايۋانلارنى سىزىش ئۇسلۇبى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. يەنە نەقىشلىك قالقان ۋە بىر ئۇرۇش پالتىسى قاتارلىقلارنىڭ كېلىش مەنبەسى كۆچمەن مىللەتلەر بولۇشى مۇمكىن؛ يەنە سەنئەت قىممىتى يۇقىرى ھايۋانات مۈڭگۈزى شەكلىدىكى كونۇسسىمان ھاراق چەينىكى تېپىلغان بولۇپ، ئەگمەچ ئاغزىغا ھايۋانات شەكلىدىكى نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن، ئۈستىگە بولسا يۇنان نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن.

يۇقىرىقى قالقان ۋە پالتىلارنىڭ ئەكسىچە، بۇ هاراق چەينىكى ئۇنىڭ كېلىش مەنبەسىنىڭ يۇنان تەۋەلىكىدىكى شەرق ياكى باكترىيە ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

ئارساكىنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىدىكى يەنە بىر مۇھىم مەدەنىيەت مەركىزى مەرۋ بولۇپ، ئۇ مەرغىيانە ئۆلكىسىنىڭ مەركىزىدۇر [212]. بۇ جاي مىلادىيە 12 ـ يىلىدىن باشلاپ مۇھىم ئورۇن بولۇپ كەلگەن، شۇ يىلى ئارساكلاردىن بولغان ئارتابىن III (دەسلەپتە ئۇ مەدىيە دۆلىتىگە هۆكۈمرانلىق قىلغان) سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ هاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، ئارساكلارنىڭ يېڭى هاكىمىيىتىنى قۇرغان. شۇنىڭدىن كېيىن، پېرسىيە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تەسىرى پۈتۈن دۆلەتكە كېڭەيگەن، مەرۋدە يېرىم مۇستەقىل پېرسىيە هاكىمىيىتى پەيدا بولغان. ئېنىقكى، بۇمۇ نىساغا ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەن.

بۇ پادىشاھلىقنىڭ يېرىم مۇستەقىللىقى ئۇنىڭ يارماقلىرىدىنمۇ چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇ ھەدېسىلا تەكەببۇرلۇق بىلەن ئۆزىنى «ئۇلۇغ سەنەبەر، شاھىنشاھ» دەپ ئاتىغان، بۇنى يۇنان تىلىدىن باشقا پارس تىلىدىمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. مەرۋنىڭ ھەرقايسى پادىشاھلىرىنىڭ ھەممىسى كۇشان خانلىقى، ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر قىسىم بوستانلىق دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەن. يارماق ۋە باشقا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلاردىن شۇنى كۆرۈۋالايمىزكى، يۇنان ئۇسلۇبى بارغانسېرى شەرق ئۇسلۇبى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن.

تەخمىنەن مىلادىيە 2 ـ ئەسىردە، مەرۋدە بۇددا دىنى تارقالغان، بۇنى بىر بۇددا دىنى خارابىسىدىكى بۇددا ھەيكىلى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ [123]. بۇددا دىنى مەرۋگە كۇشان خانلىقى ۋە ھىندىستان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئاساسىدا تارقىلىپ كىرگەن. پېرسىيىلىكلەر مىلادىيە 2 ـ ئەسىردىلا بۇددا نومىنى

خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىشنى باشلىغانىدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ داڭلىق تەرجىمان بۇخارادا تۇغۇلغان ئارساك شاھزادىسى پارتاما سىرىس بولۇپ، ئۇ مىلادىيە 148 ــ يىلى جۇڭگو پايتەختى لوياڭغا كېلىپ ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بولغان تەرجىمە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ئەينى ۋاقىتتا بىرخىل بۇددا دىنى ماتېرىياللىرى بارلىققا كەلگەن، مانى دىنى ئەسەرلىرى نۇرغۇن ئارساكچە بۇددا دىنى سۆز ــ ئىبارىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. ساسانىيلار خانلىقىنىڭ شەرقىي ئۆلكىسىنىڭ ۋالىيسى پېروس مىلادىيە 242 ~ 252 ــ يىللىرى مەرۋىدە تۇرغان، ئۇ قۇيدۇرغان يارماقنىڭ بىر يۈزىگە ئۆزىنىڭ بۇتقا تازىم قىلىۋاتقان رەسمى چۈشۈرۈلگەن[214] .

مانى دىنى تارىخىي ئەسەرلىرىدىن شۇنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، مىلادىيە 3 ــ ئەسىردە مانى دىنى تەرغىباتچىلىرى مەرۋىدە ئۇتۇق قازانغان. مىلادىيە 5 ~ 6 ــ ئەسىرلەرگە كەلگەندە، نېستورى دىنىنىڭ دىن تارقاتقۇچىلىرى بۇ جاينى ئۆزلىرىنىڭ شەرقتىكى دىنىي بازىسى قىلغان. مىلادىيە 7 ~ 8 ــ ئەسىرلەردىكى ئىسلامىيەتكە قەدەر بۇ يەردىكى ئەنئەنىۋى ئاتەشپەرەستلىك دىنى ۋە ئىلاھىي ئەۋلىيالاردىن باشقا، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۈچ خىل دۇنياۋى دىنىنىڭ ھەممىسى ئىلگىر ــ ئاخىر بولۇپ بىر مەزگىل كەڭ ئومۇملاشقان. بىراق، بۇددا دىنى ئەڭ بۇرۇن تارىخ سەھنىسىدىن چېكىنىپ چىققان.

شۇنداقتىمۇ، مەرۋ بوستانلىقى ئۇزۇن مەزگىل ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالالىغانلىقتىن، دۇنياۋى خاراكتېرلىك دىنىنىڭ شەرققە قاراپ كېڭىيىشىدىكى ئەڭ مۇۋاپىق ئورۇن بولۇپ قالغان، چۈنكى ئۆز ئالدىغا تەرەققىي قىلىش، ئالاھىدە سەنئەت شەكلىگە ئىگە بولۇش قاتارلىقلار بۇنىڭ ئەڭ ياخشى ئىسپاتى. گەرچە بۇ بوستانلىق مىلادىيە 3 ــ ئەسىردە ساسانىيلار خانلىقى تەۋەسىدە بولسىمۇ، ھەم ئىران كۇشان خانلىرىنىڭ تۇرار جايى

(بۇ پادىشاھ ئۆزىگە بوي سۇنغان كۇشان زېمىنىغا ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى). بولسىمۇ ھەمدە ئۇ ساسانىيلارنىڭ شەرقىي شىمال قاراۋۇلى بولسىمۇ، يەنىلا مەلۇم ھۆكۈمرانلىقنى ساقلاپ قالغان ھەم ئىران، ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئارىسىدىكى مەدەنىيەت ۋە ئىقتىساد ئالماشتۇرۇش رولىنى ئويناپ كەلگەن.

## 3. كۇشان خانلىقى ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى

تەخمىنەن مىلادىيە 2 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا بىر كۆچمەن مىللەت باكترىيىگە بېسىپ بولۇپ، جۇڭگولۇقلار ئۇلارنى رۇجى (肶) دەپ ئاتىغان[215]. ئۇلار يۇنان — باكترىيە خانلىقىنى گۇمران قىلغان بولسىمۇ، بۇ خانلىقنىڭ مەدەنىيىتىدىكى نۇرغۇن ئامىللارنى قوبۇل قىلغان، بولۇپمۇ باكترىيىلىكلەرنىڭ تىلىنى قوبۇل قىلىپ، كېيىن يۇنان ھەرپىدىن ئۆزگەرتىلگەن يېزىق ئارقىلىق بۇ تىلنى ئىپادىلىگەن، ھەتتا يۇنان يېزىقىنىمۇ داۋاملىق قوللانغان.

ئىندۇسكىفلار (رۇجىلار) باكترىيىدە قىسمەن ھالدا يۇنان ـ باكترىيىنىڭ بىرقەدەر يۇقىرى بولغان شەھەر مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغان. ئۇلارنىڭ سانى تەخمىنەن 400 مىڭ بولۇپ، بەش قەبىلىگە بۆلۈنگەن، ھەر بىر قەبىلىنىڭ بىردىن باشلىقى بولغان. ئۇلار ئولتۇراقلىشىپ تەخمىنەن 200 يىلدىن كېيىن خەنزۇچە مەنبەلەردە كۇشان دەپ ئاتالغان بىر قەبىلە باشلىقى باشقا قەبىلە باشلىقلىرىنى يېڭىپ باكترىيىگە پادىشاھ بولغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قەبىلىسىنىڭ «كۇشان» دېگەن ئىسمى بۇ يېڭى خانلىقنىڭ نامى بولۇپ قالغان. بۇ خانلىق ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىلا ئاسىيانىڭ شەرقىي قىسمى ھەم

ھىندۇقۇشنىڭ جەنۇبىي رايونى، ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى سىۋات تاغ جىلغىسىنى بويسۇندۇرغان. كۇشانلارنىڭ تارىخىي يىلنامىسىنىڭ قانداقلىقى تا بۇگۈنگە قەدەر مۇنازىرە ئۈستىدە تۇرماقتا. يۇقىرىقى ۋەقەلەرنىڭ ۋاقتى مىلادىيە 2- ئەسىر دەپ پەرەز قىلىنغان(216).



36 - رەسىم كۇشان خانى كانىشكانىڭ ھەيكىلى،
موتۇلا، مىلادىيە 2 - ئەسىر

بۇ خانلىقنىڭ قۇرغۇچىسى ئۆلگەندىن كېيىن، كۇجۇلا كادفىز ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلغان. ئۇ قۇيدۇرغان يارماقلىرىغا يۇنان - باكترىيە پادىشاھلىرىنىڭ يارماق قويدۇرۇش ئەنئەنىسى ئاساسىدا يۇنان ئىلاھلىرىنىڭ رەسىمىنى

چۈشۈرگەن (ھېراكل) ھەم ئۈنىڭغا قارۇشتى يېزىقىنىڭ بەلگىلىرىنى قوشۇپ قويغان. بۇ بەلگىلەردە يۇنانچە ئاتالغۇلار (پادىشاھ ـ قوتقازغۇچى ئىلاھ) دىن باشقا ھىندىستان ئالاھىدىلىكىگىمۇ ئىگە بولغان. مەسىلەن، كۇجۇلا كادفىز ئۆزىنى «قانۇن ھامىيسى» ياكى «ھەقىقەت ھامىيسى» دەپ ئاتىغان. بۇنىڭدا ئېنىق بولمىغان بىر نۇقتا قايسى قانۇن[217] .

ئۇنىڭ كۆرسىتىدىغىنى ئىلاھىيەتتە بېكىتىلگەن دۆلەت دىنىي قانۇنى بولۇپ، يۇنان ئەدەبىياتىدىكى «ئىلاھ» نى ئاساس قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدە كىشىلەر يۇنان ئىلاھىغا چوقۇنسىمۇ، ئىراق ئىران، ئارساك ۋە باكترىيە ئاتەشپەرەستلىك دىنىنىڭ ئىلاھىمۇ يەنىلا مەۋجۇت ئىدى. بۇ پادىشاھ دەۋرىدىكى مەدەنىيەت ۋە دىن تارىخىنى، شۇنداقلا كېيىنكى پادىشاھلارنىڭ بۇ ھەقتىكى تارىخىنى قۇيدۇرغان يارماقلىرىدىن ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ[218] .

دەسلەپكى دەۋردىكى يارماقلاردا بۇددا دىنىغا ئائىت ئالامەتلەر كۆرۈلمىگەنىدى، پەقەت «ھەقىقەت قائىدىلىرى» لا بۇددا دىنى نەزەرىيىسىگە چېتىلمىسىلا، ئۇ ئالامەتلەر كۆرۈلمىدى، لېكىن بۇ تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇنداقتىمۇ كۇشانلار ئۇزۇن ئۆتمەي ئەينى ۋاقىتتىكى ھىندى ئارساك خانلىقى رايونىنى تەسىرۇپىغا ئالغان، بۇ خانلىقنىڭ گۈللەنگەن ۋاقتىدىكى زېمىنى شىمالدا ھىندى دەرياسى ۋادىسىدىن ھىندى دەرياسى ئېغىزىغىچە يەتكەن.

كۇجۇلا كادفىزنىڭ ئىز باسارى ۋېما كادفىز ئىدى. جۇڭگو مەنبەلىرىدە خاتىرىلىنىشىچە، ئۇ ھىندىستانغا تاجاۋۇز قىلغان. ۋېما كادفىز يۇنان ـ باكترىيە پادىشاھلىرىنى دوراپ تىللا قۇيدۇرغان. بۇنداق ئالتۇن بۇيۇملارنىڭ ئىناۋىتى يۇقىرى بولۇپ، شۇ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. تىللادىكى سەنئەت نۇسخىلىرىمۇ كىشىگە چوڭقۇر تەسىر بېرىدۇ. تىللادا ۋېما كادفىز بىلەن

رىمنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ تىللالىرىنىڭ ئېغىرلىقى تىتۇس تىللالىرىنىڭ ئۆلچەملىك ئېغىرلىقى بىلەن باراۋەر ئىدى. مۆلچەرلىنىشىچە، بۇ تىللالارغا ئىشلىتىلگەن ئالتۇنلارنىڭ كۆپ قىسمى رىمدىن كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، رىم شەرقنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالغاندا بىر قىسمىغا ئالتۇن (تىللا) تۆلەيتتى.

ئەينى دەۋردە ۋە كېيىنكى ۋاقىتلاردا، كۇشان خانلىقى ئىگىلىكى گۈللىنىشىنىڭ مۇھىم بىر ئاساسى جۇڭگو بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سودا بولۇپ، بۇ خىل سودا مۇقەررەر يوسۇندا كۇشانلار زېمىنى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلاتتى، جۇڭگو تاۋارلىرى تارىم ئويمانلىقىدىن باكترىيە ۋە ئىران ئارقىلىق غەربكە توشۇلاتتى ياكى ئوتتۇرا ئاسىيادىن ھىندۇقۇش تېغىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال رايونىغا توشۇلاتتى، ئاندىن پاراخوتتا ھىندى دەرياسىنى بويلاپ ھىندىستاننىڭ غەربىي قىسمىدىكى دېڭىز بويىدىكى شەھەرلەرگە توشۇلاتتى، يەنە ئۇ يەردىن دېڭىز يولى ئارقىلىق مېسوپوتامىيىگە ياكى قىزىل دېڭىز پورتىغا توشۇلاتتى، ئۇ يەردىن يەنە مىسىر، سۇرىيە ۋە رىملارغا توشۇلاتتى. كۇشان خانلىقىمۇ غەربتىن تاۋار ئىمپورت قىلاتتى، ئافغانىستاننىڭ بەھرامدىكى ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلار بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئۇ يەردىن تېپىلغان بۇيۇملار ئىچىدە سۇرىيىنىڭ رەڭلىك ئەينىكى، يۇنان مىس ھەيكىلى ۋە گۈل قاچىسى، غەربىي ئاسىيانىڭ باشقا بۇيۇملىرى بار ئىدى.

كۇشان خانلىقى تارىخىدىكى ئەڭ مۇھىم پادشاھ كانىشكا I (گوبېلنىڭ ئېنىقلىشىچە، ئۇ مىلادىيە 232 ~ 273 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) بولۇپ، ۋېما كادفىزنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان. ئۇ بۇددا دىنىنىڭ ئاكتىپ تەشەببۇسچىسى بولۇپ، پۈتكۈل بۇددا دىنى دۇنياسى ئۇنى ياد ئېتىپ ئىككىنچى ئاشوكا خان دەپ تەرىپلىشىدۇ. ئاشوكا خان (مىلادىيىدىن

بۇرۇنقى 273 ~ 232 ـ يىللىرى) ھىندىستاندا ۋەھشىي جەڭلەرنى ئېلىپ بېرىپ، كېيىن بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان پادىشاھ، ئۇ بۇددا دىنى ئەلچىلىرىنى سەيلۇنغا ئەۋەتىپ ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالى (قەندەھار) دا دىن تارقاتقان، ھەتتا خوتەنگىمۇ ئەلچى ئەۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇ پۇقرالارغا بۇددا دىنىنى كەڭ تەشۋىق قىلغان، بۇ ھەقتىكى پەرمانلىرى مەڭگۈ تاشلارغا ئويۇلۇپ، دۆلەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان [219]. كىشىلەر ھەتتا ئافغانىستاندىمۇ مۇشۇنداق مەڭگۈ تاشلارنى تاپقان، ئۇنىڭدىكى خەتلەرنىڭ بىر قىسمى سامىلار تىلى ۋە يۇنان تىلىدا يېزىلغان [220].

كانىشكا ئۆزىنى ئىككىنچى ئاشوكا قىلىشنى خالىغانمۇ، يوق؟ بۇنىڭغا بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ بۇددا دىنىنى تەشەببۇس قىلىشى قارىماققا سىياسىي سەۋەبتىن ياكى دىنىي سەۋەبتىندەك قىلىپ تۇرىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئىستېلا قىلغان ھىندىستان زېمىنىدا بۇخىل دىنىي ئېتىقاد مۇھىم مەدەنىيەت ۋاستىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ھاكىمىيەت مەركىزىنى قەندەھارنىڭ پېشاۋەر (قەدىمكى پۇرۇشاپۇر) غا يۆتكىشىگە ئەگىشىپ، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاھالىلەرگە دۇچ كەلگەن. بىراق، كانىشكانىڭ پوزىتسىيىسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ قۇيدۇرغان يارماقلاردا بۇددا دىنىنىڭ بەلگىلىرى ئاز ئۇچرايدۇ. ئۇ سۇرخ قۇتال چوڭ ھەجىمدىكى خانلىق ئاتەشپەرەستلىك دىنى ئىبادەتخانىسىنى سالدۇرغان ھەم قۇيدۇرغان تىللالارغا ئىران ئىلاھلىرىنىڭ ھەر خىل رەسىملىرىنى چۈشۈرگەن. بۇ ئەھۋاللار كانىشكانىڭ باكترىيىنىڭ ئاتەشپەرەستلىك دىنىدىن ھەرگىزمۇ ۋاز كەچمىگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، بۇددا دىنى مۇرىتلىرى ئۇنىمۇ بۇددا دىنى مۇخلىسى دەپ قارىغان [221] كېيىن كانىشكانىڭ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقى ھەققىدىكى پاراڭلار

كەڭ تارقالغان، لېكىن ئاساسلىقى كىشلەرنىڭ بۇ ئۇلۇغ پادىشاھنىڭ ھاياتى توغرىسىدا بىلىدىغانلىرى ناھايىتى ئاز ئىدى. ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن باشلاپ يېڭىچە بىرخىل يىلنامە قوللىنىلغان، كېيىنكى پادىشاھلارمۇ ئاشۇ يىلنامىنى ئىشلەتكەن. موتۇرودىن كانىشكانىڭ ھەيكىلى تېپىلدى، گەرچە ھەيكەلنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى يوق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن ئۇنىڭ قەھرىمانلىق جاسارىتى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدۇ.

كانىشكا دەۋرىدە بۇ خانلىقنىڭ تېررىتورىيىسى باكترىيىدىن گانگ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنلىرىغىچە كېڭەيگەن. ئۇ يەردىن يەنە شىمالدا خارەزىم ۋە سوغدىياناغىچە يەتكەن، ئەمما ئۇنىڭ كونتروللۇقىنىڭ ئاجىزلىشىشى بىلەن بۇ جايلارنى قىسقا مۇددەتتىلا باشقىلار يۇتۇۋالغان. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ رايونلار تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمى (خوتەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) غا ئوخشاش كۇشان خانلىقى تەۋەسىدە ئىدى.

كانىشكا دەۋرىدىكى ئەڭ مۇھىم قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرى — تاغ ئۈستىگە سېلىنغان ھەيۋەتلىك پادىشاھ ئىبادەتخانىسىدۇر. بۇ ئىبادەتخانىنى شلۇم بېرگېرس باشچىلىقىدىكى فرانسىيە ئارخېئولوگلىرى سۇرخ قۇتالدىن قېزىپ چىققان[222]. بۇ ئىبادەتخانىدىكى باكترىيىچە ئابىدىلەر بۇ ئىبادەتخانىنى كانىشكا سالدۇرغانلىقىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ دىنىي خارابە بىر كىچىك تاغ ئۈستىدە بولۇپ، ئالدى تەرىپى دەريا ساھىلى، تاغ بىلەن دەريا ساھىلى ئارىلىقىدىكى 55 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى پەلەمپەي ئارقىلىق بۇ خارابىلىككە چىققىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ تۆت ئەتراپى سېمونت تام بىلەن قورشالغان، پەلەمپەي بىلەن ئايلىنىپ مېڭىپ، ئاندىن ئۇنىڭغا چىققىلى بولىدۇ، مەركىزىي ئىبادەتخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر بۇت تەكچىسى بولۇپ، نەزىر - چىراغ ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئىراندىكى باشقا ئىبادەتخانىلارغا ئوخشاش بۇ يەردىمۇ بىر ئايلانما

كارىدور بولۇپ، ئۈچ ئەتراپىنى تەكچە ئوراپ تۇرىدۇ.




37 ـ رەسىم سۇرخ قوتال پادىشاھ ئىبادەتخانىسىنىڭ تەكشىلىك خەرىتىسى، مىلادىيە 2 ـ ئەسىر
1. مەركىزىي ئىبادەتخانا 2. يان ئىبادەتخانا 3. ئىچكى تام 4. تاشقى تام 5. ھەيكەل 6. تەكچە 7. ئابىدە 8. ئىچكى تام 9. قۇدۇق )

مەركىزىي ئىبادەتخانىنىڭ پەشتىقىغا تەخمىنەن 1.5 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا بىر كىچىك بۇتخانا بار ئىدى، ئېھتىمال بۇ ئىبادەتخانىنىڭ بىر قىسمى بولسا كېرەك. ئۇنىڭ ئىچىدە ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ئۈچ چوڭ ھەيكەل بار بولۇپ، ئۇلار بۇددا دىنىي زاتلىرى بولۇشى مۇمكىن. پادىشاھ

ئىبادەتخانىسىنىڭ يېنىدىن موتۇرۇ ھەيكىلىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بەگ ـ تۆرىلەرنىڭ ھەيكىلى تېپىلغان. يارماقلاردىكى رەسىملەرگە ئوخشاش بۇ ھەيكەللەرنىڭ بىر قىسمىنىڭ مۇرىسىدە لاۋۇلداۋاتقان يالقۇنلار بار. بۇ خىل شەكىل كۇشان سەنئىتىدە كۆپ ئۇچرايدۇ، بۇ مېسوپوتامىيە شەكلىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. كېيىن بۇ خىل رەسىم سىزىش ئۇسۇلى قەندەھار ۋە يىپەك يولىدىكى بىر قىسىم بۇددا ھەيكەللىرىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالغان. ئۇنىڭدىن باشقا ساقلىنىپ قالغان بۇيۇملاردىن يەنە ئىلاھ گەج ھەيكىلىنىڭ كەمتۈك گەۋدىسى، قۇرۇلۇش بېزەش بۇيۇملىرى، بىر پارچە كۇشان يازمىچە يېزىقىدا يېزىلغان باكترىيە ئەدەبىياتى ئابىدىسىدىن ئۈچ نۇسخا ۋە يۇنانچە چوڭ ھەرپلەر بىلەن يېزىلغان ئابىدىنىڭ كەمتۈك پارچىسى (ھازىرغىچە تەرجىمە قىلىنمىغان)، يەنە بىر پارچە يازما نۇسخىدىكى ئابىدە پارچىسى، بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچرىغان دىنىي لازىمەتلىكلەر، بېزەكلەر ۋە بىر قىسىم يارماقلار بار.

بۇ بىرنەچچە پارچە ئابىدە ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىمى ئىبادەتخانىغا بارىدىغان يولدىكى پەلەمپەينىڭ ئالدىدىن تېپىلغان ئابىدىدۇر. ئۇنىڭدىكى باكترىيە يېزىقىدا يېزىلغان مەزمۇنلار تا بۈگۈنگە قەدەر ھەممىسى تەرجىمە قىلىنمىغان بولسىمۇ، لېكىن مەنىسى چۈشىنىشلىك. خاننىڭنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «كانىشكا ئىبادەتخانىسىدىكى بۇ قورغانغا مۇشۇ ئىبادەتخانا ئىگىسى — پادىشاھ كانىشكانىڭ ئىسمى قويۇلغان» [223]. بىزنىڭ ئىگىلىشىمىزچە، ئىبادەتخانا تەبىئىي سۇ مەنبەسىنىڭ قۇرۇپ كېتىشى تۈپەيلىدىن ئاستا ـ ئاستا ۋەيران بولغان، شۇڭا كىشىلەرمۇ ئۇنى تاشلىۋەتكەن.

بۇ خانلىقنىڭ 31 ـ يىلى (مىلادىيە 263 ـ يىلى)، يەنى خوۋىشكا دەۋرىدە (260 ~ 292 ـ يىللىرى) نوكوزونكو ئىسىملىك بىر يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار (ئەمىرلەشكەر)

بىلەن ئۈچ ئۆلىما بىرلىكتە بۇ ئىبادەتخانىنى رېمونت قىلدۇرغان بولۇپ، قۇدۇق كولىتىپ، ئېرىق چاپتۇرغان. نوكوزونكو «ئەۋلىيالار بۇ يەردىن كەتمىسىلا بۇ ئىبادەتخانا تاشلىنىپ قالمايدۇ» (224). ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالار ھاياتلىق سۈيى بار يەردە تۇرۇپ قالىدۇ دېگەن ئۈمىدتە بۇ قۇرۇلۇشنى قىلغانىدى. كىشىلەر بۇ جەھەتتىكى تارىخنىڭ تەرەققىياتىغا قىزىقىسىمۇ، لېكىن بۇ ئابىدە بەك قىسقا ۋە ئاددىي يېزىلغاچقا، ئۇنىڭدىن تېخىمۇ كۆپ يەكۈن چىقىرىشقا مۇمكىن بولمىغان. شۇنداقتىمۇ كۇشان دەۋرىدىكى ئابىدىلەردە سۇنىڭ قۇرۇپ كەتكەنلىكى، قۇدۇق كولانغانلىقى، ئىبادەتخانىنىڭ قايتا رېمونت قىلىنغانلىقى توغرىسىدىكى ئىشلار كۆپ سۆزلەنگەن (225).



38 ـ رەسىم خالچاياندىن تېپىلغان ھەيكەل

سىرتقى تامدىكى بىر مۇناردا تېخى پۈتمىگەن سۇس قاپارتما نەقىش بايقالغان. بۇ ئىبادەتخانىنىڭ قايسى قىسمى ئىكەنلىكى ھەقىقەتەن بىر سىر، شۇنداقتىمۇ پۈتۈن قۇرۇلۇشقا ئوخشاش ئۇنىڭدىكى ئىلاھ سارىيى ئەمەلىيەتتە يەنىلا بىر ئىبادەتخانا بولۇپ، ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن دىنىي مۇراسىملار ئوچۇق ئەمەس، بەزىلەر بۇ جايدا ئاتەشپەرەستلىك دىنىي پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلغان دەپ قارايدۇ. بىر چەتتىكى بۇت تەكچىسىدە راستىنلا كۆل قالدۇقلىرى ساقلىنىپ قالغان.

ئۇنىڭدىن باشقا، تېرمېز بىلەن دۈشەنبە ئوتتۇرىسىدىكى سۇرخان دەرياسى ۋادىسىدىكى خالچاياندا كۇشان دەۋرىگە ئائىت پادىشاھ ئىبادەتخانىسى بولۇپ، ئۇنىڭدىن شاھانە ھەشەمەتلىك ياسالغان قۇرۇلۇش تېپىلغان، ئۇنىڭدىكى ھەيكەل ۋە كەمتۈك تام رەسىملىرى يۇنان، كۇشان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي قىسمىنىڭ تەركىبلىرىنىڭ شىمالىي باكترىيىدە بىرلىشىپ بىر گەۋدىگە ئايلانغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ [226]. بۇ پادىشاھنىڭ مۇقەددەس جايى ئاتەشپەرەستلىك ئىبادەتخانىسى بولۇشى مۇمكىن. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئىچىدە تام رەسىملىرى بولۇپ، ھەممىسى ئىككى خىل شەكىلدىكى تەكشىلىك ئۇسۇلىدا سىزىلغان بولسىمۇ، بېزەكچىلىكنىڭ ئىككى خىللىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، يۇنان سەنئىتىدىكى قويۇقلۇق تاشلىنىۋېتىلگەن. مەسىلەن، ئېقىنۋاتقان سۇغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئۆسۈملۈكنىڭ رەسىمى بۇنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

بۇنىڭ ئەكسىچە، مەركىزىي ئىبادەت زالى ۋە ياندىكى بىر ئۆيدىن تېپىلغان ھەيكەللەردىن ستېرېئولۇق ئوبراز تەپەككۇرىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدا يۇنان ھەيكەلتىراشلىقى بىلەن يەرلىك ئۇسلۇب بىرلەشتۈرۈلگەن، پەرەز قىلىنىشىچە، ئىلاھتىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدىغان پادىشاھ دىنىي ئەھكاملاردا مەركىزىي ئورۇندا تۇرغان، ئۇ مەيلى تىرىك ياكى ئۆلگەن

بولسۇن، كىشىلەر ئۇنىڭغا چوقۇنغان.

خالچاياندىن تېپىلغان قەدىمىي قۇرۇلۇش ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرى كۇشان خانلىقى مەدەنىيىتىنىڭ ئىلك قەدىمكى ماددىي ئىسپاتى، يۇنان ئەنئەنىسىنىڭ تەسىرى شۇنچە ئۇزاق داۋاملاشقانلىقى ھەيران قالارلىق ئەمەس. شۈبھىسىزكى، پادىشاھقا چوقۇنۇشمۇ يۇنان ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدىكى بىر خىل ئادەت ئىدى.

خوۋىشكانىڭ ۋارىسلىرى ھىندىستان مەدەنىيىتىنى كۆپلەپ قوبۇل قىلغان. ۋاسۇدېۋا I ھاكىمىيەت يۇرگۈزگەندىن كېيىن (291 ~ 312 ـ يىللىرى)، كۇشان خانلىقى زاۋاللىققا يۈزلەنگەن. شۇ ۋاقىتلاردا ياكى شۇنىڭدىن كېيىن بۇ دۆلەت ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن. قەندەھار، ئافغانىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلار تۈرلۈك شەكىللەردە بۇ خىل ۋەزىيەتنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى 3 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، ئەمدىلا دۇنياغا كەلگەن ئىران ساسانىيلار خانلىقى بۇ دۆلەتنىڭ زور بىر قىسىم زېمىنىنى كونترول قىلىۋالغان، بۇنداق تاشقى كرىزىس بۇددا دىنىنىڭ يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىشىگە سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، بۇددا دىنى دائىم كرىزىس يۈز بەرگەن دەۋرلەردە كىشىلەرگە دۇنيانىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى توغرىسىدا ۋەز ئېيتىپ قوبۇل قىلىناتتى. ۋاسۇدېۋا I نىڭ يارماقلىرى ئەكس ئەتتۇرگەندەك، شىۋا دىنىمۇ مۇرىتلارغا ئىگە بولغان. بۇ دىندا، ياراتقۇچى ئىلاھنىڭ ۋەيران قىلىش كارامىتىمۇ بولىدۇ، شىۋا ئىلاھىي ئۈچ بېشى ئارقىلىق يارىتىش، ساقلاپ قېلىش، ۋەيران قىلىش قاتارلىق ئۈچ خىل ئىقتىدارىنى نامايان قىلىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

كۇشان خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ھىندۇقۇشنىڭ جەنۇبى ۋە ھىندىستاننىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدا خانلىقلارنىڭ

ئالمىشىشى ئېنىق خاتىرىلەنمىگەن. مىلادىيە 4 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ھىندىستاندىكى كۇشان ھاكىمىيىتى يىمىرىلگەن. بۇنىڭدىن خېلى يىللار ئىلگىرى ھەرقايسى جايلاردىكى بەگلىكلەر، بولۇپمۇ ھىندۇقۇش ۋە چېگرا رايونلاردىكى (باميان) بەگلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل كىچىك دۆلەتلىرىنى قۇرۇۋالغانىدى.



39 ـ رەسىم باكترىيە ئوۋچىلىق خەرىتىسى، تەخمىنەن كۇشان خانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. پىل چىشىدىن ياسالغان بىر كىيىم ئىشكاپى ئۈستىگە ئويۇلغان، ھۈنىرى ناھايىتى قوپال بولۇپ، دەسلەپكى دەۋردىكى نەپىس ئويمىچىلىق بىلەن روشەن سېلىشتۇرما قىلىنغان

ساسانىيلار كۇشان خانلىقىنىڭ غەربىي ۋە شىمالىي قىسمىنى بويسۇندۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى نەگىچە يېتىپ باردى، قانچىلىك داۋاملاشتى، بۇ بىزگە ئېنىق ئەمەس. يىپەك يولى مەدەنىيىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، مۇھىمى ساسانىيلار ئۇسلۇبىنىڭ بارغانسېرى بۇ يەرنىڭ سەنئىتىدە ھەل قىلغۇچ رول ئويناۋاتقانلىقىنى باميانغىچە بولغان ھەممە جايلاردا كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ جايلاردا بۇددا مۇرىتلىرىلا ئەمەس، جۇڭگونىڭ مىللىي دىنى مۇرىتلىرىمۇ ساسانىيلار ئۇسلۇبىنى قوبۇل قىلغان، بۇ نۇقتىنى

ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان سەنئەت بۇيۇملىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، يىپەك توقۇلمىلارغا ھايۋانلارنىڭ رەسىمى كەشتىلەنگەن، يەنى شىر، قۇش (قۇش ئاغزىدا بىر تال مەرۋايىتنى چىشلەپ تۇرغان)، ياۋا چوشقا بېشى (ياۋا چوشقا ئەسلى نۇسرەت ئىلاھى ۋېرىسراگنانىڭ سىمۋولى) قاتارلىقلار. بۇنداق تىپىك ئۆرنەكلەر باكترىيەدىن سوغد، كۇچا، تۇرپان ئارقىلىق جۇڭگوغا تارقالغان،



40 ـ رەسىم ئايرادا ساقلانغان ساسانىيلار نۇسخىسى
چۇشۇرۇلگەن كىمخاپ

ھەتتا ياپونىيىگە تارقالغانلىقى توغرىسىدا ئىسپات بار. تەبىئىيكى، ساسانىيلار سەنئىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئاساسەن باكترىيە، سوغد ۋە شىنجاڭدا ئىپادىلىنىدۇ. بىزنىڭ كۆزدە تۇتقىنىمىز ساسانىيلارنىڭ سەنئىتىدىكى بۇ خىل تەسىر بولۇپ، تا بۈگۈنگىچە ئىچكىرىلەپ مۇھاكىمە قىلىنمىغان بىر خىل

مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچتۇر. بۇ خىل كۈچ تارىم ئويمانلىقىدا مىلادىيە 7 - ئەسىرگىچە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلگەن، كېيىن بارا - بارا جۇڭگونىڭكىنى قوللىنىشقا باشلىغان.

كۇشانلاردىن ساسانىيلار تارتىۋالغان رايونلاردىكى مۇقىمسىز ۋەزىيەت بۇددا دىنىنىڭ زور كۈچ بىلەن تارقىلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن. كىشىلەر ئافغانىستان تەۋەسىدىن بۇددا دىنىنىڭ مۇقەددەس جايلىرىنى تاپقان، بۇ جايلار ئاساسەن كۇشان خانلىقىنىڭ بىۋاستە ھۆكۈمرانلىقىغا ئۇچرىمىغان رايونلار ئىدى. بۇ مەنىۋى ساھەدىكى ئەھۋاللارنى ئىسپاتلاپ بەرگەن، بۇددا دىنى تەلىماتى ناھايىتى بۇرۇنلا (مىلادىيىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بىرنەچچە ئەسىرىدە) ئارساك ۋە باكتىرىيىنىڭ شىمالىي قىسمىدا تايانچ بازىلارغا ئىگە بولغانىدى.

شۇنداقتىمۇ بۇددا دىنىدىكى ماھايانا مەزھىپىنىڭ پادىشاھ ھوقۇقىغا ئويغۇنلىشىشقا ماھىر بولغانلىق سەۋەبىدىن، بۇددا دىنى ئۇششاق دۆلەت ۋە بەگلىكلەردە يىلتىز تارتىشقا باشلىغان. بۇ دىندا پادىشاھ بۇددىساتۋانىڭ چۈشىنىشىگە ئېرىشكەندە بۇددانىڭ ئىزباسارى بولىدۇ، ئۇ پۇقرالارنىڭ بەختى ئۈچۈن نىجاتلىق ئاتا قىلىدۇ دەپ قارىلىپ، شۇنىڭغا ماس ھالدا قەندەھار سەنئىتىدە بۇددىساتۋا پادىشاھ كىيىمى كىيگەن، شاھانە بېزەكلەرنى تاقىغان ھالدا كۆرۈنىدۇ.

ماھايانا مەزھىپىدە بۈگۈننىڭمۇ تارىخى بولغىنىدەك، ھەقىقەت، چىنلىق، بۈگۈن ۋە كەلگۈسى داۋاملىشىپ تۇرىدۇ دەپ قارالغان، گەرچە جۇڭگو ۋە ياپونىيە مۇرىتلىرى ھىندىستاننىڭ بۇخىل قارىشىدىن كەڭ دائىرىلىك خۇلاسە چىقارغان بولسىمۇ، بۇ خىل ئىدىيە دەسلەپتە قەندەھار، كۇشان ۋە كۇشان خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىنكى بۇددا دىنىدا ئىپادىلەنگەن. بۇ ئەھۋاللارنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان ئېنىق بەلگە يەنىلا دىنىي

تۇس ئالغان قۇرۇلۇشلاردۇر. باميان ۋە ئامۇ دەرياسى ساھىلىدىكى قارا داۋاندىن تېپىلغان پانىي ئالەمدىن چەتلىگەنلىكىنىڭ سىمۋولى بولغان بۇددا دىنى تاش كېمىرلىرىدىن باشقا، يەنە يەر يۈزىدىكى ئىبادەتخانىلارمۇ بار، بولۇپمۇ بۇددا مۇنارى بولۇپ، مۇنارنىڭ ئۈستىدە ئالەمگە ۋەكىللىك قىلىدىغان نەچچە قەۋەت ئىمارەت بار. ئۆڭكۈر ۋە يەر يۈزىدىكى بۇ ئىككى خىل قۇرۇلۇش «ھىنايانا» ۋە «ماھايانا» مەزھىپىگە ۋەكىللىك قىلىپ، يىپەك يولىدىكى ھەرقايسى بۇددا دىنى مەركەزلىرىدە بىرلا ۋاقىتتا خېلى ئۇزۇن مەزگىلگىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان.

قەندەھار سەنئىتى (مىلادىيە 2 ~ 4 ـ ئەسىرلەر) كۆچلۈك پانىي ئالەم خاھىشىنى كۆچلۈك ئىپادىلەپ بەرگەن. مەسىلەن، پېشاۋەردىكى بۇددا مۇنارى خاتىرە مۇنارى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئۇ يەردە يارىتىلغان سەنئەت، بولۇپمۇ يۇنان ئۇسلۇبىدىكى قاپارتما نەقىش پانىي ئالەمدىكى يېڭىچە مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەپ بەرگەن. بۇتلار كۆزىنى يۇمۇپ ئولتۇرماستىن، بەلكى ھەرىكەتلىنىپ كىشىلەرنىڭ سالاھىيىتىنى ئىنسانلار جەمئىيىتىگە ئەكىرىدۇ. يەنە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ھازىر كىشىلەر سەنئەت ۋاستىسى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ دۇنياغا كېلىشىنى ئىپادىلەشتىن نومۇس قىلمايدىغان، ئۆزلىرىنىڭ ئانا باغرىدىن چىققانلىقىنى تەسۋىرلىيەلەيدىغان، شۇنىڭ بىلەن ئادەمنىڭ گۆش ۋە تەندىن يارالغانلىقىدىن ئىبارەت قانۇنىيەتنى تەكىتلىيەلەيدىغان بولدى. كېيىن كۆچادىكى سەنئەت بۇيۇملىرىدا بۇنىڭغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان شەكىل ئىپادىلەنگەن، ئۇنىڭدا ئانىدىن تۇغۇلغىنى بوۋاق بالا بولماستىن، بىر نۇر بولۇپ، بۇنىڭدىن بۇت گەۋدىسىنىڭ خىيالىي تەسۋىرى يەنە بىر قېتىم تەكىتلەنگەن. بۇ پانىي ئالەمگە يۈزلىنىشتىن باشقا، يەنىلا ئالەمدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش خاھىشىنىڭ بارلىقىدۇر. بۇنى ماتېرىياللار ئىسپاتلاپلا قالماستىن، قەدىمكى

قۇرۇلۇشلاردىمۇ ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئالدى بىلەن تىلغا ئېلىنىدىغىنى ئافغانىستاننىڭ خاددادىكى بۇددا دىنى قۇرۇلۇشى بولۇپ، ئۇ مىلادىيە 2 ~ 7 ـ ئەسىرلەردىكى بۇددا دىنى گۈللەنگەن دەۋرگە مەنسۇپ[227]. ئەينى ۋاقىتتا خاددادىكى ئىبادەتخانا ۋە ئەتراپىدىكى رايونلاردا نەچچە مىڭلىغان راھىب تۇرغان، جۇڭگودىن ھىندىستانغا تاۋاپ قىلغىلى بارغان خۇيتساڭ (ئىككى ئەسىرى بار) دىن بۇ ئەھۋاللارنى بىلدۇق. بۇ يەردىكى مۇقەددەس جايلار ۋە شارىر ئورنى يىراق ئەللەردىكى نۇرغۇن كىشىلەرنى تاۋاپ قىلىشقا جەلپ قىلغان. خاددادىكى سەنئەت بۇيۇملىرى بىلەن قەندەھار سەنئىتى ۋاقىت ۋە مەزمۇن جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە يېقىن بولۇپ، ئۇنىڭدىكى قەدىمكى يۇنان، ھەتتا رىم ئۇسلۇبلىرى باشقا جايلارغا قارىغاندا روشەن ئىپادىلىنىدۇ. شارىر قۇتىسى ئۈستىدىكى بىر بۆلۈك كارۇشتى يېزىقىدا يېزىلغان ئابىدە ماھايانا ئىدىيىسىنىڭ كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر ئورناپ كەتكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن. بۇ ئابىدىدە بىر بۇددىساتۋاغا شارىر تەقدىم قىلىنغانلىقى سۆزلەنگەن، تەقدىم قىلغۇچى نامى چىقمىغان بىر پادىشاھ ئىكەن[228]. خاددادىكى مەركىزىي بۇددا مۇنارى بىمالان بۇددا مۇنارىغا ئوخشاش، ھەممىسىدىن مۇشۇ خىلدىكى بۇددا دىنى قۇرۇلۇشىنىڭ ئالەمنى چۈشەندۈرەلەيدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ، بىراق پانىي ئالەمدىن يىراقلىشىشنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكىنىڭ سىمۋولى قىلىنغان. مەسىلەن، بىر تاش ئويما ھەيكەلنىڭ مەزمۇنى بۇتنىڭ «تەركىي دۇنيا بولۇش» توغرىسىدىكى ھېكايىسىدۇر.

كاپىشا يەنى بەھرام (كۇشان خانلىقىنىڭ سىياسىي مەركەزلىرىنىڭ بىرى) ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا يۇنان ۋە ھىندىستاننىڭ دىن ۋە ئۆرپ ـ ئادەت قول ھۈنەر سەنئەت بۇيۇملىرىدىن باشقا، يەنە مىلادىيە 2 ـ ئەسىرگە تەۋە نۇرغۇنلىغان دىنىي تۈس ئالغان ھەيكەللەر ساقلىنىپ قالغان، ئۇنىڭ ئىچىدە

ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدىغىنى قاراۋۇللارنىڭ ھەيكىلى. بۇلار يەرلىك كۇشان قۇلدارلىرىنىڭ بۇددا دىنى مەركىزى بولغان سودوراكىنىڭ قاراۋۇل ھەيكەللىرى بولۇپ، بەزىلىرى كۇشانچە كىيىنگەن، بەزىلىرى ھىندىچە كىيىنگە، ئۇلار بۇددا مايترىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىدى. ئۇنىڭغا ئانچە يىراق بولمىغان پىتاۋامۇ مۇشۇنداق بۇددا دىنى مەركىزى بولۇپ، ئۇ يەردە ئىككى مۇرىسىدە ئوت كۆيۈۋاتقان، ئىككى پۇتىدىن سۇ ئېقىۋاتقان ئاجايىپ ھەيۋەتلىك بىر بۇتنىڭ سۇرىتى ساقلانغان.



41 ـ رەسىم بۇددا ھەيكىلى، خاددادىن قېزىۋېلىنغان

ھىندۇقۇش تېغىنىڭ ئېگىز جىلغىسىغا جايلاشقان باميان يېپەك يولىدىكى قاتناش ترانسپورت ئىشلىرىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن بولۇپ، مىلادىيىنىڭ دەسلەپكى بىر نەچچە ئەسىرلىرىدە

بۇ يەرگە كىچىك بىر دۆلەتنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقى پەرەز قىلىنىدۇ[229]. باميان ھىندۇقۇشنىڭ شىمالىغا بارىدىغان يولدىكى كاپىشا بىلەن كابۇل دەرياسى ۋادىسى ئارىلىقىدا بولۇپ، تەخمىنەن ساسانىيلار خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە مۇھىم بۇددا دىنى مەركىزىگە ئايلانغان. ئۇ يەردىكى تام رەسىملىرىنىڭ كىشىنى جەلپ قىلىدىغان ساسانىيلار ئۇسلۇبى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ، بۇ خىل ئۇسلۇب ھىندىستاننىڭ گۇپتا سەنئىتى تەركىبلىرى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەنىدى.

بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە، تىبەت مەخپىي مەزھىپىنىڭ زور ئەھمىيەتكە ئىگە سەنئەت شەكلى بۇ يەردە تەرەققىي قىلغانىدى. ماندالا ئۇسلۇبىمۇ ئالەمدىكى بۇتلارغا ۋەكىللىك قىلغان، بۇ بۇتلار بىر مەركىزىي بۇتنىڭ ئەتراپىنى چۆرىدەپ تۇرغان. مىلادىيە 7 ـ ئەسىردە خۇيتساڭ ھىندىستان سەپىرىدە ئۇ يەرنى زىيارەت قىلغان، بىراق نۇرغۇن رىيازەت چېكىپ باميان جىلغىسىغا ئاران بارالىغان. ئۇ يەردە ئوندىن ئارتۇق ئىبادەتخانا، نەچچە مىڭ ھىنايانا راھىبلىرىنى ئۇچراتقان[230]. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، 8 ـ ئەسىردە بۇ يەردە يەنىلا نۇرغۇن راھىبلار بار ئىكەندۇق، بىراق 9 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، بۇ يەردىكى ھۆكۈمرانلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاچقا، بۇددا دىنى زاۋاللىققا يۈزلىنىشكە باشلىغان.

باميانىدىكى بۇددا سەنئىتىدە ھازىرغىچە كىشىلەر ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان مۇھىم ماددىي ئىسپات — تاشقا ئويۇلغان ھەشەمەتلىك بۇت ھەيكىلى بار ئىكەن، ئۇنىڭ ئىچىدىكى چوڭلىرىنىڭ ئېگىزلىكى 53 مېتىر، كىچىكلىرىنىڭ ئېگىزلىكى 35 مېتىر كېلىدىكەن. بۇت ئەتراپىدىكى پەلەمپەينى بويلاپ ماڭغاندا، بۇتنىڭ بېشىغا چىققىلى بولىدىكەن. بۇتنىڭ بەزى جايلىرىغا ئالتۇن يالىتىلغان ھەم چىرايلىق نەقىشلەر ئويۇلغان. ئىككى چوڭ بۇتنىڭ بېشىنىڭ كەينىدە بۇت تەكچىسى بولۇپ،

ئىچىدە 7 ـ ئەسىردىكى ساسانىيلار ئۇسلۇبىدىكى تام رەسىملىرىنىڭ بىر قىسمى ساقلىنىپ قالغان. ئۇنىڭدا بىر خىل مۇراسىم ئەكس ئەتتۇرۇلگەن، ئانچە مۇۋاپىق بولمىغان سۆز بىلەن چۈشەندۈرگەندە، بۇ دەل قاراۋۇللارنىڭ «ۋياكارانا دەستۇرى» بولۇپ، پرىنسىپ جەھەتتە بۇ زاتلارنى مەڭگۈ خاتىرىلەش مەقسىتى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.



42 ـ رەسىم ئالەم سىخىمىسىغا جايلاشقان مايتىرى بۇددىساتۋا، بامىيان تام رەسىمى، مىلادىيە 6 ~ 7 ـ ئەسىرلەر

بۇ خىل ئۇسۇل مىلادىيىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بىر نەچچە ئەسىرلىرىدىكى هۆججەتلەردە ناهايىتى ئېنىق. ئۇنىڭغا

ئوخشاشلىرىدىن يەنە بۇتقا سىمۋول قىلىنغان قۇياشنىڭ رەسىمى بار؛ يەنە بىر بۇتنىڭ ئارقىسىدىكى تام رەسىمدە ئات هارۋىسىدا ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان قۇياش ئىلاهى سىزىلغان. ئۇ ئەۋلىيانىڭ ئارقىسىدىكى بۇت تەكچىسىدە بولغاچقا، كەينىدىكىلىرى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن.



43 ـ رەسىم قۇياش ئىلاھ ئولتۇرغان هارۋا، بامىياندىكى 35 مېتىر كېلىدىغان ئىككىنچى چوڭ بۇتنىڭ تەكچىسىگە جايلاشقان

نۆۋەتتە بامىياندا ئىلگىرى بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ بارىدىغان نۇرغۇن تاش كېمىرلەرنى ئۇچراتقىلى بولاتتى. قىيا تاشلارنى تېشىپ ئېچىلغان چىغىر يوللار ئىچىدە بىلەن ئىككــى بۇت هەيكىلىنىڭ باش قىسمىغا بارغىلى بولىدىغان بىر نەچچە چىغىر يول بار ئىدى، كىشىلەر چىغىر يولنى بويلاپ بۇت هەيكىلىنى

ئايلىنىپ تاۋاپ قىلاتتى. بۇ تاش كېمىرنىڭ تېمى ۋە تورۇسىغا يىپەك يولىدىكى باشقا ئىبادەتخانىلارغا ئوخشاش بىر قەۋەت سامان ئارىلاشتۇرۇلغان لاي سۇۋۇلۇپ ئۈستى بېزەلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە تەكشىلىككە سىزىلغانلىرىمۇ، ئېگىزلىككە ئويۇلغانلىرىمۇ بار.

خاتىرىلەش ئەھمىيىتىدىن قارىغاندا، بامىيان بىردىنبىر بۇددا قۇرۇلۇشىدۇر. خۇيتساڭنىڭ ئەسەرلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ھىندۇقۇش تېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي قىسمىدىكى بەلخنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رايونلاردا نۇرغۇنلىغان كىچىك بۇددا دىنى مەركەزلىرى بولغان. كابۇل بىلەن بامىيان ئارىسىدىكى قەدىمكى كارۋان يولىغا جايلاشقان بەلۇجىستاندا ئىبادەتخانا سەنئىتىگە دائىر بۇيۇملارنىڭ پارچىلىرى ساقلانغان. بىر تىك كونۇس شەكىللىك تۆپىلىكنىڭ ئۈستىدە بىر بۇددا مەركىزى بولۇپ، ئۇ يەردىن ئۇزۇن چاسا شەكىللىك بىر ئىبادەتخانا تېپىلغان، ئىبادەتخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كىچىك بىر بۇددا مۇنارى بار. قورۇق تېمىدا 12 بۇت تەكچىسى بولۇپ، ھەر بىر بۇت تەكچىسىدە ئىنتايىن گۈزەل رەڭدار نەقىشلىك دىنىي ئۇسلۇبتا ياسالغان بۇت قويۇلغان. بۇ يەردىمۇ بامىيانغا ئوخشاش قۇرۇلۇش ئامىلىدىن كۆپ پايدىلانغان.

بۇ ئىبادەتخانا — ئەرشنىڭ سىخېمىسى ۋە بۇددا دۇنياسىنىڭ كۆرۈنىشىدۇر. يىپەك يولىدىكى ئىبادەتخانىلاردىن مۇشۇنداق بۇددا دۇنياسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. تام رەسىملىرىدە يەرلىك ئالاھىدىلىكمۇ، ھىندىستان ئۇسلۇبىمۇ ۋە ساسانىيلار ئۇسلۇبىمۇ بار، ئۇ ئافغانىستاننىڭ تىنچ ۋە ئاددىي، بىراق ئىككى خىللىشىشقا قاراپ تەرەققىي قىلغان دىنىي سەنئىتىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىنى ئەكس ئەتتۇرگەن. مەسىلەن، ئېگىز، كېلىشكەن، قامەتلىك مايترى بۇددىساتۋا قولىدا نىلۇفەر گۈلى يوپۇرمىقى (ئەسلى بۇ شەپقەتكار بۇددىساتۋانىڭ بەلگىسى ئىدى) ۋە شىپاھى ھايات كومزىكى تۇتۇۋالغانىدى، بۇنىڭدا كەلگۈسى بۇتنىڭ بۇددا

دىنى ئەقىدىلىرىنىڭ بېسىنى يوقىتىش ئۈمىدى ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ چاغدا ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدا بۇددا دىنىنىڭ ھالى خاراب ئىدى. گەرچە بەلۇجىستان ھەيكەللىرىمۇ تىنچ، سالاپەتلىك ھالەتنى نامايان قىلسىمۇ، بىراق ئاچچىقلىنىپ تۇرغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، بۇنداق ئاچچىقلىنىش قەندەھار ھەيكەللىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىدى.

باكترىيىنىڭ شىمالىي قىسىم رايونلىرىدا، ئامۇ دەرياسىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخېئولوگلىرى كۇشان خانلىقىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىگە ۋە گۈللەنگەن دەۋرىگە تەۋە بىر قىسىم بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنى قېزىپ چىققان[231] . دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، شىمالدىكى رايونلاردىن بۇددا دىنى مەدەنىيىتى خارابىلىرىنىڭ بايقىلىشى ۋە ئۇنىڭ بارلىققا كەلگەن دەۋرى باميان ۋە بەلۇجىستان بىلەن سېلىشتۇرغاندا كۆپ ئىلگىرى ئىدى.

ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىي رايونىدىكى ئەڭ مۇھىم ئارخېئولوگىيىلىك بايقاش — ھازىرقى ئۆزبېكىستاننىڭ جەنۇبىدىكى ئايىلتاندىكى بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسى بولۇپ، تېرمېزغا 13 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا[232] . ئەڭ دەسلەپ 1932 ـ يىلى، بۇ يەردىكى ئامۇ دەرياسىدىن بىر چوڭ تاشقا ئويۇلغان ھەيكەلنىڭ ئىككى بۆلىكى تېپىلغان. بۇ بايقاشنىڭ ئىلھامى بىلەن ماسسون 1953 ـ يىلى شۇ ئەتراپتىكى بىر كىچىك تاغ ئۈستىدە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ، بىر بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسىنى تاپقان، ئۇنىڭ كىرىش ئېغىزى سەككىز ئەن كەڭلىكتە بولۇپ، ئەسلى قاپارتما نەقىش بىلەن بېزەلگەنىكەن. ئىبادەتخانىنىڭ تۆت ئەتراپىدا مۇستەھكەم قورۇق تام بولۇپ، بۇلار ئاي خانىمنىڭ قورۇلۇش ئۇسلۇبىنى ئەسلىتىدۇ. بۇگۈنگە قەدەر بۇ ئىبادەتخانىدىكى تەكشى يۈزلۈك رەسىملەر ھەققىدە يەكۈن چىقىرىلمىغان بولسىمۇ، بىراق بۇ قاپارتما نەقىشلەر

مىلادىيىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بىرنەچچە ئەسىرىدىكى باكترىيىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى بۇددا سەنئىتى ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بەرگەن. قاپارتما نەقىشلەردە 14 كىشىنىڭ رەسىمى بولۇپ، ئارقا كۆرۈنۈشىگە چىرايلىق نىلۇپەر گۈلى يوپۇرماقلىرى ئويۇلغان. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بەش ئادەم سازاندە بولۇپ، قوللىرىدا خىلمۇ خىل ساز تۇتۇپ، قەدىمكى ھىندىستاننىڭ «بەش خىل ئاھاڭى» نى ئىپادىلىگەن، بۇددىزم ئەسەرلىرىدە بۇ بەش خىل ئاھاڭ ئوخشاش ئاھاڭلارنىڭ يىغىندىسى دەپ ئاتىلىدۇ. ئاتالمىش بۇ ئاھاڭلار دۇنيانى قۇتقۇزىدىغان ئۇلۇغ ئىشلاردا جاراڭلايدىغان ئاۋازلار.



44 ـ رەسىم قاراداۋاندىكى بىرىنچى گۇرۇپپا كېمىردىكى مەركىزىي زال

ئايلىتاندا كىشىلەر بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچرىغان بىر كىچىك بۇددا مۇنارىنى قېزىپ چىققان، ئۇنىڭ كۋادرات شەكىللىك قۇرۇلمىسى قەندەھاردىكىگە ئوخشاش تۆت تەرەپنى كۆرسىتىپ

تۇرغان. تېرمېزدىمۇ ئاساسەن شۇنىڭغا ئوخشايدىغان چوڭ بۇددا مۇنارى بايقالغان (ئۇل 20m×16m) بولۇپ[233]، ئۇ داڭلىق «چارمار» مۇنارىدۇر. بۇ يۇمىلاق تۇۋرۇك شەكىلدىكى مۇنار چاسا شەكىللىك تۇۋرۇك ئۈستىگە تىك تۇرغۇزۇلغان بولۇپ، ئەڭ ئۈستىدە يېرىم شار شەكىللىك مۇنار چوققىسى بار، يۇمىلاق تۇۋرۇكنىڭ دىئامېتىرى 14.5m كېلىدۇ. پۈتۈن مۇنارنىڭ ياسىلىشىغا تەخمىنەن 1 مىليون 200 مىڭ پارچە خىش ئىشلىتىلگەن. ئۇ قىزدۇرۇلغان ئاق ھاك تاشتىن ياسالغان. يۇمىلاق تۇۋرۇك شەكىللىك مۇنار ۋە يېرىم شار شەكىللىك مۇنار چوققىسى رەڭدار نەقىشلەنگەن بولۇپ، قىزىل رەڭلىك بولۇشى مۇمكىن. مۇنار ئۈچى ۋە لەمپىلىرىنىڭ ھەممىسى ئالتۇندىن ياسالغان. بۇنى باشقا مۇنارلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا ھەقىقەتەن رەڭدارلىقىنى، ھەقىقىي بۇيۇم ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدىن تېپىلغان بۇددا دىنى خارابىلىرىدىن ئايىلتاندىن باشقا، يەنە تېرمېز ئەتراپىدىكى قاراداۋان بۇددا دىنى ئىمارەتلىرى بار[234]. قاراداۋان تېغىنىڭ ئات تۇيۇقى شەكىللىك جەنۇبىي قىسمىدىن سەككىز گۇرۇپپا كېمىر تېپىلغان. مۆلچەرلىنىشىچە، جەنۇبتا بۇنداق كېمىردىن ئەسلى 20 ~ 25 ى بولۇپ، ئۇلار مىلادىيىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بىرنەچچە ئەسىرلىرى (كانىشكا دەۋرى) گە تەئەللۇق ئىكەن.

يەر ئاستىدىكى ئايلانما كارىدور بىلەن كېمىر ھەمدە ئۈستى ئوچۇق زال بىلەن يەر ئاستى ئىمارەتلىرى ئۆز ئارا تۇتاشتۇرۇلغان، مانا بۇ قاراداۋاننىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر. بۇ خىل ئورۇنلاشتۇرۇش كىشىلەرنىڭ ھەم بۇتخانا ئەتراپىدا، ھەم بۇتخانا ئىچىدىكى بۇت ئەتراپىدا دىنىي مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ چۆرگىلىشىگە قولاي ئىدى. گۈمبەزلىرىنىڭ تاملىرى ۋە تورۇسى رەتلىك ھەم قانۇنىيەتلىك نۇسخىلاردا بېزەلگەن، بۇ نۇسخىلار تاشقى

ھادىسىدىن چەتلىگەن پانىي ئالەمنى نامايەندە قىلىدۇ. يەر ئاستىدىكى كىچىك كېمىرلەرمۇ ئوخشاشلا ئاشۇنداق بېزەلگەن. بۇ كىچىك كېمىرلەر ئۆزىگە خاس قۇرۇلۇش ئۇسلۇبىغا ئىگە بولۇپ، بۇددا دىنىدىكى ئىستىقامەتنى نامايان قىلىپ بەرگەن. زالدىن بۇ كىچىك ئۆڭكۈرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى پەلەمپەي ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، كىشىلەر ئۇنىڭ بىلەن پەسكە چۈشكەندە، رەڭگارەڭ پانىي دۇنيا ئارقىدا قالىدۇ.

ئىككى خىل تىلدا يېزىلغان پۈتۈكلەر قاراداۋاندىكى باكترىيە راھىبلىرىنىڭ ھەم ھىندى تىلىنى، ھەم باكترىيە تىلىنى بىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. ئۇلار ياقا يۇرتلاردا ئاساسلىقى بۇددا دىنى ۋەسىقىلىرىنى تارقىتىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، جۇڭگوغا بىۋاستە تارقاتقان. بىز قاراداۋاندا چەت ئەلدىن كەلگەن راھىبلار بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايمىز. بۇ نۇقتىنى ھەيكەل ۋە تام رەسىملىرىدىن باشقا، خارابىلىقتىن تېپىلغان دىنىي بۇيۇملار ۋە ساپال شامدانلار ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، قاراداۋاندىن كىشىلەر يەنە ئۆرپ - ئادەتلەرگە دائىر قول ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىنى تاپقان بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن ئوردىدىكى قول ھۈنەر بۇيۇملىرى ئىكەن.

ئەڭ ئاخىردا تىلغا ئېلىنىدىغىنى قەدىمكى كۇشان خانلىقى تەۋەسىدىكى ئاخىرقى مەزگىللەرگە ئائىت بۇددا دىنى مۇقەددەس جايى، بۇ جاينىڭ ئىسمى ئاجىنا داۋان بولۇپ، «ئالۋاستى تېغى» ئىبادەتخانىسى دېگەن مەنىدە، ئۇ ھازىرقى تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان(235) . مىلادىيە 7 ~ 8 - ئەسىرلەر بۇ جاينىڭ گۈللەنگەن مەزگىلى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسلىدە باكترىيىنىڭ شىمالىي قىسمى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمى («توخارىستان» رايونىنى كۆرسىتىدۇ) دىكى بۇددا دىنىنىڭ ئىسلاملىشىشىنىڭ ئالدىدىكى قىسقىغىنا ۋاقىتلاردا بىر قىسىم مۇھىم ئىبادەتخانىلىرىنىڭ يەنىلا

بار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ[236] . بۇ كەڭ ئىبادەتخانىنىڭ كارىدورى ۋە سارايلىرىدىن رەڭدار، نەپىس تام سۈرەتلىرى ۋە نۇرغۇن لاي ھەيكەللەر تېپىلغان، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بۇت، بۇددىساتۋا، راھىب ۋە زاھىتلىق يولىدا دۇئا ـ تىلاۋەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار بار. ئەڭ مۇھىم بىر بايقاش 12 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ياتقان بۇت ھەيكىلى — نىرۋاناغا يەتكەن بۇددا بولۇپ، بەزى يەرلىرى تۇز، بەزى يەرلىرى ئەگمەچ بولغان قۇرۇلمىغا قويۇلغان.



45 ـ رەسىم 12 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى نىرۋاناغا يەتكەن بۇت ھەيكىلى، ئالۋاستى تېغىدىن تېپىلغان

بۇ مۇقەددەس جايلاردىلا ئەمەس، يەنە ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدا بايقالغان نۇرغۇنلىغان بۇت، راھىب ۋە باقاۋۇللارنىڭ ھەيكەللىرى كۇشان خانلىقى دەۋرىدە، ھەتتا ئۇنىڭدىن كېيىنكى ناھايىتى ئۇزاق بىر مەزگىلدە، باكترىيىنىڭ شىمالىي قىسمى ۋە

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىدە بۇددا دىنىنىڭ ناھايىتى گۈللەنگەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى، لايدىن ياسالغان رەڭدار نەقىشلىك بۇ ھەيكەللەرنىڭ كۆپ قىسمى ياخشى ساقلىنىپ قالالمىغان. ئۇلار بىلەن كىشىلەر تېرمېز ئىمارەتلىرىدىن ھەم دالۋىلزىن داۋىنى (تېرمېز بىلەن دۇشەنبە ئارىسىدا) دىن بايقىغان چوڭ بۇتلاردىن بىر خىل ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇ خىل ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى گەرچە يۇنان ئۇسلۇبىغا ئىگە بولسىمۇ، ھىندىستاننىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ھەم كۆپ خىل ئۇسلۇب بىلەن ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بىرلەشتۈرۈپ يېڭى بىرخىل شەكىل يارانقان. فاجاس داۋاندىكى بۇددا ئىبادەتخانىسىدىن تېپىلغان بۇددىساتۋا بىلەن راھىبنىڭ تاش ئويما ھەيكىلى (مىلادىيە 2 ~ 4 ـ ئەسىرلەر) مۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ[237]. ئۇ يەردە بىر قىسىم بۇت ۋە بۇددىساتۋالارنىڭ ھەيكىلىدىن باشقا، يەنە داڭلىق زاتلار ۋە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھەيكەل ۋە رەسىملىرى ساقلىنىپ قالغان. ئايلانما كارىدور تېمىنىڭ ئالدىدا تىك تۇرغۇزۇپ قويۇلغان ھەيكەللەر كىشىلەرنىڭ دەرىجىسى بويىچە چوڭ ـ كىچىك ئايرىپ قويۇلغان. ئۇلار خالچاياندىكى ھەيكەللەرنىڭ ئەكسىچە بىرخىل خاتىرجەملىكنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن، بۇ خىل خاتىرجەملىكنى مۇشۇ سەنئەت بۇيۇمىدىكى بۇددا دىنى روھىدىن چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

بۈيۈك برىتانىيە مۇزېيىدا ۋە كابۇل مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان كۇشان خانلىقى يارماقلىرى كىشىلەرنى ئاشۇ دەۋر مەدەنىيىتى توغرىسىدا دەسلەپكى تونۇشقا ئىگە قىلىدۇ. بۇ ئىككى مۇزېيدا ساقلانغان يەنە باشقا ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلاردىن ئىلاھ بىلەن بۇددا ھەيكەللىرى ۋە ئابىدىلەر بار. سۇرخ قۇتالدا مۇھىم پادىشاھ ئىبادەتخانىسىنىڭ بىر قىسمى ۋە ئۇنىڭغا تەۋە بولغان قۇرۇلۇشلارنى كۆرگىلى بولىدۇ، يەنە ئامۇ دەرياسىنىڭ

جەنۇبىدىكى خالچايان خانلىق ئىبادەتخانىسىنىڭ ئۇلىنىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ.

ئىلگىرى، بۇددا دىنىنىڭ ئەڭ مۇھىم خارابىلىرى ھىندۇقۇش تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى بىمالان ۋە پىتاۋادا، بەزىلىرى خاددادا ئىدى. بۇ جايلاردا بىرقەدەر ياخشى ساقلانغان بۇددا مۇنارى ۋە ئىبادەتخانىلار بار بولۇپ، بۇلار قەندەھار بۇددا دىنى بىلەن بولغان باغلىنىشنى ئىسپاتلايدۇ، بولۇپمۇ تاكسىلادا شۇنداق باغلىنىش بارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇ يەردە ھازىرمۇ بىر چوڭ ئىبادەتخانىنىڭ ئۇل تېمىنى كۆرگىلى بولىدۇ، شۇ يەردىكى مۇزېيدا مۇھىم ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار ساقلانماقتا.

ھىندۇقۇش رايونىدا، ئاساسلىقى بامىياندا بۇددا دىنىنىڭ گۈللەنگەن تارىخىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان دەلىللەر بار. بۇ يەردە ناھايىتى چوڭ ئىككى بۇددا ھەيكىلى (بىرىنىڭ ئېگىزلىكى 53m، يەنە بىرىنىڭ ئېگىزلىكى 35m) نى كۆرگىلى بولىدۇ، ئۇلار بىر تىك يارغا ئويۇلغان. يار ئۈستىدە نۇرغۇن ئۆڭكۈرلەر بولۇپ، بۇ ئۆڭكۈرلەر راھىبلارنىڭ تۇرار جايى ۋە ئىبادەت قىلىدىغان جايى ئىكەن. ئۇ يەردە يەنە سۇۋالغان بىر قىسىم ھاك لاي كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. چوڭ بۇت ھەيكىلىنىڭ بېشىنىڭ چوققىسىغا رەسىملەر سىزىلغان. ئامۇ دەرياسىنىڭ قىرغىقىدىكى باكترىيىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى قارا داۋان، ئاگىنا داۋان، تېرمېز، دالۋىلزىن داۋان، فاجاس داۋان قاتارلىق جايلاردىكى بۇددا مۇنارى ۋە ئىبادەتخانىلار كىشىلەرنى بۇددا دىنىنىڭ ئۆتمۇشى توغرىسىدا چۈشەنچىگە ئىگە قىلىدۇ.

## 4. خوراسان — ئامۇ دەرياسى ۋادىسى مەدەنىيىتى

ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىنىڭ ئىككى يېقىدىكى يايلاق

ۋە چۆللۈكتە يېشىللىققا پۈركەنگەن بىر جاي بولۇپ، ئۇ يەر ئادەم كۆچى بىلەن سۇغىرىلىپ بىنا قىلىنغان ئولتۇراق رايون خوراساندۇر. ئۇ يەردە بىر خىل شەرقىي ئىران مىللىتى ياشايتتى [278]. چەت - يىراقتا بولغاچقا، بۇ دۆلەت ئۇزاق مەزگىلگىچە مۇستەقىللىقنى ساقلاپ ئۆزىگە خاس مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرغان، ئىمپېراتۇر ئالېكساندىر شەرققە يۈرۈش قىلىشتىن ئىلگىرى، ئۇلار ئاخېمېنىدلار ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلغانىدى. ئالېكساندىر دەۋرىگە كەلگەندە، خوراسان پادىشاھى فاراسمان ماكېدونىيىدىن كەلگەن بۇ ئىستېلاچى بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا دوستلۇق ئورنىتىپ، سىياسىي جەھەتتە مۇستەقىللىقنى ساقلاپ قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ، كېيىن ئۇلار زىددىيەتتىن ساقلىنالمىغان بولسىمۇ، بۇ دۆلەت ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا رايونلار ۋە شىمالدىكى ياي‌لاقتىكى رايونلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ئۇستىلىق بىلەن تاكتىكا قوللانغان.

باشتىن - ئاخىر كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچراپ كېلىۋاتقان خوراسان ۋە ئۇنىڭ سەنئىتىدە بۇ خىل مۇستەقىللىق ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ، بىناكارلىقتىكى ئەڭ روشەن مىسال دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ياسالغان قورغاندۇر. خوراسان ۋە ئۇنىڭغا قوشنا بولغان سوغدىدىن تېپىلغان ھەر خىل نۇسخىدىكى كۈمۈش چىنە - تەخسىلەرگە بۇ خىل تېمىدىكى رەسىملەر سىزىلغان. خوراساننىڭ دۈشمەنگە قەيسەرلىك بىلەن تاقابىل تۇرغانلىقىنىڭ دەلىلى قوي قىرىلغان قەلئە قورغاندۇر. بۇ قورغان ئەتراپىنى سېپىل قورشاپ تۇرغان يۇمىلاق شەكىللىك قۇرۇلۇش بولۇپ، ھەم دۈشمەندىن مۇداپىئەلىنىشكە، ھەم ئولتۇرۇشقا بولاتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا بىر قورۇمۇ بار ئىدى [239]. پۈتۈن شەھەرنىڭ ئۆزىمۇ يۇمىلاق شەكىلدە بولۇپ، نۇرغۇنلىغان ئېگىز قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان مۇنار شەكىللىك قاراۋۇلخانىلار ئىدى. شەھەر ئىچىدە ئىككى قەۋەتلىك ئەگمە

شەكىللىك يۇمىلاق پوتەيمۇ بار ئىدى. بىر قىسىم ئالىملار بۇ قۇرۇلۇشنى خۇراسان پادىشاھىنىڭ مەقبەرىسى دەپ قارايدۇ، يەنە بىر قىسىم ئالىملار ئۆلگەندىن كېيىن ئەۋلىياغا ئايلانغان پادىشاھلارنى ئەسلەش ئۈچۈن ياسالغان دىنىي خارابىلىك دەپ قارايدۇ.

قۇرۇلۇشتىكى ئەھۋاللارنىڭ ئەكسىچە، خوراساننىڭ قول ھۈنەر بۇيۇملىرى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولسىمۇ، ئۇنىڭدا پۈتۈنلەي قەدىمكى پېرسىيە بىلەن يۇناننىڭ تەسىرى ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ خىلدىكى ئەڭ قەدىمكى ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلاردىن قىزىل توپىدىن ياسالغان چىنە ـ قاچا، كوزا ۋە كىچىك ھەيكەللەر بار. ئاخېمېنىدلار ۋە ئارساكلارنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدىمۇ مۇشۇ خىلدىكى نەرسىلەر بار ئىدى. بىراق، بۇ يەردىن قېزىۋېلىنغان بۇيۇملار ئارساك، نىسادىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا قارىغاندا رەڭدار، كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىدىن ئۈزۈم ئۈزگەندە ئىشلىتىلىدىغان تۇتقۇچى بار كوزا ۋە ئىدىش قاتارلىقلار ئىدى. بىر ئىدىشنىڭ ئۈستىگە ئۈزۈم ئۈزۈۋاتقان مەنزىرە چۈشۈرۈلگەن. ئىدىشتىكى ئويما رەسىملەردە كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ چەۋەندازلىقى كۆپرەك كۆرۈلىدۇ، بۇ كىشىلەرنى خوراسانلىقلار ئولتۇراقلاشقان يايلاقتا كۆرگىلى بولاتتى. بىراق، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئويۇلغان رەسىملەر ئىچىدە ھەرخىل ھايۋانلار بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى قىياسىمىزچە، رىۋايەت تۈسىنى ئالغان ھايۋانلاردۇر.

قوي قىرىلغان قەلئەگە يىراق بولمىغان جايدىن ئۆلگەنلەرنىڭ جەسەت كۈلىنى ساقلاشقا ئىشلىتىلگەن جەسەت كۈلى كومزىكى تېپىلغان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3 ~ 4 - ئەسىرلەرگە تەۋە بىر جەسەت كۈلى كومزىكىنىڭ شەكلى ئولتۇرغان ئەرنىڭ شەكلىدە بولۇپ، ئىككى بىلىكى كومزەكنىڭ ئىككى تۇتقۇچى قىلىنغان. بۇ خىل شەكىلدىكى كومزەك ئوتتۇرا

ئاسىيانىڭ غەربى، ھەتتا شىنجاڭ رايونىدىمۇ تېپىلغان، بولۇپمۇ ئىران مىللەتلىرى ئارىسىدا ئالاھىدە كەڭ تارقالغان.




46 ـ رەسىم خوراساندىكى ئەڭ مۇھىم ئارخېئولوگىيىلىك ئورۇنلار: 1. بەلخ 2. ۋاراخشا 3. بۇخارا 4. سەمەرقەند 5. ئافراسىياب 6. پەنجىكەنت 7. مۇغ داۋان 8. مادەم 9. دۈشەنبە 10. تاشكەنت 11. فرونزې 12. ئاق بەشىم 13. خىۋە 14. كەنت 15. دەلۋەمىن داۋان دالۋىلزىن داۋان 16. خالچايان 17. شەھرىنۇر 18. ئاجىنا داۋان 19. ساكسانوخۇ 20. ئاي خانۇم 21. تۇرچا 22. «ئامۇ دەرياسى گۆھىرى» 23. تېرمىز 24. ئايىلتان 25. سۇرخ قوتال

خوراسان مەدەنىيىتىگە ئائىت بۇ دەسلەپكى ماددى ئىسپاتلاردىن پرىنسىپ جەھەتتىن ئۇلاردا ئىران، باكترىيە ـ يۇنان تەسىرىنىڭ بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەنبىر ۋاقىتتا يايلاقتىكى كۆچمەن خەلقنىڭ تەسىرىنىمۇ بايقىغىلى بولىدۇ. كۆچمەن خەلق بىلەن يەرلىك خەلق ئارىسىدا

ھەر خىل ئىختىلاپلار بولۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن ھەر خىل شەكىلدە بېرىش - كېلىشنى داۋاملاشتۇرغان. شۇنداقلا يىپەك يولىدىكى ئۆلتۈراق رايونلارنىڭ ھەممىسىدە بۇنداق ئەھۋال مەۋجۇت ئىدى.

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1 - ئەسىردىن مىلادىيە 1 - ئەسىرگىچە خوراسان مەدەنىيىتى زاۋاللىققا يۈزلەنگەن، بۇ ھەقتە قوي قىرىلغان قەلئەدىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلار ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. كۆچمەن يات مىللەت ۋە قەبىلىلەر سىياسىي جەھەتتە خېلى زور تەسىر كۆرسەتكەن بولغان ھەمدە ئىرقىي جەھەتتىمۇ بەلگىلىك رول ئوينىغان، لېكىن بۇ ئامۇ دەرياسى ئېقىنىدىكى دۆلەتنىڭ سىياسىي جەھەتتە كۇشان خانلىقى بىلەن مۇناسىۋىتىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق. ئەكسىچە مىلادىيە 1 ~ 3 - ئەسىرلەردە جەنۇبنىڭ ۋە ئارساك، باكترىيە — كۇشان رايونلىرىنىڭ بۇ دۆلەت سەنئىتى ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ناھايىتى روشەن. مىلادىيە 240 - يىلىدىن كېيىن، ساسانىيلاردىن شاپۇر I بۇ دۆلەتنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان[240]. بۇ دۆلەتنىڭ يەنە قايسى چاغدا مۇستەقىللىققە ئېرىشكەنلىكى ھازىرغىچە نامەلۇم. بىراق، كۇشان ۋە ساسانىيلار دەۋرىدە، بۇ دۆلەتنىڭ سىرتقى دۇنيا بىلەن كەڭ مەدەنىيەت ئالاقىسى بولغان، بۇنى ئىسپاتلايدىغان ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار بار. مەسىلەن، نۇرغۇن ئۆلتۈراق رايونلاردىن ئۈنچە - مەرۋايىت تېپىلغان، بۇ نەرسىلەر ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي رايونلىرىدىن ۋە قارا دېڭىزنىڭ شىمالىدىن كەلتۈرۈلگەن نەرسىلەردۇر. قوي قىرىلغان قەلئەنىڭ ئۈستۈنكى تۇپراق قاتلىمىدىكى سېغىز لايدىن ياسالغان ھەيكەللەرمۇ جەنۇب بىلەن قويۇق ئالاقىسىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئەڭ ئاخىردا مۇشۇ دەۋردىكى خوراسان پادىشاھلىرى قۇيدۇرغان پۇللاردىن ھۆكۈمرانلار قاتلىمىدىكى مەدەنىيەت

يۇزلىنىشىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مىلادىيە 1 ـ ئەسىرگە تەۋە بىر يارماقنىڭ ئوڭ يۈزىگە بېشىغا چىرايلىق بېزەك قادىغان بىر پادىشاھنىڭ رەسمى چۈشۈرۈلگەن. پادىشاھنىڭ يۈزىدە بىر نۇر بولۇپ، بۇ نۇر شۇ كىشىنىڭ ئالاھىدە سالاھىيىتىنى ئىپادىلىگەن بولۇشى ياكى ئۇ ئىلاھ بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇنىڭ ئارقىسىدا يەنە بىر كىچىك رەسىم بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇنىڭغا شەرەپ تاجى تەقدىم قىلىۋاتقان كۆرۈنۈش ئىپادىلەنگەن. يارماقنىڭ كەينىدە ئات مىنگەن بىر چەۋەنداز ۋە يۇنان يېزىقىدىكى خەتلەر چۈشۈرۈلگەن، لېكىن ئۇپراپ كەتكەن، خەتلەرنىڭ مەزمۇنى قەدىمكى باكترىيە ئۇسلۇبى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي خوراساننىڭ يەنە بىر پادىشاھى ۋاشامار قۇيدۇرغان پۇللىرىغا چۈشۈرۈلگەن خوراسان يېزىقى بۇ پادىشاھنىڭ نام ـ ئەمەلىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.



47 ـ رەسىم خوراساننىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى كۈمۈش پۇلى.
ئوڭ يۈزىگە خاننىڭ باش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، يەنە بىر
يۈزىگە خوراسان چەۋەندازى چۈشۈرۈلگەن

قوي قىرىلغان قەلئەنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى تۇپراق قاتلىمىدىن تېپىلغان مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 4 ~ 2 ـ ئەسىرلەرگە تەۋە ساپاللاردا خوراسان يېزىقى بارلىقى ئىسپاتلانغان. بۇ يېزىق

ئارساك ۋە سوغد يېزىقىغا ئوخشاش ئارامېي يېزىقىدىن كەلگەن. بۇ يېزىق ھازىر يارماق ۋە ۋەسىقىلەردە بارغانسېرى كۆپ ئۇچرىماقتا (241). خۇراسان تىل ـ يېزىقى تەرەققىي قىلىپ بىر مەدەنىيەتلىك تىل ـ يېزىققا ئايلانغان، بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ھەر خىل ئابىدىلەردىن باشقا، يەنە خۇراسان ئەدەبىياتىمۇ بار، بۇ ھەقتىكى ئىسپاتلار خېلى كۆپ. خۇراسان يېزىقى يېڭى ھەرپلىك ئەرەب يېزىقى قوللىنىلىشتىن ئىلگىرى مىلادىيە 9 ـ ئەسىرگىچە داۋاملىشىپ ئىسلاملىشىشتىن كېيىنمۇ ئۇزاق مەزگىل ئىشلىتىلىپ ناھايىتى مۇھىم بولغان بىر خىل ئەدەبىياتنى بارلىققا كەلتۈرگەن (242).

مىلادىيىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بىر نەچچە ئەسىرلىرىدە، خۇراسان بىناكارلىقى قەدىمىي ئەنئەنە بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن ئالاھىدە بىر خىل ئۇسلۇبنى نامايان قىلغان. بۇ مەزگىللەردىكى ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك قەدىمىي ئىزلارنىڭ بىرى جاۋۇر قەلئە ئولتۇراق قۇرۇلۇشىدىكى چوڭ زال (243). بۇ ھەربىي ئىشلار مۇئەسسەسەلىرىنىڭ بىر قىسمى ئىكەن، بۇ ھەربىي مۇئەسسەسە شىمالدىن تاجاۋۇز قىلىپ كەلگەن كۆچمەن مىللەتلەرگە زەربە بېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن. جاۋۇر قەلئە ھازىرقى قارا قالپاق ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىدىكى ئامۇ دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىغا جايلاشقان؛ يەنە بىر كۆلىمى 24 × 64 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان، نۇرغۇن ئۆيلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قۇرۇلۇش بار ئىدى، ئۇنىڭ ئىچىدە چوڭ بىر زال بولۇپ، بۇ زال بەلكىم ئەمەلدارلارنىڭ مۇراسىم ئۆتكۈزىدىغان ئورنى بولۇشى مۇمكىن. غەربىي تامنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ ئالدىدا بىر ئۇزۇن چاسا شەكىللىك پەشتاق بولۇپ، پەشتاقتا تەزىيە شامى كۆيدۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن. تەزىيە چىرىغى ياي شەكىللىك بۇت تەكچىسىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەگمە شەكىللىك قاتار ئورۇنلاشتۇرۇلغان بۇت تەكچىسىگە رەڭدار تام

رەسىملىرى سىزىلغان. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بۇ تام رەسىملىرىنىڭ كىچىككىنا بىر كەمتۈك پارچىسى ساقلىنىپ قالغان. تورۇسنىڭ ئوتتۇرىسىدا نۇر چۈشۈپ تۇرىدىغان بىر تۈڭلۈك بولۇپ، تامدىكى ۋە بوت تەكچىسىدىكى رەسىملەرنى يورۇتۇپ تۇرىدىكەن.



48 ـ رەسىم توپراق قەلئە ئاھالىلەر رايونى. مىلادىيە
3 ~ 4 ـ ئەسىرلەردە قۇرۇلغان

خوراساندىكى ئەڭ داڭلىق ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلارنىڭ بىرى — ئامۇ دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىغا جايلاشقان توپراق قەلئە ئولتۇراق رايونىدۇر [244] . بۇ رايوننىڭ تاشلىنىپ قېلىشى ۋاقتى ئەگەر مىلادىيە 240 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى شاپۇر I تاجاۋۇز قىلغان ۋاقىت بولمىسا، چوقۇم مىلادىيە 300 ـ يىلىدىن ئانچە كېيىن ئەمەس. بۇ يەردىن بىر «ئۈچ بۇلۇڭلۇق ساراي» قېزىۋېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن بېزەك سەنئەت، قول ھۈنەر بۇيۇملىرى، ساپال ۋە باشقا قورال ـ سايمان، يارماق قاتارلىقلار تېپىلغان. مۇھىمى بىر ماتېرىيال ئامبىرى تېپىلغان بولۇپ،

ئۇنىڭ ئىچىدە خوراسان تىل ـ يېزىقىدا تېرە ۋە تاختايلارغا يېزىلغان ھۆججەتلەر بار، بۇلارنىڭ بەزىلىرىگە ۋاقىت ئەسكەرتىپ قويۇلغان، ئۇ مىلادىيە 165 ~ 169 ـ يىللارغا توغرا كېلىدۇ [245].

بۇ «ئۈچ بۇلۇڭلۇق ساراي» خوراسان پادىشاھىنىڭ دائىمىي تۇرۇشلۇق جايى بولۇپ، تۇپراق قەلئە ئاھالىلەر رايونىنىڭ چېتىگە جايلاشقان. سارايىنىڭ كۆلىمى 400 × 300 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. سارايىنىڭ قۇرۇلمىسى ئانچە زىچ بولمىغان بىر قاتار ھەيۋەتلىك قۇرۇلۇشلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئىچى تام رەسىملىرى ۋە قاپارتما نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن. پەرەز قىلىنىشىچە، بۇ «ئۈچ بۇلۇڭلۇق ساراي» دىنىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەن، چۈنكى مەلۇم بىر بايراملاردا پادىشاھ بۇ يەردە دىنىي مۇراسىم ئۆتكۈزىدىكەن [246]. بۇ بىر تۈركۈم قۇرۇلۇشلارنىڭ مەركىزىي ئىمارەتلىرى يەر تەۋرەشكە قارشى تۇرالايدىغان ئۈچ بۇلۇڭلۇق تەكشىلىك ئۈستىگە جايلاشقان، كۆلىمى 1 گېكتار، ئېگىزلىكى 14 مېتىر كېلىدىكەن. مۇنار شەكىللىك ئۈچلۈق چوققىلىرى بۇ ئىمارەتنى ئۇلى كەڭ بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. بۇ قۇرۇلۇشتا مۇداپىئە ئەسلىھەلىرى بولمىسىمۇ، مۇنار شەكىللىك قۇرۇلمىسى ئىستىھكاملىق رولىنى ئوينىغان.

تۇپراق قەلئەدىكى بۇ سارايدا 150 دىن ئارتۇق ئۆي قاتار سېلىنغان، قېلىن تام ئۇلارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىپ تۇرىدۇ. 280 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان زال ئالاھىدە ئىدى، ئۇ خوراسان پادىشاھىنىڭ خان جەمەتى مۇراسىمى ئۆتكۈزىدىغان ئورنى بولۇپ، ئىلگىرى ئىچىدە مېھراب بار ئىدى. ئۇنىڭ تۆت تېمى ھەرخىل تام رەسىملىرى ۋە سۇس قاپارتما نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن. رەسىملەر ئاساسەن گۈل ـ گىياھ ۋە مېۋىلەردىن تەركىب تاپقان. بۇ زالدا يەنە بىر رەسىملىك كارىدور بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە خوراسان پادىشاھى ۋە ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ھەيكەللىرى

تىزىلغان. راست ئادەملەردىنمۇ چوڭ بولغان بۇ ھەيكەللەرنىڭ كۆپ قىسمى ياخشى ساقلىنىپ قالالمىغان بولسىمۇ، لېكىن يارماقلاردا كۆپ ئۇچرايدىغان بىزگە تونۇش شەكىللەر ئۇلارنىڭ چوقۇم پادىشاھ ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ھەيكەللەردە خاس خاراكتېر گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، ھۆكۈمرانلارنى ئىلاھ بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىپادىلىگەن.



49 ـ رەسىم جەسەت كۆلى كومزىكى ئۈستىدىكى رەسىم. ئاستىدىكى كومزەكنىڭ ئوڭ يۈزىدىكى رەسىم؛ ئۈستىدىكى كومزەك ئاغزىدىكى رەسىم. تۇپراق قەلئەدىن قېزىۋېلىنغان، مىلادىيە7 ~ 8 ـ ئەسىرلەر

بۇ «پادىشاھ زالى» ۋە «تەخت زالى» (ئىچىدە بەلكىم

خوراسان پادشاھىنىڭ تەختى بولۇشى مۇمكىن) دىن باشقا، يەنە بىر خانىقا قېزىۋېلىنغان، ئىچىدە ئۇسۇل ئويناپ تۇرغان ئادەملەرنىڭ قاپارتما رەسىملىرى بار. خانىقانىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر مېھراب بولۇپ، بۇ بەلكىم چوقۇنۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇ يەردىكى چوڭ بۇت سۇپىسىدا ئۆلۈپ تىرىلگەن ئۆسۈملۈك ئىلاھى مىناغا ئوخشاش بىر قىسىم ئىلاھلارنىڭ ھەيكەللىرى قويۇلغان. بۇ يەردە يەنە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، «ئىشق — مۇھەببەت ئۆيى» نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى بولۇپ، ئۇنىڭ تۆت تېمى نېلۇپەر گۈلى يوپۇرمىقى، ئەتىرگۈل ۋە قىزىل يۇرەك قاتارلىق تۈرلۈك رەسىملەر بىلەن بېزەلگەن. كۆركەم سىزىلغان رەسىملەر بۇ ئۆينى زىننەتلەپ تۇرىدۇ.

مىلادىيە 4 ~ 5 ـ ئەسىر ئارىلىقىدا، خوراسان بىر قېتىم كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچرىغان. شۇنىڭدىن كېيىن، ئەسلىگە كەلگەن مەدەنىيەت ئەسلى شەكلىگە ۋارىسلىق قىلغان ئاساستا، مىلادىيە 6 ~ 8 ـ ئەسىرلەردە تازا گۈللەنگەن، پەقەت ئىسلام تاجاۋۇزىدىن كېيىنلا يوقالغان، بىر قىسمىلىرى ئۆزگەرگەن. ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلار خوراساننىڭ ئىران، ۋىزانتىيە، ئەتىل ۋە يايىق رايونلىرى، باكترىيە، سوغد ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا مەدەنىيەتلىك رايونلار بىلەن سودا ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

گەرچە ئۇ دەۋردىكى شەھەرلەر تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ تەكشۈرۈلمىگەن بولسىمۇ، بىراق بىر قىسىم قەلئەلەر ھەقىقەتەن مەشھۇردۇر. مەسىلەن، بۇركۇت قەلئە. ئۇ يەردىكى ئۇزۇنلۇقى 17 كىلومېتىر، كەڭلىكى 2 ~ 3 كىلومېتىر كېلىدىغان بىر بوستانلىقتا نۇرغۇن قەلئەلەر بىنا قىلىنغان. مەسىلەن، يەنە مىلادىيە 7 ~ 8 ـ ئەسىرلەردىكى تۇشۇك قەلئەدىن بىناكارلىق سەنئىتىنى، يەنى بىر تۆپىلىكتە سېپىللىك قاراۋۇللۇق قەلئەسى

ياسالغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇ يەردە تۇرالغۇ، ئىقتىسادىي رايون ھەم بىر ھەشەمەتلىك ئىبادەتخانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قۇرۇلۇش بار. بۇ چوڭ قۇرۇلۇشتىن باشقا، يەنە يەر تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بىر قىسىم ئۆيلەر بولۇپ، بۇ ئۆيلەرنىڭ تۆت ئەتراپى ئېگىز ئەگمە شەكىللىك قەلئە بىلەن ئورالغان.

ئىبادەتخانىدىن تېپىلغان قاپارتما نەقىشلەر شۇ دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ بېزەكچىلىكتە ئەتىرگۇل ۋە پالما دەرىخى رەسىملىرىنى ئىشلىتىشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇ خىل نۇسخا خوراساننىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى سەنئەت ئۇسلۇبىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئىدىش ۋە كۈمۈش تەخسىلەرگە ئويۇلغان رەسىملەر يۇقىرىقى مەزمۇندىن باشقا، يەنە ئەسلى تۇرمۇش تېمىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئۇ رەسىملەردە يەنە خوراسان تۇرمۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەر خىل جەڭ مەزمۇنلىرى بار. بىراق، كىشىلەر خوراسان توغرىسىدا توختالغاندا، ئامۇ دەرياسى ۋادىسىدىكى قەلئەلەر مەدەنىيىتىنى تىلغا ئالماي قالمايدۇ.

بىر قىسىم جەسەت كۆلى كومزەكلىرى مىلادىيە 5 ~ 8 ـ ئەسىرلەردىكى خوراسان دىنىي مەدەنىيىتىنىڭ ئىسپاتى بولۇپ، بۇ كومزەكلەر جەسەت كۆلى كومزىكى ياساش ئۇسۇلىنىڭ قەدىمكى ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىنغان. مىلادىيىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بىر نەچچە ئەسىرىدە، بۇ خىل كومزىكىنىڭ ئوتتۇرىسى بوش لايدىن ياسالغان بولۇپ، بەزىلىرى ئادەمدىنمۇ چوڭ ئىدى. بىراق، ساقلىنىپ قالغانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى گەجدىن ياسالغان ئۇزۇن چاسا شەكىللىك كومزەكلەر، بىرىنىڭ ئاغزى يۇمىلاق، ئاغزىنىڭ ئۈستى تەكشى ئىكەن.

جەسەت كۆلى كومزىكىنىڭ كۆپىنچىلىرى ئامۇ دەرياسى ئۇچ بۇلۇڭ رايونىدىكى توق قەلئە ئولتۇراق رايون قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغانلىرى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۈستىگە رەسىملەر

سىزىلغان، بەزىلىرىگە ئۆلگۈچىنىڭ ئىسمى يېزىلغان، بەزىلىرىگە ئۆلگەن ۋاقتىمۇ ئويۇلغان. كومزەكنىڭ ئاغزى ۋە يۈزىدىكى رەسىملەردە هازا كۆرۈنۈشى ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، توق قەلئەدىن قېزىۋېلىنغان بىر جەسەت كۈلى كومزىكىنىڭ ئۈستىگە سىزىلغىنى مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتكە دائىر رەسىملەر، ئۆلۈكنىڭ ئەتراپىدا هازا ئېچىۋاتقانلار تەسۋىرلەنگەن. كومزەك ئاغزىغا ئۆلگۈچىنىڭ تاۋۇتى، تاۋۇتنىڭ كەينىدە بىر ئىشىك، ئىشىككە بىر هىلال ئاي، بىر (قۇياش) يۇملاق تەخسە ۋە ئىككى تال يوپۇرماق سىزىلغان، بۇ بەلكىم ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن بولۇشى مۇمكىن.

كىشىلەر يىپەك يولىدا كۆپ قېتىم هازا رەسىملىرىنى بايقىغان. مەسىلەن، ئاتەشپەرەستلىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان سوغدا، هەتتا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كۇچادا بۇ خىلدىكى رەسىملەر بار. خوراسانلىقلارنىڭ باقىي دۇنياغا بولغان تەسەۋۋۇرى بەلكىم ئاتەشپەرەستلىك دىنىي شەكلىگە، هەم يەرلىك خەلق دىنىي مەزمۇنىغا ئىگە ئىكەنلىكى مۇقەررەر. بۇ جەهەتتە ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىدۇ دېگەن قاراشتىن باشقا، يەنە تەندىن ئايرىلغان روهقىمۇ ئىشىنىدۇ. خوراساندىكى بىر جەسەت كۈلى كومزىكىگە مۇنداق يېزىلغان: «بۇ كومزەك سىليوك (تېهىيانىڭ ئوغلى) نىڭ روهىغا مەنسۇپ، ئۇلارنىڭ روهى جەننەتتە مەڭگۈ قالغاي (247) ».

مىلادىيە 7 ~ 8 ـ ئەسىرلەردە خوراسان مەجبۇرىي ئىسلاملاشتۇرۇلغان. شۇنىڭدىن كېيىن خوراسان ئەدەبىياتى مىلادىيە 9 ـ ئەسىرگىچە داۋاملاشقان بولسىمۇ، بىراق ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئەنئەنىسى زاۋاللىققا يۈزلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى خوراساندا بارلىققا كەلگەن تۇنجى تۈركۈمدىكى ئىسلام ئۆلىمالىرى ئالغان. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ داڭلىقى ئەل بىرۇنى (973 ~ 1048 ـ يىلى) بولۇپ، ئۇ هەسرەت بىلەن مۇنداق يازغان:

«قۇتەيبە (Qutaiba، ئەرەب قوشۇنلىرىنىڭ باش سەركەردىسى، مىلادىيە 712 ـ يىلى خوراساننى ئىستىلا قىلغان) شۇنداق قىلىپ بۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى يوقاتتى. ئۇ كىشىلەر خوراسان ئەدەبىياتىغا پىششىق، بۇ يېزىقتا يېزىلغان ئەسەرلەرنى چۈشىنەلەيدىغان، خوراسانلىقلارنىڭ پەن ـ بىلىملىرىنى ئۆگەنگەن كىشىلەر ئىدى. ئۇ ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلدى، ئۇ ئەسەرلەر ۋە پەن ـ بىلىملەر چوڭقۇر كۆمۈۋېتىلگەچكە، كىشىلەر ئىسلام دىنى ئەۋج ئالغاندىن كېيىنكى خوراسانلىقلارنىڭ قانداق بەختسىزلىككە ئۇچرايدىغانلىقىنى بىلىشكە ئامالسىز قالدى.» [248] خوراساندا ھازىرمۇ يەنىلا قوي قىرىلغان قەلئەنىڭ يۇمىلاق شەكىلدىكى قەلئەسىنىڭ بىر قىسمىنى ۋە جاۋۇر قەلئەدىكى ھەم تۇپراق قەلئەدىكى ئۆيلەرنىڭ ئۇل تاملىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، كېيىنكى «ئۈچ بۇلۇڭلۇق ساراي» دىكى بىر قىسىم ئۆي ۋە تام رەسىملىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان خوراسان مۇداپىئە قۇرۇلۇشلىرىدىن بۇركۇت قەلئە ۋە تۇشۇك قەلئەلەر بار. ئەتراپىدا قەبرىستانلىقى بولغان تېپىك خوراسان شەھىرى ئامۇ دەرياسى ئېغىزىدىكى توق قەلئە ئولتۇراق رايونىدۇر.

## 5. سوغد مەدەنىيىتى — ئاللىقاچان غايىب بولغان بىر ۋاستىچى مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى

ئىراننىڭ شەرقىگە جايلاشقان سوغدلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى

دىققەتكە سازاۋەر، سىرلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇلار ئەزەلدىن قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇپ باقمىغان، ئاخېمېنىدلار خانلىقى دەۋرىدىن تارتىپ، بەزىدە قۇدرەتلىك دۆلەتلەرنىڭ بېقىندىسى بولسا، بەزىدە كۆپلىگەن كىچىك بەگلىكلەرگە پارچىلىنىپ كەتكەن. بۇ كىچىك بەگلىكلەرنىڭ تېررىتورىيىسى دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئۆزى بېقىنغان دۆلەتلەردىن پۈتۈنلەي مۇستەقىللىقى بولۇۋالغان. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سوغدلار ئەپچىل ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ سىياسىي جەھەتتىكى پايدىسىز ۋەزىيەتنى بىر تەرەپ قىلىشقا، ھەرخىل ئەھۋاللار ئىچىدىن پايدىلىق نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەمدە مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردە زور دەرىجىدە مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قېلىشقا ماھىر. مىلادىيە 8 ـ ئەسىرگىچە، ئۇلارنىڭ دۆلىتى (بۇ ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسى ئارىلىقىغا، شۇنداقلا سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ماۋەرەئۇننەھر ئەتراپىغا جايلاشقان دۆلەت) ئىسلاملىشىشنىڭ ئالغا سىلجىشى، شۇنداقلا بۇنىڭدىن بۇرۇن تۈركىي مىللەتلەرنىڭ غەربكە كۆچۈشى بىلەن مەدەنىيەت جەھەتتە، ھەتتا ئىرقىي جەھەتتە چەت ئەللەرنىڭ ئىدارە قىلىشىغا ئۇچرىغان.

1000 يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىتتا، سوغدلار ئاسىيانىڭ ئىچكى رايونلىرىدا ئىزچىل ھالدا ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ۋاستىچى بولۇپ قالغان. ئىلگىرىكى ئالېكساندىر ئىمپېرىيىسىدىن ئاۋۋال، ئۇلار ئاخېمېنىدلار خانلىقىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. بۇلارنى تۆۋەندە بايان قىلىنىدىغان پاكىتلاردىنمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ: پېرسېپولىس قاپارتما نەقىشلىرىدە ئۇچرايدىغان ھەرخىل مىللەتلەر ئىچىدە نەزىر ـ چىراغ بېمەكلىكلىرى تەقدىم قىلىۋاتقان سوغدلارمۇ بار.

ئىراندىكى ھەرقايسى خانلىقلار ساقلاپ كەلگەن شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قويۇق مۇناسىۋەت نەتىجىسىدە، ئىقتىساد

ۋە مەدەنىيەت بايلىقلىرى يېقىن شەرق ۋە پارسلاردىن ئاۋۋال سوغدلارغا تارقالغان. مەسىلەن، خوراسانلىقلار ۋە سوغدلار تېرىغان ئۈزۈم غەربتىن كىرىپ، كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي ئاسىياغا تارقالغان [249] . ئارىئاننىڭ ئېيتىشىچە، ئىمپېراتور ئالېكساندېر تەرىپىدىن مەجبۇرىي بويسۇندۇرۇلغان سوغد خانى كېرىنوس ئۆز قوشۇنىدىكى ھەربىر كىشىگە خېلى كۆپ بور بۆلۈپ بەرگەن بولسىمۇ، گەمىسىدە يەنە بۆلگىنىدىن 10 ھەسسە ئارتۇق بور ئېشىپ قالغان. بوردىن باشقا، سوغدلار ئىران ۋە يېقىن شەرقتىن يېزىق ۋە كالېندارچىلىقنىمۇ قوبۇل قىلغان ھەمدە بۇ ئىككى نەرسىنى شەرققە تارقاتقان [250] . ئارامېي يېزىقىدىن ئايرىلىپ چىققان قىيپاش شەكىللىك يېزىق بەك قىيىن بولغاچقا، ئىرانشۇناس B.W خاننىڭ ئۇنى ئىراندىكى ئالۋاستى ئالىمان ئىجاد قىلغان دېگەن [251] . بۇ يېزىقنى تۈركىي خەلقلەر قوللانغان ھەمدە ئوڭدىن سولغا يازماي، خەنزۇچە يېزىققا تەقلىد قىلىپ يۇقىرىدىن تۆۋەنگە يازغان ، ئۇنى يەنە موڭغۇللارغا تارقاتقان، موڭغۇللار بولسا بىرنەچچە ھەرپ بەلگىسى تولۇقلىغاندىن كېيىن، مانجۇلارغا تارقاتقان. مىلادىيە 7 ~ 8 ـ ئەسىرلەردە قوللىنىلغان قەدىمكى تۈرك ـ رۇنك يېزىقىنىڭ مەنبەسىنى سوغد يېزىقى دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت بايلىقلىرىدىن سىرت، ماۋەرەئۇننەھرگە يەنە ئىراننىڭ ھەرقايسى خانلىقلىرىغا تەۋە كەڭ رايونلار ۋە چېگرا رايونلاردىن كىشىلەرمۇ كەلگەن. ئاخېمېنىدلار خانلىقىدىكى زور كۆلەمدىكى كۆچمەنلەر ئىرانلىقلارنىلا ئەمەس، بەلكى سۈرىيىلىكلەر، مېسوپوتامىيىلىكلەر، يۇنانلىقلار، ھەتتا، مىسىرلىقلارنىمۇ ئامۇ دەرياسى بويلىرىغا باشلاپ كەلگەن، شۇنىڭ بىلەن يۇنان مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشقا ھازىرلىق كۆرۈلگەن. سېلېۋك دەۋرىگە كەلگەندە، يۇنان مەدەنىيىتى ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئىبارەت مۇشۇنداق مۇنبەت تۇپراققا ئىگە بولغان.




50 ـ رەسىم سوغدلار رايونىدىكى ئەڭ مۇھىم ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار نۇقتىلىرى

شەرقنىڭ سوغدلارغا بولغان تەسىرى ئالېكساندېر ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىن باشلانغان. ماكېدونىيىلىك بۇ ئۇلۇغ قوماندان سوغدلار يۇرتىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، نۇرغۇنلىغان سوغدلار پامىرنىڭ شەرقىدىكى بوستانلىقلارغا قېچىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن، يىپەك يولىنى بويلاپ تاكى موڭغۇل يايلاقلىرى ۋە جۇڭگوغىچە بەزى سوغد رايونلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىغان(252). كېيىن مىلادىيە 6 ~ 7 ـ ئەسىرلەرگە كەلگەندە، بۇ رايونلاردىكى سوغدلار ئولتۇراقلاشقان جايلاردا يېزىق خاتىرىلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىغان جۇڭگوغىچە سوزۇلغان خەلقئارا سودا بىلەن خېلى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە سوغد سودىگەرلىرى مەشغۇل بولۇپ كەلگەن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تىلىنى يىپەك يولىدىكى ئورتاق تىلغا ئايلاندۇرغان. پەقەت كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندىلا، تۈركىي تىل، خەنزۇ تىلى ۋە ئەرەب تىلى

قاتارلىقلار بۇ فۇنكسىيىنى زىممىسىگە ئالغان. بېزەكلىكتىكى بۇددا ئىبادەتخانىلىرىدا تېپىلغان مىللىيچە كىيىملەرنى كىيگەن سوغد سودىگەرلىرىنىڭ رەسىمى ساقلانغان. ستەيىن دۇنخۇاڭغا يېقىن بولغان سەددىچىن سېپىلىدا بايقىغان سوغدچە ھۆججەتلەر ئىسپاتلىدىكى [253] ، مىلادىيە 4 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، بىر قىسىم «سوغد مۇھاجىرلىرى» يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. لېكىن، بۇ ۋاقىتتا بىر قىسىم سوغدلار بۇددا دىنىغا كىرىپ كەتكەنىدى. مىلادىيىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بىرنەچچە ئەسىرىدە، بىر قىسىم سوغدلار تەرجىمانلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان بولۇپ، باكترىيە ۋە ئارساكلىقلار بىلەن بىرلىكتە ھىندى تىلىدىكى بۇددا نوملىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان [254] . مىلادىيە 4 ـ ئەسىردىن باشلاپ، مانى دىنىمۇ سوغدلار ئارىسىدا مۇرىت توپلىغان، ئۇلار دۇنياۋى خاراكتېرلىك نېستورى دىنىنى جۇڭگو ۋە موڭغۇل يايلاقلىرىغا تارقاتقان. تەخمىنەن مىلادىيە 5 ـ ئەسىردىن باشلاپ، سوغدلارمۇ خرىستىئان دىنىنىڭ تەركىبى بولغان نېستورى دىنىنى قوبۇل قىلغان ھەمدە سۇرىيە ئەدەبىياتىنى ئۆلگە قىلغان بىر خىل سوغدچە خرىستىئان ئەدەبىياتىنى بارلىققا كەلتۈردى [256] . تارىم ئويمانلىقى ۋە دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان سوغد مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان سوغدچە ھۆججەتلەرمۇ بولۇپ، ھەممىسى دۇنياۋى بۇ ئۈچ چوڭ دىنىنىڭ مەزمۇنىغا مۇخالىپ كەلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سوغد يۇرتلىرىدا بىر خىل رايون خاراكتېرلىك ئاتەشپەرەستلىك دىنىي مەدەنىيىتى ساقلانغان بولۇپ، بۇنىڭغا ھىندى، ئىران ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭمۇ تەسىرلىرى قوشۇلغان.

سوغدلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئۇستازى بولغاندىن تاشقىرى، ئۇلار يەنە دىن تارقىتىپلا قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ مۇھىم بولغان شەھەر

مەدەنىيىتىنى يەتكۈزگۈچى ۋە تارقاتقۇچى بولغان. مەسىلەن، سوغدلار يېزىقتىن باشقا، يايلاقتىكى تۈركىي خەلقلەرگە شەھەر بىناكارلىق بىلىملىرىنىمۇ تارقاتقان. «شەھەر» (Kart) دېگەن تۈركىي سۆزلۈك سوغد تىلىدىن كەلگەن. سوغدلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى بولغاچقا، ھەتتا يايلاقتىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ رەسمىي ھۆججەتلىرى (بۇگۇت Bugut ئويما يېزىقى) مۇ سوغد يېزىقىدا يېزىلغان. سوغدلارنىڭ يايلاقتىكى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدىكى مەۋجۇتلۇقى جۇڭگولۇقلارنىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ بولغان.

سوغدلارنىڭ «مەككارلىقى» ئۇلارنىڭ ئۆز يۇرتى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىنغاندىن كېيىنكى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىقتىدارىدا ئىپادىلىنىدۇ. يەنى مىلادىيە 5 ~ 6 ـ ئەسىرلەردە ئېفتالىتلار (ئاق ھۇنلار) ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، سوغدلارنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشى ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشى ناھايىتى گۈللەنگەن، شۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئىزچىل گۈللىنىپ كەلگەنىدى.

ئىسلام زور قوشۇنى سوغدلارنىڭ سىياسىي مەركىزى ۋە دىنىي مۇقەددەس جايىنى (بۇ توغرۇلۇق ئىسلام مەنبەلىرىدىمۇ خاتىرىلەر بار) . ۋەيران قىلغاندىن كېيىن[257] ، سوغدلارنىڭ مەدەنىيىتى خارابىلىشىشقا يۈزلەنگەن. بۇ مەزگىلدە، يەنى مىلادىيە 8 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، قىممەتلىك بىر قىسىم ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە دائىر ۋەسىقىلەر ساقلىنىپ قالغان. ئالايلى، پەنجىكەنتتىكى سوغد خانى دىۋاشتىچنىڭ خەت ـ چەكلىرى قاتارلىقلار. بۇ خان بىر قېتىم زور كۆلەملىك ئەرەب ئىستىلاچىلىرىغا قارشى قوزغىلاڭغا قاتناشقان، قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، مۇغ قەلئەسىگە قېچىپ كەتكەن. كىشىلەر ئۇ يەردىن ئۇنىڭ خەت ـ چەكلىرىنى ۋە بىر پارچە ئەرەبچە خەت ـ چەك، ئۈچ پارچە خەنزۇچە ماتېرىيالىنى تاپقان[258] .

سوغدلار مىلادىيە 7 ـ ئەسىردە پارچىلىنىپ ئۇششاق بەگلىكلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تالىشىش ئۇرۇشلىرى ئۈزۈلمىگەچلىكتىن، ئىسلام قوشۇنلىرىنىڭ ئىلگىرىلىشى ئاسانلاشقان. سوغدلار قۇرغان بۇ ئۇششاق بەگلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ پۇللىرىنى قۇيۇپ، ئۆز ئىلاھلىرىنىڭ شەرىپى بىلەن ئاتاشقان [259] . پەقەت بۇخارا بوستانلىقىلا پارچىلىنىپ ئىككى بەگلىك بولۇپ قالغان، بولۇپمۇ تاغلىق رايونلاردا ھەربىر تاغلىق رايونى دېگۈدەك بىردىن بەگلىك بولۇۋالغان، بۇ بەگلىكلەر ھەتتا جۇڭگو بىلەن تاشقى ئالاقىسىنى ساقلاپ كەلگەنىدى.

مىلادىيە 7 ~ 8 ـ ئەسىرلەردە، سوغدلار گەرچە نەچچىگە پارچىلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار چەت ئەللەر بىلەن يەنىلا قويۇق دىپلوماتىيە ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن يەنى پېرسىيە ۋە جۇڭگودىن باشقا، يەنە باكترىيە، جەنۇبتىكى ھىندىستان، شەرقىي ياۋروپادىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ۋە شىمالدىكى ئۇرال مىللەتلىرى بىلەنمۇ قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان. كىشىلەر ئىلگىرى سوغدلارنى فىنىكلار بىلەن سېلىشتۇرغانىدى، بۇنىڭ مەلۇم ئاساسى بار. بۇ دۆلەتنىڭ شۇ مەزگىللەردىكى دۇنياۋىلىشىش خاراكتېرىنى تۆۋەندىكى پاكىتلارمۇ ئىسپاتلايدۇ: بۈگۈنكى سەمەرقەند بىلەن بۇخارا ئوتتۇرىسىدىكى قەدىمكى كۇشان رايونىدا بىر قەدىمكى ئىمارەت بولۇپ، ئىچىدە دىققەتكە سازاۋەر بولغان بىر رەسىم بار. جۇڭگولۇق بىر تارىخشۇناس مۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭ شىمالىدىكى تېمىغا جۇڭگو پادىشاھىنىڭ رەسىمى، شەرقىدىكى تېمىغا تۈرك قاغانىنىڭ ۋە ھىندى پادىشاھىنىڭ رەسىمى، غەربىدىكى تېمىغا پارس ۋە رىم خانىنىڭ رەسىمى سىزىلغان [260] .

سوغدلار توغرۇلۇق تەسىرى ئەڭ چوڭقۇر قەدىمكى مەدەنىيەت يادىكارلىقى مىلادىيە 7 ~ 8 ـ ئەسىرلەردىكى سوغدلار

مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى گۈللەنگەن دەۋرى، يەنى ئىسلاملىشىشىنىڭ ئالدىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدۇر. بۇ مەزگىلدە، يەرلىك ئاتەشپەرەستلىك دىنى قايتا گۈللىنىپ، بۇددا دىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان باشقا دىنلارنى سىقىپ چىقارغانىدى. ھازىر بىز ئەسلىدىكى سوغدلار رايونلىرىدا بۇددا دىنىنىڭ ھېچقانداق ئىزنالىرىنى تاپالمايمىز. دىن مەدەنىيىتىلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئۆرپ - ئادەت مەدەنىيىتىمۇ ئاشۇ ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق گۈللىنىش پۈرسىتى نەتىجىسىدە تەرەققىي قىلغان. ئىبادەتخانىلار ۋە شەخسىي ئىبادەتخانىلار، خان ئوردىسى ۋە سودىگەرلەرنىڭ ئالىي تۇرالغۇلىرىدىن سوغدلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭا، بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بۇ بۇيۇملار ئالدى بىلەن ئوردا تۇرمۇشىنى، ئاندىن باياشات ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى خەلقلەرنىڭ نامراتلىقىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

سوغدلار توغرىسىدىكى ئەڭ مەشھۇر ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار مەركىزى پەنجىكەنت بولۇپ، ئۇ سەمەرقەندنىڭ شەرقىغە 70 كىلومېتىر كېلىدىغان زەرەفشان دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشقان. پەنجىكەنت دىۋاشتىچ خاننىڭ پايتەختى، مىلادىيە 770 ~ 780 - يىللىرى ئارىلىقىدا تاشلىۋېتىلگەن، شۇنىڭدىن كېيىن قايتا رېمونت قىلىنمىغان. بۇ خىل ئەھۋال ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقاتقا ئىنتايىن پايدىلىق، چۈنكى كېيىن ئەسلىدىكى خارابىلەر ئۈستىگە يېڭىدىن قۇرۇلۇش قىلىنمىغان، بۇنداق ئەھۋال ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىدە كۆپ ئۇچرىمايدۇ.

پەنجىكەنتنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى بىلەن سوغدلارنىڭ ئۇششاق بەگلىكلىرىنىڭ تىپىك بىر شەھىرى ساقلىنىپ قالغان، شۇنداقلا پەنجىكەنت جۇڭگوغا بارىدىغان سودا يولىدىكى مۇھىم بىر سودا مەركىزى ئىدى. شەھەرنىڭ تۆت ئەتراپى سېپىل بىلەن

قورشالغان، كۆلىمىمۇ ئانچە چوڭ ئەمەس، شەھەر قورغىنى بىلەن قوشۇپ ھېسابلىغاندا 1000 گېكتاردىن ئاشمايدۇ، شەھەر ئەتراپى ۋە قەبرىستانلىقىمۇ ئاران 19 گېكتار كېلىدۇ. پەنجىكەنتتىكى ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلار مەزكۇر شەھەرنىڭ تۆت رايونغا، يەنى شەھەر قورغىنى، ئولتۇراق رايون، شەھەر ئەتراپى ۋە قەبرىستانلىققا ئايرىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

قورغان خانىنىڭ تۇرۇشلۇق جايى بولۇپ، ئىچىدە ئوردا تۇرمۇشىغا ئائىت رەسىملەر، مەسىلەن، سايىۋەن ئاستىدىكى پادىشاھ ئوبرازى ياكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ بەزمە سورۇنلىرى تەسۋىرلەنگەن رەسىملەر بار. دوبۇلغا ـ ساۋۇت كىيگەن لەشكەرلەرنىڭ رەسىمى تامنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى ئىگىلىگەن، ئۇنىڭ كۆلىمى چوڭ بولۇپلا قالماي، نازۇك جايلىرىنىڭ تەسۋىرىمۇ ئىنتايىن نەپىس. بۇ رەسىملەردە شەرقىي ئىراننىڭ ئېپوسلىرى ۋە ئەپسانىلىرى خام ماتېرىيال قىلىنغان بولۇپ، بىر قەھرىمان بىلەن ئىنسانىيەت دۈشمەنلىرى ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ كۈرىشى تەسۋىرلەنگەن.

رۇستەم پالۋاننىڭ ئىش ئىزلىرى بايان قىلىنغان بىر داستان ھەتتا ئىسلامىيەت دەۋرىدىمۇ تارقىلىپ يۇرگەن ھەمدە پارسلارنىڭ تارىخىي داستانى «شاھنامە» دىمۇ تەسۋىرلەنگەن. دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان خارابىلەردىكى چىرىپ كەتكەن كىتابلار ئىسپاتلىدىكى، يازما ماتېرىياللاردا ئىسلامىيەت دەۋرىدىن ئىلگىرىلا رۇستەم قىسسىسى خاتىرىلەنگەن [261]. تەتقىقاتچىلار كۆپلىگەن رەسىملەر فىردەۋسىنىڭ ئەسەرلىرىدىكى رۇستەم قىسسىلىرى بىلەن باغلىنىشلىق دەپ قارايدۇ. ئەمما، ئىراق ئافرىقىدىكى ئۇرۇش تەسۋىرلەنگەن رەسىملەرنىڭ ھەممىسى رۇستەم قىسسىسىنى مەنبە قىلغان. مەسىلەن، ئۇ يەردىمۇ ئۇستىبېشىغا دوبۇلغا ـ ساۋۇتلارنى كىيگەن ئايال چەۋەنداز ئامازونىنىڭ رەسىمى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ قوراللىق ئەسكەرلەر

بىلەن ئېلىشىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن، بۇ رەسىملەرمۇ يۇنان ھېكايىلىرىنى مەنبە قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئىزوپ ئەپسانىلىرىدىكى تەسۋىرلەرمۇ، ئاققۇنىڭ ھېكايىسىمۇ يۇناندىن تارقالغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇ ئاققۇ ئالتۇن تۇخۇم تۇغىدۇ، ئەمما بىر ئەخمەق ئۇ ئاققۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ھىندىستاننىڭ بىر ھېكايىسىدىمۇ مۇشۇ مەزمۇن بايان قىلىنىدۇ. بۇ مەزمۇن «بەش جىلدلىق بىتىك» ناملىق داستاننىڭ رەسىمىدىمۇ قەيت قىلىنىدۇ.



51 ـ رەسىم سايىۋەن ئاستىدا ئولتۇرغان پادىشاھنىڭ ھەيكىلى
پەنجىكەنت تام رەسىمى، مىلادىيە 8 ـ ئەسىر

پەنجىكەنت قورغىنى ئاساسلىقى ئوردا تۇرمۇشى ۋە ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرنى ھەمدە شەھەردىكى باي ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرىنى ۋە ھال ـ ئەھۋالى ياخشى سودىگەرلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. شەخسىي تۇرالغۇلارنىڭ ئىچكىرىكى قورۇسىدا مۇراسىم زاللىرى بار بولۇپ، ئۇنىڭ تاملىرىدا قىسسە رەسىملىرى بايقالدى. بايقالغان يادىكارلىقلار ئارىسىدا يەنە نۇرغۇنلىغان ياغاچ ھەيكەللەر بولۇپ، ھەممىسى كۆمۈرگە ئايلىنىپ كەتكەنىدى.

ئىچكىرىكى قورۇنىڭ ئالدىنقى ئۇدۇل تېمىغا ئىلاھ رەسىمى ياكى ئەجدادلارنىڭ بىر غەلىتە مەخلۇققا مىنىشۋالغان، ئىككى يېقىدا ھەمراھ بولۇپ نەزىر ـ چىراغ سوۋغىلىرىنى ھەدىيە قىلغۇچىلار ياكى قاراۋۇللار ھۆرمەت بىلدۈرۈپ تۇرغان رەسىم سىزىلغان. يان تامغا ئۇرۇش مەيدانى ياكى كۈندىلىك تۇرمۇش مەنزىرىسى سىزىلغان. مەسىلەن، ئۇرۇش مەيدانىدا ئاتلىق بىر قوراللىق چەۋەندازنىڭ ئۇزۇن نەيزە بىلەن ئاتلىق دۈشمەننى ئۆلتۈرۈۋاتقانلىقى؛ سودىگەر بىلەن ئاقسۆڭەكنىڭ يەردە ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىۋاتقانلىقى ياكى زىياپەت ئۈستىدە نازۇ نېمەتلەر بىلەن غىزالىنىۋاتقانلىقى سىزىلغان. ھالبۇكى، بۇلارنىڭ ئىچىدە دىنىي پائالىيەت سۈرەتلىرىمۇ ئۇچراپ قالىدۇ. مەسىلەن، نەزىر ـ چىراغ تەكچىسىگە قوي ياكى باشقا سوۋغاتلارنى ھەدىيە قىلىۋاتقانلار ھەمدە ھىندىستاننىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى، ھەرخىل تۆت قوللۇق ئايال ئىلاھلار، غەلىتە مەخلۇققا مىنىۋالغان قوش قوللۇق ئايال ئىلاھ قاتارلىقلارمۇ سىزىلغان[262]. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە سوغدلارنىڭ ئۈچ باشلىق بوران ئىلاھى ۋېسپاگارنىڭ رەسىممۇ سىزىلغان. ئوخشاش بىر ئىلاھ بىرلا ۋاقىتتا مۇلايىملىق ۋە قەبىھلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان، بۇ بوران ئىلاھىنىڭ بۇ خىل ئەھۋالى ئىرانچە قاراشلارغا تامامەن يات. ئائىلە ئىبادەتخانىلىرىدا

بىر قىسىم نەزىر ـ چىراغ تەكچىلىرى بولۇپ، ئاتەشپەرەستلىك دىنىنىڭ ئىلاھلىرى ۋە خەلق ئىچىدىكى ئىلاھلارغا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن (263) .



52 ـ رەسىم سوغد سودىگەرلىرى سەدىقە ـ ئېھسان قىلماقتا، بېزەكلىكتىكى 9 ـ ئۆڭكۈر، مىلادىيە 10 ـ ئەسىر

ئەڭ مۇھىم ئىبادەتخانىلارمۇ تۇرالغۇ رايونلىرىغا جايلاشقان، بىر ئىبادەتخانا ئۆزئارا ئايرىلىپ تۇرىدىغان ئىككى بۆلەكتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەربىرى ناھايىتى چوڭ قورۇ،

تۆت ئەتراپى تاملار ۋە ياتاق ئۆيلەر بىلەن قورشالغان(264). بۇت تەكچىسى قورۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئېگىز بىر سۇپىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان، بۇت تەكچىسىنىڭ ئالدىدا بىر زال بار، ئۆپچۆرىسىدە ئوچۇق كارىدور ۋە تورۇسنى تىرەپ تۇرغان تۈۋرۈكلەر بار؛ تاملار تام رەسىمى بىلەن بېزەلگەن، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۇتلەق كۆپ قىسمى شەرقىي ئىراندىكى دىنلارنى ئاساسىي تېما قىلغان.




53 ـ رەسىم پەنجىكەنتتىكى بۇتخانىلارنىڭ تەكشىلىك خەرىتىسى، مىلادىيە 6 ~ 8 ـ ئەسىر

كىشىنىڭ ئەڭ دىققىتىنى تارتىدىغان تام رەسىمى «هازا

ئېچىش رەسمى» بولۇپ، ئۇنىڭدا گۇمبەز شەكىللىك قەبرە ئىچىدە ياتقان ئىلاھ ياكى باتۇرنىڭ ئەتراپىدا مۇسىبەتكە چۆمگەن بىر توپ هازىدارلار سىزىلغان. رەسىمنىڭ سول يېرىمىدىكى گەۋدىسى بىر ئاز چوڭراقى ئەۋلىيا، ئۇلارمۇ هازىغا قاتناشقان. بىز سوغد دىنى توغرىسىدا توختالغان بابتا توختالغىنىمىزدەك، بۇ ئۆلگۈچى ئېهتىمال ئۆلۈپ - تىرىلگەن ئەۋلىيا سىياۋۇش بولۇشى مۇمكىن، بۇ ئەۋلىيا بىر يىل تۆت پەسىلنىڭ دەۋر قىلىپ ئايلىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك (265) . بۇ رەسىمدىن بىز سوغد سەنئەتكارلىرىنىڭ هەر خىل تىپىك ئوبرازلارنى ياراتقاندا، ئادەمنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى هېسسىي ئوبرازلىرىنى ئىپادىلەشكە نەقەدەر ماهىر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالايمىز.

قورغان ۋە ئولتۇراق رايونلاردىن باشقا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەهەر قۇرۇلمىسىدا (خۇددى پەنجىكەنتتە ساقلىنىپ قالغاندەك) يەنە شەهەر ئەتراپى رايونىمۇ بولغان. شەهەر ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقانلار جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى كىشىلەر، ياقا يۇرتلۇقلار، قول سانائەتچىلەر ۋە قۇللاردىن ئىبارەت ئىدى. كۆتمىگەندە بىز بۇ يەردە بىر خىل خەلق سەنئىتىنى، يەنى زور مىقداردىكى لاي هەيكەللەرنى ئۇچراتتۇق.

ئاخىردا تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىكى ئۆلگەنلەرنى دەپنە قىلىدىغان قەبرىستانلىق ئىدى. قەدىمكى مىسىرغا ئوخشاشلا، قەبرىستانلىق ئاهالىلەر زىچ رايوننىڭ ئەتراپىدىكى چۆللۈككە جايلاشقان. خۇددى بىز خۇراساندا ئۇچراتقىنىمىزدەك، بۇ يەردىمۇ بىر قىسىم نەپىس بېزەلگەن جەسەت كۆلى قۇتىسىنى بايقىدۇق. قۇتىلارنىڭ ئۈستىگە ئالەمشۇناسلىق ۋە ئاخىر زامان هەققىدىكى هەرخىل تەلىماتلار سىزىلغانىكەن. بىيە ناماندىكى جەسەت كۆلى قۇتىسى پەنجىكەنتتە ئۇچراتقان جەسەت كۆلى قۇتىسى بىلەن بىر خىل ئىكەن. بۇ قۇتىنىڭ ئۈستىگە ئۆزئارا تۇتاش گۇمبەز شەكىللىك تۆت ئۆگزىنىڭ تۆۋىنىدە پادىشاهسىمان تۆت ئەرباب

سىزىلغان بولۇپ، ئۇلار ئاتەش دىنىدىكى تۆت مۇقەددەس ئېلېمېنت — ئوت، سۇ، تۇپراق ۋە ھاۋاغا ۋەكىللىك قىلىدىغاندەك كۆرۈنەتتى.

سوغدلارنىڭ ئىسلامىيەت دەۋرىدىن ئىلگىرىكى باشقا بەزى شەھەرلىرىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلاردىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، گەرچە پەنجىكەنت گۈللەنگەن سوغد مەدەنىيىتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن بىر مەركىزى بولسىمۇ، ئەمما بىردىنبىر مەركىزىمۇ ئەمەس. پەنجىكەنت تام رەسىملىرىدىن سىرت، يەنە بىر خان ئوردىسى ئافراسىياب (قەدىمكى دەۋردىكى سەمەرقەند) تىكى تام رەسىملىرىمۇ كېيىنكى مەزگىللەردىكى سوغد مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم دەلىلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ [267] ئافراسىيابتا تارىختا ئۆتكەن پادىشاھلار (بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر قانچىسى ئالاھىدە مەشھۇر) [268] نىڭ ھەشەمەتلىك ئوردىلىرىدىكى ھېكايە تۈسىنى ئالغان تام رەسىملىرى (ئۇلارنىڭ ئۈستىدە ھەتتا سوغدچە بېغىشلىمىلار بار) دىن سىرت، يەنە ئوردا تۇرمۇشى ھەققىدىكى جانلىق رەسىملەرمۇ بار. ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى 10 مېتىر كېلىدىغان بىر زالدا تەنتەنىلىك كۈتۈۋېلىش مۇراسىمى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بىر پارچە تام رەسىمى بايقالدى، مۇراسىمغا قاتناشقانلار ئۇچىسىغا بايراملىق شاھانە كىيىملىرىنى كىيىشكەنىدى. زالنىڭ غەربىي تېمىغا سىزىلغان رەسىملەردىن مۇنداق كىشىلەرنى كۆرىمىز: ئۇچىسىغا نەپىس ئۇزۇن كۆڭلەك كىيگەن تۆت ئەر، ئۇلارنى كۈتۈۋېلىشقا چىققانلار ئاتقا، پىلغا ۋە تۆگىلەرگە مىنىۋېلىشقان، بۇلارنىڭ كەينىدە تۆت دەستە گۈل بولۇپ، ئېھتىمال گۈللەرنى كەلگۈچىلەرگە سوۋغا قىلغان بولسا كېرەك. زالنىڭ ئۇدۇل تېمىغا ئافراسىيابنىڭ پادىشاھى بىر ۋەكىللەر ئۆمىكىنى قارشى ئېلىۋاتقان كۆرۈنۈش سىزىلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇچىسىغا ساسانىيلار نۇسخىسىدىكى كىيىم كىيگەن بەش ئەلچىمۇ بولۇپ، ئۇلار سوۋغا تەقدىم قىلىۋاتاتتى.

رەسىمدىكى بېغىشلىمىلاردىن ئۇلارنىڭ ھۇنلار ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. ھۇنلارنىڭ پادىشاھقا ئولپان تاپشۇرۇش مەجبۇرىيىتى بار ئىدى. بېغىشلىمىدىن بىلىۋالالايمىزكى، ئالدىدىكىسى شاغانىيان پادىشاھلىقىنىڭ ئوردا ئىشلىرى ۋەزىرى تۇرانس بولۇپ، ئۇ ھۇن قاغانىنىڭ سوۋغاتلىرى ۋە ئېھتىرامىنى ئېلىپ كەلگەندى.



54 ـ رەسىم سوغدچە بىر جەسەت كۆلى قۇتىسىنىڭ ئوڭ يۈزىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ھالىتى، مىلادىيە 6 ـ ئەسىر

بۇ بىر يۈرۈش تام رەسىملىرى بۇخارا خانىنىڭ تۇرالغۇسىدىمۇ بايقالغان. ئۇنىڭدىن باشقا ۋاراخشا ئاھالىلەر نۇقتىسى ۋە شەھرىستاندىكى ئۇسرۇشنا خان ئوردىسىدىمۇ بار بولۇپ، ئۇنىڭدىكىسى كۆيۈپ كەتكەن[269]. شەھرىستاندا

تېپىلغان بىر رەسىمدە ئۆرە تۇرغان بىر چىشى بۆرىنىڭ ئىككى ئوغۇل بالىنى ئېمىتىۋاتقانلىقى سىزىلغان. بۇنى بىز پەنجىكەنتتىمۇ ئۇچراتقاندۇق. بۇ تېما رىمدا بارلىققا كەلگەن، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكىسى بولسا ئۇنىڭغا تەقلىد قىلىنغىنى بولۇپ، ئېھتىمال ۋىزانتىيە تەڭگىلىرىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.



55 ـ رەسىم ئۇرۇش تېما قىلىنغان رەسىملەردىكى پادىشاھسىمان
قەھرىمان، ۋاراخشا «قىزىل ساراي» تام رەسىملىرىنىڭ
بۇزۇلۇپ كەتكەن قىسمى

ۋاراخشا بۇخارانىڭ غەربىي شىمالىغا 30 كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە بولۇپ، مۇھىم مەدەنىيەت مەركىزى ئىدى. ئۇ يەردىمۇ ئوخشاشلا ئوردا تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن، دىققەتكە سازاۋەر سەنئەت بۇيۇملىرىمۇ ساقلانغان [270] . پايتەخت بولۇش

سۇپىتى بىلەن ئۇنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى بۇخارا تارىخىدا بايان قىلىنغان، بۇنى ئىسلام تارىخچىسى نارشاھى مىلادىيە 10 ـ ئەسىردە خاتىرىلەپ قالدۇرغان(271) . ئۇنىڭ دېيىشىچە، ۋاراخشا پادىشاھ تۇرۇشلۇق جاي بولغاچقا، ئۇنىڭ كۆلىمى بۇخاراچىلىك كېلىدىكەن. ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، مىلادىيە 5 ~ 10 ـ ئەسىرلەر بۇ شەھەرنىڭ گۈللەنگەن مەزگىلى ئىدى. 1937 ـ يىلى بايقالغان خارابە ئەسلىدە 500 كۋادرات كىلومېتىرچە كېلىدىغان بوستانلىق ئىچىدە بولۇپ، كېيىنچە بۇ بوستانلىق تەدرىجىي قۇم ئاستىدا قېلىپ، ئەڭ ئاخىردا مىلادىيە 11 ~ 12 ـ ئەسىرلەردە خارابىلىققا ئايلىنىپ كەتكەن.

ۋاراخشانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى خارابە تۆپىلىك ھېلىھەم 19 مېتىر ئېگىزلىكتە. ئۇ ئولتۇراق رايوندىن سىرت، يەنە بىر قەلئەنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قەلئەدىكى ئېگىز سېپىل ۋە ئۈچلۇق چىش شەكلىدىكى قاراۋۇلخانىلار ھەقىقىي بىر قەلئەنىڭ سىمۋولى بولۇپ، خۇراسان مەنزىرىسىنى ئەسلىتىدۇ. قېزىش ئارقىلىق ئۈچ زالدىن تام رەسىملىرى تېپىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ داڭلىقى «قىزىل ساراي» ئىچىدىكى تام رەسىملىرى («قىزىل ساراي» نىڭ كۆلىمى 9m × 12m)، بۇ تام رەسىملىرىنىڭ تەگ بويىقى قىزىل بولۇپ، رەسىم يۈزىنىڭ بىر قانچە يېرىدە بىر پالۋاننىڭ يىرتقۇچ ھايۋان بىلەن ئېلىشىۋاتقان كۆرۈنۈشى سىزىلغان. رەسىمدە بۇ پالۋان پادىشاھلاردەك كىيىنگەن بولۇپ، پىلغا مىنىۋالغان، ئۇ يولۋاس، قاپلان، يىلپىز، شىر ۋە غەلىتە بۆركۈتنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇۋاتاتتى. «تەخت سارىيى» دا ئىلاھ ۋە ئىلاھىي شەخسلەرنىڭ ھەيكەللىرى ۋە بۇتلىرىنى، ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر ۋە ھەرخىل گېئومېتىرىيىلىك سىخېمىلارنى بايقىدۇق. «تەخت سارىيى» دىكى تام رەسىملىرى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان، قالدۇق پارچىلىرىدا ئۇرۇش مەنزىرىسىدىن

سىرت، بىر پارچە ئوتقا چوقۇنۇۋاتقان رەسىممۇ بار ئىدى.

قەلئە خۇراساننىڭ ئالاھىدە بەلگىسى، سوغدلارنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ ئەھۋال شۇنداق. بۇ يەردە مۇداپىئە ئۈچۈن سېلىنغان قەلئە سېغىز توپا ۋە كېسەكتىن ياسالغان. ھۇجۇمغا ئۇچرىغاندا بۇ قەلئەلەر پادىشاھنى قوغداپلا قالماي، يەنە خەلقنىمۇ قوغدايدۇ. سوغدلارنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا بىر ئاز ياخشىراق ساقلىنىپ قالغان بىر قەلئە بار، بۇ بالالىق قەلئەسى بولۇپ، تېرمېزدىن 15 كىلومېتىر يىراقلىقتا. بۇ قەلئە مىلادىيە 5 ~ 7 ـ ئەسىرلەردە سېلىنغان. ئۇ قارىماققا ناھايىتى قىممەتكە ئىگىدەك كۆرۈنىدۇ، چۈنكى ئادەتتىكى تام رەسىملىرىنىڭ كۆپىنچىسى زىيانغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، بۇ يەردىكىسى بىر قەدەر ياخشى ساقلانغان. بىر مەركىزىي قوبۇلخانىدا رەڭدار تام رەسىملىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا قارشى ئېلىش زىياپىتىگە قاتنىشىۋاتقان 47 ئەربابنى كۆتۈۋاتقان، ئۈچىسىغا ساسانىيلار نۇسخىسىدىكى ئېسىل كىيىملەرنى كىيىشكەن قىزلار سىزىلغان.

ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي شىمالىدىكى شاش (ھازىرقى تاشكەنت)، فەرغانە ئويمانلىقى (شىنجاڭغا بارىدىغان بوغۇز) ۋە يەتتەسۇ ۋادىلىرى بىر قەدەر ئۆزۈن، لېكىن قالاق بولغان مۇستەقىل مەدەنىيەتنى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرسىمۇ، ئەمما مىلادىيە 6 ~ 8 ـ ئەسىرلەردە يەنىلا سوغدلار مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان(272). شەرقىي خەن سۇلالىسى (مىلادىيە 23 ~ 220 ـ يىللار) دىن باشلاپ، جۇڭگونىڭ ھەربىي تەسىرى ئۆزۈلمەي فەرغانە ئويمانلىقىغا ئىچكىرىلەپ كىرگەن. جۇڭگولۇقلار بۇ يەردىن ئۆزلىرى ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان بىر خىل ئاتقا ئېرىشكەن، بۇ خىل ئات كېيىنچە خەن سۇلالىسىدىن تاڭ سۇلالىسىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئېسىل نەسىللىك ئاتلارنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ قالغان.



56 ـ رەسىم زىياپەتتىكى ياش قىزلار، بالالىق قەلئەسىدىكى تام رەسىملىرىنىڭ بىر قىسمى، مىلادىيە 5 ~ 6 ـ ئەسىرلەر

سوغدلارنىڭ تەسىرى ۋە بەزى چاغلاردىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ تەسىرىدىن باشقا، مىلادىيە 6 ـ ئەسىردىن باشلاپ، غەربكە سۈرۈلگەن تۈركلەر بۇ رايونغا مىللەت ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە بارغانسېرى چوڭ تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىغان. بۇنى فەرغانىدىكى بىر قىسىم رۇنىك يېزىقى ئابىدىلىرى ۋە يەتتە سۇ ۋادىسىدىكى تۈركلەرنىڭ قەبرىلىرى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇ رايون شەرق بىلەن غەربنىڭ قاتناش ئالاقىسىدىكى تۈگۈن بولغاچقا، بۇ

يەردە ئىزلىرىنى قالدۇرغانلار سوغد سودىگەرلىرى ۋە تۈرك قاغانلىرىدىن باشقا، يەنە جۇڭگودىن ۋىزانتىيىگە بارىدىغان سودىگەرلەر، تاۋاپچىلار ۋە خارجى (دىپلوماتىيە) ئىشلىرى خادىملىرىدۇر.

مىلادىيە 6 ~ 8 - ئەسىرلەردىكى ئەڭ مۇھىم قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرى ئاق بەشىم بۇددا ئىبادەتخانىسى. ئۇ سوغدلارنىڭ بىناكارلىقىنى ئەسكە سالىدۇ، ئەمما ئۇنىڭدىمۇ سىرتتىن قوبۇل قىلىنغان ھەم ئۆز يېرىنىڭ ئامىللىرى بار. بۇ ئەينى ۋاقىتتا ھىندى دىنىنىڭ سوغدلارنىڭ چېگرا رايونلىرىدا يەنىلا جانلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۈچ رايوندىن تېپىلغان قول ھۈنەر بۇيۇملىرى ھەر خىل ئوخشىمىغان مەدەنىيەت تەركىبلىرىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، بۇ تەركىبلەرنىڭ بۇ يەردىمۇ بىرلىشىپ، بىر خىل يېڭى، ئالاھىدە خۇسۇسىيەتكە ئىگە بىر پۈتۈن گەۋدە ھاسىل قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ[273].

سۈرىيە خرىستىئان دىنىنىڭ نېستۇرى مۇرىتلىرى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاندا، ساسانىيلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئىراندىن شەرققە قېچىپ يەتتە سۇ ۋادىسىدا پاناھلانغان، بولۇپمۇ موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەر (مىلادىيە 13 ~ 14 - ئەسىرلەر) دە نېستۇرى دىنىنىڭ بۇ يەردىكى تۈركىي ئاھالىلەر ئارىسىدىمۇ مۇرىتلىرى بولغان. بۇنى كۆپ ساندىكى قەبرە ئابىدىلىرىدىكى سۈرىيە يېزىقى بىلەن تۈركىي يېزىقتا يېزىلغان پۈتۈكلەر ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇ پۈتۈكلەردە مەزكۇر يەرگە دەپنە قىلىنغان ئۆلگۈچىنىڭ ھاياتى ۋە ۋاپات بولغان يىل، ئاي، كۈنى خاتىرىلەنگەن[274]. ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى ئالمالىقتىنمۇ كىشىلەر مۇشۇنىڭدەك ئابىدىلەرنى تاپقان. موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە، بۇ ۋادا ئىسسىقكۆل بويلىرى ۋە ئۇنىڭغا قوشنا ناۋىكاتقا ئوخشاشلا

تەرەققىي قىلىپ، نېستورى دىنىنىڭ مەركىزىگە ئايلانغانىدى.





57 ـ رەسىم (يۇقىرىدا) ئاق بەشىم بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ
تەكشىلىكتىكى كۆرۈنۈشى، (تۆۋەندە) ئاق بەشىم بۇددا
ئىبادەتخانىسىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن كۆرۈنۈشى

بۇگۈنكى كۈندە يەنىلا ھۆزۈرلىنىشقا ئەرزىيدىغان ئەڭ مۇھىم سوغد خارابىسى تېپىلغان جاي سەمەرقەند ئەتراپىدىكى پەنجىكەنتتۇر. ئۇ يەردە ئۇلتۇراق رايون، شەھەر ئەتراپى رايونى ۋە قەبرىستانلىقلار بار. مەيلى خان ئوردىسى بولسۇن ياكى

ئىبادەتخانىلار ۋە شەھەردىكى شەخسىي تۇرالغۇلار بولسۇن، ھەممىسىدىنلا قەدىمكى رەسىملەر ۋە ھەيكەللەرنىڭ فراگمېنتلىرىدىن بەھرىلەنگىلى بولىدۇ. لېكىن، قەدىمكى سەمەرقەندتىكى ئافراسىيابتىمۇ سوغد بىناكارلىق سەنئىتى بىلەن سىزمىلىرىنىڭ مۇھىم يادىكارلىقلىرى بار، ۋاراخشادىمۇ شۇنداق. ئەسلىدىكى سوغدلار رايونىغا جايلاشقان بۈگۈنكى ئەڭ مۇھىم شەھەر — سەمەرقەند ۋە بۇخارا بولۇپ، ئۇنىڭدا ساقلىنىپ قالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن ئاساسلىقلىرى ئىسلامىيەت دەۋرىدىكى قەدىمكى قۇرۇلۇشلاردۇر. ئەمما، يەرلىك مۇزېيلار بۇنىڭ ئەكسىچە تاماشىبىنلارغا ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى تارىخنى چۈشەندۈرىدۇ. سوغدلارنىڭ يۇرتىدا بۇددا دىنىنىڭ ئىزناسى يوق دېيەرلىك. لېكىن، ئۇنىڭغا يېقىن فەرغانە ۋادىسىدا ئاق بەشىم بۇددا ئىبادەتخانىسىدىن ئىبارەت مۇھىم خارابىلىك ساقلانغان.

# ئالتىنچى باب
# يىپەك يولىنىڭ شەرقىي بۆلىكىدىكى مەدەنىيەت رايونى

## 1. جەنۇبىي لىنىيە سودا يولىدىكى مەدەنىيەت مەركىزى

يىپەك يولى سوغد ۋە فەرغانە ۋادىلىرىدىن باشلىنىپ، ئالاتاۋ ۋە تەڭرىتاغلىرى ئارقىلىق قۇرغاق تارىم ئويمانلىقىغا تۇتىشىدۇ. شەرققە بارىدىغان يولۇچىلار تەكلىماكان قۇملۇقى بويىدىكى چوڭراق شەھەر قەشقەرگە بارىدۇ. شۇ يەردىن باشلىنىپ يەركەن ۋە خوتەندىن ئۆتىدىغان بىر كونا يول بار بولۇپ، مىرەن ۋە كروراندا ھەمدە پىشامشان خانلىقىغا تۇتىشىدۇ. بۇ خانلىق تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، نۇرغۇن بوستانلىقلار بار. كروراندىن شەرققە ماڭغاندا، دۇنخۇاڭغا بارغىلى بولىدۇ، بۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ غەربىدىكى قاراۋۇلخانىسى.

مىلادىيە 4 ~ 5 ـ ئەسىرلەرگە كەلگەندە، يىپەك يولى جەنۇبىي لىنىيىسىنىڭ بۇ شەرقىي بۆلىكىدە قۇرغاقچىلىق تۈپەيلىدىن، قاتناش بارغانسېرى قىيىنلاشتى. چۈنكى، بۇ يول بويىدىكى بوستانلىقلار پامىر تېغى، قارا قورۇم تېغى ۋە ئالتاي تېغىدىن ئېرىگەن قار سۇلىرىغا تايىنىپ تۇرمۇشىنى قامدايتتى. شۇنداق بولسىمۇ، خوتەن جەنۇبنىڭ قاتناش تۈگۈنى، شۇنداقلا بۇددا سەنئىتى ۋە بۇددا نەزەرىيىسىنىڭ مەركىزى بولغاچقا،

مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن. ئۇ يەردە بىر يول بار بولۇپ، قارا قورۇم تاغلىرى ئارقىلىق ھىندىستانغا تۇتىشاتتى. خوتەن ھىندىستان بىلەنمۇ جۇڭگوغا ئوخشاش مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەنىدى. شىمالىي قەشقەردىن باشلىنىپ، كۇچا، تۇرپانلار ئارقىلىق دۇنخۇاڭغا تۇتىشىدۇ. بۇ يولنى تاللىغان يولۇچىلار تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى بوستانلىقلارنى ئارىلاپ ماڭىدۇ، گەرچە يەركەن بىلەن خوتەندىن ئۆتمىسىمۇ، لېكىن خوتەندىن تەكلىماكاننى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، شىمالىي لىنىيە ئۈستىدىكى ئاقسۇ قاتارلىق جايلارغا بارىدىغان بىر كىچىك يول بار. بىز دەرمەپەترەنىڭ دوكلاتىدىنمۇ بۇ ئەھۋاللارنى بىلىۋالالايمىز. ئۇ مىلادىيە 400 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە قارشى يۆنىلىشنى بويلاپ بۇ يولدا ماڭغان.

ھالبۇكى، مىلادىيە 5 ـ ئەسىردىن باشلاپ سوغدلار ئېلىدىن شەرققە مېڭىپ جۇڭگوغا بارىدىغان يولۇچىلارنىڭ كۆپچىلىكى شىمالىي لىنىيە بىلەن ماڭغان. ئۇلارغا نىسبەتەن خوتەن خۇددى «ھالاكەت دېڭىزى» نىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىدى. دۇنيا بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن بۇنداق ئەھۋال خوتەن مەدەنىيىتىنى مۇستەقىل گۈللىنىش يولىغا ئېلىپ ماڭغان. بۇنداق مەدەنىيەت دەسلىپىدە ھىندىستان بىلەن جۇڭگونىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان، ئەمما كېيىن سكىفلارنىڭ تەركىبلىرى بارا ـ بارا كۆپەيگەن. خوتەننىڭ غەربىگە توغرا كېلىدىغان قەشقەر ۋە يەركەنمۇ خوتەن بىلەن ئوخشاش بولۇپ، مىلادىيىنىڭ دەسلىپىدىن باشلاپ، بۇددا مەدەنىيىتى ھۆكۈم سۈرگەن، بۇ ئەھۋال قەشقەردىن تېپىلغان قولىيازمىلاردىمۇ ئىسپاتلىنىدۇ. بۇ قەشقەر قولىيازمىلىرىنىڭ بىر پارچىسى «ساددارماپۇندارىكا سۇترا» بولۇپ، بۇ بۇددا نومى ھازىرغىچە بايقالغان ئەڭ قەدىمكى پۇتۇكلەردىن بىرى [275] ئەمما، ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى قەشقەر ۋە يەركەندە بىر قىسىم قۇيما پۇل، ئابىدە، بەزى كىتابلارنىڭ

پارچىلىرى، بۇددا ئىبادەت بۇيۇملىرىنى ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىدىن سىرت، قوشنىسى بولغان خوتەننىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن قېلىشمايدىغانلىرى كۆپ ئەمەس (276) . بىراق، بىز خۇيتساڭنىڭ بايانىدىن مىلادىيە 7 ـ ئەسىردە قەشقەردىن خوتەنگىچە بولغان ئارىلىقتا كۆپلىگەن بۇددا ئىبادەتخانىلىرى، مىڭلىغان ـ تۇمەنلىگەن بۇددا نوملىرىنىڭ بارلىقىنى بىلىۋالالايمىز.




58 ـ رەسىم يىپەك يولىنىڭ شەرقىي بۆلىكىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قېزىۋېلىنغان مۇھىم ئورۇنلارنىڭ خەرىتىسى

هازىرقى يەركەن ۋە قەشقەر پۈتۈنسۈزۈك ئىسلام شەھىرى بولۇپ، سىرتقى كۆرۈنۈشىدىن بۇددا دىنىغا ئائىت ھېچقانداق ئالامەتنى كۆرگىلى بولمايدۇ. لېكىن، غەرب مۇزېيلىرى

(لېنىنگرادتىكى ئەمىر تاش مۇزېيىنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان) دا ساقلىنىۋاتقان ۋەسىيەتنامىلەر، قۇيما پۇل ۋە كىچىك تىپتىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىسلامىيەت دەۋرىدىن ئىلگىرىكى بۇ يەرنىڭ مەدەنىيىتىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. يەرلىك مۇزېيلاردا ۋە ئۈرۈمچىدىكى شىنجاڭ مۇزېيىدىمۇ شۇ دەۋرگە ئائىت بىر قىسىم كۆرگەزمە بۇيۇملىرى بار.

## خوتەن

شۈبھىسىزكى، شىنجاڭ ئىسلاملىشىشتىن ئاۋۋال، خوتەن بوستانلىقى يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي لىنىيىسىدىكى ئەڭ مۇھىم بۇددا دىنى مەدەنىيىتى مەركىزى ئىدى[277]. ئىراندىكى سكىفلارنىڭ تەكلىماكان بويلىرىدىكى بوستانلىقلارغا قاچانلاردا كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى بىزگە نامەلۇم. ئېھتىمال، ئۇلار مىلادىيىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كېيىنرەك خوتەندە ئولتۇراقلاشقان بولۇشى مۇمكىن. سكىفلارنىڭ ئەجدادلىرى كۆچمەن ئىران قەبىلىلىرى بولۇپ، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1 ـ ئەسىردىلا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا پائالىيەت قىلىشقا باشلىغان.

خەنزۇچە ۋە تۈبۈتچە ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، ھىندىستانلىقلار بىلەن جۇڭگولۇقلار بىر كېلىشىمگە ئاساسەن ئالدى بىلەن خوتەندە ئولتۇراقلاشقان[278]. پادىشاھ ئاشوكانىڭ ھىندى كۆچمەنلىرى رايونى بىلەن دىن تارقىتىش خىزمىتىنى بىرلەشتۈرۈش نەتىجىسىدە، خوتەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 3 ـ ئەسىردە بىنا بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ مەسىلىنى تىلغا ئالغان تارىخىي ماتېرىياللار (تۈبۈتچە «خوتەن دۆلىتى ھەققىدە» بىلەن جۇڭگولۇق تاۋاپچى خۈيتساڭنىڭ بايانىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) مىلادىيە 7 ـ ئەسىردە، يەنى دەل مىڭ يىل كېيىن بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن خوتەننىڭ بىنا بولۇشى راستىنى

ئىپتىقاندا مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى ئىش ⑳ ·



59 ـ رەسىم دۇنخۇاڭ 98 ـ غاردىكى خوتەن پادىشاھىنىڭ رەسىمى،
بەش سۇلالە دەۋرى (مىلادىيە 907 ~ 979 ـ يىللار)

ئارخېئولوگىيىلىك خىزمەتلەر ئارقىلىق مۇنۇلار

ئىسپاتلاندى: مىلادىيىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بىر قانچە ئەسىرلىرىدە، خوتەن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا ياشىغۇچى خەلقلەر ئارىسىدا ھىندىلاردىن باشقا، جۇڭگولۇقلارمۇ بار ئىدى. بۇ دەۋرلەردە بارلىققا كەلگەن قوۋىما پۇللارنىڭ ئوڭ يۈزىگە خەنزۇچە پۇل نامى، كەينىگە قارۇشتى يېزىقىدا ھىندى يەرلىك تىلى بېسىلغانىكەن. بۇ ھىندى يەرلىك تىلى مىلادىيە 2 ~ 3 ـ ئەسىرلەردە تېخىمۇ شەرققە جايلاشقان پىشامشان دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمەت تىلى بولۇپ، خوتەن بىلەن بۇ دۆلەت تەبىئىي ھالدا قويۇق مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەنىكەن. مەسىلەن، پىشامشان دۆلىتىدىكى ئەندەرەدىن تېپىلغان بىر پارچە ھۆججەتتە (رەت نومۇرى 661) خوتەن پادىشاھى ۋايجىرا سىمخا تىلغا ئېلىنغان، «خوتەن خانى، شاھىنشاھ» دەپ ئاتالغان بۇ پادىشاھ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر مىلادىيە 3 ـ ئەسىرگە توغرا كېلىدۇ. بۇ پادىشاھنىڭ ئىسمى ھىندىچە بولۇپ، بۇ خوتەننىڭ ئەڭ دەسلەپكى پادىشاھىنىڭ ھىندى كۆچمەنلىرى رايونىدىن كەلگەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

بۇ بوستانلىقنىڭ قەدىمكى نامىمۇ ھىندىچە «كۇستانا» (يەر ئەمچىكى دېگەن مەنىدە) بولۇپ، بۇمۇ ھىندىلارنىڭ بۇ كىچىك دۆلەتنىڭ ئىلگىرىكى تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ[280]. كۇشانلار مىلادىيە 2 ـ ئەسىردە خوتەنگە ھۆكۈمرانلىق قىلغانمۇ، يوق دېگەن مەسىلىدە تېخى بىرلىككە كەلگەن يەكۈن يوق. ۋاھالەنكى، ئۇلارنىڭ دۆلىتى مىلادىيە 356 ـ يىلى ساسانىيلار تەرىپىدىن ئىستېلا قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ بوستانلىق دۆلىتى مۇستەقىللىككە ئېرىشكەن. مىلادىيە 265 ـ يىلىدىن باشلاپ، خوتەن قوشنىسى پىشامشان دۆلىتىگە ئوخشاشلا غەربىي جىن سۇلالىسى (265 ~ 317 ـ يىللار) نىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلغان. ئەمما، شۇنىڭدىن ئىلگىرى، بولۇپمۇ شۇنىڭدىن كېيىن بۇ بوستانلىق (جۇڭگو بۇ

يەردىن قىممەتلىك قاشتېشىغا ئېرىشكەن) نىڭ سىياسىي تەقدىرى تەكرار ـ تەكرار جۇڭگونىڭ سىياسىي تەقدىرى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن.

خوتەن پەيدا بولغاندىن باشلاپلا جۇڭگولۇقلار بار ئىدى، نېمىشقا خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن بۇيانقى تارىخىي ئەسەرلەردە يىراق غەربتىكى بۇ كىچىك دۆلەتنىڭ خاتىرىگە ئېلىنغانلىقىنى كىشىلەر چۈشىنىدۇ [261]. مىلادىدىن بۇرۇنقى 1 ـ ئەسىرلەردىكى تارىخنامىلەردە خوتەن بىر قەدەر كىچىك بىر بوستانلىق دەپ تەسۋىرلەنگەن، ئەمما خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى (مىلادىيە 1 ~ 2 ـ ئەسىرلەر) دىكى ئەسەرلەر بۇ بوستانلىق دۆلىتىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئاشقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بىزگە مەلۇم، مىلادىيە 58 ~ 79 ـ يىللىرى خوتەندىكى بىر سانغۇن ئىسيان كۆتۈرۈپ يەركەنگە قارشى چىققان ھەمدە ئۆزىنى خوتەن خانى دەپ جاكارلىغان. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاكىسى دۇمۇ ( 都末 ) خانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان ھەمدە يەركەننى مەغلۇپ قىلىپ، تاكى قەشقەرگىچە كېڭەيگەن 13 كىچىك بەگلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خانلىقنى قۇرۇپ چىققان. شۇنداق قىلىپ خوتەن بىلەن پىشامشان «يىپەك يولى» نىڭ جەنۇبىي لىنىيىسىنى كونترول قىلغان. گەرچە جۇڭگولۇقلار مىلادىيە 1 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى 25 يىلىدا تەسىر كۈچىنى پۈتۈن تارىم ئويمانلىقىغا كېڭەيتكەن بولسىمۇ، لېكىن كېيىنچە ئۇلارنىڭ تەسىر كۈچى ئانچە مۇقىم بولمىغان.

جۇڭگولۇق دەرمەپەترە مىلادىيە 400 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە خوتەننى زىيارەت قىلغاندا، بۇ يەردە گۈللەنگەن بىر دۆلەتنى كۆرگەن [282]. دىنىي تۇرمۇش ئۈستىدە توختىلىپ ئۇ مۇنداق يازىدۇ:

«بۇ دۆلەت باي ـ پاراۋان، پۇقرالىرى شاد ـ خۇرام،

> بۇددا قائىدىلىرىگە ئىخلاسمەن ئىكەن. راھىبلار نەچچە تۈمەندىن ئاشىدىكەن، كۆپىنچىسى بىرلىپ ئۆگىنىدىكەن، ئوپچە تاماقلىنىدىكەن. قوشنا دۆلەت خەلقلىرى ئارىلاش ئولتۇرىدىكەن، ھەربىر ئائىلىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا كىچىك مۇنار بار بولۇپ، ئەڭ كىچىكلىرىنىڭ ئېگىزلىكى ئىككى جاڭچە كېلىدىكەن. راھىبلارنىڭ ئۆيلىرى چاسا شەكىلدە سېلىنغان بولۇپ، سىرتتىن كەلگەن راھىبلارمۇ مۇشۇ يەردە تۇرىدىكەن.
> ...» [283]

دەرمەپەترەنىڭ بايانىدىن كۆرۈۋالالايمىزكى، شەرقتىن غەربكە بارىدىغان تاۋاپچىلار ۋە راھىبلار ياكى قارشى يۆنىلىشنى بويلاپ ھىندىستاندىن ۋە باشقا غەرب دۆلەتلىرىدىن جۇڭگوغا بارغۇچىلار خوتەندىكى بۇددا دىنىدىكى دىنداشلىرىنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشكەن. بۇ بوستانلىقتىكى كىشىلەر يولۇچى تاۋاپچىلارنى ئويلايدىغان، قارىغاندا بۇ يەردىكىلەردە دىنداشلار بىر ئائىلىلىكلەردۇر دەيدىغان بىر خىل ھېسسىيات يېتىلگەن.

دەرمەپەترە دەۋرىدە ھىندى يەرلىك تىلى شۇ يەردىكى خوتەن ساك تىلى ۋە بۇددا دىنىنىڭ سانسكرىت تىلىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەنىدى. شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ، بىز بۇ يەرنى يەنىلا بۇرۇنقىدەكلا كۆپ تىللىق بوستانلىق دەپ قارايمىز، ئۇ يەردىكى كىشىلەر خەنزۇ تىلىدىمۇ، قەندەھار تىلىدىمۇ سۆزلەيتتى. ناۋادا خوتەن شەرققە ھىندىستان بۇددا دىنىنىڭ دەسلەپكى بىلىملىرىنى تارقاتتى دېسەك، جۇڭگولۇقلارنىڭ بۇ بوستانلىققا كېلىشتىكى مەقسىتى بۇددا ئەسەرلىرىگە ئېرىشىش. مەسىلەن، بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، مىلادىيە 5 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، بىر قىسىم بۇددا راھىبلىرى خوتەندە بۇددا دىنى ھېكايىلىرىنى يىغىپ ـ رەتلەپ تۇرپانغا ئاپىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئانا تىلىدا تەرجىمە قىلىپ

چىققان. بۇ قېتىمقى يىغىلغان ۋە رەتلەنگەن بۇددا ھېكايىلىرىدە داڭلىق بۇددا ھېكايىلىرى توپلىمى «ئاقىل بىلەن ئەخمەق ھەققىدىكى نوم» مەيدانغا كەلگەن ھەمدە تۈبۈت تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان [284]. جۇڭگولۇق راھىب خۇيتساڭنىڭ بايانىدىن مىلادىيە 7 - ئەسىردە خوتەندە يۈزدىن ئارتۇق بۇددا ئىبادەتخانىسى، 5000 ئەتراپىدا راھىب بارلىقىنى، بۇ راھىبلارنىڭ ئارىسىدا چەت ئەللىكلەرنىڭمۇ بارلىقىنى بىلىمىز [285].

مىلادىيە 3 ~ 4 - ئەسىرلەردە ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال قىسمىدىكى ھىندىستان يەرلىك تىلى (قەندەھار تىلى) پادىشاھنىڭ پەرمانىنى يەتكۈزىدىغان مەمۇرىي تىل ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قەدىمكى خوتەن تىلى ئېغىز تىلى بولۇپ تارقىلىپ كېلىۋاتقانىدى. مىلادىيە 4 ~ 6 - ئەسىرلەرگە كەلگەندە تەرەققىي قىلىپ يېزىق تىلىغا ئايلانغان. بۇ تىل - يېزىق بىلەن بىر تۈركۈم بۇددا ئەسەرلىرى يېزىلغان. مەسىلەن، «ئالتۇن يارۇق» ۋە ھەرخىل ئوخشىمىغان نۇسخىلاردىكى «زامباستۇ پۈتۈكلىرى»، بۇ شۇ يەردىكى بىر بۇددا دىنى دەرسلىكى ئىدى [286].

مىلادىيە 5 - ئەسىرگە كەلگەندىلا، بۇ تىلدىن يېڭى بىر خىل خوتەن تىلى بارلىققا كەلگەن. خوتەن بىلەن دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان مىلادىيە 7 ~ 10 - ئەسىرلەرگە تەۋە بۇددا دىنى ۋەسىقىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى مۇشۇ يېڭى خوتەن تىلىدا يېزىلغان. خوتەن تىلىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ كۆپىنچىسى تەرجىمە ئەسەرلەر بولسىمۇ، ئەمما خوتەن - ساك تىلىدا يېزىلغان شۇ يەرنىڭ بۇددا ئەسەرلىرى ۋە ئۆرپ - ئادەت ۋەسىقىلىرىمۇ بار. مەسىلەن، تېبابەتچىلىك ئەسەرلىرى [287]. بۇددا دىنىدىن باشقا، دىنىي ئەسەرلەر جەھەتتە ھىندىستان پادىشاھى راما ھەققىدىكى ئويدۇرما ھېكايىلەر بار.

ناۋادا بۇ خوتەن بىلەن ھىندى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھىندىستاننىڭ بېرىش - كېلىشى بارلىقىغا ئىسپات بولالىسا، ئۇ ھالدا تۈركىي — خوتەن تىلى بىلەن خەنزۇ - خوتەن تىلىدىن ئىبارەت ئىككى خىل يېزىق سېلىشتۇرۇلغان ئەسەرلەر خوتەننىڭ تۇرپان ۋە دۇنخۇاڭدىن ئىبارەت ئىككى بوستانلىق بىلەنمۇ مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ (288) .

خوتەن تىل — يېزىقى خوتەن — ساك خانىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ھۆكۈمەت تەرەپ ۋە ئىلىم ساھەسىدىكىلەر ئىشلىتىدىغان تىل بولۇپ قالغان، چۈنكى بۇ ھاكىمىيەت ئۆزىنى دىنىي جەھەتتە مەسئۇل بولۇش مەجبۇرىيىتى بار دەپ ھېسابلايتتى ھەمدە بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنى ئالاھىدە قوللايتتى. دۆلەت تەقدىرىنىڭ قانداق ئۆزگىرىشىنى پەرەز قىلغىلى بولمىسىمۇ، لېكىن خوتەندە ھاكىمىيەت تۇتقان پادىشاھلار بىر خىل نىسپىي مۇستەقىللىقنى ساقلاپ قېلىشقا ماھىر ئىدىكى، چەت ئەلنىڭ كۈچلۈك دىنىي ھۆكۈمرانلىقى بىلەن دۆلەت تەقدىرىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمايتتى.

تەبىئىيكى، بۇ بوستانلىقتا ئۆز تەسىرىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىۋاتقىنى جۇڭگو ئىدى. شۇڭا، تۆۋەندىكى پاكىتلار كىشىنى ئەجەبلەندۈرمەيدۇ: جۇڭگودىكى دۇنخۇاڭدا خوتەن پادىشاھىنىڭ بىر پارچە رەسىمى ساقلانغان. دارماپاترامۇ خوتەن پادىشاھىنى تەسىرلىك قىلىپ «بۇددا ھىماتچىسى» دەپ تەسۋىرلىگەن. ئۇ پادىشاھنىڭ ئۆزىنى 3000 راھىبى بار كۆماتى ئىبادەتخانىسىغا بىر قوللۇق ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى بايان قىلغان. بۇ تاۋاپچىغا ئۇ يەرنىڭ تەرتىپلىكلىكى ۋە تىنچلىقى چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. پادىشاھنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن بۇ ئىبادەتخانا توغرۇلۇق ئۇ مۇنداق يازىدۇ:

«ئاشخانىغا كىرگىنىمدە، ھەممە نەرسە شۈنچەھەيۋەتلىك

ۋە رەتلىك ئىكەن، ئىككىنچى رەتتە ئولتۇردۇم. ھەممە جىمجىت، قاچا - قۇچىلارنىڭمۇ ئاۋازى چىقمايدىكەن. ئادەملەر بىر - بىرى بىلەن گەپمۇ قىلىشماي تاماق يېيىشىدىكەن، ئەمما قوللىرى بىلەنلا يەيدىكەن.» [289]

پادىشاھنىڭ بۇددا ئىبادەتخانىسىغا قىلغان ياردىمى پەقەت خوتەندىكى ھەرقايسى ئىبادەتخانىلارنىڭ ئىقتىسادىنى مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇرغانلىقىدىلا ئىپادىلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر قېتىملىق كاتتا ھېيت - بايراملاردا پادىشاھ دىنىي قائىدىلەرگە بويسۇنىدىغانلىقىنى سىمۋول خاراكتېرلىك ئىپادىلەپ تۇرغان. دەرمەپەترەنىڭ تەنتەنىلىك چوقۇنۇش مۇراسىمى توغرىسىدىكى بايانىدىن كۆرۈۋالايمىزكى، پادىشاھ نۇرغۇن ئوردا ياساۋۇللىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئوتتۇرىدىكى بۇتنىڭ ئالدىغا يالاڭباش بېرىپ، بۇتنىڭ ئايىغىغا باش قويغان، ئاندىن گۈل تۇتۇپ ۋە كۆجە كۆيدۈرۈپ بۇتقا ئېھتىرام بىلدۈرگەن [290] .

خوتەن كۆپلىگەن يات مىللەتلەرنىڭ ئىستىلاسى ۋە ھۆكۈمرانلىقىغا ئۇچرىغان. مەسىلەن، مىلادىيە 502 ~ 556 - يىللىرى ئېفتالىتلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان؛ 565 ~ 631 - يىللىرى غەربىي تۈركلەر ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ئەمما، پادىشاھ باشتىن - ئاخىر يەرلىك خانلىق ۋە ئىبادەتخانىلارنىڭ قوغدىغۇچىلىق ئورنىنى ساقلاپ كەلگەن. خۇيتساڭ مىلادىيە 7 - ئەسىردىكى دۆلىتىگە قايتىش سەپىرىدە بۇ بوستانلىقنى زىيارەت قىلغان ھەمدە ئۇ يەردە بىر نەچچە ئاي تۇرغان. ئەينى ۋاقىتتا ئۇ يەر نامى چىققان مەدەنىيەت مەركىزى ۋە دىنىي مەركەز ئىدى [291] .

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، بولۇپمۇ جۇڭگولۇقلار مىلادىيە 640 - يىلى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، خوتەن ۋە تارىم ئويمانلىقىدىكى باشقا جايلارغا قارىتا تەسىرىنى بارغانسېرى

زورايغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخنامىلەردە مىلادىيە 7 ~ 8 - ئەسىرلەردىكى خوتەننىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالى ئېنىق خاتىرىلەنگەن. لېكىن، 759 - يىلىدىن باشلاپ، تۈبۈتلەر جۇڭگودىن شىنجاڭغا بارىدىغان ئەنشى (مەركىزى كۇچا) ۋە بەشبالىق (مەركىزى بەشبالىق) قورۇقچىبەگ مەھكىمىلىرىنى بېسىۋالغان. مىلادىيە 865 - يىلى ئەتراپىدا، نامدا جۇڭگولۇقلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن ئۇيغۇر خانى بۇگۇ تېگىن تۈبۈتلەرنى ھازىرقى شىنجاڭنىڭ شىمالىدىن قوغلاپ چىقارغان.




60 - رەسىم خوتەن راۋاق بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ تەكشىلىكتىكى
ۋە ئالدى تەرەپتىكى كۆرۈنۈشى

9 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، تۈبۈتلەر شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، خوتەننىڭ جۇڭگو

بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئەمەلگە ئاشقان. مىلادىيە 912 - يىلىدىن ئىلگىرى يېزىلغان تۈبۈتچە يىلنامە «خوتەن دۆلىتى ھەققىدە» دە مىلادىيە 8 ~ 9 - ئەسىرلەردىكى بۇ بوستانلىقنىڭ ئەھۋالى چۈشەندۈرۈلگەن. تۈبۈتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ئەسلىگە كەلگەن، بۇ ۋاقىتتا جۇڭگو ۋەسىقىلىرىدە دائىم دېگۈدەك خوتەن تىلغا ئېلىنىپ تۇرغان. بۇ ۋەسىقىلەر ئىسپاتلايدۇكى، مىلادىيە 10 - ئەسىردە بۇ بوستانلىق بىر قەدەر گۈللەنگەن مەزگىلنى بېشىدىن كەچۈرگەن. تەبىئىيكى، يات مىللەتلەرنىڭ تاجاۋۇزى بوستانلىق ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇشىدا ھېچقانداق ئىزنا قالدۇرمىغان. كېيىنكى مەزگىللەردىكى ئىسىم - شەرىپى نامەلۇم بىر ئەدىب ھەسرەت بىلەن مۇنداق دېگەن: تۈبۈتلەر، ھۇنلار، جۇڭگولۇقلار ۋە باشقا چەت ئەللىكلەر «بىزنىڭ خوتەن دۆلىتىمىز» نى زىيانغا ئۇچراتتى[292].

مىلادىيە 982 - يىلى، خوتەننىڭ قاراخانىيلار خانى بۇغراخان تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلۇشى بۇددا دىنى مەدەنىيىتىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالغان. بۇ مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا ھىندىستان ئامىللىرى يەنە بىر قېتىم مەدەنىيەت تۇرمۇشىغا تەسىرىنى كۆرسەتتى. دىنىي تۇرمۇشتا بۇ نۇقتا دىنىنىڭ مەخپىي ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا ئىپادىلەندى. بۇ دىن كېيىنكى مەزگىللەردىكى ھىندىستان بۇددا دىنىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. ئۇ شەھۋانىيلىق تەركىبلىرىنى ۋە كىشىلەرنى قۇترىتىدىغان ئەۋلىيا - ئەنبىيالارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇمۇ تىبەت بۇددا دىنىنى شەكىللەندۈرگەن ئاساسلىق ئامىللاردۇر. ئەدەبىيات جەھەتتە، خوتەن تىلى بىلەن يېزىلغان شېئىرلاردا بۇ ئاخىرقى دەۋرلەردىكى مەزمۇنلارنىمۇ روشەن سېزىۋالغىلى بولىدۇ.

ھالبۇكى، قەدىمىي شەكىلدىكى بۇددا دىنى بۇ مەزگىلدە يەنە

بىر قېتىم گۈللەنگەن بولۇپ، بۇ ئالاھىدىلىكنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان ئەسەرنىڭ نامى «بۇددانىڭ يارالمىشىغا مەدھىيە» دۇر. بۇ كىتابنى تەرجىمە ئەسەر دېگەندىن، ئۇ ئايرىم - ئايرىم يېزىلغان 51 پارچە يارالمىش ئەپسانىسىدىن تۈزۈلگەن دېگەن تۈزۈك [293]. زور كۆلەمدىكى تەرجىمە ئەسەرلەردىن باشقا، خوتەن تىلىدا يېزىلغان بىر قىسىم ئەدەبىي ئەسەرلەرمۇ بار. بۇ ئەسەرلەر خوتەن بۇددا دىنىنىڭ نىسبىي مۇستەقىللىقىنى ئىسپاتلايدۇ. خوتەن بۇددا دىنى ساپ دىنىي مەزمۇندىكى ئەسەرلەرنى يارىتىشتىن باشقا، يەنە بىر قىسىم زور تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ۋەسىقىلەرنىمۇ ياراتقان [294].



61 - رەسىم بالاۋاستىدىن قېزىۋېلىنغان بۇت

كۆپ ساندىكى خوتەن يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر دۇنخۇاڭدىكى نوم ساقلانغان غاردىن تېپىلغان، ئەمما بىر قىسىم ۋەسىيەتنامە ۋە كىتابلارنىڭ پارچىلىرى خوتەن ۋە ئۇنىڭغا يىراقراق ئەتراپتىكى رايونلاردىكى بىر قانچە قەدىمكى ئىبادەتخانا ۋە مۇقەددەس جايلاردىن تېپىلغان. ئەڭ ئاساسلىق تېپىلغان جايلار: يوتقان، بالاۋاستى، دەندان ئۆيلۈك، دامىكو، قادالىق، مازارتاغ ۋە قاتتىق قۇر قاتارلىقلار.

قەدىمكى خوتەننىڭ ئەڭ مۇھىم مىمارچىلىق تۈرلىرىدىن ئالدى بىلەن بۇددا مۇنارى تىلغا ئېلىنىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ شەكلى ئاددىي، ئۇل تەگلىكىگە ئۇستى - ئۇستىلەپ بىر نەچچە يېرىم شار شەكىللىك كۆركەم ئابىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. راۋاقتىن مۇشۇنداق بىر بۇددا مۇنارى قېزىۋېلىندى. ئۇ يەردىكى ئۈچ قەۋەتلىك ئۇل تەگلىكى ئۇستىدە يېرىم شار شەكىللىك تورۇسنىڭ يۇملاق تۇۋرۇكى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. تۆت تەرىپىنىڭ ھەممىسىدە پەشتاق بار بولۇپ، ئەڭ ئۇستۈنكى قەۋەتتىكى سۇپىغا تۇتىشىدۇ، سۇپىنىڭ ئۇستى يۇملاق تۇۋرۇكنى چۆرىدەپ دىنىي مۇراسىم ئۆتكۈزۈلىدىغان ئايلانمىدۇر. خوتەن رەسىملىرىدىن بەزى بۇددا مۇنارلىرىنىڭ تولىمۇ ئېگىزلىكىنى، ھەر خىل نەقىشلىرى بىلەن كۆركەم بېزەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بۇددا مۇنارىدىن باشقا، بۇت قويۇلغان بەزى بۇتخانىلار تېپىلدى. بۇ بۇتخانىلارنىڭ ئىچىدە بۇت، بۇددىساتۋا ۋە تەڭرىلەرنىڭ ھەيكەللىرى بار. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىبادەتخانا، ياتاق، قەلئە، سېپىل (قورغان) قاتارلىقلار مۇئۇچرايدۇ (296) .

كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغىنى شۇكى، خوتەندە تاش غار ئىبادەتخانىلىرى ۋە گەمە شەكىللىك تۇرالغۇلار يوق. بۇ ئېھتىمال بىر جەھەتتىن شۇ يەرنىڭ گېئولوگىيىلىك شارائىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن مۇنداق سەۋەبلىرى

بولۇشى مۇمكىن: خوتەننىڭ ماھايانا مەزھىپىدىكى بۇددا دىنى «يىپەك يولى» نىڭ غەربىي لىنىيىسىدىكى بۇددا دىنى مەركەزلىرىگە قارىغاندا ئۆرپ - ئادەتكە تېخىمۇ يۇزلەنگەن، ئۇ مەركەزلەردە تىپىك تەركىبىي دۇنيالىق تۇسىنى ئالغان تاش ئۆڭكۈرلەرنى ئۇستى ئوچۇق ئىبادەتخانىلارغا ئوخشاشلا ھەممە جايدا ئۇچراتقىلى بولىدۇ.



62 - رەسىم مەخپىي مەزھەپتىكى ئىلاھ ماھاكالا

خوتەندىكى ئەڭ داڭلىق رەسىملەرنىڭ كۆپىنچىسى مىلادىيە 6 ~ 8 - ئەسىرلەردە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئاساسلىق بالاۋاستى بىلەن دەندان ئۆيلۇكتىن تېپىلغان(296) . بالاۋاستىدا بىر پارچە بۇددا رەسىمى ساقلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ بەدىنىگە

ئالەمنىڭ مەنبەسى نەزەرىيىسى ۋە نىجاتكارنىڭ بەلگىسى خىلمۇ خىل سىزىلغان[297] . مەسىلەن، ئىككى باشلىق ۋاجرانىڭ بەزى جايلىرى مەخپىي مەزھەپنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. شۇبھىسىزكى، مەخپىي مەزھەپكە مەنسۇپ نەرسىلەر بۇيۇك ئىلاھ ماھاكالانىڭ ئۈچ باشلىق ئىلاھى دەپ قارالسا كېرەك. ئۇنىڭ زەكىرى قايىم بولغان، ئوتتۇرىدىكى بېشىنىڭ چوققىسىدا ئادەمنىڭ باش سۆڭىكى بار، ئىككى قولىغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا قوياش بىلەن ئاينى ئېلىۋالغان. بۇ يەردىكى گەۋدىلىك مەزمۇن مۇھەببەتلىشىشتىن باشقا، كىشىنى قورقۇنچقا سالىدىغان نەرسىلەر ئىدى. ئەمما، دەندان ئۆيلۈكتىن تېپىلغىنى بىر قەدەر چىرايلىق ئوبرازلار. مەسىلەن، خۇداغا قىلىنغان ۋەدىنى ئاقلاش بېغىشلىمىسى ئۈستىگە «يىپەك مەلىكە» سىزىلغان، بۇ مەلىكە يىپەككە بولغان مونوپوللۇقنى بۇزۇپ تاشلىغان. ئۇ پىلە قۇرۇتىنى چېچىنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇپ پىلىنى ئوغرىلىقچە خوتەنگە ئېلىپ كەلگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ بوستانلىقتا پىلىچىلىك كەسپى يولغا قويۇلغان. رەسىمدە بىر قول رەسىمدىكى چاچ بېزىكىنى كۆرسىتىپ تۇرغان، چاچ بېزىكى ئىچىگە ئاشۇ قىممەتلىك نەرسە يوشۇرۇلغان. رەسىمنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىدە بىر ئىلاھ ئولتۇرغان، بۇ توقۇمىچىلىق ئىلاھى بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئىلاھ ئوبرازى يەنە بىر ۋەدە ئاقلاش بېغىشلىمىسىدىمۇ بار بولۇپ، يۇقىرىقىغا ئوخشاش سىمۋوللۇق مەزمۇن سىزىلغان. كىشىلەر ئىلگىرى بۇنى «ئىران بۇددىساتۋاسى» دەپ ئاتاشقانىدى، ئۇنداق بولۇشى ناتايىن. باشقا ۋەدە ئاقلاش بېغىشلىمىلىرىدىمۇ يەرلىكتە تارقىلىپ يۈرگەن ھېكايىلەر ئەكس ئەتتۇرۇلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ئەدەبىي مەزمۇنىنى قىياس قىلىش تەس. بۇ رەسىملەر خوتەننىڭ ئۆزىگە خاس سەنئەت ئۇسلۇبىنى روشەن ئەكس ئەتتۇرۇپ بەرگەن.

خوتەن مەدەنىيىتى مىلادىيە 1000 - يىلىنىڭ ئالدى -

كەينىدە خارابلاشقان ھەمدە تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئىسلام دىنى مەدەنىيىتى تەرىپىدىن يۇتۇۋېلىنغان بولسىمۇ، ئەمما خوتەن قوشنىسى بولمىش تىبەت ئېگىزلىكىگە سەل قارىغىلى بولمايدىغان تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن. مىلادىيە 8 ~ 9 ـ ئەسىرلەردە خوتەن راھىبلىرى ئىسلامىيەت قوشۇنلىرى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىدە ھەربىي ئۇستۇنلۇككە ئېرىشكەندە ئىنتايىن ئالاقزادە بولۇشۇپ، تىبەت تاغلىرىغا قېچىپ كەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن، بىز تىبەتنىڭتارىخىي ئەسىرى «ساكا شەجەرىسى» دىنمۇ خوتەندىن كەلگەن تەرجىمان، راھىب ۋە رەسساملارنىڭمۇ بارلىقىنى بىلىمىز. ئۇلار مىلادىيە 9 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا بۇ قارلىق تاغ دۆلىتىدە خىزمەت قىلغان. مىلادىيە 1200 ـ يىلىدىن ئىلگىرى يەنە «خوتەن ئۇسلۇبى» دىكى سەنئەت بۇيۇملىرى يارىتىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن، يەنىلا بۇ خىل خوتەن سەنئىتىنىڭ تەسىرىنى سېزىۋالغىلى بولىدۇ دەپ پەرەز قىلالايمىز (298).

ھازىر، خوتەن بوستانلىقىغا ئىسلامىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تامغىسى بېسىلدى. ئەمما، بىر نەچچە مۇزېيدا ئىسلام دەۋرىدىن ئىلگىرىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ساقلانماقتا. بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئاساسلىقى ئۇنىڭغا قوشنا رايونلاردىن، مەسىلەن يوتقان، بالاۋاستى، دەندان ئۆيلۈك ۋە راۋاق قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان. بۇ جايلاردا ھازىرمۇ بۇددا ئىبادەتخانىلىرى ۋە بۇددا مۇنارلىرىنىڭ قالدۇقلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ، بولۇپمۇ قىياپىتى كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان راۋاق بۇددا مۇنارى «يىپەك يولى» جەنۇبىي لىنىيىسىنىڭ شەرقىي بۆلىكىدىكى بۇددا مىمارچىلىقىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ. خوتەننىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردىن تېپىلغان خەت ئويۇلغان نۇرغۇنلىغان تارشا پۈتۈكلەر ئۇرۇمچىدىكى شىنجاڭ مۇزېيىدىمۇ ساقلانماقتا.

# مىرەن ۋە پىشامشان دۆلىتى

ستەين تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىدە ئېكسپېدىتسىيە قىلغاندا، قەدىمكى پىشامشان دۆلىتىدىكى مىرەن تام رەسىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قىممەتلىك قەدىمىي رەسىملەرنى تاپقان[299]. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بۇددا دىنىنى مەزمۇن قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇسلۇب جەھەتتىن ھىندى، يۇنان تەركىبلىرى، ھەتتا ئىران ۋە ئوتتۇرا دېڭىز تەركىبلىرىمۇ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. مىلادىيە 3 ~ 4 ـ ئەسىرلەرگە تەۋە بۇ تام رەسىملىرى شىنجاڭدىن تېپىلغان ئەڭ قەدىمكى سىزما رەسىملەردۇر. يۇنان ۋە رىمنىڭ تەسىرى بۇ خىل ئالاھىدە سەنئەت ئۇسلۇبىدا ئىپادىلىنىپلا قالماي، بەلكى تۆۋەندىكى پاكىتلاردىنمۇ ئىسپاتلىنىدۇ: تىتا (Tita) ئىسىملىك بىر رەسسام جانلىقلار ھېكايىسى سىزىلغان بىر پارچە رەسىمگە ئۆز ئىسمىنى يېزىپ قويغان. كىشىلەر بۇ ئىسىمنى قەدىمكى رىملىق تىتۇس (Titus) نىڭ ئىسمى دەپ قارىماقتا.

مىرەن پىشامشان دۆلىتىگە جايلاشقان بولۇپ، ئاھالىسى ئارىلاشما تىپلىق. بۇ قۇملۇق كىچىك دۆلەتتە يەرلىك مىللەتلەر (ئۇلارنىڭ تىلى كۇچا ۋە قاراشەھەردىكى توخارنىڭ تىلىغا يېقىن)[300] بولۇپلا قالماي، يەنە ھىندىستانلىقلار ۋە جۇڭگولۇقلارمۇ بار. مىلادىيىنىڭ دەسلەپكى بىر قانچە ئەسىرلىرىدە تىبەت ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ھەرقايسى قەبىلىلەرمۇ ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسەتكەن. پىشامشانغا قوشنا بولغان خوتەننىڭ تىل ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەسىرىنىمۇ ئوخشاشلا نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. جۇڭگو ھىندىستان مەدەنىيىتىنىڭ ئەندەرە ۋە نىيە قاتارلىق جايلارغا كۆرسەتكەن روشەن تەسىرىگە قارىماستىن، پىشامشان دۆلىتىنى

باشتىن ـ ئاخىر ئۆزىنىڭ ئېقىندىسى دەپ قاراپ كەلگەن. مىرەن غەربچە ئاللاھىدىلىككە ئىگە بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلىشى بىلەن بۇ خىل تەسىر تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەنگەن. بۇ خىل بۇددا دىنى چوقۇم مىلادىيىنىڭ دەسلىپىدە تارقىلىپ كىرگەن. شۇڭا، مىرەندىكى بۇددا دىنى تام رەسىملىرى كۆپ قاتلاملىق ئەنئەنىلەرنى ئەكس ئەتتۇرگەن.



63 ـ رەسىم بېزەكلەرنى تاقىغان كىشىلەرنىڭ رەسىمى،
مىرەن، مىلادىيە 3 ـ ئەسىرگە تەۋە

مىرەندىكى ئەڭ كاتتا سەنئەت بۇيۇملىرى ئىچىدە قەندەھارنى ئەسلىتىدىغان بىر پارچە بۇددا رەسىمى بولۇپ، بۇددانىڭ ئارقا تەرىپىدە بىر توپ تاقىر باش راھىبلار بار. بۇ دانىشمەن رەسىم يۈزىنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئۇ ئوڭ قولىنى كۆتۈرۈپ كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە تاماشىبىنلارغا قاراپ تۇراتتى. كىشىلەرگە بۇنداق خاتىرجەملىك بىلەن يۈزلىنىش باشقا بۇددا دىنى رەسىملىرىدىكى سۈكۈت ئىچىدە

ئويلىنىۋاتقان كۆرۈنۈش بىلەن سېلىشتۇرما بولۇپ قالغان. بۇ خىل ئەھۋال قەندەھارنىڭ كۆپلىگەن سەنئەت بۇيۇملىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، مىرەندە تېخىمۇ كىشىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ چىرايى ئېنىق سىزىقلار بىلەن سىزىپ چىقىلغان، بۇ خىل يۈز قۇرۇلمىسى كىشىگە يۇنان دەۋرىدىكى ھىندىستاننى ئەسلىتىپلا قالماي، بەلكى قەدىمكى رىمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان مىسىر سەنئىتىنىمۇ ئەسلىتىدۇ. بۇ خىل ئەپچىل پايدىلىنىش، يوشۇرۇن سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى مىرەننىڭ باشقا رەسىملىرىدىمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ. مانا بۇ نۇر سىزىقىنىڭ پانىي ئالەمدىكى رېئاللىقلارنى يورۇتۇپ، يىراقتىكى نۇرنىلا كۆرسەتمەيدۇ.

بىر پارچە پادىشاھ رەسىمىمۇ مۇشۇ خىل ئۇسلۇب بىلەن سىزىلغان بولۇپ، پەقەت ھىندىستان ئالاھىدىلىكى قويۇقراق. رەسىمدىكىسى ھىندىچە كىيىنگەن پادىشاھ بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدا ئوردا ياساۋۇل بېگى ۋە مېھمانلار بولۇپ جەمئىي بەش ئادەم ئولتۇرۇشقان. بۇنىڭدىن رەسسامنىڭ چوڭقۇر كۆزىتىش ئۇسۇلىنى ئىپادىلىمەكچى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. لېكىن، بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ ئەندىزىسى ھىندىستان رەسىملىرىدە يۇنان رەسىملىرىنىڭكىدەك كۆپ ئەمەس. شۇنداق دېيەلەيمىزكى، بۇ يەردە پەقەت دىنىي تېما ئەكس ئەتتۇرۇلۇپلا قالماستىن، بەلكى بىر بۇددا ھېكايىسىنىڭ مەزمۇنىمۇ تېپىلىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ رەسىمدىن پىشامشان دۆلىتىنىڭ ئوردا تۇرمۇشىنىمۇ كۆرۈۋالالايمىز. ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ ھىندىچە تىلاۋەت قىلىش شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ھەتتا قەدىمكى مىسىرچە ئالاھىدىلىك كۈچلۈك بولغان بۇ تىلاۋەتچىلەر ئوخشاشلا بۇددىغا چوقۇنىدىغانلار كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپتۇر. بىر بېزەك تاختىسىغا بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ رەسىمى سىزىلغان، بۇنىڭدىنمۇ ئوتتۇرا دېڭىز ئەندىزىسى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

مىرەندىكى رەسىملەردە ئىران ئامىللىرى قاناتلىق ئادەملەرنىڭ رەسىملىرىدە روشەن ئەكس ئەتكەن. بۇلارنى ھىندىستان بۇددا دىنىنىڭ ئىلاھ رەسىمى دېگەندىن كۆرە، غەربنىڭ پەرىشتە رەسىملىرى دېگەن تۈزۈك[301] .

مىرەندىكى بۇددا دىنى سەنئىتىدە روشەن غەرب ئامىللىرى بارلىقىنىڭ ئاساسى شۇكى، پىشامشان دۆلىتى ئارىلاشما تىپلىق مەدەنىيەتكە ئىگە، بۇلارنىڭ ئىچىدە ھەرخىل ئوخشىمىغان مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىسى بىللە مەۋجۇت بولسىمۇ، باشقا جايلاردىن كېلىپ قالغان يەرلىكلەرنىڭ شەيئىلەرگە ئۇنچە ئۆزىنى ئۇرۇپ كەتمەيدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەمما، ھىندىستاندا ئۇنداق ئەمەس. شىنجاڭ بىلەن جەنۇبىي ئاسىيا ۋە شەرقىي ئاسىيا ئوخشىمايدۇ. شىنجاڭدا بۇرۇن ھەرخىل ئوخشىمىغان سەنئەت ئۇسلۇبلىرى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇللىرى تەڭلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن بۇ ئوخشىمىغان شەيئىلەرنى دەرھاللا بىرلەشتۇرۇپ يېڭى بىر گەۋدە ھاسىل قىلمىغان. بۇ نۇقتا ھەرخىل ئوخشىمىغان يېزىقلارنى قوللىنىشتىمۇ ئىپادىلىنىدۇ[302] . چەتنىڭ بۇ خىل تەسىرى (بۇ خىل تەسىر مىلادىيىنىڭ ئەڭ دەسلىپىدىكى بىرقانچە ئەسىرلەردىكى ھىندىستاندىمۇ چوقۇم ئۆزىنى كۆرسەتكەن) بۇ يەردە ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇققا قارىغاندا تېخىمۇ روشەن بولغان. ئەمما، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مەلۇم جەھەتلەردە ئەۋزەللىككە ئېرىشكەن بولسىمۇ، بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. مەسىلەن، پىشامشان دۆلىتىنىڭ پايتەختى كروراندا ھىندىستاننىڭ ھىنايانا بۇددا دىنى يىلتىز تارتقان، شۇنداقلا بىز جۇڭگولۇق تاۋاپچى دەرمەپەترەنىڭ بايانىدىنمۇ بۇنى بىلىۋالالايمىز. ئۇ مىلادىيە 400 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە لوپنۇر كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى بۇ شەھەرنى زىيارەت قىلىپ مۇنداق دەپ يازغان:

«بۇ دۆلەتنىڭ پادىشاھى بۇددا ئەقىدىسىگە ئېتىقاد قىلىدىكەن. 4000 دىن ئارتۇق راھىب بار بولۇپ، ھىنايانا تەلىماتىغا پىششىق ئىكەن. پۈتۈن دۆلەت پۇقرالىرى ۋە بۇددا راھىبلىرى ھىندىستان تەلىماتىنى ئۆگىنىدىكەن بىراق، بەزىلىرى يۈزە ئىكەن. بۇ قېتىمقى غەربكە قىلغان سەپىرىمدە پۈتۈن دۆلەتنى ئايلىنىپ بۇ ئىشلارنى بايقىدىم. بۇ دۆلەتتىكىلەرنىڭ تىلى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ھەممىسى ھىندىچە كىتابلارنى ئوقۇپ، ھىندى تىلىنى ئۆگىنىدىكەن»[303].

پىشامشان دۆلىتىگە ئائىت ئەڭ بالدۇرقى مەلۇمات خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى تارىخىي كىتابلاردا ۋە جۇڭگونىڭ تارىخىي ئەسىرى «ۋېي سۇلالىسىنىڭ قىسقىچە تارىخى»[304] دا ئۇچرايدۇ. بۇ تارىخنامىلەردە بۇ رايون قۇملۇق ۋە شورلۇق، پەقەت شالاڭ ئۆسۈملۈكلەرلا بار، ئاھالىسى يېرىم كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن، بىر قىسمىلىرى يەر تېرىپ تىرىكچىلىك قىلىدىكەن دەپ تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بۇ قۇملۇق دۆلىتىنىڭ ئۆزگىرىشكە تولغان تارىخىدىنمۇ مەلۇمات بېرىلگەن، بۇ خىل تارىخ جۇڭگو بىلەن كۆچمەن چارۋىچى ھۇن دۆلىتى ئوتتۇرىسىدىكى ئەمەلىي كۈچ سىياسىتى نۇقتىسىدىن شەكىللەنگەن. بۇ كۆچمەن چارۋىچى مىللەت چېكىندۈرۈلگەندىن كېيىن، بۇ دۆلەتنىڭ تېررىتورىيىسى كېڭەيگەن. مىلادىيە 120 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، كروران شەھىرىدە جۇڭگولۇقلار ھاكىمىيىتى بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇ جاي ھازىر «كروران» (Kroraina) دەپ ئاتالماقتا. ئۇ مىلادىيە 4 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان،

پايتەختىنىڭ ئىسمىنى دۆلەت نامى قىلغان بۇ دۆلەتكە كەڭ كۆلەملىك ھەربىي تىزگىنلەش سىياسىتى قوللىنىلغانىدى.

تۇماس[305] نىڭ ئەسىرى دۇنياغا كېلىشىگە ئەگىشىپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بۇ دۆلەتنىڭ ئىلگىرى نەچچە خىل نام بىلەن ئاتالغانلىقىنى بىلىمىز. تۇماس تارىخىي تەرەققىيات تەرتىپى بويىچە ئۇلارنى مۇنداق رەتكە تۇرغۇزغان: (1) «لولەن (楼兰)» خەنزۇچە نام بولۇپ، ئەسلىدە پايتەختى بىلەن ئىسىمداش دۆلەتكە قوللىنىلغان. (2) «پىشامشان» مىلادىيە 60 ـ يىلىدىن كېيىن، زورايغان دۆلەتنى كۆرسىتىدۇ. (3) «كروران» لولەن شەھىرىدىكى جۇڭگونىڭ ھەربىي كۆچمەنلەر رايونىغا قوللىنىلغان ئىسىم بولۇپ، مىلادىيە 120 ـ يىلىدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي قۇرۇلغان. قوشۇمچە قىسمىدا بۇ ئۈچ خىل نامنىڭ بەزىدە پەرقلەندۇرۇلمەيلا قوللىنىلغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

تەخمىنەن مىلادىيە 445 ~ 670 ـ يىللىرى جۇڭگولۇقلارنىڭ پىشامشانغا بولغان ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ مەزگىلدە ئۇ ئەمەلىيەتتە تۇيغۇنلار دۆلىتىگە قارام بولغان، بۇ دۆلەتنىڭ مەركىزى ئەسلىدىكى تىبەت ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى چىڭخەي (كۆكنۇر) كۆلىنىڭ يېنىدا ئىدى. 670 ~ 842 ـ يىللىرى بۇ رايون تىبەت خانلىقىنىڭ بىر ئۆلكىسى بولغان. بۇ جايدىن تېپىلغان زور مىقداردىكى تۇبۇتچە ۋەسىقىلەر بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. تاڭغۇتلار «خېشى كارىدورى» نى ئىگىلىگەندىن كېيىن (تەخمىنەن 1035 ~ 1226 ـ يىللىرى)، ئۇلار ئەسلىدىكى پىشامشان دۆلىتىنى ئۆزلىرىگە قوشۇۋالغانىدى، ئەمما تاڭغۇتلارمۇ موڭغۇللار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان. ماركو پولو بۇ دۆلەتتە پەقەت بىر «چوڭ شەھەر» نى كۆرگەن. ئېنىقكى، بۇ ھازىرقى چارقىلىق، ئەينى ۋاقىتتا چارقىلىقنىڭ ئاھالىسى

ئاللىقاچان مۇسۇلمان بولۇپ بولغانىدى.

(306) ئارقىلىق بۇ ئاساسلىقى ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار رايونىنىڭ مىلادىيە 5 ـ ئەسىردىن ئىلگىرىكى ئەھۋالى كۆرسىتىپ بېرىلدى. ئەينى ۋاقىتتا، ئەلۋەتتە تاۋاپچىلار، سودىگەرلەر ۋە ھەربىيلەر بۇ جايدىن ئۆتكەن. ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار ئىسپاتلىدىكى، گەرچە جۇڭگونىڭ كىروراندىكى كۆچمەنلەر رايونى سودا ۋە سىياسىيغا تەسىر كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ دۆلەتتە يەنە يەرلىك ئەمەلدارلار ۋە چەت ئەللىكلەر، بولۇپمۇ ھىندىلارمۇ ئولتۇراقلاشقان. پايتەختنىڭ سىرتىدىكى جۇڭگولۇقلار سودىگەرلەر، ئەمەلدارلار ۋە ھەربىيلەر ئىدى. لېكىن، بۇ دۆلەتتە ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال رايونىدىكى يەرلىك تىللارمۇ قوللىنىلغان. بۇ تىللار ئەسلىدە قەندەھارلىقلارنىڭ تىلى ئىدى. دىنىي ساھەدە سانسكرىت تىلى بارغانسېرى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىمەكتە ئىدى.

كىروراندىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلار ئەڭ زور پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە، بۇلارنىڭ ئىچىدە كۆپ قىسمى خەت يېزىلغان تارشا پۈتۈكلەر، تېرە، يىپەك ۋە قەغەزلەر ئىدى. كىروراندىن تېپىلغان بىر نەچچە پارچە قول يازمىلارمۇ تۆشۈك ئېچىلغان يەككە قەغەزلەر ئىنچىكە يىپ بىلەن چىگىلگەن بولۇپ، ھىندىستاننىڭ پاتتىرا دەرىخى يوپۇرمىقىنى تۇپلەش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. ستەين مەزكۇر پايتەختتىن تاپقان يازما ماتېرىياللار (تەخمىنەن 1000 پارچە) نىڭ كۆپ قىسمى خەنزۇچە ھۆججەتلەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە خەت ـ چەكلەر، تارىخىي قولىيازمىلار، ھەربىي ئىشلاردا ئىشلىتىلىدىغان تەمتەك قاتارلىقلار بار. بۇلارنىڭ بەزىلىرى كېيىنكى مەزگىللەردىكى تۇبۇتچە ماتېرىياللار بولۇپ، ئاساسلىقى ئۆرپ ـ ئادەتلەر مەزمۇن قىلىنغان. كىرواندىن قېزىۋېلىنغان ئاز ساندىكى قارۇشتى يېزىقىدىكى ھىندى ۋەسىقىلىرىدە ئاساسلىقى سودا مەزمۇن قىلىنغان.

سەل غەربكىرەك جايلاشقان نىيەدىنمۇ كۆپ مىقداردا ۋەسىقىلەر تېپىلغان. بۇ يەردىكى خەنزۇچە ۋەسىقىلەر بىلەن ھىندىچە ۋەسىقىلەر سانىنىڭ نىسبىتى ئالدىنقىسىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئاز ساندىكى خەنزۇچە ھۆجەتلەردىن باشقا، كۆپىنچىسى ھىندىچە ۋەسىقىلەردۇر. تېپىلغان ھىندىچە يادىكارلىقلار ئاساسلىقى قۇيما پۇل، خەت ـ چەك، رويخەت، ھېسابات دەپتىرى ۋە توختامنامىلەردىن ئىبارەت، ئۇلار بۇ رايوننىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە مەمۇرىي ئىشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ ھەمدە بۇ رايوننىڭ مەدەنىيىتىگە غەربىي شىمالىي ھىندىستاننىڭ تامغىسى چوڭقۇر بېسىلغان[307]. مەسىلەن، قانۇن ۋە كېلىشىم ـ توختام ئاتالغۇلىرىنىڭ ھەممىسىدە ھىندىستاننىڭ ئادەت سۆزلىرى قوللىنىلغان. گەۋدىلىك بولغىنى شۇكى، تەخمىنەن مىلادىيە 150 ~ 350 ـ يىللىرى مەزگىلىدە ھىندى تىلى ۋە يېزىقىنىڭ قوللىنىلىشى[308] ھىندى مەدەنىيىتىنىڭ جوڭگوغا تەسىر قىلىشى بىلەن ئوخشاشلا بولغان. بىراق، نىيەدە دىنىي جەھەتتىكى ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك پاكىتلىق ساقلانمىلار كەم ئىكەن.

ئېلگىرى جوڭگونىڭ پېشامشانغا ئالاقىدار ماتېرىياللىرىدا ھىندىستاننىڭ تەسىرىمۇ، بۇددا دىنىنىڭ تەسىرىمۇ تىلغا ئېلىنمايتتى. بۇ ئەمەلىيەتتە جوڭگو دائىرىلىرىنىڭ مەيدانى ۋە كۆز قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەتتى. پېشامشان دۆلىتىنىڭ پادىشاھى «تەيىنلەنگەن پادىشاھ، دۆلەتنىڭ تايانچى» دەپ ئاتىلاتتى. مەسىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان مۇشۇ ئىككىنچى خىل مەنسەپ نامى (بىرىنچى خىلى ئەمەس) ھىندىستان ۋەسىقىلىرىدە ئۇچرايدۇ. جوڭگونىڭ كۆز قارىشى جوڭگو ئۆزىنىڭ چۈشەنچىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ھىندىستاننىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە قانچىلىك زور تەسىر كۆرسەتكەنلىكىدىن قەتئىينەزەر، جوڭگو يەنىلا ئۆزىنى سىياسىي

مۇقىملىقىنىڭ كاپالەتچىسى دەپ قارايدۇ. شۈبھىسىزكى، تۈبۈتلەر ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىن ئىلگىرىمۇ شۇنداق ئىدى. جۇڭگو ئۆزىنىڭ چۈشەنچىسى ھەققىدە «خان مۇپەتتىشى» نىڭ ئۆز – ئۆزىنى كۆز – كۆز قىلغانلىقىدىن باشقا، ھېچقانداق ھەقىقىي نەرسە يوق. ئۇ بىر پارچە خەت قالدۇرغان، خەتتە ئۇ ئۆزىنى «غەربىي يۇرت دورغابى» دەپ ئاتىغان (309) .

ھازىر، دېھلىدىكى ھىندىستان دۆلەتلىك مۇزېيىدا مىرەننىڭ ئەڭ مۇھىم سىزما رەسىملىرى يەنە پىشامشان دۆلىتىنىڭ زور مىقداردىكى كىچىك تىنپتىكى يادىكارلىقلىرى بار، بۇلارنىڭ ئىچىدە قۇيما پۇل ۋە بېغىشلىما يېزىلغان بامبۇك تارشىلارمۇ بار بولۇپ، بۇلار 1947 ـ يىلى بۈيۈك برىتانىيە مۇزېيىغا يۆتكەلگەندە قېپقالغان. بۇ جەھەتتىكى يېڭى تېپىلمىلار ئۈرۈمچىدىكى شىنجاڭ مۇزېيىدا ساقلانماقتا. مىرەن، ئەندەرە، نىيە ۋە كروران قاتارلىق جايلاردا ھازىرمۇ قەدىمكى ئاھالىلەر نۇقتىسىنىڭ خارابىلىرى بار.

## 2. شىمالىي لىنىيە سودا يولىدىكى مەدەنىيەت مەركەزلىرى

تارىم ئويمانلىقىنى كېسىپ ئۆتكەن يىپەك يولىنىڭ شىمالىي لىنىيىسىدىكى ئەڭ مۇھىم مەدەنىيەت مەركەزلىرى شۈبھىسىزكى كۇچا بىلەن تۇرپاندۇر. كۇچادا ئولتۇراقلاشقانلار بولسا ھىندى ـ ياۋروپا ئىرقىدىكى قەبىلىلەر بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە ئۇلارنىڭ تىلىنى «كۇچا تىلى» ياكى «توخار تىلى — B» دەپ ئاتاپ كېلىۋاتىمىز. «توخار تىلى — A» بىلەن سۆزلىشىدىغان يەنە بىر قەبىلە قېرىنداش بولۇپ، كۇچا بىلەن تۇرپان ئارىسىدىكى قاراشەھەر بوستانلىقىدا ئولتۇراقلاشقان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، تۇرپان بوستانلىقىدا تاڭ دەۋرىگە كەلگۈچە توخارلار بىلەن

سوغدلار، جۇڭگولۇقلار بىلەن تۈركلەر بىرلىكتە ياشاپ كەلگەن.

كۇچا بىلەن تۇرپاننىڭ بۇ خىل مۇھىملىق تەرەپلىرىنى تۆۋەندىكى پاكىتلاردىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. شىمالىي لىنىيىدە يەنە بىر قىسىم كىچىك بولسىمۇ، ئەمما بۇددىزم ئالاھىدىلىكىدىكى مەدەنىيەت مەركەزلىرى بولۇپ، قەشقەردىن چىقىپ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى بويلاپ شەرققە ماڭغان سەيياھلار بۇ جايلاردىن چوقۇم ئۆتەتتى.

ئالدى بىلەن تىلغا ئالىدىغىنىمىز تۇمشۇقتۇر. بۇ بوستانلىقتا مىلادىيە 7 ~ 8 - ئەسىرلەردىكى تەدرىجىي تۈركلىشىشتىن ئىلگىرى ساكلار، يەنى ئىرانلىقلار ياشىغان. تەخمىنەن مىلادىيىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بىرقانچە ئەسىرلىرىدە، ئەڭ كېيىن بولغاندىمۇ 4 ~ 5 - ئەسىرلەردە تۇمشۇق تەرەققىي قىلىپ، بۇددا دىنى ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بىر جاي بولۇپ قالغان. تۇمشۇقتا ناھايىتى مۇھىم بىر ھۆججەت ساقلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدا راھىب سايلاشتا قائىدە - يوسۇنلار قاتتىق ئىجرا قىلىنىپ، كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان[310]. تىل نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ ھۆججەت خوتەن - ساك تىلى بىلەن ئىنتايىن يېقىن، بۇ ئىككى خىل تىلنى ئوخشاش بىر خىل تىلنىڭ ئوخشىمىغان شېۋىلىرى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

تۇمشۇقتىمۇ ھەرخىل بۇددىزم سەنئەت ئەسەرلىرى بايقالدى، بۇنىڭ ئىچىدە ياغاچتىن ئويۇلۇپ، ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن بۇددىنىڭ باش ھەيكىلى بار. ئۇنىڭدىن قەندەھارنىڭ تەسىرىنى بايقاش بىلەن بىرگە، شۇ يەرنىڭ ئويمىچىلىق سەنئىتىنىڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ. تۇمشۇقتا ساقلىنىپ قالغان نۇرغۇنلىغان كىچىك تىپتىكى ياغاچ ئويمىلار ئىچىدە، تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغان يەنە بىر ئىستىقامەتتە ئولتۇرغان بۇددا ھەيكىلى بار. ئۇ سەل - پەل ئالدىغا ئېگىلگەن بولۇپ، تىپتىنچ قەلبىنىڭ سىمۋولى قىلىنغان ھەمدە بۇ ئارقىلىق

بۇددا دىنى ئۆزى يەتمەكچى بولغان مەقسەتنى ئىپادىلىگەن. بۇ ھەيكەللەرنىڭ ھەممىسى تىنچ بۇ دۇنيادىن ۋە تىنچ قەلبتىن ھالقىپ كەتكەن بىر خىل روھىي ھالەتنى ئىپادىلىگەن. بىراق بۇ ھەيكەللەردىن باشقا، يەنە بىر قىسىم سەنئەت ئەسەرلىرى بولۇپ، ئۇلار ئەمەلىيەتتە ياسالمىلىق ئۇسلۇبىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ، كىشىلەرگە ھىندىستان ۋە ئازناداۋان سەنئىتىنى ئەسلىتىدۇ (311).

تۇمشۇققا يېقىنراق جايدا مارالبېشى ياكى بارچۇق بولۇپ، ئۇ يەردىمۇ ساكلار، سوغدلار، تۇركلەر بىللە ياشىغان. خانىنىڭنىڭ قارىشىغا ئاساسلانغاندا، مىلادىيە 700 - يىللار ئەتراپىدا، ساك ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسى سوغدىلار تەشكىللىگەن ۋە رەھبەرلىك قىلغان مانى دىنى تەشكىلاتىغا قاتناشقان (312). بۇ يۇقىرى قاتلام مەدەنىيىتى شەرققە، يەنى كۇچا ۋە قاراشەھەرگە سۇرۇلۇشكە باشلىغان. مارالبېشىدىن بايقالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە بىر قىسىم دىنىي مەزمۇندىكى پارچە - پۇرات ۋەسىقىلەر بولغاندىن سىرت، ئاساسلىقى سودىغا دائىر ھۆججەتلەردۇر (313).

تۇمشۇق بىلەن كۇچا ئارىسىدا ئاقسۇ بىلەن باي بار، بۇ ئىككى جاينىڭمۇ ئىلگىرى بۇددىزم ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىكەنلىكى بىزگە مەلۇمدۇر. لېكىن، ئۇ يەرلەردە بىر مەزگىل غەيرىي دىن مۇرىتلىرىمۇ ياشىغان. مەسىلەن، بايدا نېستورى دىنى مۇرىتلىرى، ئاقسۇدا نېستورى دىنى ۋە مانى دىنى مۇرىتلىرى ياشىغان، بىراق ئۇلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋاقتى ئىنتايىن قىسقا بولغان (314). ئاقسۇنى بىر قاتناش تۈگۈنى دېيىشكە بولىدۇ، چۈنكى ئۇ يەردىن بىر يول تەكلىماكان قۇملۇقىنى كېسىپ ئۆتۈپ شەرقىي جەنۇبقا جايلاشقان خوتەنگە تۇتىشىدۇ، يەنە بىر تەرەپتە يەنە بىر تاغ يولى بولۇپ، بۇ يول ئاقسۇ بوستانلىقى بىلەن

تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى يولنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرىدۇ.

قاراشەھەر كۇچا بىلەن تۇرپان ئارىلىقىغا جايلاشقان، ئۇ توخار بەگلىرىنىڭ تۇرۇشلۇق جايى ئىدى. يەرلىك تىلدا ئۇ يەر قارا شەھەر دەپ ئاتىلاتتى. ھىندىلار بۇ جاينى «ئاگنىدېشا» (Agnidesha) دەپ ئاتىغان؛ ئىرانلىقلار «ئارك» (Ark)؛ تۈركلەر بولسا «سولمى» (Solmi) دەپ ئاتاشقان. ئۇ «تۆت تۇغار (Tugar) دۆلىتى» (تۇغار «تۇخار» دېگەنلىكتۇر) نىڭ بىرى ئىدى. بۇ تۆت دۆلەتنىڭ قالغان ئۈچى تۇرپان بوستانلىقىدىكى قوجو، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى بەشبالىق ۋە كۇچادۇر. مىلادىيە 8 ـ ئەسىردە، كىشىلەر يەنە ئۇلارنى بىر سىياسىي گەۋدە سۈپىتىدە تونىغان[316]. قاراشەھەر مانى دىنىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك دىن تارقاتقۇچىلىرى تۇرۇشلۇق جاي بولۇپ، بۇ يەردە «تۆت توخار دۆلىتى» دىكى قالغان شەھەرلەرگە ئوخشاشلا، 9 ~ 10 ـ ئەسىرلەردىكى مەدەنىيەت ۋە تۇرمۇشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان بۇددىستلار ئولتۇراقلاشقاندىن باشقا، مانى دىنىدىكىلەرمۇ بولغان. بىز تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمىي كىتابلاردىن بۇ جايدىمۇ مانى دىنى ئىبادەتخانىلىرىنىڭ بولغانلىقىنى بىلەلەيمىز. تۇرپاندا بايقالغان مانى دىنىنى تەرىپلەيدىغان بىر كۇپلېت نەزمىدە «مەشھۇر، بەختىيار ۋە گۈللەنگەن ئارك دۆلىتىنىڭ»[316] دىنىي داھىيسىغا ئېھتىرام بىلدۈرگەنلىكى يېزىلغان.

ئاخىردا يەنە كورلىنىڭ بېقىنىدىكى كىچىك بوستانلىق شورچۇقنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش لازىم. ئۇ كۇچادىن تۇرپانغا بارىدىغان يول ئۈستىدىكى بىر ئۆتەڭ بولۇپ، گېرمانىيىنىڭ تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئۆمىكى قاراشەھەردىكىگە ئوخشاشلا بۇ جايدىمۇ بىر تۈركۈم ساقلىنىپ قالغان بۇددىزم سەنئەت بۇيۇملىرىنى قۇتقۇزۇپ قالغان. بۇ سەنئەت بۇيۇملىرى ئاساسەن رەڭ بېرىلگەن لاي ھەيكەللەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە

بۇددىنىڭ، ئەۋلىيالارنىڭ، براھماننىڭ، بۇددا مۇرىتلىرىنىڭ ۋە جىن ـ ئالۋاستىلارنىڭ ھەيكەللىرى بار[317]. براھماننىڭ ھەيكىلىدىكى ھەجۋىيگە ئوخشاپ كېتىدىغان سىزىقلار كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. بىز تۇرپاندىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئۇسلۇبتىكى ھەيكەللەرنى ئۇچراتتۇق، بۇ يەردىكى براھمان ساكيامۇنىنىڭ دىنىي دۇشمىنى قىلىپ ئىپادىلەنگەن ھەمدە ئۇلارنىڭ بۇددىستلارنىڭ تەسىرىدە ئۆزگەرگەنلىكى ئىپادىلەنگەن جايلارمۇ ئاز ئەمەس.

## توخار مەدەنىيەت مەركىزى — كۇچا

يىپەك يولىنىڭ شىمالىي لىنىيىسىدىكى بىر مۇستەقىل مەدەنىيەت مەركىزى بولغان كۇچانىڭ ئوينىغان رولى جەنۇبىي لىنىيىدىكى خوتەن بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش ھالبۇكى، 5 ـ ئەسىردىن باشلاپ خوتەن جوڭگوغا تۇتىشىدىغان يولدىكى «ئۆلۈك يەر» ئورنىدا تۇرغان بولسا، كۇچا موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرگىچە ئىقتىسادىي تۇرمۇش ۋە مەدەنىي تۇرمۇشنىڭ جانلانغان ئۆتىڭى بولغان. كۇچا مەدەنىيەت رايونى ئاللىبۇرۇن شەھەر مەدەنىيەت رايونىدىن ھالقىپ كەتكەن بولۇپ، ئەتراپ رايونلاردىكى بىر قىسىم بۇددىزم ئىلمىي مەركەزلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. مەسىلەن، كۇچانىڭ جەنۇبىدىكى قۇمتۇرا، غەربىدىكى دۇلدۇل ئاقار ( 都尔都尔.阿库尔 ) ۋە قىزىل، ھەمدە شىمالدىكى سۇ بېشى، سىم ـ سىم ۋە جىلىش ( 吉里什 ) قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

بۇ جايلار تەخمىنەن 1500 يىل ئىلگىرىلا غار ئىبادەتخانىلىرى ۋە راھىب ئېتىكاپخانىلىرى قۇرۇلۇشقا باشلىغان. ئۇلارنىڭ سانى كۆپ بولغانلىق سەۋەبلىك «مىڭئۆي» دەپ ئاتالغان. بولۇپمۇ قىزىلدىكى مىڭئۆينىڭ سەنئەت ۋە تېما

جەھەتتىكى تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپ بولغاچقا، مەزمۇنىمۇ ئىنتايىن مول بولۇپ. گېرمانىيىنىڭ تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئۆمىكى قۇتقۇزۇپ قالغان مەدەنىي يادىكارلىقلىرىدىن كۆپ قىسمى مۇشۇ ئورۇنلاردىن چىققان. ئەلۋەتتە، ئاشۇ باشقا بىر قانچە جايلاردىنمۇ مەدەنىي يادىكارلىقلىرى چىققان. بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۈگۈنكى كۈندە بېرلىندىكى ھىندىستان سەنئىتى مۇزېيىدا ساقلانماقتا. كۇچادىكى نەپىس رەسىملەرنى گرىيۈنۋېدېل نۇرغۇن تېز سىزما سىزىش ئارقىلىق خاتىرىلىۋالغان، بۇ تېز سىزمىلار تەتقىقات خىزمىتىدە ناھايىتى يۇقىرى قىممەتكە ئىگە[318]. بۇ رەسىملەردىن باشقا ئەھمىيىتى چوڭ بولغان ماتېرىياللار بولسا كۇچا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىن بايقالغان ھىندى ۋە توخار يېزىقىدىكى ھۆججەتلەردۇر. بولۇپمۇ ھىندىستاننىڭ سانسكرىت يېزىقىدىكى ھۆججەت ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە. چۈنكى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسمى ئالىقاچان يوقىلىپ كەتكەن سانسكرىت يېزىقىدىكى نومدۇر[319].

گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ باشلىقى گرىيۈنۋېدېل ۋە لېكوكلاردىن باشقا، فرانسىيىلىك خەنزۇشۇناس پېللىئوتمۇ كۇچادا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ھەمدە كۆپ مىقداردىكى توخار يېزىقىدىكى ھۆججەتلەرنى قۇتقۇزۇپ قالغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى كۆپ قىسىم ھۆججەتلەر تەتقىقات ۋە تەھلىل يۈرگۈزۈلمىگەن، بۇ ھۆججەتلەر بۈگۈنكى كۈندە پارىژدا ساقلانماقتا. يېقىنقى بىر مەزگىلدىن بۇيان، جۇڭگونىڭ پەن - تەتقىقات خىزمىتىمۇ ئارخېئولوگىيە جەھەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى ياراتتى، بۇلارنىڭ بىر قىسمى ئالىقاچان ياپونىيىدە ئېلان قىلىندى[320].

يېپەك يولىنىڭ جەنۇبىي لىنىيىسىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلارنى تەتقىق قىلىش خىزمىتىنىڭ ئەكسىچە، كۇچادا بايقالغان ماتېرىياللارنىڭ بىر قىسمى ئالىقاچان سىستېمىلىق

تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىنغان. مەسىلەن، ۋالد شمىت ئېلان قىلغان بىر ئەسىردە كۇچا ۋە تۇرپاندىكى مىڭئۆي تام رەسىملىرىنىڭ سەنئەت ئۇسلۇبى جەھەتتە تەتقىقات ئېلىپ بارغان[321]. مايار كۇچانىڭ بۇددىزم مىمارچىلىقىنى تەھلىل قىلغان ئەسىرىنى ئېلان قىلغان[322]. فورۇنتىس فرېنتىس بولسا كۇچا سەنئىتىنى شىنجاڭ سەنئىتىدىن ئىبارەت تېخىمۇ چوڭ دائىرىگە كىرگۈزگەن[323]. خەنز ۋشۇناسلارمۇ كۇچا بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى شەرھلىگەن[324] ئەڭ ئاخىرقىسى توماس بولۇپ، ئۇ نۆۋەتتە ئاللىقاچان نەشر قىلىنغان ۋە ئۆزگەرتىپ يېزىلغان تۇخار يېزىقىدىكى ھۆججەتلەرنى قىسقىچە تونۇشتۇرغان، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقى سانسكرىت يېزىقىدىن تەرجىمە قىلىنغىنى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بىراق، يەنە يەرلىك ناخشا ـ قوشاقلار، پېرىخونلارنىڭ سۆزلىرى ھەمدە مىلادىيە 6 ~ 8 ـ ئەسىرلەرگە تەۋە سودىغا ئائىت ھۆججەتلەرمۇ بار[325] .

بۇددا ئەسەرلىرى ئىچىدە بولسا بۇددا (ساكيامۇنى) نىڭ دەسلەپكى مەزگىلى توغرىسىدىكى ھېكايىلەر، درامىلار ۋە قەدىمى رىۋايەتلەرگە ئائىتلىرى خېلى چوڭ نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. بۇ ئەسەرلەر قىزىل مىڭئۆيدىكى تام رەسىملىرىدە كۆپ ئۇچرايدىغان ئاشۇ ھېكايىلەرنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئاساسلىقى نوم ۋە بۇددانىڭ دەسلەپكى تۇرمۇشى توغرىسىدىكى ھېكايىلەردە كۆپلىگەن سەنئەتكارلارنى ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئىلھاملاندۇرغان. دىنىي تۇرمۇشقا مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەر سانسكرىت يېزىقىنى كەڭ قوللىنىش ئارقىلىق تەتقىق قىلىنغان ۋە تارقالغان، بۈگۈنكى تەتقىقات سەۋىيىمىز بويىچە بولغاندا، تۇخار يېزىقىدىكى ھۆججەتلەرنىڭ سانىنى مۆلچەرلىمەك تەس بولغانلىقتىن، ئەسلى ئەسەرنى تۇخار تىلىغا تەرجىمە قىلىش قىيىنغا توختىغان، چۈنكى بۇ خىل تىلدا (ئوتتۇرا ئاسىيادىكى

باشقا يەرلىك تىللارمۇ مۇشۇنداق) ئەينى چاغدا بۇددا دىنىدىكى ئىنچىكە پەرقلىق ھەر خىل ئىدىيىلەرنى ئىپادىلىيەلەيدىغان مەخسۇس ئاتالغۇلار يوق ئىدى. بىر پارچە توخار يېزىقىدىكى ھۆججەتلەردە، بۇ ھۆججەتنى توخار تىلىغا تەرجىمە قىلغان تەرجىمان ۋەزىپىسىنىڭ ئىنتايىن مۇشكۈل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەرجىمە ئەسىرىگە باھا بەرگەندە كۆپرەك ئەپۇ قىلىشىنى ئۆتۈنگەنلىكى يېزىلغان[326].

كۇچانىڭ تارىخىنى شۇ جاينىڭ ئارخېئولوگىيىلىك بايقالمىلىرى ۋە جۇڭگونىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدىن چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. ئەگەر بۇ شەھەر دۆلىتىنىڭ نۇرغۇن ۋەقەلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن تەقدىرىنى ئىزاھلىمىغان ھالەتتىمۇ، لېكىن پرىنسىپ جەھەتتىن مۇنداق دېيەلەيمىز: بۇ دۆلەت باشقا بوستانلىقتىكى شەھەرلەرگە ئوخشاشلا، تارىم ئويمانلىقىدىكى دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان كۈچ سېلىشتۇرمىلىرىغا تەسىر كۆرسىتىپ تۇرغان. كۆچمەن چارۋىچى دۆلەتلەر بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى قارشىلىشىشلارغىمۇ كۇچادىن ئىبارەت بۇ كىچىككىنە پادىشاھلىق ئارىلىشالىغان. گەرچە كۇچانىڭ ئىلگىرىكى پادىشاھلىرىنىڭ ھەممىسى سىياسىي رېئاللىققا مەجبۇرىي بويسۇنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ (باشقا شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ پادىشاھلىرىمۇ شۇنداق) ھەممىسى تۈرلۈك ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئەھۋالىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، بىر خىل نىسپىي مۇستەقىللىقنى ساقلاپ قالالىغان.

مىلادىيىدىن بۇرۇنلا، كۇچا ھۇنلارنىڭ كونتروللۇقىدا ئىدى. ھۇنلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىن باشلاپلا، چەت ئەل پادىشاھلىرى ۋە قوشنا دۆلەتلەر ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە قايتا ـ قايتا ئۇرۇنغان، بۇ چاغدا جۇڭگولۇقلار دائىم ئوتتۇرىغا چىقىپ تەبىئىي ئىتتىپاقچى بولغان. ئۇنىڭ جۇڭگو

بىلەن ئاكتىپ ئالاقە قىلىشقان مەزگىللەردىكى ئالامىتى بولسا، جۇڭگو پادىشاھلىرىغا ئۆزلىرىنىڭ ئەلچىلىرىنى ئولپانلار بىلەن ئەۋەتكەن. تەڭرىتاغنىڭ ئېتىكىگە جايلاشقان بۇ كىچىك دۆلەت بىلەن قۇدرەتلىك جۇڭگو خانلىقلىرى ئوتتۇرىسىدا خېلى بۇرۇنلا مەدەنىيەت مۇناسىۋىتى مەۋجۇت ئىدى. روشەنكى، بۇددا دىنى بۇ خىل مۇناسىۋەتتىكى ئاساسىي ئامىل. ھىندىستاننىڭ بۇددا دىنى ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلغۇچى نۇرغۇن تەرجىمانلار كۆپ خىل تىل ئىشلىتىدىغان كۇچادا ئۆسۈپ يېتىلگەن بولۇپ، ئۇلار كېيىن جۇڭگوغا بېرىپ ئىشلىگەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇر بولغىنى كۇمراجىۋا بولۇپ، ئۇ مىلادىيە 383 - يىلى جۇڭگوغا مەجبۇرىي يالاپ ئېلىپ كېلىنگەن.



64 - رەسىم پەرىزات، قىزىل مىڭئۆي تام رەسىمى، مىلادىيە 7 - ئەسىر

جۇڭگونىڭ ئوردا - سارايلىرىدا ئالاھىدە چېلىنىدىغان كۇچا نەغمىلىرى بۇ بوستانلىقتىكى بۇددا دىنى تەزىيە مۇراسىملىرىدىمۇ رول ئوينىغان. قىزىل مىڭئۆيدىكى كۆپلىگەن نەغمىگە ئائىت تام رەسىملىرى بۇ ئەھۋاللارنى ئىپادىلەپ تۇرۇپتۇ. شىمالىي چى پادىشاھلىقى دەۋرىدە (مىلادىيە 550 ~ 577 - يىللار)، كۇچا

نەغمىلىرى پادىشاھنىڭ ھىممىتىگە ئېرىشكەن. كېيىن سۇي، تاڭ دەۋرلىرىگە كەلگەندە (ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 581 ~ 618 ـ يىللار ۋە 618 ~ 907 ـ يىللار)، كۇچانىڭ نۇرغۇنلىغان سازەندىلىرى جۇڭگو ئوردىلىرىغا خىزمەت قىلغان.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، كۇچا بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي مۇناسىۋەت كۈچەيگەن. مىلادىيە 640 ـ يىللىرى ئەتراپىدا، جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىياغا ھەربىي ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارغان. شۇنىڭ بىلەن، كۇچا يەنە بىر قېتىم ھەربىي ـ مەمۇرىي مەركەزگە ئايلانغان. لېكىن، ئىچكى سىياسىي تۈزۈلمىدە ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش بولمىغان. 640 ـ يىلىدىن باشلانغان يېڭى ئۆزگىرىش سەنئەت تەرەققىياتىدا ئەكس ئېتىدۇ. ئەنە شۇ چاغدىن باشلاپ جۇڭگوچە شەكىل رەسىملەردە بارغانسېرى كۆرۈنەرلىك گەۋدىلىنىشكە باشلىنىپ، ھىندىستان ۋە ئىران تەركىبى ئازىيىپ كەتكەن. ئاخىرقى مەزگىللەردىكى بىر قىسىم تام رەسىملىرىدە تاڭ دەۋرىدىكى دۇنخۇاڭ سەنئىتىنىڭ يېنىك، جانلىق بولغان قەلەم تەۋرىتىش ئۇسلۇبى ئەكس ئەتكەن، بۇنىڭدىن ھىندىستان ۋە ئىرانچە سىزىش ئۇسلۇبىنىڭ جۇڭگوچە سىزىش ئۇسلۇبىغا ئۆتكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

كۇچانىڭ كۆپ قىسىم ئاھالىلىرى توخارلار بولۇشى مۇمكىن، دەسلەپكى مەزگىللەردە يەنە بىر قىسىم باشقا مىللەتلەرنىڭ بۇ بوستانلىقتا ياشىغانلىقىنىمۇ ئۇيلىشىش زۆرۈر. مەسىلەن، سوغدلار ۋە جۇڭگولۇق قاتارلىقلار. كىشىلەر كۇچادا ھەقىقەتەن تاڭ دەۋرىگە ئائىت خەنزۇچە يېزىقتىكى ھۆججەتلەرنى بايقىدى. دېھقانچىلىق قىلىدىغان ئاھالىلەردىن باشقا، يەنە جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى تەبىقىسىگە تەۋە بولغان توخار چەۋەندازلار قاتلىمىمۇ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى پادىشاھ ئىدى.

ئۇلاردىن باشقا، يەنە نۇرغۇن راھىب ۋە راھىبەلەر بولۇپ، ئۇلار جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىدىن كەلگەنىدى. ئىبادەتخانىلار ئادەتتىكى تەلىم - تەربىيە خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغان بولغاچقا، ئاقسۆڭەك ياشلارنىڭ ھەممىسى بىر مەزگىللىك دىنىي تۇرمۇشنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، دىندىن تاشقىرى پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانسا بولاتتى. كۇچا مىڭئۆيي تام رەسىملىرىدىن ئىنتايىن جانلىق بولغان چەۋەنداز ۋە راھىبلارنىڭ تەسۋىرىنى كۆرەلەيمىز. ئۇلارنىڭ بوي - بەستى ئېگىز ۋە يوغان، بىر قىسمىنىڭ چاچلىرى قىزىل، كۆزلىرى كۆك ئىدى. ئۇلار ئىرق جەھەتتىن ھىندى - ياۋروپا ئىرقىغا تەۋە، بۇ نۇقتا ئۇلارنىڭ بۇددا دىنىغا ئەسەبىيلەرچە ئېتىقاد قىلغىنىدىن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تېخىمۇ جەلپ قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ دىندىن تاشقىرى مەدەنىيىتى بولسا قويۇق ئىران خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئىدى. بىر پارچە ئابىدىدە ھەتتا سۈرىيىدىن كەلگەن بىر رەسسامنىڭ بىر پارچە بۇددا دىنىي رەسىمنى سىزغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

خوتەننىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاشلا، كۇچا پادىشاھىمۇ راھىبلار دىنىي گۇرۇھىغا ياردەم بەرگەن ۋە ئۇلارنى قوغدىغان. بىر پارچە سانسكرىتچە ھۆججەتتىن شۇنى بىلەلەيمىزكى، پادىشاھ بىلەن خانىش ئۆز قوللىرى بىلەن تاماق ئېتىپ دىنىي گۇرۇھتىكى راھىبلارنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلىشنى قارار قىلغان(327).

قىزىلدىكى تام رەسىملىرىدە بىر پادىشاھنىڭ ئۆز خانىمى بىلەن راھىبلار بىلەن سۆھبەتلىشىۋاتقانلىقى، ئۇلارغا ئېھتىرام بىلدۈرۈۋاتقانلىقى سىزىلغان. مىلادىيە 4 - ئەسىردىكى بىر پارچە جۇڭگو ماتېرىيالىدىن شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى، ئىبادەتخانىلار پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا ئىنتايىن ئوخشاپ كېتىدىكەن، چۈنكى

ئوردا ئىچى تام رەسىملىرى ۋە ھەيكەللەر بىلەن بېزىلىپلا قالماستىن، يەنە ئىنتايىن ھەيۋەتلىك بۇتلارمۇ قويۇلغانىكەن. 6 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىكى يەنە بىر ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە، شەھەر قورغىنى ئىچىدە نۇرغۇنلىغان بۇددا مۇنارلىرى ۋە ئىبادەتخانىلىرى بولغان(328). بىز بۇ ئىككى ئۇچۇرنى بىر ئىسپات دەپ قارىساق، بۇ ئىسپات كۇچانىڭ پادىشاھ ھاكىمىيىتى بىلەن راھىبلار دىنىي گۇرۇھى ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن يېقىن مۇناسىۋەتنىڭ بارلىقىنى دەلىللەيدۇ.

كۇچا مىڭئۆي تام رەسىملىرى ھىندىستان ۋە ئىراننىڭ تەسىرىنى ئۇچۇق ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خېلى بۇرۇنلا جۇڭگوغا تەقلىد قىلغانلىق ئىزنالىرى ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 65 ـ يىللاردىلا كۇچا پادىشاھى جۇڭگوغا مېھمانغا بارغان، ھەمدە جۇڭگوچە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلغان، ھەتتا جۇڭگوچە شەكىلدىكى مۇنارلارنى سېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. كۇچادا مىلادىيە 158 ـ يىللىرىدىكى خەنزۇچە ئويما پۈتۈك تېپىلغان. ئۇنىڭدا مۇنۇلار پۈتۈلگەن: جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ تارقاتقۇچىلىرى كۇچاغا كەلگەنلەرنىڭ ئىچىدە، بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ھەربىي كۆچمەنلەردىن باشقا، يەنە قول سانائەت ھۈنەرۋەنلىرى ۋە سەنئەتكارلارمۇ بار ئىدى(329). جۇڭگو سانغونى لۇ گۇاڭدىن بىز شۇنى بىلەلەيمىزكى، ئۇ مىلادىيە 384 ـ يىلى كۇچا پادىشاھىنىڭ قورغىنىنى ھۇجۇم بىلەن ئالغاندا، پادىشاھ ئوردىسى ئۇنىڭدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان.

كۇچا پادىشاھىغا ياردەملىشىدىغان بىر ئەمەلدارلار ئاپپاراتى بار ئىدى، بۇنىڭدا ھەربىي قوشۇن ئاساسلىق رول ئوينىغان.

مەسلەن، پادىشاھنىڭ قول ئاستىدا بىر قۇرۇقلۇق قوشۇن سەركەردىسى بولۇپ، بۇ سەركەردە باش ۋەزىرنىڭ رولىنى ئوينايتتى. كىشىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغايدىغان يەنە بىر ئىش شۇكى، پۇتكۇل ئەمەلدارلار ئورگىنىدا دۆلەت مۇداپىئە ئىقتىدارى مۇھىم ئورۇندا تۇرغان، بۇنىڭدىن بۇ بوستانلىق دۆلىتىنىڭ دائىم دېگۈدەك كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ۋە قوشنا دۆلەتلەرنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كېلىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.



65 ـ رەسىم ساندۇقتىكى جەسەتنى
كۆيدۈرگەن چاغدا ھازا ئاچقان رەسىم، قىزىل تام رەسىمى

تېرىقچىلىق ۋە دېھقانچىلىق ھايات كەچۈرۈشىنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا قول ھۈنەرۋەنچىلىكمۇ بار، بۇ ئاساسەن قورال - ياراغ ياساش تېخنىكىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. كۇچا ئەتراپىدىن تۆمۈر، مىس كانلىرى ۋە تۆمۈردىن ياسالغان سايمان - ئەسۋابلار بايقالدى[330]. ۋەھالەنكى، سودا بىلەن تاموژنا ئالدى بىلەن تىنچلىق دەۋرىدىكى كۇچاغا بايلىق ئېلىپ كەلگەن. ئۇلار چېگرىدىن ئۆتكەن كارۋانلاردىن ناھايىتى پايدىلىق بولغان چېگرا بېجى ئالغان. چېگرا بېجىغا ماددىي بۇيۇملار، مەسىلەن، خام يىپەك ياكى پاختا قاتارلىق نەرسىلەرنى بەرسىمۇ، تەڭگە پۇللارنى تاپشۇرسىمۇ بولىدىكەن.

كۇچانىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى جۇڭگونىڭ جىن سۇلالىسىنىڭ (265 ~ 420 - يىللار) تارىخىي ھۆججەتلىرىدىن بىلەلەيمىزكى، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كۇچالىقلار بىر جايدا مۇقىم ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، مۇقىم ئۆيلەردە ئولتۇرىدىكەن. ئۇلارنىڭ توي - تۆكۈنلىرىنىڭ بىر قىسمى جۇڭگو بىلەن ئوخشاش ئىكەن، بىراق دەپنەئۆلۈم - يېتىم ئۇزىتىش ئادىتى جۇڭگوغا ئوخشىمايدىكەن، جەسەت كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن، يەتتە كۈنگىچە ھازا ئۆتكۈزۈلىدىكەن[331] بۇددا دىنى ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان تەسىرلىك ھازا تەسۋىرلىرى ساقلىنىپ قالغان.

بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان كۇچادىمۇ خوراسان ۋە سوغدىيانادا ئۇچرانقاندىكىدەك جەسەت كۆلى قۇتىلىرىنى بايقىدۇق، شۇڭا شەرقىي ئىراننىڭ تەسىرى بۇ جايدىمۇ رول ئوينىغان بولۇشى مۇمكىن. قانداقلا بولمىسۇن، يېڭى يىلنى تەبرىكلەش ئۇسۇلى چوقۇم ئىراننىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. يېڭى يىل ئۆتكۈزگەن ۋاقىتتا، يەتتە كۈنگىچە ھايۋانلارنى سوقۇشتۇرۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدىكەن. ھايۋانلارنىڭ سوقۇشۇش نەتىجىسىدىن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ يېڭى يىلدىكى تەقدىرىنى

ھېسابلاپ چىقىندىكەن. يېڭى يىل ئۆتكۈزگەندە ئوينىلىدىغان ئەڭ مۇھىم ئويۇنلارنىڭ بىرى ئىلاھقا ھۆرمەت بىلدۈرۈش ئىپادىلەنگەن بىر خىل ئويۇن بولۇپ، بۇنىڭدا ئارتىستلار ۋەھشىي ھايۋانلارنىڭ نىقابىنى كىيىپ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينايدىكەن.



66 ـ رەسىم ساندۇقتىكى جەسەتنى كۆيدۈرگەن چاغدىكى ھازا ئاچقان رەسىم، قىزىل مىڭئۆي تام رەسىمى

قارىغاندا كۇچالىقلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىش بىلەن بىرگە، تۇرمۇشقا يۈزلەنگەن، ئوچۇق ـ يورۇق مىللەت ئىكەن. گەرچە راھىب، راھىبەلەر ئۆز ئېتىكاپخانىلىرىدا كۆڭۈل قويۇپ نوم ئۆگەنسىمۇ، لېكىن نەغمە بۇددا پائالىيەتلىرىدە مۇھىم ئورۇن تۇتقان. بۇ ئەمەلىيەتتىن بىز بۇددادا دىنى تەرغىب قىلىغان كىشىلىك تۇمۇش ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭ ئەكسىچە ئاكتىپ بولغان باشقا نەرسىلەرنىمۇ ئۆزئىچىگە

ئالغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. بىز يەنە يۇقىرى دەرىجىلىك راھىبلار بىلەن ئاقسۆڭەك ئاياللار ئوتتۇرىسىدا نىكاھ مۇناسىۋىتىنىڭ بارلىقىنى بىلەلەيمىز. گەرچە بۇ خىل مۇناسىۋەت بىر خىل رەسىم ئادىتى بولمىسىمۇ، ئۇلۇغ تەرجىمان، كۇچا بۇددا دىنىنىڭ «دۆلەت ئۇستازى» كۇمۇراجىۋا پادىشاھ جەمەتىدىن بولغان بىر ئايال بىلەن توي قىلىپ پەرزەنتلىك بولغان.

كۇچالىقلار خالىغانچە ھۇزۇر ـ ھالاۋەت سۈرگەن. ئۇلارنىڭ ھۇزۇر ـ ھالاۋەت سۈرۈش ئۇسۇلىمۇ جۇڭگولۇقلارنىڭ نەزەرىدە دۇرۇس ئەمەس دەپ قارالغان. مىلادىيە 4 ـ ئەسىردىكى كوڭزىچى تارىخشۇناسنىڭ دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، بۇ بوستانلىقتىكى ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن كەيپ ـ ساپالىق بولۇپ، ھوزۇر ـ ھالاۋەتكە بېرىلگەن. ئۇ مۇنداق يازغان: «ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىدىكى بور مىڭ كوزىدىن ئاشىدىكەن، ئون يىل ئىچسىمۇ تۈگىمەيدىكەن. ئەسكەرلەر بورچىلارنىڭ ئۆيىگە قاترايدىكەن» [332]. بىز بۇنىڭدىن جۇڭگو سانغۇنى لۈ گۇاڭنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ كېچە ـ كۈندۈزبور ئىچىپ مەست بولۇپ يۈرگەنلىكىدىن ئىبارەت قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلگەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

بۇنداق ئىشلار بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇددىزىم يەنىلا كۇچانىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىغا ئۆز تامغىسىنى باسقان. بۇ تەرىپىنى ئىسپاتلايدىغىنى كۆپلىگەن مىڭئۆي ئىبادەتخانىلىرى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى گۈزەل، كۆركەم، ھەيۋەتلىك بۇتلار بىلەن تام رەسىملىرى، شۇنداقلا يەنە كۇچا بوستانلىقىدىن تېپىلغان سانسكرىت يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر بىلەن توخار يېزىقىدىكى ھۆججەتلەردۇر.

بۇددا دىنى قاچان كۇچاغا تارقالغان دېگەن مەسىلە ئۈستىدىكى قاراشلارمۇ بىردەك ئەمەس [333]. بەزى دەلىل ـ ئىسپاتلار ۋاقىتنىڭ خېلى بالدۇر ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىسىمۇ،

لېكىن ئەمەلىيەتتىن قارىغاندا، بۇ بوستانلىقنى مىلادىيىدىن كېيىنكى دەسلەپكى بىرقانچە ئەسىردە ھىندى تەلىماتى بىلەن تونۇشقان دەپ قاراشقا بولىدۇ. مەيلى ھىنايانا بۇددا دىنى بولسۇن ياكى ماھايانا بۇددا دىنى بولسۇن، تەخمىنەن مىلادىيە 3 ـ ئەسىردە كۇچادا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. مىلادىيە 266 ـ يىلى خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىنغان بىر ئەسەردە كۇچانى ئوچۇق ھالدا بۇددا دىنى دۆلىتى قاتارىغا كىرگۈزگەن [334] . مىلادىيە 3 ~ 4 ـ ئەسىرلەردە، زور بىر تۈركۈم كۇچالىق راھىب تەرجىمانلار جۇڭگوغا بېرىپ ھىندى بۇددا نوملىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مەشھۇرى كۇمۇراجىۋادۇر. ئۇ قەشقەر ۋە يەركەنلەردە ھىنايانا ۋە ماھايانا مەزھىپىنى ھەمدە ھىندىستاننىڭ دىندىن تاشقىرى پەنلىرىنى ئۆگەنگەن. ئۇ كۇچاغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاساسەن «ماھايانا مەزھىپى» نى تارقىتىش بىلەن شۇغۇللانغان. مىلادىيە 403 ـ يىلى ئۇ پايتەخت چاڭئەنگە تەكلىپ قىلىنغان ھەمدە ئۇ يەردە كاتتا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان. مىلادىيە 413 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكىچە، ئۇ ئاساسەن ماھايانا بۇددا دىنىنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلغان. گەرچە ئۇ ئۆز تەرجىمىلىرىنى مۇكەممەل ئەمەس دەپ قارىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ نۇرغۇن تەرجىمىلىرى نوملارنىڭ سەۋىيىسىگە يەتكەن.

كۇمۇراجىۋا ئاساسەن ماھايانا بۇددا دىنىنى تارقىتىش بىلەن شۇغۇللانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ «ماھايانا» بىلەن «ھىنايانا» نى ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدۇ دەپ قارىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق [335] . شۇڭا، «ھىنايانا» كۇچادا ھەرگىزمۇ زاۋاللىققا يۈز تۇتمىغان دېيىش مۇمكىن. قىزىل مىڭئۆيلىرىدىكى سەنئەت ئەسەرلىرىدە ھەتتا سارۋاستى ۋادا مەزھىپىنىڭ نۇقتىئىنەزەرى ئىپادىلەنگەن، سارۋاستى ۋادا مەزھىپى بولسا ھىنايانا بۇددا دىنىنىڭ مەزھىپى ئىدى. بۇ ئىككى مەزھەپتىن

باشقا يەنە ھىندى بۇددا دىنىدا كېچىكىپ پەيدا بولغان باشقا مەزھەپلەرمۇ بۇ بوستانلىقتا تەۋرەنمەس ئورۇنغا چىققان. مەسىلەن، سېھىرگەرلىك ئەپسۇنلىرى بىلەن پىرىخونلۇق ئۇسۇلى ماھايانا نوملىرىدا ئالدىقاچان مەۋجۇت بولغان ھەم بۇ نەرسىلەر يوشۇرۇن بۇددا دىنىدا مەركىزىي ئورۇندا تۇرغان، مىلادىيە 4 ـ ئەسىرلەردىن باشلاپ كۇچادىكى بەزى كىشىلەر ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغان.

بەزى كۇچا راھىبلىرىنىڭ خاتىرىلىرىدىن ئاشۇ دەۋرلەردە، ئۇلارنىڭ جۇڭگودا سېھىرگەرلىك نەزەرىيىسىنى تارقاتقاندا، ئالدىن بېشارەت بەرگۈچى ۋە ئىلاھ ـ ئەرۋاھلارنى چاقىرغۇچى پىرلار بولۇۋالغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. كۇچادىن تېپىلغان ۋەسىقىلەر سانسكرىت تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان سېھىرگەرلىك توغرىسىدىكى ئەسەرلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بارلىققا كەلگەن ۋاقتى تەخمىنەن مىلادىيە 500 ~ 1000 ـ يىللار ئارىلىقىدا بولغان. بىراق، كۇچا سەنئىتىدە يوشۇرۇن تەركىب كونكرېت ئىپادىلەنمىگەن. ئەڭ ئاخىردا يەنە ئېتىكاپقا ئولتۇرىدىغان بۇددا دىنى بولۇپ، ئۇ جوڭگودا «راھىب» دېگەن نام بىلەن (سانسكرىت تىلىدىكى dhyana دېگەن نامدىن كەلگەن)، كېيىن ياپونىيىدە «Zen» دېگەن نام بىلەن كەڭ تارقالغان، كۇچا بۇددا مۇرىتلىرى ئىچىدىمۇ مۇرىتلىرى بولغان.

كۇچانىڭ دىنىي مەركەزلىرىدە يەر ئۈستىگە قۇرۇلغان بىخارا (ئىبادەتخانا) لار بىلەن تاش ئۆڭكۈر ئىبادەتخانىلىرى بولۇپ، ئالدىنقىسىنىڭ بىرەرىمۇ بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. بىراق، جۇڭگونىڭ مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلىرىدىن بىز نۇرغۇن بۇددا مۇنارلىرى بار ئىبادەتخانىلارنىڭ بولغانلىقىنى، بۇ ئىبادەتخانىلاردا بۇددا دىنى قائىدە ـ يوسۇنلىرىنىڭ قاتتىق ئىجرا قىلىنغانلىقىنى بايقالغان كۆپلىگەن مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەردىن ئىبادەتخانىلارنىڭ قائىدىلىرىنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرۈۋالىمىز[336].

كۇچا بۇددىزم سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئاساسەن قۇمتۇرا ۋە قىزىل مىڭئۆيلىرىدىكى تام رەسىملىرىدە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ تام رەسىملەر مىلادىيە 5 ~ 9 - ئەسىرلەردە سىزىلغان. قۇمتۇرا مۇزئارت دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا جايلاشقان، بۇ دەريا شەرقتىن غەربكە قاراپ ئېقىپ، كۇچانىڭ شىمالىدىكى تاغ تىزمىسىدىكى بىر تار جىلغىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. قۇمتۇرانىڭ غەربىي شىمالىغا تەخمىنەن 30 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا قىزىل مىڭئۆيلىرى بار. بۇ مىڭئۆيلەر دەريالارنىڭ ئىككى چېتىدىكى تىك قىيالارغا ياسالغان بولۇپ، ئىككى ئۈچ كىلومېتىرغىچە سوزۇلغان. ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان مىڭئۆيلەرنىڭ تۈزۈلۈش شەكلى بولسا مەركىزىي مۇنار غارى ياكى مەركىزىي بۇت مۇنار غارى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئېھتىمال بىر ئالدى ھۇجرا ئويۇلغان بولۇشى ياكى باشقا بىر ئالدى ھۇجرا ياسالغان بولۇشى مۇمكىن. غارنىڭ مەركىزىي قىسمى بىر تىك تۆت تەرەپلىك شەكىلدىكى توغرىسىغا ئېگىلگەن ئەگمە تورۇسلۇق بۇددا سارىيى بولۇپ، ئۇنىڭ ئارقا تەرىپى بىر مۇنار بىلەن ئايرىلغان، ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئېگىز تاغ سۇمېر تېغىغا سىمۋول قىلىنغان ھەمدە ئالەمنىڭ مەركىزى دەپ قارالغان. مەزكۇر مۇنار تۈۋرۈكىنى چۆرىدىگەن تار ۋە توغرىسىغا ئېگىلگەن ئەگمە ئايلانما كارىدور مەركىزىي مۇنار تۈۋرۈكىنى چۆرىدىگەن مۇنار تۈۋرۈكىنىڭ تۆت ئەتراپىنى ئايلىنىپ ماڭغىلى بولىدۇ. مۇنار تۈۋرۈكىنىڭ ئالدى تەرىپىگە دائىم بۇددىنىڭ ھەيكىلى قويۇلغان. بۇددا سارىيىنىڭ تورۇسىغا ئادەتتە تاغ - دەريالارنىڭ رەسىمى سىزىلغان، بۇ تاغ - دەريا رەسىملىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئادەتلەنگەن ئاددىي ئۇسۇل بىلەن ساكيامۇنىنىڭ دەسلەپكى تۇرمۇشى توغرىسىدىكى ھېكايە ھەمدە ئىككى تەرەپتىكى تامغا تەلىمات رەسىملىرى سىزىلغان.

مەركىزىي مۇنار تۈۋرۈكى ئۇدۇلىدىكى بۇددا سارىيىنىڭ

ئالدى تەرىپىدىكى تامغا ئاقسۆڭەك تەقۋادارلار ۋە بۇددىساتۋا سىزىلغان. كىرىش ئېغىزىدىكى ياي شەكىللىك تامغا دائىم كەلگۈسىدىكى مايترى بۇددانىڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھى ئاسمان ئىلاھىنىڭ رەسىمى سىزىلغان. مۇنار تۈۋرۈكىنىڭ كەينى تەرىپىدىكى بۇددا سارىيىنىڭ غول تېمىدا بولسا ئۇ دۇنياغا كېتىۋاتقان، نىرۋاناغا يەتمەكچى بولغان ساكيامۇنى ئىپادىلەنگەن، ئىپادىلەش ئۇسۇلى تام رەسىمى ياكى لاي ھەيكەللىرى بولسۇن، ئۇ ھەيكەل بىر ئۇزۇن سۇپىدا ياتقان ھالەتتە تەسۋىرلەنگەن(337) .



67 ـ رەسىم نوم نوملاش رەسىمى، قۇمتۇرا تام رەسىمى

بۇ دۇنيادىن كېتىۋاتقان، چىرايىدا تەبەسسۇم ئەيلەۋاتقان بۇددا بۇددا سارىيىنىڭ تۆت تېمىدىكى سەنئەت بېزەكلىرىنىڭ مەركىزىي قىسمىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان (بۇ تۆت تام ئەسلىدىلا

«بۇددا» نى ئىپادىلەيدىغان). بۇنى ھەر قايسى بوستانلىق شەھەرلەرنىڭ ئۆلۈمنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا بەرگەن تەبىرى بىلەن باغلاشقا بولىدۇ. خۇددى مىسىردىكىگە ئوخشاش، بۇ يەردىمۇ بىر خىل ئۆزىگە خاس ئۆلۈم ئۇقۇمى ئىپادىلەنگەن. گەرچە ھازا ئاچقۇچىلار بۇ ئەۋلىيانىڭ ۋاپاتىغا نىسبەتەن ئىنتايىن قاتتىق ھەسرەتلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۇنىڭ جىمجىت، بۇ دۇنيادىكى قۇتۇلغانلىقىدىن ئۆلۈمدىن تەسەللىي تاپقان.

تام رەسىملىرىنىڭ تېما دائىرىسى نوم نوملاش رەسىملىرىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، بۇددانىڭ نومىنى ئاڭلىغۇچىلار ئارىسىدا تەلىمات سۆزلەۋاتقان مەنزىرە ئىپادىلەنگەن، ئاڭلىغۇچىلار ئارىسىدا راھىبلار، راھىبەلەر، مۇرىتلار بار ئىدى. كىرىش ئېغىزىدىكى تامغا يەنە بۇددىساتۋا بىلەن ئۇنىڭغا قاراۋاتقان ئادەملەرنىڭ رەسىمى سىزىلغان. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە بۇددا (ساكيامۇنى) نىڭ تەزكىرىسىگە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن تەسىرلىك ھېكايىلەرنىڭ رەسىملىرى بار، بولۇپمۇ ئۇنىڭ بۇرۇنقى تۇرمۇشى توغرىسىدىكى رەسىملەر ئالاھىدە ئورۇننى تۇتقان. يازما ھۆججەتلەرگە قارىغاندا، بۇ خىل تېمىلار بۇددىستلارنىڭ دائىرىسى كەڭ بولغان «تەمسىلىي سۇترا» بىلەن «ئەۋۋەلىي ھايات سۇتراسى» ۋەسىقىلىرىدىن كەلگەن. مەسىلەن، قىزىل تاش غارلىرىدا 80 پارچە ھەر خىل «ئەۋۋەلىي قىسسىلىرى» رەسىمى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 60 پارچىدىن كۆپرەكىنى مۇشۇنىڭدىن چىققان دەپ بەلگىلەشكە بولىدۇ [338].

كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغىنى تام رەسىملىرىنىڭ ئاددىي ھەم چۈشىنىشلىكى ئىدى. چۈنكى، بۇ رەسىملەر ھېكايەتلەر ئىچىدىن تاللاپ ئېلىنغان ۋەكىللىك خاراكتېردىكى بىر كۆرۈنۈش بولۇپ، ئىما ـ ئىشارەت بىلەن ئىپادىلەش زۆرۈر بولغان ۋەقەلىكنىڭ جەريانىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن. بۇنىڭ ئىچىدە كۆپلىگەن پارچە ھېكايىلەرنىڭ كۆرۈنۈشلىرىنى ئۇلاپ

ئىپادىلەپ، مەلۇم مەنزىرىنى ئارقا كۆرۈنۈشكە ئورۇنلاشتۇرغان بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر دەسلەپكى چاغلاردا سىزىلغان تام رەسىملىرىنىڭ ئەكس ئەتتۇرگەنلىرىنى يەنىلا ئېتىقادتىكى بىر خىل خۇشاللىق ھېسسىيات دېسەك، ئۇنداقتا كېيىنكى چاغلاردا سىزىلغان تام رەسىملىرىنىڭ ئىپادىلەپ بەرگەنلىرىنى رەھىمسىز قۇربانلىق مەيدانى بولغان بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئاساسلىق مەزمۇن قان ئاققۇزۇپ ئۆز ـ ئۆزىنى يارىلاندۇرۇش ۋە ئۆزىنى ئۆلتۇرۇۋېلىشتۇر. بۇ يەردە ئېتىقادتىكى قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى ھەمدە كۆپلەپ تەكرارلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئارقىلىق بۇ خىل قەھرىمانلىقنى تەكىتلىگەنلىكى كۆرگۈچىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولىدۇ. پرىنسىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ خىل ئىپادىلەش شەكلى تۇرپان ماھايانا بۇددا دىنى سەنئىتىنىڭ ئەكسىچە، «ھىنايانا» غايىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بولغان.

قىزىل ۋە قۇمتۇرادىكى تام رەسىملىرى سۇ بوياقتا سىزىلغان بولۇپ، زاماسكا بېرىلگەن تامغا سىزىلغان. ۋالدشمىتنىڭ قارىشىغا ئاساسلانغاندا، بۇ تام رەسىملىرىنى ئۈچ خىل دەۋرنىڭ ئۇسلۇبىغا بۆلۈشكە بولىدۇ[339]

بىرىنچى خىل ئۇسلۇب دەۋى (بىرىنچى خىلى ھىندىستان، ئىران ئۇسلۇبى، مىلادىيە 500 ~ 600 ـ يىللار) دە، ھىندى تەركىبى مۇتلەق ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەن ھەمدە ئىران تەركىبى ئەمەلىيەتتە ئىنچىكە قىسىملاردا پەيدا بولغان. مەسىلەن، بەدىنىگە ئىران كىيىملىرىنى كىيىۋالغان ئەدەپ ـ قائىدىلىك ئادەمنىڭ، ساسانىيلار ئۇسلۇبىدىكى يۇملاق شەكىللىك بېزەكنىڭ ئىچىدىكى ئۆردەكنىڭ ۋە چۆشقا بېشىنىڭ رەسىملىرى. بىراق، بۇلارمۇ بۇددىستاتۇۋا بىلەن ئەۋلىيالارنىڭ بېزەك بۇيۇملىرىدا ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، بىر تام رەسىمى ئادىل پادىشاھنىڭ ھېكايىسىنى تېما قىلغان ئۇسلۇبتا ئىپادىلەنگەن، پادىشاھنىڭ چالغان بارىبېتىغا ئۇسۇل ئويناۋاتقان خانىش سىزىلغان[340] .



68 ـ رەسىم ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان پەرىشتە،
قۇمتۇرا تام رەسىمى، مىلادىيە 8 ـ ئەسىر

ئىككىنچى خىل ئۇسلۇب دەۋرى (ئىككىنچى خىل ھىندىستان، ئىران ئۇسلۇبى مىلادىيە 600 ~ 700 ـ يىللار) [341] دە، ئىران تەركىبى بىلەن ھىندىستان تەركىبى ئۆزلۈكسىز گىرەلەشكەن ، بۇ دەۋردە تېما دائىرىسىدە بېزەش رولىنىڭ كۈچەيتىلگەنلىكىگە سەل قارىغىلى بولمايدۇ. كۈچلۈك سېلىشتۇرما بوياقلار ئىشلىتىلگەن بولۇپ، رەسساممۇ ئوچۇق، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان رەڭلەر بىلەن چاچ ۋە تېرىنى ئىپادىلەشتىن ئۆزىنى قاچۇرمىغان؛ ئىككىنچى خىل ئۇسلۇبتىكى ئەڭ قىزىقارلىق تام رەسىملىرى ئىچىدىكى بىر پارچىسى قىزىلدىكى ماھامايا ئۆڭكۈردىكى «پادىشاھ ئاجاتاشاترۇنىڭ

ھېكايىسىدۇر» . بۇدداغا چەكسىز چوقۇنۇش بىلەن داڭ چىقارغان پادىشاھ ئاجاتاشاترۇغا بۇ ئەۋلىيانىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرىنى ئېھتىيات بىلەن ئاشكارىلاش ئۈچۈن، پادىشاھنىڭ ۋەزىرى مەييۇ ئۇنىڭغا بىر پارچە لاتىغا سىزىلغان رەسىم سوۋغا قىلىدۇ. ئۇنىڭغا بۇددانىڭ ئۆمرىدىكى تۆت چوڭ ئىشى، تۇغۇلۇش، رەزىل ئالۋاستىنىڭ ئازدۇرۇشى، بىرىنچى قېتىملىق نوم سۆزلەش ۋە ئۆلۈمى — بۇددانىڭ نىرۋاناغا يەتكەندىكى سىزىلغان، بۇ تۆت خىل كۆرۈنۈشنىڭ سەنئەت ئۇسلۇبى تامغا سىزىلغان رەسىمنىڭ قالغان قىسمىغا سېلىشتۇرغاندا خېلىلا بالدۇر، ئوڭ تەرەپ تۆۋەن تەرىپىگە ئەۋلىيا (ساكيامۇنى) ئالەمدىن ئۆتكەن چاغدا ئالەمنىڭ بىتچىت بولغانلىقى سىزىلغان. ئوڭ تەرەپ يۇقىرى تەرىپىگە پادىشاھنىڭ ئورنىدىن تۇرغانلىقى، ئۇنى تىرىلدۇرۇش ئۈچۈن، خۇش پۇراق ئىدىشقا چىلىغانلىقى سىزىلغان.

كۇچانىڭ ئۈچىنچى خىل ئۇسلۇب دەۋردە، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىكى كۆرۈلگەن بولۇپ، ئاساسەن مىلادىيە 750 ـ يىلدىن مىلادىيە 950 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى قۇمتۇرا تام رەسىملىرى ئىپادىلەنگەن؛ ئىككىنچى خىل ئۇسلۇب تىپىكلەشتۈرۈشكە مايىل بولغاچقا، ئۇنىڭدىكى ئادەم ئوبرازلىرىنىڭ بىر قىسمى كىشىگە قېلىپلاشقانلىق تۇيغۇسىنى بېرىدۇ. ھېلىقىدەك ئادەم ئوبرازلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بىرقەدەر ئەركىن بولغان، ئىنتايىن يەڭگىل شوخ سىزىقلار گەۋدىلىك ئىدى، بۇ خىل سىزىقلار سىزىپ چىقىلغان شەخسكە جان ئاتا قىلغان. بۇ دەۋر ئۇسلۇبىنىڭ ئەمەلىي مىسالى قىلىشقا بولىدىغىنى ئەمەلىيەتتە جۇڭگولاشتۇرۇلغان بىر بۇددىساتۋا بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچىسىدىكى كىيىم ۋە لېنتىلارنىڭ سىزىقلىرى ئىنتايىن راۋان، سىلىق ئىپادىلەنگەن. تاڭ دەۋرىدىكى جۇڭگوچە ئوبرازلارغا مۇناسىۋەتلىك ئەڭ قايىل قىلارلىق دەلىل ـ ئىسپاتلار (بىز دۇنخۇاڭدا كۆرگىنىمىزدىكىدەك) ئاخىرقى دەۋردىكى

ئەسەرلەردە ساقلىنىپ قالغان. بۇ ئەسەرلەردىن ھىندىستان بىلەن ئىراننىڭ تەسىرى ئىزنالىرىنى كۆرەلەيمىز. ئۇچۇۋاتقان پەرىشتىلەرنىڭ چىرايلىق ئۇزۇن كىيىملىرى، ئۇلار جۇڭگونىڭ تەسىرىگە ئوچۇق ئۇچرىغان ئاخىرقى مەزگىللەردىكى تىپلار. لېكىن، ئىسلام دىنىغا كۆچۈشنىڭ ئالدىدىكى كۇچا بۇددىزىم سەنئىتىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا ھېچقانداق نەرسە ساقلىنىپ قالمىغان. شۇڭا، ئۇنى باشلىنىشتىلا بىر ئىزدا توختاپ قالغان ياكى ئاجىزلىشىپ كەتكەن دەپ قاراشقا بولمايدۇ.

كۇچانىڭ ئەتراپىدىكى ئېكىسكۇرسىيە قىلىشقا ئەڭ ئەرزىيدىغان ئارخېئولوگىيىلىك نۇقتا قىزىل بىلەن قۇمتۇرادىكى مىڭئۆيلەردۇر. بۇ يەرلەردە قىيا تاشلارغا كۆپلىگەن تۇرمۇش غارلىرى ۋە ئىبادەت قىلىدىغان غارلار ئويۇلغان، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسمى نەچچە ئون يىللار ئىلگىرىلا بايقالغان ۋە تەتقىق قىلىنغان. بۇ غارلاردا مۇكەممەل بولغان تام رەسىملىرى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇسلۇبى ھىندىستان، ئىران دەۋرلىرىدىن باشلىنىپ ئىسلامىيەتكىچە داۋاملاشقان. بۇ تاش غار ئىبادەتخانىلىرى، بۇت سارىيى ئالدى ھۇجرا ۋە كىرىش ئېغىزى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، بۇ نەرسىلەر بىزنى تۆۋەندىكى پاكىتلارغا سەل قارىماسلىققا ئۈندەيدۇ. كۇچادا يەنە كۆپلىگەن يەر ئۈستىگە سېلىنغان بۇددىزىم ئىمارەتلىرى بولغان ، لېكىن بۇ ئىمارەتلەر بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ قالالمىغان. مەسىلەن، كۇچانىڭ غەربىدىكى سۇبېشىدا لايدا سوقۇلغان بۇ ئىمارەتلەرنىڭ خارابىلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. كۇچانىڭ يەرلىك مۇزېيى ۋە بېرلىن ھىندىستان سەنئەت مۇزېيىنى كۆرگەن كىشىدە كۇچادىكى تام رەسىملىرى بىلەن دىندىن تاشقىرى بىناكارلىق چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ.

## مەدەنىيەتلەرنىڭ كېسىشىش نۇقتىسى - تۇرپان

ھەرقانداق بوستانلىقلار مەدەنىيەت قىياپىتى جەھەتتە

تۇرپانغا ئوخشاش رەڭدارلىقتا باي ئەمەس. تۇرپان شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان چوڭ يول بىلەن جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان چوڭ يولنىڭ كېسىشكەن نۇقتىسىغا جايلاشقان، شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان بۇ يول قۇمۇلدىن ئۆتۈپ موڭغۇل يايلىقىغا كىرگەن ھەمدە دۇنخۇاڭغىچە تۇتاشقان. جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان يول بولسا كروران بىلەن تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىنى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي يېقىدىكى يىپەك يولى بىلەن تۇتاشتۇرغان. شۇڭا، تۇرپاننىڭ ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك ئورنى ئۇنى شەرقنىڭ كۆپلىگەن ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلىرىنىڭ توپلانغان نۇقتىسىغا ئايلاندۇرغان.

تۇرپان تېغىدىكى بېزەكلىك مىڭئۆيلىرى ئىچىدە ئۆلۈپ كەتكەن بۇددا (ساكيامۇنى) غا تەزىيە بىلدۈرۈۋاتقانلارنىڭ تەسۋىرى سىزىلغان تام رەسىمى بار، ئۇ تام رەسىمى بۇ يەرگە يىغىلغان ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ خىلمۇخىل قىياپەتلىرىنى ئوچۇق ئىپادىلىگەن. يەنە بۇ تام رەسىمىدە، غەربىي تۈركىي مىللەتلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ پورترېتى مۇبالىغە ئۇسۇللىرى بىلەن ئىپادىلەنگەن. بۇ رەسىمنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ئۆتكۈرلۈك كۆزىتىپ ئادەمنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغايدىغان ھۈنىرى بىلەن بۇ خىل ئالاھىدىلىكنى قايتا گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەنلىكىنى ئوچۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بۇنچە كۆپ مىللەتلەرنىڭ بۇ جايغا توپلىنىشىنىڭ قىسمەن سەۋەبى ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى ئاساس قىلغان بولسا، يەنە بىر قىسمەن سەۋەبى بۇددا نامايەندىسىنى ئاساس قىلغان. بۇ خىل كۆپ مىللەت ئالاھىدىلىكى تۆۋەندىكى پاكىتلاردىن دەلىلگە ئىگە بولالايدۇ. تۇرپاندا ساقلىنىپ قالغان تارىخىي ھۆججەتلەر ھەرخىل تىللار بۇلار لاتىن يانتۇ يېزىقىدىن (ئېفتالىتلار، يەنى ئاق ھۇنلار بۇ خىل يېزىقنى ئىشلەتكەن) تارتىپ سۇرىيە يېزىقىغىچە، ھەتتا خەنزۇ يېزىقىغىچە 24 خىل يېزىقتا يېزىلغان.

ھىندى نوملىرى كۆپىنچە بىراھمى يېزىقى بىلەن يېزىلغان. بۇ يېزىقنىڭ بىر قانچە خىل ئوخشاش بولمىغان خەت شەكىللىرى بار (342) .

مەدەنىيەت جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تۇرپان خۇددى بىر پارچە بۇلۇتقا ئوخشاش ھەرقايسى تەرەپلەردىن مەنىۋى مەزمۇن بىلەن يېزىق شەكىللىرىنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى بىرلىككە كەلتۈرەلمىگەن ھەم كۆلەملەشتۈرەلمىگەن. شۇنى كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، مەلۇم مەدەنىيەت يۇزلىنىشى يېتەكچى ئورۇندا تۇرغان، بولۇپمۇ ھېلىقىدەك جۇڭگوچە روھ بىلەن تۈرك ـ ئۇيغۇرچە روھ يېتەكچىلىك قىلغان مەدەنىيەت. شۇڭا، كىشىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغايدىغىنى شۇكى، بۇ بوستانلىق ئەنئەنىسىنىڭ خەلقئارالىششىغا باي بولۇشى، يەنى تەرەپ ـ تەرەپتىن كەلگەنلەرنىڭ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇشى ئىدى.

تۇرپاندىن تېپىلغان يازما ھۆججەتلەر دۇنياۋى دىنلار بولغان بۇددا دىنى، خرىستىئان دىنى، مانى دىنى ۋە كېيىنكى ئىسلام دىنى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن، يەنە بۇ ھۆججەتلەرنىڭ بىر قىسمى قوشنا دۆلەتلەرنىڭ خەلق ئارىسىدىكى دىنلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسىمۇ لېكىن بۇ دىنلار ئەينى چاغدا ئۇزاق مۇددەتلىك تەسىر پەيدا قىلالمىغان. مەسىلەن، ئويما پۈتۈكلەر بىلەن قېزىۋېلىنغان ئۇ دۇنيالىق نەرسىلەر شۇنى ئىپادىلەپ بېرىدۇكى، ئەينى چاغدىكى كىشىلەر كۆڭۈزچىلىق بىلەن تەرىقەت ئېقىمىدىكى كلاسسىك ئەسەرلەرنى چۈشەنگەن (343) .

بەزى ھىندىستان تەركىبلىرى بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشى ئارقىلىق تۇرپانغا تارقالغان. بۇنىڭ ئىچىدە ھىندى دىنىدىكى بىر قىسىم ئىلاھلارنىڭ بۇددا دىنى ئىبادەتخانىلىرىدا مۇقىم ئورنى بولۇپلا قالماستىن، يەنە مانى دىنى سەنئىتىدىمۇ ئىپادىلەنگەن. يەنە بۇنىڭ ئىچىدە ھىندىستاننىڭ دىندىن تاشقىرى ۋە دىنىي

ھېكايىلىرىمۇ بارلىرى بايقالغان. مەسىلەن، ھىندىستاننىڭ «بەش جىلدلىق كىتاب» تىكى ھېكايىلەر بىلەن رىۋايەتلەردىكى راما توغرىسىدىكى رىۋايەتلەردۇر[344].

گەرچە تۇرپاندا نېستورى دىنىغا ئائىت يازما ھۆججەتلەر ساقلىنىپ قالمىغان بولسىمۇ، لېكىن بىز جۇڭگوغا كەلگەن ئىران سودىگەرلىرىنى بۇ دىننىڭ ۋەكىللىرى دېگەن تونۇشقا كېلىمىز[345]. مىلادىيە 7 ~ 8 - ئەسىرلەردە تارىم ئويمانلىقىنى تۇبۇتلەر بېسىۋالغان، ئۇ يەردە ساقلىنىپ قالغان تۇبۇت يېزىقىدىكى بۇددا دىنى ھۆججەتلىرى بايقىلىپلا قالماستىن، يەنە قەدىمكى تۇبۇتلەرنىڭ بېن دىنى ھۆججەتلىرىمۇ بايقالدى[346].

خرىستىيان دىنى بىلەن مانى دىنىنى تارقىتىش پائالىيەتلىرىدىن شۇنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، سۇرىيىلىكلەرمۇ تۇرپانغا كەلگەن، چۈنكى كۆپلىگەن سۇرىيە يېزىقى ۋە سوغد يېزىقىدىكى ھۆججەتلەردىن ئۇلارنىڭ ئىزلىرىنى بايقىيالايمىز. گەرچە يېقىن شەرقنىڭ خەلق ئارىسىدىكى دىنلارغا ئائىت يازما ھۆججەتلەر ساقلىنىپ قالمىغان بولسىمۇ، لېكىن مەدەنىيەت ئەھمىيىتىگە ئىگە يازما ھۆججەتلەر ساقلىنىپ قالغان. سۇرىيە يېزىقىدىكى بىر پارچە تېبابەتچىلىككە ئائىت يازما ھۆججەتتە چاش چۈشۈشنى داۋالايدىغان رېتسېپ خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ كېلىش مەنبەسى گرېتسىيىنىڭ ئەنئەنىۋى تېبابەتچىلىكى ئىكەن[347]. ساقلىنىپ قالغانلىرىنىڭ ئىچىدە ھەتتا يۇنان ھېكايەتلىرىمۇ بار ئىكەن. مەسىلەن، «ئىزوپ مەسەللىرى» ۋە مانى دىنىدىكى ئەسەرلەر، يەنە «گىگانت ئادەمنىڭ تەرجىمىھالى» مۇ بولۇپ، ئۇ يەھۇدى ئەدەبىياتىنى ئاساس قىلغانىكەن[348]. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز مانى دىنى مۇرىتلىرىغا رەھمەت ئېيتىشىمىز كېرەك. چۈنكى، ئاشۇلار غەرب - شەرق ئارىسىدا ئەدەبىيات بايلىقلىرىنى تارقاتقۇچى ئۇلۇغلاردۇر[349]. شۇڭا، دۇنياۋى دىنلارنىڭ بۇ

بوستانلىقنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە قوشقان تۆھپىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇھاكىمە قىلىش كېرەك. ئالدى بىلەن نەزەرىمىزنى كۆلىمى 50 نەچچە مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ تارىخى ۋە ئىجتىمائىي سىياسىي ئەھۋالىغا قارىتايلى.

تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى قۇملۇق قاپلاپ تۇرىدىغان ھاياتلىق رايونلىرىدا ئەڭ بالدۇر ياشىغان مىللەتلەر پارسلار ۋە باشقا ھىندى - ياۋروپا قان سىستېمىسىدىكى قەبىلىلەر بولۇپ، تەھلىل ۋە تەتقىقاتلار ئۇلارنىڭ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 10 - ئەسىرلەردە، ھەتتا تارىختىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىلا بۇ يەردە مەۋجۇت بولغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئەنە شۇ دەۋردىن ساقلىنىپ قالغان ئەسۋاب ۋە قورال - ياراغلار بۇنىڭ دەلىلى بولالايدۇ [350].
قۇمۇلدىن ئىككى مومىيا بايقالغان، ئېھتىمال ئاشۇ دەۋرگە تەۋە بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇلارنىڭ چاچلىرى ئالتۇندەك ئىكەن [351].

مىلادىيىدىن بۇرۇنلا تۇرپان ئەتراپلىرىدا كۆچمەن (بەلكىم شۇ يەردە مۇقىم ئولتۇراقلاشقان بولۇشى مۇمكىن) چارۋىچىلىق بىلەن ياشىغان ئىران مىللەتلىرى ئارىسىدا ساكلارنىڭ ئەجدادى بولۇشى مۇمكىن. كېيىن بۇلار تېخىمۇ غەربكە قاراپ مېڭىپ، خوتەن، مارالبېشى، تۇمشۇق قاتارلىق جايلاردىكى بوستانلىقلاردا، بولۇپمۇ «ساكىستان» دىن ئىبارەت ئىران بىلەن ئافغانىستاننىڭ ئارىسىدىكى جەنۇبىي قىسىم چېگرا رايونلىرىدا ئولتۇراقلاشقان؛ يەنە بەزىلىرى ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىي رايونلىرىدا ئولتۇراقلاشقان. قىياسىمىزچە، مىلادىيىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بىر قانچە ئەسىرلىرىدىلا بۇ بوستانلىقتا شەرقىي ئىران سوغدلىرىنىڭ بىر كۆچمەنلەر رايونى بولۇپ، ئۇ رايون تۈركلەرنىڭ شەھەر مەدەنىيىتىگە مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇيغۇرلار ئۇلارنىڭ نوكەش شەكىللىك قەلىمىنى ۋە يېزىقىنى

ئىشلەتكەن ھەمدە يايلاق مەزگىلىدىلا ئۇلارنىڭ ئېخىمۇ مەدەنىي بولغان شەھەر تۇرمۇش ئۇسۇلىنى چۈشەنگەن. شۈبھىسىزكى، تۇخارلارمۇ تۇرپاندا ئولتۇراقلاشقان، بۇ ئۇلارنىڭ يېقىن ئەتراپتىكى بوستانلىق كۆچا ۋە قاراشەھەرگە كۆچۈشىنىڭ ئالدىدىكى مەزگىللەر ئىدى بىراق، تۇرپاندا بۇ ۋاقىتتىكى ھۆججەتلەر ساقلىنىپ قالمىغان.

ھالبۇكى، مۇھىمى جۇڭگولۇقلارمۇ دەسلەپكى مەزگىلدىكى تۇرپاننىڭ مەدەنىيەت قىياپىتىنى بەلگىلىگەن. شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا (مىلادىيە 25 ~ 220 ـ يىللار) جۇڭگو قوشۇنلىرى بۇ شەھەردە تۇرغان (ئۇلارنىڭ يەنە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ۋەزىپىسى بولغان) . بۇ شەھەر قورغان شەكلىلىك ئېگىزلىكتە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان، دەريا قېشىدىن 30 مېتىرچە ئېگىز بولۇپ، بۈگۈنكى تۇرپان شەھىرىنىڭ غەربىگە 10 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا ئىدى. بۇ ئاھالىلەر رايونىنى جۇڭگولۇقلار يارغول، تۈركلەر يارخوتو دەپ ئاتىغان. تاڭ دەۋرىگىچە بۇ شەھەر ئۈزلۈكسىز كېڭەيگەن، بۇ جەرياندا ئۇ تەبىئىي قوغدىنىش ئورنىغا ھەربىي قوشۇندىن باشقا، يەنە سودىگەرلەر، ئەمەلدارلار ۋە دېھقانلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ تۇرالغۇ جايلىرىنى قۇرۇۋېلىشقان. بۈگۈنكى كۈندە بۇ جايدا ئۆرۈلۈپ چۈشكەن تاملاردىن چوڭ بىر شەھەر خارابىسى ھاسىل بولغان. ئۇ يەردە ھەتتا مانى دىنى ۋە بۇددا دىنى راھىبلىرىمۇ ئولتۇراقلاشقان، يارغولدىكى ئىبادەتخانىلاردىن بايقالغان يازما ھۆججەتلەردىن بۇ ئەھۋاللارغا ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندىمۇ بۇ جايدىن يەنىلا ئىككى بۇددا ئىبادەتخانىسى ۋە بىر چوڭ تىپتىكى بۇددا مۇنارىنىڭ قورۇق تاملىرىنى، بۇددا مۇنارى ئەتراپىدىكى بىر قىسىم كىچىك ئىبادەتخانىلارنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ شەھەرنى دەسلەپتە جۇڭگولۇقلار قورغان ئورنىدا پايدىلانغان، كېيىن ۋاقىتنىڭ

ئۆتۈشى بىلەن باشقا ئاھالىلەرمۇ كەلگەن. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىردىن مىلادىيە 5 ـ ئەسىرگىچە، يارغول قوش پادىشاھلىقىنىڭ پايتەختى بولغان. مىلادىيە 7 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، تاڭ سۇلالىسى بۇ جايدا ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى قۇرغان، كېيىن بۇ مەھكىمە كۇچاغا كۆچۈرۈلگەن.

يارغول ئۆزىنىڭ ئورنىنى يوقاتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىنى قوجو شەھىرى ئالغان. كېيىنكىسى مۇستەھكەم سېپىللىق شەھەر بولۇپ، بۈگۈنكى تۇرپان شەھىرىنىڭ شەرقىگە تەخمىنەن 30 كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا توغرا كېلىدۇ[352].

قوجو مەشھۇر «يالقۇنتاغ» نىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە جايلاشقان، بۇ تاغ تىزمىسى قىزىل رەڭلىك قۇمتاشتىن شەكىللەنگەن بولۇپ، ياز پەسلى كەلگەندە ئوتتەك قىزىپ كېتىدىكەن. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى پادىشاھ ليۇچېي (خەنۋۇدى، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 87 ~ 141 ـ يىللار) ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقىتلاردىلا قوجو شەھىرى قۇرۇلغان. مىلادىيە 5 ~ 3 ـ ئەسىرلەردە، قوجو شەھىرى جۇڭگو ئالدىنقى سەپ قوشۇنلىرىنىڭ قارارگاھى بولغان. مىلادىيە 9 ـ ئەسىردە ئۇيغۇرلار كۆچۈپ كەلگەنگە قەدەر، ئۇ جاي ئىزچىل جۇڭگو ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇپ كەلگەن. تاڭ دەۋرىدىن تارتىپ، بولۇپمۇ 640 ـ يىللاردىن باشلاپ، بۇ يەرلىك پادىشاھلىقلار بىر خىل بوش بولغان بېقىندىلىق مۇناسىۋىتى بىلەن جۇڭگو پادىشاھلىرىغا ئىتائەت قىلىپ كەلگەن. كېيىنكى ئىككى ئەسىر ئىچىدە قوجو گۈللىنىشنى باشتىن كەچۈرگەن.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، پايتەخت چاڭئەن ئۈلگە قىلىنىپ لاي ـ توپىلاردىن ئېگىز ۋە چوڭ بولغان يېڭى شەھەر سېپىللىرى تىك تۆت تەرەپلىك شەكىلدە چىڭداپ سوقۇلغان بولۇپ، پادىشاھ ئوردىسى بىر كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان شەھەر مەركىزىگە

جايلاشقان. بۇ شەھەرنىڭ تۆت بۇلۇڭىغا قارىغاندا بۇددا ئىبادەتخانىلىرى سېلىنغاندەك قىلىدۇ. قوچو بىلەن تۇرپاننىڭ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن بۇرۇنقى تارىخىنىڭ جۇڭگو تارىخى بىلەن باغلىنىش دەرىجىسى جۇڭگونىڭ قويما تەڭگە پۇللىرى، ئويما يېزىقىدىكى خاتىرىلەر ۋە ئارخېئولوگىيە ئورۇنلىرىدا بايقالغان نەرسىلەر، يەنە جۇڭگونىڭ يىلنامىلىرى، ساياھەت خاتىرىلىرى ھەممىدە شۇ دۆلەتنىڭ قامۇسلىرىمۇ ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرەلەيدۇ.

بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان تۇرپاندىن چىققان بۇيۇملار ئىچىدە ۋاقتى خاتىرىلەنگەن ئەڭ بۇرۇنقى جۇڭگو يېزىقى (خەنزۇ يېزىقى) دا يېزىلغان يازما ھۆججەت مىلادىيە 344 ـ يىلى يېزىلغان. مىلادىيە 400 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، ھىندىستانغا ھەج ـ تاۋاپقا بارغان دەرمەپەترە غەربكە بېرىش سەپىرىدە قوچودىن ئۆتكەن. لېكىن، ئۇ بۇ جاينىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا ھېچقانداق خاتىرە قالدۇرمىغان. ناھايىتى ئېنىقكى، تۇرپان بۇددا دىنىنىڭ مەركىزى بولۇش بىلەن ناھايىتى ھىم ئورۇننى تۇتۇپ كەلگەن، لېكىن ئۇ ئىشتىن كېيىن يۈز بەرگەن ئەمەلىيەت. خۇيتساڭ ياشىغان دەۋر مىلادىيە 7 ـ ئەسىردە قوچوغا ھۆكۈمرانلىق قىلغانلار جۇڭگونىڭ يەرلىك پادىشاھلىقلىرى ئىدى، ئەينى چاغدا ھىندىستاندىن تارقىلىپ كىرگەن بۇ خىل دىن ئاللىقاچان مۇھىم رول ئويناشقا باشلىغان. بۇ ئەھۋاللار بولۇپمۇ تۆۋەندىكى پاكىتلاردا ئەكس ئېتىدۇ: كىشىلەر جۇڭگودىن كەلگەن بۇ بۇددا پىرىنى ئۆزلىرىگە ساۋابلىق بېرىشكە تەكلىپ قىلىشقان ھەممىدە ئۇنى داۋاملىق غەربكە ماڭغىلى قويماي، ئۇنىڭ خىزمىتى ئارقىلىق دۆلەتكە بەخت كەلتۈرۈشنى ئۈمىد قىلىشقان. پەقەت خۇيتساڭ ئاچلىق ئېلان قىلىپ قارشىلىق قىلغاندىن كېيىنلا، قوچو پادىشاھى ئاندىن ئۇنىڭ سەپەرگە ئاتلىنىشىغا يول قويغان ھەممىدە بۇ ئەزىز مېھماننى ھەتتا يولدا لازىملىق يېمەكلىكلەر ۋە يول خېتى بىلەن يولغا سالغان.

تۇرپاننىڭ دەسلەپكى جۇڭگو مەدەنىيىتىگە ئائىت ماددىي بۇيۇم ئىسپاتلىرى ئىچىدە ھەرخىل نەرسىلەر بولۇپ، دىندىن تاشقىرى بولغان ۋە دىنغا ئائىت بولغان يازما ھۆججەتلەر بايقالدى. جۇڭگونىڭ بۇ بوستانلىقتا مەمۇرىي جەھەتتىكى باشقۇرۇشنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ بالدۇر ئىسپاتلار ئىچىدە، ئاستانىدا بايقالغان يازما ھۆججەتلەر بىلەن «تۇرپان تېكىستلىرى» بار ئىدى. ئۇنىڭدا بۇ بوستانلىقنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە قانۇن تۇرمۇشىنىڭ نۇرغۇن ئىنچىكە ھالقىلىرى تونۇشتۇرۇلغان (353).

بۇ يازما ھۆججەتلەردىن باشقا، يەنە كۆپ مىقداردىكى خەنزۇچە ماتېرىياللارمۇ بولۇپ، مەزمۇنى مەمۇرىي، ھەربىي ۋە شەخسىي مەسىلىلەرگىچە مۇناسىۋەتلىك. دىنىي تەرەپكە مۇناسىۋەتلىك بولغان ماتېرىياللارنى موڭغۇل ئىستىبلاسى دەۋرىگىچە سۈرۈشتۈرۈشكە بولىدۇ (354). بۇنىڭ ئىچىدە بۇددا دىنى مەزمۇنى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.



69 ـ رەسىم ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ئويۇنچىلار رەسىمى

يازما ھۆججەتلەرنىڭ شۇنچە كۆپ بولۇشى بۇ بوستانلىقتىكى بۇددا دىنىنىڭ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىكىنىڭ ئىنتايىن قويۇق

ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. كېيىن تۇرپاندا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار مىلادىيە 9 ـ ئەسىردىن باشلاپ، يەنە ھىندى يېزىقى ۋە تۇخار يېزىقىدىكى بۇددا دىن ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلماي، بەلكى خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەردىن تەرجىمە قىلىدىغان بولغان. ئۇلۇغ تەرجىمان سىڭقۇسەلى تۇتۇقنىڭ (مىلادىيە 10 ـ ئەسىردە ياشىغان) ئوبرازى تارىختا ئىنتايىن مەشھۇر. ئۇ نۇرغۇن دىنىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىپلا قالماي، يەنە خۇيتساڭنىڭ ھاياتى يېزىلغان ئەسەرنىمۇ خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان[355]. تۇرپاننىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدىكى بۇددا دىنىنىڭ ماھايانا مەزھىپىدىكى جۇڭگوچە ئالاھىدىلىكى ئىنتايىن ئېنىق بولۇپ، بۇ نۇقتىنى تۆۋەندىكى ئەھۋاللار ئىسپادىلەپ بېرەلەيدۇ: بېزەكلىك مىڭئۆيلىرىدىكى تام رەسىملىرىدە بۇددانى كۈتۈۋاتقان ئۇيغۇر پۇقرالىرى بىلەن راھىبلىرىنىڭ تەسۋىرى بولۇپلا قالماي، جۇڭگو راھىبلىرىنىڭ تەسۋىرىمۇ بار. بۇنىڭ ئىچىدە بىر قىسمى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن خەنزۇ يېزىقىدا تېمىسى تەڭ يېزىلغان.

ۋەھالەنكى، جۇڭگونىڭ بۇددا دىنىدىن باشقا، جۇڭگونىڭ قەدىمىي مەدەنىيىتى ۋە دىنى تۇرپاندا ئۆزلىرىنىڭ ئىزلىرىنى قالدۇرغان. قوجونىڭ شىمالىغا جايلاشقان ئاستانە قەبرىستانلىقىغا ئاساسەن جۇڭگولۇقلار دەپنە قىلىنغان، قەبرە ئۆيلىرى ئادەتتىكى ئەگمە شەكىلدە بولسىمۇ، لېكىن بەزى قەبرە ئۆيلىرىگە ئېسىل ئاخىرەتلىك نەرسىلەر قويۇلغان. بۇ يەردە خەنزۇلارنىڭ ماددىي مەدەنىيىتى ۋە دىنىي مەدەنىيىتىنىڭ كونكرېت ماددىي ئىسپاتلىرى ساقلىنىپ قالغان. بۇ قەبرىستانلىقتا مەيلى يىراق ياكى يېقىندىن بولسۇن، ئىشقىلىپ ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەنلەرنىڭ جەسەتلىرى دەپنە قىلىنغان. تۇرپان بوستانلىقى ئىنتايىن قۇرغاق بولغاچقا، بىزگە نۇرغۇنلىغان قۇرۇق جەسەت (مومىيا) لەرنى ساقلاپ بەردى.



70 ـ رەسىم ئاستانە قەبرىستانلىقىدىكى رەسىملەر

چىرىشنىڭ ئالدىنى ئالغۇچى دورىلار بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، بۇ جەسەتلەرنىڭ بىر قىسمى شۇنداق ياخشى ساقلىنىپ قالغانكى، ھەتتا بۇنىڭ ئىچىدىكى 1300 يىل ئىلگىرى ئالەمدىن

ئۆتكەن جەسەتنىڭ چىراي ئىپادىسىنى ھازىرمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. بەزى مومىيالارنىڭ سالاھىيىتىگە توغرا ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ مەسىلەن، تاڭ سۇلالىسى سانغۇنى جاڭ شيۇڭنىڭ جەسىتى مانا شۇنداق. ئۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى غەربىي قىسىمنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان ئەڭ ئالىي قوماندان ئىدى[356].

ئاستانە قەبرىستانلىقى 10 كۋادىرات كىلومېتىر بولۇپ، تەخمىنەن 600 يىل ۋاقىت ئىچىدە (مىلادىيە 265 ~ 850 ـ يىللار)، كىشىلەر بۇ يەرگە ھەرقايسى قاتلام كىشىلىرىنى دەپنە قىلىشقان. بۇنىڭ ئىچىدە پادىشاھمۇ، ئەمەلدارمۇ، سودىگەرمۇ ھەتتا دېھقانلارمۇ بار. سېر ستەين ئاستانىدىكى نۇرغۇن ئاخىرەتلىك بۇيۇملارنى ھىندىستانغا يۆتكەپ كەتكەن. پەقەت 1906 ـ يىلىدىن 1909 ـ يىلىغىچە بولغان ئارلىقتىلا 144 قەدىمىي قەبرىنى ئاچقان، ئۇلارنى مىلادىيە 5 ~ 7 ـ ئەسىرلەرگە تەۋە قەبرىلەر دەپ كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇنىڭ بىر قىسمى ئىنتايىن ھەشەمەتلىك ئىدى، ھازىرغىچە بۇنداق قەبرىدىن 400 دىن كۆپرەكى بارلىقى ئېنىقلاندى.

قەبرىستانلىقنىڭ ئىجتىمائىي دائىرىسى ئىنتايىن كەڭرى بولغاچقا، شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا قوشۇپ دەپنە قىلىنغان ئاخىرەتلىك نەرسىلەرنىڭ ئۆلچىمى ۋە سۈپىتى خىلمۇ خىل، پەرقى خېلى چوڭ. ئاستانىدىن قېزىۋېلىنغان قەغەزگە سىزىلغان رەسىملەرنىڭ تۈرلىرىدىن تىپىك تاڭ سۇلالىسى ئۇسلۇبىدىكى چىرايلىق رەڭلىك سىزما، ئارتىسلارنىڭ ئويۇنى تەسۋىرلەنگەن تېز سىزما ھەمدە ئاددىيلا سىزىلغان رەسىملەرمۇ بار. ئاخىرەتلىكلەر ئىچىدە يەرلىك ھاكىمىيەتنىڭ ئەزالىرى ۋە زىيارەتچىلەرنىڭ كىچىك ھەيكەللىرى (خۇددى بىز چاڭئەندىكى خانلىق قەبرىستانلىقتىن قېزىپ چىققان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا ئوخشاش) بار. ئۇلاردىن سىرت، باشقا

ھەيكەللەرمۇ بار. مەسىلەن، چەۋەندازنىڭ، ھۈنەرۋەنىنىڭ، ئۆي



71 ـ رەسىم پىر ئاتا، تۇۋە ئانىنىڭ رەسىمى، ئاستانىدىن قېزىۋېلىنغان

ئىشى قىلىۋاتقان ئايالنىڭ، ھەتتا غەلىتە ھايۋان سىياقىدىكى ۋاجىراپالۋاننىڭ ھەيكەللىرى قاتارلىقلار [357] . جۈڭگولۇقلار ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن يەنىلا تۇرمۇش كەچۈرىدۇ دەيدىغان كۆز قارشنى ئاخىرەتلىك بۇيۇملار ئىچىدە، يېمەكلىكلەر ئىسپاتلايدۇ. مەسىلەن، تاتلىق - تۇرۇملەر ھەمدە كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىمۇ بار.

ئاستانىدىكى گۈزەل سەنئەتتە دائىم بىرلا ئېتىقادنى تېما قىلغان ئەھۋال دائىم كۆرىلىدۇ، يەنى پىر ئاتا بىلەن نۇۋ ئانا ئۇلارنىڭ تېنىنىڭ تۆۋەن تەرىپى يىلان شەكلىدە بولۇپ، ئۆزئارا چىرمىشىپ كەتكەن ھەمدە ئالەمگە سىمۋول قىلىنغان شەكىللەر بىلەن بېزەلگەن [358] . بۇ خىل «ئەركەك - چىشى جۈپ يىلان» نىڭ ئەڭ مۇھىم مەنىسى ئالەمنىڭ باشلىنىشىغا سىمۋوللۇق قىلىدۇ، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى نەزىر - چىراغ ئىبادەتخانىلىرىدا ۋە قەبرىلەرنىڭ تام رەسىملىرىدە ئاللىقاچان بۇ خىل ئوبرازلار بولغان [359] .

ئاستانىدىكى قەبرە تېشىغا ئويۇلغان يېزىقلار بىزنى جۇڭگولۇقلارنىڭ ھاياتلىق ئۇقۇمى ۋە دۇنيادىكى ئارزۇ - ئۈمىدلىرى توغرىسىدىكى يازما ئىسپاتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ ئويما يېزىقلار ئۆلچەملىك تەزكىرە شەكلىدە ئۆلگۈچىنىڭ ھاياتىنى ئەخلاقتا باي تۇرمۇش ئىستىلى، بولۇپمۇ باللارنى قىزغىن سۆيۈش ۋە دۆلەتكە سادىق بولۇشنىڭ ئەھمىيتى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن. بۇ دۇنيانىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىرى بىر قىسىم بۇددا دىنىي ئىبارىلىرى بىلەن شەرھلەنگەن، ئېھتىمال بۇلار ئىلگىرى پۈتۈنلەي خەلق ئېتىقادى بىلەن خاراكتېرلەنگەن ماتېرىياللارغا سىڭىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، مىلادىيە 667 - يىلى جىيا فامىلىلىك بىر ئايالنىڭ قەبرە تېشىغا ئويما يېزىقلار بىلەن مۇنۇلار پۈتۈلگەن: «تەڭرى ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان ھايات بولسا چەكلىك، چۈنكى ئۇ ھەش - پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كېتىدۇ،

ئۇنى ئۇزارتقىلى بولمايدۇ. خۇددى چاقماق چاقاندەك، توختىتىۋېلىشقا بولمايدۇ. يىللارمۇ ئۆزىنىڭ ئاخىرقى ئۇچىغا بېرىپ قالدى، هاياتمۇ خوراپ تۈگىدى. . . . . . يېشىل تاش دەرىخىمۇ قۇرىدى، ئۇ بۇ كۈنلەردىن مەڭگۈگە ئايرىلدى. (بۇ دۇنيانىڭ) ئازاب - ئوقۇبەت تورلىرىنى مەڭگۈلۈك يىرتىپ تاشلىدى.» (360).

ئۆلگۈچىنىڭ قەبرىگە سولانغانلىقىدىن قايغۇرلانغانلىقى قايتا - قايتا ئىپادىلەن ھەمدە ئىشەنچكە تولغان بىر ئاھاڭنىڭ ئەكس ساداسى ياڭرىتىلغان بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، مىلادىيە 681 - يىلى بىر ۋەزىرنىڭ قەبرە تېشىغا ئاددىي، ئەمما تەسىرلىك بولغان تۆۋەندىكى سۆزلەر ئويۇلغان: «ئۇ بۇ يەردىن ئايرىلىپ باشقا بىر دۇنياغا كېتىپ قالدى» (361). بىز بۇ يەردە ئېيتىلغان باشقا بىر دۇنيانىڭ بۇ دۇنيانىڭ داۋامى، كىشىلەر ئۇ يەردە بۇ دۇنيادىكىدەك يېمەك - ئىچمەك ۋە مالايلارغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ، ھەتتا ئۇ يەردە كلاسسىك ئەسەرلەرنى ئۆگىنەلەيدۇ دەپ قارىغانلىقىنى قىياس قىلالايمىز. مەسىلەن، بىر قەبرىدىن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە (710 - يىللار ئەتراپىدا) قولدا كۆچۈرۈلگەن بىر كىتاب بايقالدى. ئۇزۇنلۇقى 5.2 مېتىر كېلىدىغان بۇ كىتابقا كۇڭزىنىڭ «مۇھاكىمە ۋە بايان» دېگەن ئەسىرى كىرگۈزۈلگەن ھەمدە خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى بىر ئالىمنىڭ باھا ئىزاھاتلىرى قوشۇمچە قىلىنغان (362).

كۇڭزىچىلىق تۇرمۇش ئىستىلىنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتىكى قىممىتى يىپەك يولىدا ساقلىنىپ قالغان باشقا ماددىي نەرسىلەر بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ. مەسىلەن، كروراندە بايقالغان يازما ھۆججەتلەر (363) شۇڭا، بىز ھەتتا ناھايىتى يىراقتىكى «غەربىي يۇرت» بىلەن جۇڭگولۇقلارنىڭ مەنىۋى ئېتىقادى جەھەتتىمۇ مەلۇم بىردەكلىك بار دېيەلەيمىز.



72 ـ رەسىم قولىدا ئادەم بېشى سۆڭىكى كۆتۈرۈۋالغان مەخپىيەت دىنى
ئىلاھى، بىر بېلىقنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ھەر خىل قوراللارنى
كۆتۈرۈۋالغان، بېزەكلىك تام رەسىملىرى
مىلادىيە 9 ـ ئەسىر

مىلادىيە 8 ـ ئەسىردە تۈبۈتلەر شىنجاڭغا بېسىپ كىرگەن. ئۇلار تارىم ئويمانلىقىغا بارىدىغان يولنى 9 ـ ئەسىرنىڭ بېشىغىچە

كونترول قىلىۋالغان. مىلادىيە 9 - ئەسىردە تۈبۈتلەر قوغلاپ چىقىرىلغان. جۇڭگودا ئاشۇ دەۋردىكى تۇرپانغا ئائىت ماتېرىياللار يوق دېيەرلىك. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، تۈبۈتلەرنىڭ تۇرپاندىكى ئىزنالىرىنى، بۇ بوستانلىقتىن تېپىلغان تۈبۈت يېزىقىدىكى كۆپلىگەن يازما ھۆججەتلەر ئىسپاتلايدۇ[364]. بۇنىڭ ئىچىدىكى كۆپ قىسمى دىنىدىن تاشقىرى يازما ھۆججەتلەر، خەت - ئالاقىلەر ۋە مەمۇرىي ئالاقىلەردىن باشقا، يەنە پال بېقىپ كېسەل داۋالاش ئەسەرلىرى بىلەن يامان كۈچلەرگە قارشى تۇرۇپ، ئۆزىنى قوغدايدىغان سېھىرگەرلىك ماقالىلىرى ھەمدە يەنە بىر قىسىم 11 ~ 13 - ئەسىرلەرگە تەۋە بۇددا دىنى يازما ھۆججەتلىرىمۇ بار. بۇ ھۆججەتلەر سانسكرىت يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنىڭ بۇرۇنقى دەۋرلەردىكى تەرجىمىسى بولغاچقا، ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە. لېكىن، بۇلار كېيىنكى تۈبۈت يېزىقىدىكى بۇددا نوملىرىغا قوبۇل قىلىنغان ئەمەس.

مەلۇم ئەھۋاللار ئاستىدا، ئۇيغۇرلار تۈبۈت يېزىقىنى ئىشلىتىپ ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئەسەرلىرىنى يازغان. مەسىلەن، بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بىر پارچە بۇددا دىنى دەرسلىكى تۈبۈت يېزىقىدا يېزىلغان ئۇيغۇر تىلى ئىدى[365]. موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە، تۇرپان ۋە تۈبۈت مەدەنىيەتلىرى قايتا ئۆز ئارا مۇناسىۋەتتە بولغان. ئەينى چاغدا نۇرغۇن دىنىي ئەسەرلەرمۇ تۈبۈتچىدىن ئۇيغۇرچىگە تەرجىمە قىلىنغان. تۈبۈتتىن تارقالغان مەخپىيەت دىنى (ۋەجرە مەزھىپى) نىڭ تەسىرى بېزەكلىكنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى سەنئەتلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ جايدا سىزىلغان مەخپىيەت دىنىنىڭ ئىلاھلىرى قوللىرىغا ئادەم ئۆلتۈرىدىغان قوراللارنى، مەسىلەن، پالتا ۋە ئارغامچىلارنى ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئوبرازى ھەرگىزمۇ تۈبۈتتىكىدەك پۈتۈنلەي ۋەھشىي ئەمەس. بىز قارلىق تاغلار دۆلىتىدە كۆرگەن ئاشۇ يالقۇنلار بىلەن ئورالغان، ئادەمنى

قورقۇنۇچقا سالىدىغان قوغدىغۇچى ئىلاھقا ئېزەكلىكتىكى ئىبادەتخانىدا «دىننى قوغدىغۇچى» سۈپىتىدە بىر ئورۇن بېرىلگەن.

تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيەتكە قوشقان ئالاھىدە تۆھپىسىنى سۆزلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. مىلادىيە 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئۇلارنىڭ مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان يايلاق دۆلىتى قىرغىزلار تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى گەنسۇغا كۆچۈپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلار «سېرىق ئۇيغۇر» دەپ ئاتالغان[366]. ئۇلار دەسلەپتە بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلغان، كېيىن يەنە تۈبۈت، موڭغۇللارنىڭ لاما دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. تۇرپانغا كۆچكەن ئۇيغۇرلار قېرىنداش تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ۋە دىنداشلىرىنىڭ بارلىقىنى ئۇققان. مىلادىيە 630 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، بۇددا دىنى مەلۇم دەرىجىدە يايلاق ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئاللىقاچان تارقالغان، ئەمما ئۇ مانى دىنى تەرىپىدىن پۈتۈنلەي سىقىپ چىقىرىۋېتىلمىگەچكە، بەزى يېڭى كەلگەن كۆچمەنلەر تۇرپاننىڭ بۇددىزم ئەنئەنىسى بىلەن ئۆزئارا بىرىككەن. ئۇيغۇرلار كېلىشتىن بۇرۇنلا، بۇ بوستانلىقتا مانى دىنى ئېتىقادچىلىرى بولغاچقا، تۇرپان ئاللىقاچان مانى دىنىنىڭ ئۇلۇغ، مەرتىۋىلىك راھىبلىرى تۇرۇشلۇق جايى بولۇپ قالغان. بۇ راھىبلارنىڭ دەرىجىسى بولسا «دىن پىرلىرى» ئىدى.

كېيىن خرىستىئان دىنىنىڭ مەزھىپى بولغان نېستورى دىنىمۇ بۇ بوستانلىققا تارقىلىپ كىرگەن، ئەمما بۇ ئۇنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەيدىغان ئۈچىنچى دىن بولۇپ قالغان. گەرچە نېستورى دىنى چېركاۋىغا كىرىدىغانلار ئاساسلىقى سوغدلار بولسىمۇ، لېكىن بىر قىسىم ئۇيغۇرلارمۇ خرىستىئان دىنىنىڭ بۇ مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلغان. تۇرپاندا بايقالغان تۈرك يېزىقىدىكى خرىستىئان دىنى ھۆججەتلىرى بۇ نۇقتىنى[367].



73 ـ رەسىم بۇددىسانتۋا ھەيكىلىنىڭ ئالدىدىكى 24 مەخپىيەت دىنىنىڭ ئىلاھى ساقلاۋاتقان ئۈچ ئىلاھگاھ قوۋۇقى

ئىسپاتلايدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر پارچە يازما ھۆججەتتە ئىبراھىم (ئابراھام) ياقۇب (ياكوب) لار «ئاتا» دەپ ئاتالغان. بۇ ھۆججەت گەرچە تۈرك تىلىدا يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئىشلەتكەن يېزىقى سۈرىيە يېزىقىدۇر (368). قوجودىكى خرىستىئان دىنى چېركاۋىدا بەزى تام رەسىملىرى ساقلىنىپ قالغان. مەسىلەن، بىر پارچە رەسىمگە ئىران پوپىنىڭ مۇقەددەس جامنى كۆتۈرۈپ، تۈرك مۇرىتلارنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇرغانلىقى سىزىلغان.

ئۇيغۇرلار بۇ بوستانلىققا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن،

ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق ئەنئەنىسىدىن ۋاز كەچكەن[369]. گەرچە ئۇلار ئاندا ــ ساندا ئالتۇنتاغ يايلاق خانلىقىنىڭ پايتەختىدىكى شامان دىنى ئىلاھىنى چاقىرسىمۇ، لېكىن دائىم دېگۈدەك «بەخت دۆلىتى قوجو» نىڭ قوغدىغۇچى ئىلاھىدىن بەخت تىلەشكەن. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە شەھەر تۇرمۇش ئۇسلۇبىغا قاراپ ئۆتۈشتە (بۇنداق تۇرمۇش ئۇسۇلىدا سودا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان) ئەسلىدىكى تۇرمۇش ئۇسۇلى پەقەت تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردىلا ساقلىنىپ قالغان. كىشىلەر سالقىن تەڭرىتاغ يايلاقلىرىغا بېرىشتا، ئاساسەن «يازلىق ئوردا» بەشبالىققا بېرىپ قاتتىق ئىسسىق بولىدىغان ياز پەسلىنى ئۆتكۈزۈشكەن.

بەزى ئۇيغۇرلار كەسپىنى ئۆزگەرتىپ، پايدىسى ئىنتايىن يۇقىرى سودا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان. سودىگەرلەرنى تىللاپ ھاقارەتلىگەن ياكى يارىلاندۇرغان ئەھۋاللارنى خاتىرىلىگەن بىر پارچىمۇ يازما ھۆججەت يوق. لېكىن بىر كۇپلېت مەدىيە بولۇپ، ئۇنىڭدا سودىگەرلەرنى يارامىلىق ئادەملەر، كۆپچىلىكنىڭ ئارزۇلىرىنى قاندۇرالايدىغان ئادەملەر دەپ مەدھىيىلىگەن[370].

بىراق، جۇڭگولۇقلار ۋە سوغدلاردىن ئۆگىنىۋالغان نەق پۇل سودىسى ۋە ماددىي بۇيۇم سودىسىدەك ئىقتىسادىي شەكىل يەنە بەزى ئادەملەرنى قەرز قىلىپ قۇللۇق ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويغان. قۇللارنى ئېلىپ ــ سېتىش ۋە يەرلەرنى ئېلىپ ــ سېتىشقا ئائىت كۆپ مىقداردىكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر يۇقىرىدىكى ئەھۋاللارنى قايىل قىلىش كۈچىگە باي ئىسپات بىلەن تەمىنلەيدۇ. تۇرپاندىن تېپىلغان ھۆججەتلەردىن شۇنى بىلەلەيمىزكى، مەيلى پادىشاھ بولسۇن، مەيلى بۇددا دىنى ۋە مانى دىنى ئىبادەتخانىلىرى، چېركاۋلىرى بولسۇن، ھەممىسىنىڭ ئۈزۈمزارلىقى ۋە يەرلىرى بار ئىدى، ئۇلار بۇ يەرلەرنى باشقىلارنىڭ تېرىشىغا ئىجارىگە بەرگەن. بىز يەنە ئۇلارنىڭ بەزى

خادىملارنى، مەسىلەن، ئاشپەز، كىر يۇغۇچى، ياغاچ ماتېرىياللىرىنى يۆتكۈگۈچى قاتارلىقلارنى ياللىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. شۇنداق دېيىشكە بولىدىكى، ئىبادەتخانا، چېركاۋلار تەرەققىي قىلىپ دىندىن تاشقىرى تۇرمۇشتىكى كۆچلۈك ئىقتىسادىي مەركەزگە ئايلانغان. تاشقى سودا ۋە چېگرىدىن ئۆتۈش سودىسى ئارقىلىق پۈتكۈل بوستانلىق ئىقتىسادىي جەھەتتە كۆچىيىشكە باشلىغان. چۈنكى، بۇ بوستانلىقتىكى ئاھالىلەر، ئاشۇ زور كارۋانلارغا باشچىلىق قىلىشقا ماھىر بولغاچقا، قاتناشتىكى پايدىلىق رايونلاردىن ئوخشۇشلۇق ئۆتۈپ كېتەلەيتتى(371).

كەڭ يايلاقتىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر بوستانلىق ئاھالىسىگە خەۋپ تۇغدۇرىدىغان كۈچ بولغاچقا، ئۇلارغا قارشى تۇرۇش زۆرۈر بولۇپ قالغان. ساقلىنىپ قالغان بەزى كىتابلاردا دېھقانچىلىقنىڭ جاپالىقلىقى(372)، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەمگەك مېۋىسىنى يايلاقتىن كەلگەن قاراقچىلار بۇلاپ كېتىدىغان ئىشلارنىڭ دائىم يۈز بېرىدىغانلىقى چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەنگەن. بىراق يەنە بەزى ھۆججەتلەردە مول ھوسۇلنىڭ شادلىقى خەۋەر قىلىنغان. ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مول ھوسۇل ئېلىشقا دۇئا قىلىنغان بىر پارچە ھۆججەت بۇ نۇقتىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ(373).

تۇرپانغا كۆچۈپ كەلگەن كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار كېيىن سىياسىي جەھەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن(374) ئۇلار قوچو دۆلىتىنى قۇرغان، پايتەختىنىڭ نامى بىلەن ئوخشاش بۇ دۆلەت تەخمىنەن مىلادىيە 850 ـ يىلىدىن 1250 ـ يىلىغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولۇپ، زېمىنى بۇ بوستانلىقتىن يىراققىچە سوزۇلغان. سېرىق ئۇيغۇرلارغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، بۇ يەردە بىر خىل ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدىغان مەدەنىيەت تەرەققىي قىلغان بولۇپ، دەسلەپدە مانى دىنى خاراكتېرىنى،

كېيىن بۇددا دىنى خاراكتېرىنى ئالغان. بۇ خىل مەدەنىيەتكە ئائىت قايىل قىلىش كۈچىگە باي ئىسپاتلار بىلەن تەمىنلەيدىغان كۆپلىگەن قەدىمي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۇ بوستانلىقتا بايقالدى.



73 ـ رەسىم بۇددىساتۋا ھەيكىلىنىڭ ئالدىدىكى 24 مەخپىيەت دىنىنىڭ ئىلاھى ساقلاۋاتقان ئۈچ ئىلاھگاھ قوۋۇقى

بېرلىن پەنلەر ئاكادېمىيىسى ساقلاۋاتقان بۇيۇملار ئىچىدە پەقەت ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقى خاتىرىلەنگەن مەدەنىيەت

يادىكارلىقلىرى يەتتە چوڭ ئەينەكلىك ئىشكاپقا قاچىلانغان. بۇنىڭدىن باشقا كۆپلىگەن قەدىمىي كىتابلار لوندوندا، لېنىنگرادتا، توكيودا ۋە ئۇرۇمچىدە ساقلانماقتا ھەمدە ئۇزلۇكسىز بايقاشلار بولۇۋاتماقتا. ئەگەر بىز ساقلىنىپ قالغانلىرىنى ئىلگىرى ئىنتايىن مول بولغان ھۆججەتلەرنىڭ قالدۇقلىرىلا دەپ ئويلىساق، ئۇنداقتا چوقۇم كۆلىمى ئىنتايىن چوڭ بولغان مانى دىنى ۋە بۇددا دىنى كۇتۇپخانىلىرى بولغان دەپ مۇئەييەنلەشتۇرەلەيمىز. بۇ كۇتۇپخانىلاردا نوم ئەسەرلىرى ساقلىنىپلا قالماستىن، يەنە ۋەز ئېيتىدىغان، دىنى دەرسلىكلەر ھەمدە باھا ــ ئىزاھ ئەسەرلىرىمۇ بار.

ئەگەر مانى دىنى ھۆججەتلىرى بولسىلا، بۇ ئەسەرلەر ئوتتۇرا ئەسىر پارس تىلى، ئارساك تىلى، سوغد تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ يېزىقىدىكى مانى دىنى قەدىمىي كىتابلىرىمۇ بار، ساقلىنىپ قالغان بىر پارچە كىتاب دۇنخۇاڭدا بايقالغان. بەزى مانى دىنى قول يازمىلىرىدا نۇرغۇنلىغان قىستۇرما رەسىملەر بولۇپ، خەتلىرى ئىنتايىن چىرايلىق يېزىلغان ھەمدە ئۇنىڭغا چىرايلىق رەڭلەر ۋە كۆزنى چاقنىتىدىغان ئالتۇن ياپراقلار ئىشلىتىلگەن. بىر ئېغىز «كىتاب ساقلاش ئۆيى» دىن لېكوك سىڭىپ كىرگەن يەر ئاستى سۇيىگە چىلىشىپ يۇمشاپ كەتكەن بىر دۆۋە قەغەزنى بايقىغان[375].

ناھايىتى ئېنىقكى، تۇرپان مانى دىنى مۇرىتلىرىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدىغان مەدەنىيەت نەتىجىسى (بۇ خىل نەتىجىنى ساقلىنىپ قالغان، لېكىن سانى كۆپ بولمىغان تام رەسىملىرى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرەلەيدۇ) پەقەت بۇ «نۇرلۇق دىن» نىڭ پادىشاھ ۋە پۇلدار بايلار قىلغان نۇرغۇن ئىئانىلەرگە ئېرىشىش ئارقىلىقلا ۋۇجۇدقا چىققان. ئاشۇلارنىڭ خاتىرىلىرىدىن بىز كىشىلەرنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە ياردەم قىلىش ئارقىلىق بۇددا دىنىغا ھەسسە قوشۇشنى ئارزۇ قىلغانلىقىنى بىلەلەيمىز. بۇنىڭدا

بىر خىل دىنغا ياردەم قىلىپ باشقا بىر خىل دىننى قوللاشنى چەتكە قاقمىغان بولسا كېرەك، چۈنكى بۇ بوستانلىقتا ئىككى خىل دىن گۇرۇھى بىر قەدەر تىنىچلىقتا تۇرمۇش كەچۈرگەن.

بۇددا دىنىنىڭ تۇرپاندىكى تارىخىنى خېلى ئۇزاقتىن سۈرۈشتۈرۈشكە بولىدۇ. ئۇ (تارىخ) بارغانسېرى يۇقىرىلەۋاتقان سەۋىيە بىلەن قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ھۆكۈم قىلالايدۇ. ھۆكۈمرانلار بۇ خىل ئېتىقادنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، كۆپىيىۋاتقان بوستانلىق ئاھالىسىمۇ بارغانسېرى ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغان. مەسىلەن، بىز شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىزكى، بېزەكلىك ئەسلىدە مانى دىنىغا تەۋە مىڭئۆيلەر بولۇپ، دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، بۇددا دىنىنىڭ مىڭئۆيلىرىگە ئۆزگەرگەن. كىشىلەر مانى دىنى تام رەسىملىرىنى تاملار بىلەن توسۇۋېتىپ ياكى بىر قەۋەت لاي بىلەن سۇۋىۋېتىپ ئاشۇ ھىندى دىنىدىكى مەزمۇنلارنى سىزىپ قويغان.

تۇرپاندىكى بۇددا دىنى بۇ بوستانلىقتىكى ئۇيغۇرلارنى ئۇلارنىڭ گەنسۇدىكى، ھەتتا جۇڭگونىڭ ئۆزىدىكى ئىرقى يېقىن تۇغقانلىرى بىلەن باغلايدۇ. «سېرىق ئۇيغۇر» لار رايونىدا ھەتتا مىلادىيە 17 ~ 18 ـ ئەسىرلەردىكى بۇددا دىنىنىڭ مۇھىم ئەسەرلىرىنىڭ قول كۆچۈرمىلىرى تارقىلىپ يۈرگەن. مەسىلەن، «ئالتۇن يارۇق» نىڭ بىر پارچە ئۇيغۇرچە نۇسخىسى بايقالغان، ئۇ چاغدا تۇرپان ئاللىقاچان ئىسلام دىنىغا كىرىپ بولغانىدى. بىراق، تۇرپاندىمۇ قەدىمىي تۈرك يېزىقىدا يېزىلغان مول مەزمۇنلۇق بۇددا دىنى ئەدەبىي ئەسەرلىرى ۋە دىندىن تاشقىرى ئەدەبىي ئەسەرلەر مەلۇم مىقداردا ساقلىنىپ قالغان ھەمدە جۇڭگو تۈركلىرى يازغان ئەدەبىي ئەسەرلەرمۇ ساقلىنىپ قالغان[376]. كۆپ مىقداردىكى تۈرك يېزىقىدا يېزىلغان ماھايانا مەزھىپىنىڭ مۇھىم ئەسەرلىرى، يەنە مەزمۇنى كەڭ بولغان

تەقرىبەن ئەسىرلەرنى بايقالدى. بۇنىڭدىن باشقا، مۇستەقبىل ئۇيغۇر بۇددا دىنى ئەسەرلىرىمۇ بار، بۇنىڭ ئىچىدە ساقلىنىپ قالغان نەزمىلەر ئالاھىدە ئورۇننى ئىگىلەيدۇ [377]. ئۇيغۇر بۇددىزمىنىڭ مەزمۇنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، ئۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە، بۇ خىل ئالاھىدىلىك بۇ ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ تۇرمۇش تەسىراتلىرىدىن ۋە تىرىكچىلىكتە تۇتقان پوزىتسىيىسىدىن كەلگەن [378].

تۈرك بۇددىزمىنىڭ مۇستەقىللىق ئالاھىدىلىكى سەنئەتتىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. بۇ سەنئەت پارچە ـ پۇرات ساقلىنىپ قالغان سىپتا رەسىملەر بىلەن بىر قىسىم يۆگىمە رەسىملەردىن باشقا، مۇھىمى جانلىق ئىسپات بولغان ماھارىتى ئۈستۈن تام رەسىملىرى ۋە ھەيكەللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇنىڭ بىر قىسمى قوچودىن چىققان. بىراق، ئەڭ ئوبرازلىقلىرى يەنىلا بېزەكلىك مىڭئۆيلىرىدىكى رەسىملەر بولۇش بىلەن بىرگە، تۇرپاننىڭ باشقا بۇددىزم مەركەزلىرىدىن چىققان ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بۇ بۇددىزم مەركەزلىرىدىن سېڭگىم، مورتۇق ۋە تۇيۇقلار بار.

بېزەكلىك مىڭئۆيلىرى تىك يارلىقتا ئويۇلغان تاش ئۆڭكۈر ئىبادەتخانىسى بولۇپ، كۇچا ۋە باشقا جايلاردىكى تاش ئۆڭكۈر ئىبادەتخانىلىرىغا ئوخشاش ئىچى سەنئەت بۇيۇملىرى بىلەن بېزەلگەن، تاش ئۆڭكۈر ئىبادەتخانىسىنى «بۇددا دۆلىتى» دىكى ئىنتايىن يىراقتىكى نۇرغۇنلىغان جەننەتلەرنىڭ بىرىگە ئوخشاتقان بولغاچقا، بۇددانى ئاشۇ جەننەتتە تۇرىدۇ دەپ قارىغان. تاش ئۆڭكۈرلەرنىڭ ئاساسىي ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدا گەرچە مەلۇم تەرەققىياتلار بولغان بولسىمۇ، لېكىن كۇچانىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاش. قىزىلدىكىگە ئوخشاش ئىلاھنىڭ رەسمى مەركىزىي ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقتىن، بۇ دۇنيادىن خالاس بولغان بۇددانىڭ تىنچلىقتا ئېرىشكەنلىكى ئىپادىلەنگەن. بۇ رەسىمنىڭ

ئەتراپىغا دىنىي رەڭدارلىقქا ئىگە مەنزىرىلەر سىزىلغان، بۇنىڭدا بۇددا دىنىدىكى بارلىق ئادەملەرنىڭ ئۆز ئورنى بولغاچقا، بۇ جەننەتكە كىرگەن ـ كىرمىگەنلەر ھەمدە جىن ـ ئالۋاستىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. بىزنىڭ بۇ يەردە كۆرگىنىمىز بىر خىل ماھايانا مەزھىپى سەنئىتى بولۇپ[379]، بۇ يازما ماتېرىياللاردىكى مەزمۇنلار بىلەن بىردەك.

بۇ ئادەم رەسىملىرى دەرىجە ئايرىمىسى بىلەن ئىنتايىن ئوچۇق قىلىپ بېسىپ سىزىش ئۇسۇلى بىلەن سىزىلغان. رەڭلەر بىلەن ئوبراز يارىتىشتا، ئوچۇقلا جۇڭگو سەنئەت ئۇسلۇبىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن بىر خىل مۇستەقىل بولغان تۇرك بۇددىزمىنىڭ رەسساملىق ۋە ھەيكەلتىراشچىلىقىنى ئەكس ئەتتۇرگەن. بۇ نۇقتا ئىلاھنىڭ رەسىمى ۋە ئېتىقادچىلارنىڭ رەسىمىنىڭ ھەممىسىدە ئىپادىلەنگەن. خاتىرىلەردىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئېتىقادچىلارنىڭ ھېلىقىدەك سۇبيېكتىپ ئويى، بىر ئادەم بۇددا تەلىماتلىرىنى مۇستەقىل تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ، ئاندىن ئالاھىدە شەرەپكە ئېرىشىدىغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە بىر خىل ئالاھىدە ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بىراق، ئاشۇ ئەۋلىيالار ھەددىدىن زىيادە خۇشال بولغاچقا كەتكەن بولۇپ، جەبىر ـ جاپالار توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى چۈشىنىشكە ئامالسىز. مەسىلەن، بېزەكلىكتىكى ئىنتايىن ۋەكىللىك خاراكتېردىكى «نوم نوملاش رەسىمى» بىللە گەرچە ئەۋلىيالارمۇ ئىككى تەرەپتىكى كىشىلەر بىلەن تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن مەركىزىي ئورۇندا تۇرغىنى ئېتىقادچىلارغا يۈزلەنگەن بۇددا بولۇپ، ئۇ شۇ تۇرقىدا ئېتىقادچىلار تەقدىم قىلغان ھەدىيىلەرنى قوبۇل قىلىۋاتقانلىقى ھەمدە ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدە بۇددانىڭ شەرىپىگە ئېرىشىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلىۋاتقانلىقى سىزىلغان[380].

گەرچە تۇركلەرنىڭ تۇرپان مەدەنىيىتى ئالاھىدىلىكى

ئاساسەن دىننى خاراكتېر ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ساقلىنىپ قالغان ئەمەلىي نەرسىلەر بۇ يەردە دىندىن تاشقىرى ئىلىم ـ پەننىڭمۇ تەرەققىي قىلغانلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. ئەلۋەتتە، ئاساسەن راھىبلار تېبابەتچىلىك، مۇنەججىملىك، ئىستىلىستىكا ۋە گراماتىكا ئىلىملىرى ھەمدە دىندىن تاشقىرى باشقا ساھەدىكى تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان. شۇنداقتىمۇ دىندىن تاشقىرى بىلىم ئەھلى قاتلىمى بولۇپ، بۇ قاتلامنى ئاساسەن ئەمەلدارلار ۋە سودىگەرلەر تەشكىل قىلغان. ساقلىنىپ قالغان بۇ نۇرغۇنلىغان مەمۇرىي ھۆججەتلەر، سودا ۋە قانۇن ماتېرىياللىرىدا ئىپادىلەنگىنىگە ئوخشاش[381]. بىناكارلىق ئىلمى جەھەتتە، قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان سۇغىرىش سىستېمىسىنى قوغداش ۋە كېڭەيتىش جەھەتتە (بۇ خىل سۇغىرىش سىستېمىسى بىر قانچە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يەر ئاستى ئېرىقلىرىدۇر) ھەمدە دىندىن خالىي مەدەنىيەتنىڭ باشقا تەرەپلىرىدە قولغا كەلتۈرگەن خاس نەتىجىلىرىنى بۇ يەردە مۇنداقلا تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىز، چۈنكى بۇ توغرىدىكى مەخسۇس ئەسەرلەردە ئاللىقاچان تەپسىلىي بايانلار بار.

مىلادىيە 13 ـ ئەسىردە موڭغۇللار ئۆز ھاكىمىيىتىنى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىياغىچە كېڭەيتكەندە، تۇرپاندىكى ئۇيغۇرلار ئۇلارغا ئۆزلۈكىدىن بويسۇنغان ھەمدە كەڭ كۆلەملىك قان تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئالغان. قوجودا ساقلىنىپ قالغان 12 ~ 13 ـ ئەسىرلەرگە ئائىت موڭغۇل خەت ـ چەكلىرى بىلەن ياغاچ مەتبەدە بېسىلغان ئەسەرلەردىن قوجونىڭ شۇ چاغلاردا ئىدىقۇت شەھىرى («مۇقەددەس ئالىيلىرى» نىڭ شەھىرى يەنى پادىشاھ شەھىرى) دەپ ئاتالغانلىقى مەلۇم[383]. ئەسلىدىلا كۆچمەن چارۋىچى بولغان موڭغۇللار ئۆزلىرى قۇرغان ئىمپېرىيىنى باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۇيغۇرلارغا تاپشۇرغان ھەمدە ئۇلارنىڭ يېزىقىنى ئىشلەتكەن. ئۇيغۇر بۇددىزمىنىڭ كەڭ يايلاقتىن كەلگەن بۇ يېڭى

هۆكۈمرانلارغا بولغان تەسىرى ئىنتايىن زور بولۇپ، كېيىنكى تىبەت لاما دىنى تارىخى توغرىسىدىكى ئەسىرىدە بايان قىلىنغىنىمۇ چوڭ بولغان.



74 ـ رەسىم راھىب ۋە تەقۋادار تاۋاپچى (بېزەكلىك تام رەسىمى) مىلادىيە 9 ـ ئەسىر

ماركو پولو ياشىغان دەۋردىلا (مىلادىيە 13 ـ ئەسىر) سودىگەر كۆچمەنلەر رايونىدا ئىسلام دىنى بۇرۇنلا بار ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، مىلادىيە 14 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە تۇرپان بوستانلىقى مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆجۇمىدا قولدىن كەتكەن. گەرچە مانى دىنى ۋە بۇددا دىنى مەدەنىيەتلىرىنىڭ پارلاق دەۋرى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، لېكىن يەنە بىر خىل ئىسلام ئالاھىدىلىكىگە ئىگە، پۈتكۈل تارىم ئويمانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتى شەكىللەنگەن بولۇپ، بۇ خىل

مەدەنىيەتنى تەتقىق قىلىش تېخى باشلانمىدى.

بۈگۈنكى كۈندە تۇرپانغا ئېكسكۇرسىيىگە بارغانلار نۇرغۇن جايلاردىن ئىسلامىيەتتىن ئاۋۋالقى دەۋرلەردىن قالغان ئىزلارنى ئۇچرىتىدۇ. ئەڭ ئاۋۋال ئۇچرايدىغىنى تۇرپان شەھىرىنىڭ شەرقىگە تەخمىنەن 30 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى قوجو شەھىرى، بۇ بىر ئىنتايىن چوڭ شەھەر خارابىسى بولۇپ، ھازىرمۇ تۆت ئەتراپىدىكى لاي سېپىللارنىڭ ھەمدە مەۋجۇت بولغان بىر قىسمى شەھەرنى تۆت ئەتراپتىن ئوراپ تۇرىدۇ. ئەسلىدىكى سېپىل بەش كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ، سېپىل ئىچىدە نۇرغۇن ئۆيلەر، ئىبادەتخانىلار ۋە بۇددا مۇنارىلىرى بولغان، لېكىن ھازىرقى تاملارنىڭ ھۇلىلا ساقلىنىپ قالغان.

قوجونىڭ شەھەر مەركىزىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئىنتايىن ئېگىز بىر ئىمارەتنى كىشىلەر ئىلگىرىكى پادىشاھنىڭ ئوردىسى دەپ قاراشماقتا. بۇ شەھەر تاڭ دەۋرىدىكى چاڭئەننىڭ شەكلىگە ئاساسەن سېلىنغان بولۇپ، شەھەرنىڭ تۆت بۇلۇڭىدا ئىبادەتخانىلار بار، بۇنىڭ ئىچىدە غەربىي جەنۇبىدىكىسى ئەڭ ياخشى ساقلىنىپ قالغان. قوجو شەھىرىدە دىنىدىن تاشقىرى ئىمارەتلەردىن باشقا، يەنە بۇددا دىنى ئىبادەتخانىلىرى ھەمدە بىر نېستورى دىنى چېركاۋى ۋە بىر مانى دىنى ئىبادەتخانىسى بىلەن كۇتۇپخانا بار. بۇ دىنىي مەركەزلەردىن بۈگۈنكى كۈندە كۆرەلەيدىغىنىمىز پەقەت خارابىلىقتۇر، خالاس. ئەسلىدىكى شەھەر رايونىنىڭ بىر قىسمى ھازىر يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلىتىلمەكتە. ئېگىز ئورۇندا تۇرۇپ، مەسىلەن، غەربىي جەنۇب بۇلۇڭىدىكى ھېلىقى ئىبادەتخانىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قارىغاندا، بۈگۈنكى كۈندىكى بوستانلىق شەھەر قاراخوجىنىڭ شىمالىدىكى رايونلارنى كۆرگىلى بولىدۇ. قاراغوجىنىڭ شەرقىي شىمالى ۋە غەربىي شىمالىغا 20 كۋادرات كىلومېتىر كېڭەيتىلگەن رايونلار قەدىمىي ئاستانە قەبرىستانلىقى

بولۇپ، ئۇ يەرگە جۇڭگولۇقلارنىڭ جەسەتلىرى دەپنە قىلىنغان. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قانچە قەبرە ئۆيلىرىنى بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا بولىدۇ. بۇ جايدىن چىققان ئاخىرەتلىك بۇيۇملار، ئويما پۈتۈكلەر ۋە مومىيا جەسەتلىرى تۇرپان مۇزېيى بىلەن ئۈرۈمچىدىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانماقتا.

قوجودىن شىمالغا قارىغاندا، تۇرپاننىڭ ئالدىنقى تاغلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ تاغ تىزمىسىنى مۇرتۇق دەرياسى ئۈزۈپ تاشلاپ، جىلغا ھاسىل قىلغان. ئەگەر بىز بۇ دەريانى بويلاپ ئالدىنقى تاغقا كىرسەك، يول بويى نۇرغۇن جايلاردىكى قەدىمىي بۇددىزم مەركەزلىرىنى بېسىپ ئۆتىمىز، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىم بولغىنى بېزەكلىك مىڭئۆيلىرىدۇر. بۇ يەردە بۈگۈنكى كۈندىمۇ 60 تەك تاش ئۆڭكۈر ساقلانماقتا. ئۇلار دەريا يۈزىدىن 80 مېتىر ئېگىزلىكتىكى سېرىق توپا يارغا ئويۇلغان. بۈگۈنكى كۈندە بېزەكلىك مىڭئۆيلىرىدىكى تام رەسىملىرىنىڭ قىممىتى بارلىرى بېرلىن، دېھلى ۋە لېنىنگراد مۇزېيلىرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ جايدىكى بۇددىزم سەنئىتى ۋە ئىلىم مەركەزلىرىنىڭ سەنئەت بېزەكلىرى بىلەن يۇقىرى سەۋىيىلىك ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى كىشىلەردە يەنىلا چوڭقۇر تەسىرلەرنى قالدۇرماقتا. تۇرپاننىڭ غەربىگە 10 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى يارغول قەدىمىي شەھىرىدىكى ئەھۋال قوجودىكىگە ئوخشاش، بۇ يەردە كۆرىدىغىنىمىزمۇ پەقەت قەدىمىي ئوردىلار بىلەن خۇسۇسىيلار ئىمارەتلىرىنىڭ خارابىلىرىدۇر. بۇ ئېگىزلىككە جايلاشقان شەھەرنىڭ شىمالىي گىرۋىكىدە ئىككى بۇددا ئىبادەتخانىسى بىلەن كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان چوڭ بۇددا مۇنارىنىڭ قالدۇقلىرى قېپقالغان.

ئاخىردا تۇرپان ۋىلايەتلىك مۇزېي بىلەن بېرلىن ھىندىستان سەنئەت مۇزېيى بۇ بوستانلىقتىن بايقالغان زور مىقداردىكى

ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارنى تولۇق نامايان قىلىپ تۇرۇپتۇ.

**دۇنخۇاڭ — جۇڭگوغا كىرىشتىكى دەرۋازا**

يىپەك يولىنىڭ شەرقىي بۆلىكىدىكى ئەڭ مۇھىم مەدەنىيەت مەركىزى جۇڭگونىڭ گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ غەربىدىكى جۇڭگو مەدەنىيىتىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان دۇنخۇاڭدۇر. بۇ جاي جۇڭگوغا كىرىشتىكى دەرۋازا بولۇپ، چېگرا بويىدىكى بۇ قاراۋۇلخانىدىن جۇڭگوغا تەۋەلىكىنى بىلدۈرىدىغان خۇسۇسىيەتلەرنى بۈگۈنكى كۈندىمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. دۇنخۇاڭنى ئوراپ قوغداش رولىنى ئوينايدىغان قاراۋۇلخانىلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىدىن سوغدچە خەت - چەكلەر تېپىلغان. ئۇنىڭدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى «ئىچكىرى جايلار» دەپ ئاتىغان(384).

جۇڭگونىڭ سەددىچىن سېپىلىنىڭ غەربىي بۆلىكى بىرنەچچە شەھەرلەرنى ئوراپ تۇرىدۇ، بۇلار سۇجۇ (بۈگۈنكى جيۇچۇەن)، گەنجۇ (بۈگۈنكى جاڭيې) ۋە لياڭجۇ (بۈگۈنكى ۋۇۋېي) قاتارلىقلاردۇر. بۇ ئۈچ شەھەر چوڭ قۇملۇق بىلەن چىلىيەنشەن تېغى ئارىسىدىكى «خېشى كارىدورى» غا جايلاشقان. يىپەك يولى بۇ بىر نەچچە شەھەردىن ۋە خۇاڭخې دەرياسى بويىدىكى لەنجۇدىن ئۆتۈپ، ئاخىردا پايتەخت چاڭئەن ۋە لوياڭلارغا يېتىپ بارىدۇ. بىرنچە تۈبۈتلەر مىلادىيە 8 ~ 9 - ئەسىرلەردە «خېشى كارىدورى» نى ئىگىلىگەنگە قەدەر دۇنخۇاڭ بىلەن جۇڭگونىڭ ھەرقايسى مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ ئالاقىسى قويۇق ئىدى، ھەتتا غەربىي شيالىقلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەر (مىلادىيە 11 ~ 13 - ئەسىرلەر) دىمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن يەنىلا قاتناش ئالاقىسى مەۋجۇت ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، قاراۋۇللارنىڭ ئىلتىجانامىلىرىنىڭ مەزمۇنىدىن بۇنداق مۇناسىۋەتلەرنىڭ پات - پات ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىنى، بۇ چېگرا

قاراۋۇلخانىسىنىڭ نۇرغۇنلىغان ۋەيرانچىلىقلارغا ئۇچرىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. مەسىلەن، مىلادىيە 947 ـ يىلى بىر رىزىق بەرگۈچى ئايال قوغدىغۇچى ئىلاھشەپقەتكار بۇددىساتۋاغا ئىلتىجا قىلىپ، ئۇنىڭدىن دۇنخۇاڭ رايونىنىڭ ئامانلىقىنى، جۇڭگو بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ قاتنىشىنىڭ راۋانلىقىنى تىلىگەن [385].

جۇڭگودىن غەربكە سەپەر قىلغۇچىلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۇلار «كۆچمە قۇم دېڭىزى» نى كېسىپ ئۆتۈشتىن بۇرۇن، دۇنخۇاڭ قاراۋۇلخانا ۋە تۇرلار ئوراپ تۇرغان ئەڭ ئاخىرقى بىر قاراۋۇلخانىدۇر. مىلادىيە 5 ـ ئەسىرگىچە، ئۇلار يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي لىنىيىسىنى تاللاپ خوتەن ۋە قەشقەرلەرگە باراتتى ياكى كىروران ئارقىلىق ياكى بىۋاستە قۇمۇلغا بېرىپ، ئاندىن تۇرپانغا باراتتى، ۋەياكى يىپەك يولىنىڭ شىمالىي لىنىيىسى بىلەن ماڭاتتى.

تارىم ئويمانلىقىنى ئايلىنىپ ئۆتىدىغان يىپەك يولىنىڭ ئىككى تارمىقى دۇنخۇاڭدا ئۇچرىشىدىغان بولغاچقا، جۇڭگولۇقلاردىن باشقا، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ سوغدىلار، ئۇدۇنلۇكلەر ھەم ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇنراق ھىندىلارمۇ بار ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا تۇخارلار، تۇبۇتلەر، مىلادىيە 8 ـ ئەسىرلەردىن باشلاپ تۈركلەرمۇ بولغان. مىلادىيە 11 ـ ئەسىرلەردىن باشلاپ، غەربىي شىيالىقلارمۇ «خېشى كارىدورى» ۋە دۇنخۇاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جايلاردا ئۆز ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ، مىلادىيە 13 ـ ئەسىرگىچە تاكى چىڭگىزخان تەرىپىدىن ئاغدۇرۇۋېتىلگەنگە قەدەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. بىراق، دۇنخۇاڭ بۇنىڭدىن ئىلگىرى خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە جۇڭگونىڭ يەرلىك ھاكىمىيەتلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرۇپ كەلگەن. بۇ بوستانلىقنىڭ تارىخى توغرىسىدا جۇڭگونىڭ مۇھىم تارىخىي ئەسەرلىرىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلگەندىن سىرت، يەنە دۇنخۇاڭدىن

تېپىلغان يەرلىك تارىخىي ئەسەرلەر ۋە تەزكىرىلەرمۇ بار.

مىلادىيە 400 ـ يىللى ئەتراپىدا، غەربىي يۇرتقا ساياھەتكە بارغان راھىب دەرمەپەترە بۇ جاي توغرىسىدا توختىلىپ، «چېگرا رايون» دىكى ئەڭ مۇھىم شەھەر دەپ ئاتىغان. بۇ بوستانلىقنىڭ شەرقىتىن غەربكە كەڭلىكى 80 چاقىرىم (جۇڭگوچە چاقىرىم بولۇپ، تەخمىنەن 40 كىلومېتىرغا تەڭ) كېلىدۇ(386). گەرچە مىلادىيە 648 ـ يىلى يېزىلغان بىر ئابىدىدە بىرىنچى تۇركۇمدىكى مىڭئۆيلەر (موگاۋ غارلىرى) 366 ـ يىلى شەھەردىن 25 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى چوڭ بۇلاق دەرياسى بويىدىكى قىيالاردا قېزىلىشقا باشلىغانلىقى يېزىلغان بولسىمۇ، بىراق دەرمەپەترە بۇ غارلار توغرۇلۇق ھېچنېمە دېمىگەن. پەقەت كېيىنكى بىر نەچچە ئەسىرلەرگە كەلگەندىلا، بۇ غارلار جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدىكى مەشھۇر بۇددا دىنى مەركىزىگە ئايلانغان. دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان مىلادىيە 9 ـ ئەسىرگە ئائىت گېئولوگىيىلىك ئەسەر «دۇنخۇاڭ خاتىرىلىرى» دە مۇنداق يېزىلغان:

«شەھەرنىڭ جەنۇبىدا موگاۋ غارلىرى بار. شەھەردىن 25 چاقىرىم جايدا... ... بۇتخانا ۋە نۇرغۇن راھىبلار بار، يەنە يوغان قوڭغۇراقمۇ بار. ئۇنىڭ جەنۇب شىمال ئىككى ئۇچىدا ئىلاھ ئوردىسى، ئەۋلىيا ئىبادەتخانىسى ۋە تىبەت زامپۇسىنىڭ تام رەسىملىرى بار. سەنشى قىياسىنىڭ جەنۇب ۋە شىمال ئىككى چاقىرىم كېلىدىغان جايلىرىغىچە چوڭ قۇملۇق غارلىرى ۋە بۇت ھەيكەللىرى ئويۇلغان. ھەر بىر غار ئۇچۇن نۇرغۇن سىلىق سىلىنغان. ئالدىنقى راۋاق نەچچە قەۋەت بولۇپ، ئىچى چوڭ بۇت ئوردىسىدۇر، ئېگىزلىكى 160 چى كېلىدۇ. كىچىك قوۋۇقلارنىڭ ھەددى ـ ھېسابى يوق. ئۇ يەر سەيلە ـ ساياھەت قىلىدىغان ياخشى سەيلىگاھ»(387).



75 ـ رەسىم دۇنخۇاڭدىكى 254 ـ غارنىڭ يان تاملىرى ۋە غارنىڭ
تورۇسلىرىغا چۈشۈرۈلگەن بېزەك رەسىملىرى

تۈبۈتلەر ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋاقىتلارغا توغرا

كېلىدىغان بۇ بىر ئابزاس بايانىدىن ھازىرقى كۆرۈشكە بولىدىغان غارلاردىن سىرت، بۇ دەريا ۋادىسىدا جەزمەن نۇرغۇن ئىمارەتلەرنىڭ بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ راھىبلار تۇرىدىغان ۋە تۆۋە ـ ئىستىغبار ئوقۇيدىغان ئىبادەتخانىلار ئىكەنلىكىنى، ئىچىدە مەزمۇندىكى تام رەسىملىرى بارلىقىنى ئۇقالايمىز. مەيلى ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ قالغان ھۆججەتلەردە بولسۇن ياكى بىز كۆرۈپ تۇرغان رەسىملەردە بولسۇن، دىنىي (ئاساسلىقى بۇددا دىنى) مەزمۇنلاردىن سىرت، دەھرىي مەزمۇنلارمۇ روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ رەسىملەر جۇڭگونىڭ مىلادىيە 4 ~ 14 ـ ئەسىرلەر ئارىلىقىدىكى مىڭ نەچچە يۈز يىللىق تارىخىنى چۈشەندۈرۈشتە قىممەتلىك چۈشەنچىلەرنى بېرىدۇ.

ھازىر ساقلىنىۋاتقان بۇ ھۆججەت ۋە رەسىملەر دەل قەدىمكى جۇڭگونىڭ مۇشۇنىڭغا ئائىت نەرسىلىرىنىڭ بىردىنبىر ئەمەلىي پاكىتى. مەسىلەن، جۇڭگودا ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان تاڭ سۇلالىسى (618 ~ 907) نىڭ پارلاق مەدەنىيىتىگە ئائىت رەسىملەر بەكمۇ ئاز، لېكىن موگاۋ غارلىرىدىكى رەسىملەر بىر شام يورۇقىدەك شۇ دەۋرنىڭ بەدىئىي سەنئىتى ۋە قۇرۇلۇشىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ، شۇنداقلا كۈندىلىك تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى بۇتخانىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى، جۈملىدىن ئوردا ۋە شەھەرلەر، يېزا ۋە قاتناش لىنىيىسىدە ئېلىپ بېرىلغان رەڭگارەڭ پائالىيەتلەرنى سۈرەتلەپ بەرگەن. ھەربىي ئىشلاردىكى ئۇرۇش مەنزىرىسى بۇ بۇددا دىنىي مەركىزىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بىز يەنە جاللاتلارنىڭ جازا ئۆيىدە ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈۋاتقان كۆرۈنۈشلەرنىمۇ كۆرەلەيمىز.

بوستانلىق شەھەر دۇنخۇاڭدىنىڭ سودا ئىشلىرى جانلانغان، ئەمما بۇددا ئىبادەتخانىلىرى بولسا مەدەنىي تۇرمۇشنى ۋە مەنىۋى تۇرمۇشنى جانلاندۇرىدىغان مەركەزگە ئايلانغان. بۇ خىل تۇرمۇش گەرچە جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولسىمۇ، بىراق ئۇلار

ئىچىدە يەنە باشقا ئەللەرنىڭ راھىبلىرىمۇ بار ئىدى. بۇ نۇقتىنى دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ھۆججەتلەر ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. خەنزۇچە ھۆججەتلەرنىڭ سالمىقى كۆپرەك بولسىمۇ، يەنە سانسكرىتچە، ئودۇنچە، توخارچە، ئۇيغۇرچە، تىبەتچە ھەم تاڭغۇتچە يېزىلغان ھۆججەتلەرمۇ بار. بۇخىل يېزىقلاردا يېزىلغان بۇددا دىنى ھۆججەتلىرىدىن باشقا، يەنە ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە يېزىلغان نېستورى دىنى ۋە كوڭزىچىلىققا دائىر مەزمۇنلارنىڭ بولۇشىمۇ تەبىئىي.

دەھرىي (خالىي) ئەسىرلەردىن ئاشۇ راھىبلارنىڭ ئەنئەنىۋى بولغان ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئەمگەكلەر بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، دىققەت قىلىشىمىزغا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، دۇنخۇاڭدىكى بىلىملىك راھىبلار يېزىقچىلىق ئىشلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. جۇڭگودىكى بۇددا دىنى ھىندىستاننىڭ بۇددا دىنىغا قارىغاندا دەھرىي ساھەلەرگە بەكرەك مايىلراق، بىراق ئۇ يەنىلا دىنىي ئەھكاملاردىن يىراقلاشمىغان. بۇددا ئىلمى ھىندىستاندا ئاللىبۇرۇنلا ئىدىيە جەھەتتىن يەكۈنلەر چىقىرىلغان، ھالقىلىق نەرسىلەر بىلەن ماھىيەتلىك نەرسىلەر ئۆزئارا سىڭىشىپ كەتكەن. چۈنكى، ئەدەبىي نەرسىلەرنى ۋاقىتلىق نەرسىلەر ئىچىدىن ھېس قىلىش مۇمكىن. بۇنىڭغا جۇڭگونىڭ بىر خىل پراگماتىزملىق ئىدىيىسى قوشۇلغان. بۇ خىل سۇيىئىستېمالچىلىق شەيئىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، قانداقلا بولمىسۇن ھىندىستاننىڭ بۇددا دىنىدىن خېلىلا ئوچۇقراق ئىدى. جۇڭگولۇقلارنىڭ تەبىئىي باغلىنىشىنى ھەرقانداق جايدا بايقىغىلى بولىدۇ.

مەنزىرە رەسىملىرى ئىچىدە، بۇنداق ئەھۋال بەكمۇ روشەن[388]. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرى (مىلادىيە 386 ~ 534 ـ يىللار) نىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە تەۋە غاردا بىر مەنزىرە رەسىم بولۇپ، ئۇ دىنىي رەسىملەرنىڭ زىننىتى ئىدى. بىراق،

تاڭ دەۋرىگە كەلگەندە، مەنزىرە رەسىملەر كەم بولسا بولمايدىغان مەزمۇنغا ئايلىنىپ، دىنىي مەزمۇنلار مەنزىرە ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان بولغان. مەسىلەن، تاغ ئىچىدە دۈرت ئوقۇۋاتقان بۇددا بىر پارچە تاغ تىزمىلىرى مەنزىرە رەسىمىگە ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ياكى خانىش ۋېتىخىنىڭ كەچكى شەپەق ھەققىدىكى ئوي - پىكرى رەسسامنىڭ بىر پارچە گۈزەل قىش مەنزىرىسى پورتىرېتىنى يارىتىشقا ئىلھام بەرگەن. بۇنداق بەدىئىي قۇرۇلما ساپ مەنزىرە پورتىرېتىغا سىڭدۈرۈلگەن بولۇپ، ئوتتۇرىدا بىر قەدەملا ئارىلىق قالغان. پەقەت مەنزىرە رەسىمدەدەھرىي ھادىسىلەر ياكى كونكرېتلاشقان شەيئىنىڭ ئىپادىلىنىشى ۋە ياكى بۇ ھادىسىلەردە بىر خىل بوشلۇقتىن ھالقىشنىڭ سەۋەبى شەيئىلەرنىڭ كەينىدە ئەمەس، بەلكى شەيئىنىڭ ئۆزىدە ئىپادىلەنگەن (389).

موگاۋ غارلىرىدىكى تام رەسىملىرى ۋە ھەيكەللەرنىڭ بەدىئىيلىكىنىڭ يۇقىرى، كۆلىمىنىڭ چوڭ بولۇشى بۇددا بەدىئىي سەنئىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ ئەڭ مۇھىم پاكىتلىرىدۇر. ھازىرمۇ ساقلىنىۋاتقان بۇ غارلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى جەنۇبتىن شىمالغا 1.6 كىلومېتىر بولۇپ، ئۇشا تېغىنىڭ شەرقىدىكى قىيالىقلارغا تارقالغان، بۇ تاغ جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ ئاقىدىغان چوڭ بۇلاق دەرياسىنىڭ بويىدا. ئايال پادىشاھ ۋۇزېتيەن دەۋرى (684 ~ 705 - يىللار) دە، بۇ جايدىكى غارلار ۋە بۇت تەكچىلىرىنىڭ سانى چوقۇم مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن. گەرچە تەبىئەتنىڭ ئۇپرىتىشىغا ۋە ئادەملەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، بىراق ھازىر يەنىلا 492 سى ساقلىنىپ قالغان، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 45000 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، ئۇلاردىن باشقا يەنە 2000 دىن كۆپرەك چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان نەپىس رەڭلىك ھەيكەللەرنىڭ ئېگىزلىكى نەچچە سانتىمېتىردىن 33 مېتىرگىچە كېلىدۇ.

بىراق، «دۇنخۇاڭ خاتىرىلىرى» دا بايان قىلىنىدىغان ئېگىزلىكى 50 مېتىر كېلىدىغان ھەيۋەتلىك چوڭ بۇتنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. بۇ بەدىئىي ئەسەرلەر ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە نۇرغۇنلىغان سۇلالىلەر دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، 16 پادىشاھلىق (300 ~ 589 ـ يىللار) تىن تاكى موڭغۇللار دەۋرى (1271 ~ 1368 ـ يىللار) گىچە بولغان مىڭ يىللىق مۇساپىنى باشتىن كەچۈرگەن.

ئەڭ بۇرۇنقى غارلار ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدىكى غارلار بولۇپ، ئۇنىڭدىكى تام رەسىملىرىنىڭ سىزىقلىرى توم ۋە قېنىق بولسىمۇ، بىراق ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ سۇسلىشىپ كەتكەن. بۇ مەزگىلدىكى غارلارنىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىدىكى غارلار بارلىق غارلارنىڭ تارىخىي يادروسىدۇر. ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدىكى غارلار ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. بىراق، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى غارلارنىڭ ئەھۋالى بىرقەدەر ياخشىراق. غارلاردا تەسىرلىك، شەكىللەرگە باي تام رەسىملىرى بار. ئۇنىڭ ئەكسىچە قارا، ئاق، يېشىل ئۈچ خىل رەڭنى ئاساس قىلغان سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تام رەسىملىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئالدىنقى دەۋرلەرنىڭ كۆچۈرۈلمىسىدۇر. تاڭغۇتلارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىن كېيىن يېڭىدىن ياسالغان غارلار 18 ىلا بار ئىكەن بۇنىڭ سەۋەبى: `بىرىنچىدىن، غار ياسايدىغان ئورۇن يوق؛ ئىككىنچىدىن، بۇددا دىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۆزگىرىش بولغاچقا، كىشىلەر يەرگە بۇتخانا سېلىشقا ھېرىسمەن بولۇپ كېتىپ، غار ياساشنى ئانچە خالاپ كەتمەيدىغان بولۇپ قالغان. شۇنداقتىمۇ موڭغۇللار دەۋرىگە مەنسۇپ ساقلىنىپ قالغان غارلاردىن لاما دىنىغا ئائىت ماتېرىياللار بايقالدى(390) .

ھەممىلا غارلارنىڭ تاملىرى رەسىملەر بىلەن بېزەلگەن، پەقەت بىرنەچچىلا راھىبلار ئۆيىدە ھېچنېمە يوق. لېكىن، كۆپىنچە غارلار ئىبادەت قىلىشنى مەقسەت قىلغان بولغاچقا،

هەممىسى بىر خىل بېزەلگەن. بۇ غارلار ئوخشاش بولمىغان بەش قەۋەتكە تارقالغان، ئەسلىدە ئۇلار كارىدور بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، كۆپ قىسمى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بۇتخانا ئىدى، بۇ بۇتخانىلارنىڭ ھەربىرى تاغ ئارىسىغا تىزىلغان ياكى ئايرىم خانىلاردىن تەركىب تاپقانىدى. بىر قىسىم غارلار ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، ئىچىدە ئۆرە تۇرغان بۇتلار ياكى بەستلىك ئولتۇرغان بۇتلار بار. مەسىلەن، 130 ـ غاردا 26 مېتىر ئېگىزلىكتىكى چوڭ بىر بۇت بار. موگاۋ غارلىرىنىڭ يىل دەۋرىگە ئاساسلانغاندا، بۇ بۇت «جەنۇبىي چوڭ بۇت» دەپ ئاتالغان بولۇپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەييۈەن يىللىرى (713 ~ 741 ـ يىللار) دا ياسالغان. يەنە بىر تاڭ دەۋرىدە ياسالغان 158 ـ غارمۇ ئۆزگىچە بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن ئۇ ئالەمگە كېتىۋاتقان چوڭ بۇت ھەيكىلى بار. بۇ غارنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ ياسىلىشى كىشىگە ئالاھىدە چوڭقۇر تەسىر بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇ چوڭ بىر مېيىت ساندۇقىغا ئوخشايدۇ، تاملىرىنىڭ زىننەتلىنىشى بولسا جەننەتكە ئوخشاش نۇسخىلار ۋە گۈل بەرگىنىڭ نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە بۇددانىڭ ئۆلۈمىگە ھازا ئاچقۇچىلارنىڭ ئازابلىنىش ھېسسىياتلىرى ناھايىتى تەسىرلىك سىزىپ چىقىلغان. ئۇلار ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ يىپەك يولىنىڭ شەرقىي بۆلىكىدىكى بۇ مەركەزدە ئۇچراشقانلىقىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

دۇنخۇاڭدىكى غارلارنىڭ كۆپىنچىسى تۆت بۇلۇڭ شەكلىدە ياكى ياي شەكلىدە بولۇپ، كۇچا ۋە تۇرپاندىكى ئەھۋاللارغا ئوخشاش، ۋېي سۇلالىسى دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى غارلارنىڭ مەركىزىدە ياكى ئارقا تەرىپىدە ئالەمنىڭ مەركىزىي ئوقىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان مۇنار تۈۋرۈك بار، تۈۋرۈكنىڭ ئاستىدا پەشتاق بولۇپ، ئۇنىڭغا ئولتۇرغان ياكى ئۆرە تۇرغان بۇت قويۇلغان، بۇتنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئوخشاش قىلىپ

بۇددىساتۋالار ئورۇنلاشقان ياكى بىر قىسىم مۇرىتلارنىڭ ھەيكەللىرى ئورۇنلاشقان.



76 ـ رەسىم ھازا ئاچقۇچىلار، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، دۇنخۇاڭ 158 ـ غار

دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، مەركىزىي تۈۋرۈك ياسالمايدىغان بولغان. بولۇشى ئۈچۈن، بۇ چاغدا مەركىزىي بۇت ئۆدۇلغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە يەنىلا بۇددىساتۋا ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرىنىڭ ھەيكەللىرى بار ئىدى، يەنە نۇرغۇنلىغان ئادەتتىكى كىشىلەر ۋە تاۋاپچىلارنىڭ ھەيكەللىرىمۇ قويۇلغانىدى. نۇرغۇن رەسىملەرگە ھىنايانا مەزھىپىنىڭ مۇھىم كلاسسىك نومىلىرى، بولۇپمۇ كىشىلەر ئەڭ ياقتۇرىدىغان «نىلۇپەردەك ئاق ئاجايىپ دەرمە سۇترەسى» ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئىككى تەرەپتىكى تاملارغا مەشھۇر كىشىلەر ۋە ۋەقەلىكلەر

پورتېرېتىدىن باشقا، مۇنبەر قاتارلىقلار ئالگېبرالىق شەكىلدە سىزىلغان ئەۋلىيالارنىڭ رەسىملىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ [391]، لېكىن يان تاملاردا مول بۇددا ۋەقەلىكلىرى تەسۋىرلەنگەن. ئېسىل ئۇنچە - مەرۋايىتلار بىلەن بېزەلگەن نۇسخىلار ياكى ماسلاشتۇرۇپ چۇشۇرۇلگەن نۇسخىلار بىلەن غارنىڭ تورۇسلىرى ۋە بولۇڭلىرى بېزەلگەن. بۇنىڭ ئىچىدىكى ھەرخىل شەكىلدىكى نىلۇپەرلەر — ئىدىيىسىنىڭ ساپلىقىغا سىمۋول قىلىنىدۇ — ئەڭ ئاساسلىق بېزەش نۇسخىسى ئىدى. رەسىم سىزىش ئەھۋالىغا ئوخشاش ھەيكەلتىراشلىقمۇ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەرنى بېسىپ ئۆتكەن، دەسلەپكى ھىندىستاننىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان شەكىل ۋە نىسبەتلەر تەرەققىي قىلىپ ساپ جۇڭگوچە. ئوبرازلارغا ئايلانغان.

تاش غار ئىبادەتخانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بۇددىساتۋا ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرى، تاۋاپچىلار ھەمدە ھەرقايسى ئىلاھلار ئوراپ تۇرغان بۇددا ھەيكىلى بولۇپ، ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەر بۇددا دىنىدىكى بىرخىل غايە «بۇددا ماكانى» غا سىمۋول قىلىنغان. شۇنىڭ ئۇچۇن، غارلار كۆرگۈچىلەرنى ھازىرقى پانىي دۇنيادىن خالىي بولۇپ، بۇددانىڭ ماكانىغا بېرىپ قالغاندەك ھېس قىلدۇرىدۇ [392]. بولۇپمۇ تەقۋادار كىشىلەر بۇ غارلارغا كىرگەندە ئەنە شۇنداق جايغا بېرىپ قالغاندەك بولىدۇ. ئۇ يەر پانىي دۇنيادىكى مەينەتچىلىك، يەنى سەزگۇ ئەزالاردىكى ئىنتىلىشلەر، ئارزۇ - ھەۋەسلەر، فىزولوگىيىلىك ھاياجانلىنىش قاتارلىقلار بولمىغان بىر ماكان. بۇنداق «بۇددا ماكانى» تام رەسىملىرىدىكى ستېرېئولۇق شەكىلدە ئىپادىلەنگەن، بۇنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئادەتتىكى رەسىم سىزىش ئۇسۇلىغا ئوخشىمايدىغان باشقىچە بىرخىل پېرسپېكتىۋ ئۇسۇلى قوللىنىلغان.

بولۇپمۇ تاڭ دەۋرىدە، كىشىلەر هارماي - تالماي تېخىمۇ نەپىس، كىشىلەرنى جەلپ قىلىدىغان رەڭلەرنى ئىشلىتىپ، ئەنە

شۇ يىراقتىكى پەللىنى سۇرەتلەپ بەرگەن. بۇنى «دىنىي مۇتەپەككۇرلەر» تونۇپ يېتەلەيدۇ، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان نەرسە مەلۇم بىر يىراق جاي بولماستىن، بەلكى بىرخىل روھىي كەيپىياتتۇر. خەنزۇچىدىن قەدىمكى ئۇيغۇرچىگە تەرجىمە قىلىنغان «قۇرساق بىلەن باشنىڭ مۇلاھىزىسى» دە مۇنداق بايانلار بار: «ئەگەر بۇددا ماكانىغا يەتمەكچى بولساڭ، ئۆزۈڭنىڭ روھىيىتىنى تازىلا (ھېسسىياتلاردىن ھالقىپ ئۆت)، بۇنىڭغا ئەگىشىپ بۇددا ماكانىمۇ پاكلىنىدۇ» [393]. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقىنى روھىي جەھەتتىكى پاكلىنىش «بۇددا ماكانى» نىڭ پاكلىنىشىغا ماس كېلىشى كېرەك.

روھىي جەھەتتىكى ئىدارە قىلىنىش دۇنخۇاڭدىكى بۇددا دىنىنىڭ ماھايانا مەزھىپىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان، تارىختىكى بۇددا ھەرگىزمۇ بىرەر شەخس سۈپىتىدە بىرلا قېتىم مەۋجۇت بولغان ئەمەس. ئۇنىڭ بىلەن بىللە مەۋجۇت بولغانلار يەنە ئەرشتىكى نۇرغۇنلىغان بۇددىساتۋالار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ نىرۋانالىرى بولغان. بۇ بۇددا ماكانلىرى ئىچىدە ئامىتا بۇددا غەربتىكى ئەللەر، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي ئاسىيانىڭ بۇددىزم ئېتىقادىدا ئالاھىدە رول ئوينىغاچقا، دۇنخۇاڭدىكى نۇرغۇنلىغان تام رەسىملىرى بۇ خىل ئەھۋالنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ. شۇنداقتىمۇ كەلگۈسىدىكى مايترى (ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىش شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدىن باشلانغان بولۇپ، يىپەك يولىنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدا ئۇ كىشىلەرنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە مۇيەسسەر بولغان) مۇ «تارىختىكى» بۇدداغا مەنسۇپتۇر.

دۇنخۇاڭ سەنئىتىدە كىشىلەر ئالەمدىن ئۆتۈپ جىم ياتقان بۇددادىن ھۇزۇرلىنىدۇ، مەيلى ئۇ ئۆرە تۇرغان، ئولتۇرغان ياكى ياتقان بولسۇن، بارلىق ھەيكەللەرنىڭ ھەممىسى تىنچ ھالەتتە ئىدى. بۇددادىن كېيىن ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغىنى بۇددىساتۋا

بولۇپ، سەنئەتنىڭ ئەڭ جاپالىق ۋەزىپىسى بولسا بۇخىل جىددىي مۇناسىۋەتلەر ئىچىدىن ئەنە شۇنداق بۇددىساتۋالارنى ئىپادىلەپ بېرىش، مانا بۇلار ئۇلارنى تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ گۇناھلىرىدىن ساقىت بولۇشقا ئۈندەيدۇ، بۇ يەنە ئۇلارنىڭ ئۆمۈرلۈك مۇقەددەس نىشانىدۇر. دۇنخۇاڭ سەنئىتى ئالاھىدە ئۇسۇل بىلەن مانا شۇ قوش ۋەزىپىنى بىرلەشتۈرەلىگەن. بۇلار بۇددانىڭ كەچۈرۈش شەرىپىگە ئېرىشىدىغان، نەپس يارىتىلغان، ئېگىلىپ تۇرۇپ ئۆز گۇناھلىرىنىڭ ساقىت بولۇشىنى تىلەۋاتقان كىشىلەردۇر. بۇلار كۆپىنچە ئوتتۇرىدىكى بۇتنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ياكى بۇددا مۇرىتلىرى بۇددانىڭ دۇئا - تىلاۋەتلىرىنى ئاڭلاۋاتقان ھالەتتە ئىدى. بىراق، ئۇلار يالغۇز، ياكى راھەت - پاراغەتلىك دۇنيانىڭ ھۇزۇرىدىن بەھرە ئېلىۋاتقان ئاساسلىق ئوبراز سۈپىتىدە بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ چاغدا ئۇلارنى يەنە نۇرغۇن بۇدساتۋا ئوراپ تۇرغان، ئۇلار دەرىجە جەھەتتىن كۆركەم بېزەلگەن. بۇددىساتۋا ئوبرازلاردا پەلەك شاھى، ئەۋلىيا، باتۇرلار، ئەڭ ئاخىردا يەنە ئەدەمزاتلار بار.

بەكمۇ چىرايلىق ھەم كۆركەم ياسالغان ئوبرازلار ئۇچۇپ كېلىۋاتقان ئاسمان ئىلاھى يەنى پەرىشتە بولۇپ، ئۇلار لەرزەن لەپىلدەپ تۇرغان كىيىملەرنى كىيىپ ۋە رەڭدار پوتىلارنى باغلاپ، بۇددانىڭ تۇرمۇشىدىكى مۇھىم بىر ئىشقا قاتنىشىش ئۈچۈن (394). ئۇلار دائىم ئېگىز ئاسماندىن لەيلەپ چۈشىدۇ ئاسماندا ناھايىتى گۈزەل پەرۋاز قىلماقتا. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇنلىرىنىڭ قوللىرىدا گۈل چەمبىرەكلەر بار. ئۇلار كىشىلەرنىڭ ئازابلىرىنى ئاڭلىغاندا، ئالاھىدە ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ئاڭلىغۇچىلار سۈپىتىدە نامايان بولىدۇ. گەرچە بۇددىساتۋا ھەم باشقا ئىلاھلار ئوتتۇرىنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، بىراق، رەسىمدە ئۇلار بۇددىساتۋانىڭ يېنىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مانا شۇنداق قابىلىيەتلىك مۇرىتلار

بىلەن ئۇلۇغ راھىبلار بۇددىساتۋاغا ئوخشاش تەكبىر بېرىۋاتقان بۇددىساتۋانىڭ ئىككى تەرىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

تاڭ دەۋرىدىكى تېۋىنغۇچىلار تولۇق ئىسپاتلاپ تۇرغان ئاشۇ ئوبرازلار كىشىلەرگە ھەربىر بوددىغا ئېتىقاد قىلغۇچىنىڭ بۇددا ئەھكاملىرىنى چۈشىنەلەيدىغانلىقىنى ئىسپادىلەپ بېرىدۇ. بۇ تېۋىنغۇچىلارنىڭ ئوبرازى كۆپ ھاللاردا غارلارنىڭ كىرىش ئىشىكى يېنىغا سىزىلغان، يەنە نۇرغۇنلىرى ئۇلار ئىبادەت قىلىدىغان ئىلاھ ئوبرازلىرىنىڭ ئاستىغا سىزىلغان. ئەسەرنىڭ نامى ئەكس ئەتتۈرۈۋاتقان ئىدىيە بۇ ساپ دىل ئىتائەتمەن تېۋىنغۇچىلاردۇر. بۇنداق تېمىلارغا كۆپ ھاللاردا ئەسكەرتىپ قويۇلغان، جۈملىدىن سۆزلەنگەن ئارزۇ ـ ئارمان تېۋىنغۇچىلار ھاۋالە قىلىپ كۆچۈرۈپ يازغان نوم ئابىدىلىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ (395) . بۇ ئابىدىلەردە قوغدىغۇچى ئاپال ئىلاھ شەپقەتلىك مەبۇدەدىن تىنچلىق ـ ئامانلىق ۋە بەخت ـ سائادەت تىلەۋاتقان ياڭراق ساداسى ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ تېۋىنغۇچىلارنىڭ ئۇلارنىڭ ئائىلىسى ۋە دۆلىتى ئۈچۈن شۇنداق دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىۋاتقان.

دۇنخۇاڭ بەدىئىي سەنئىتى ماھايانا مەزھىپىنىڭ ئىدىيىسىگە مەنسۇپ بولغان ھەمدە شۇ سەۋەبتىن بۇددىساتۋانىڭ ئەمر ـ مەرۇپلىرى ئومۇملاشتۇرۇشقا تېگىشلىك ئىلمىي نوقتىئىينەزەر قىلغانلىقتىن، ئاددىي ئادەملەرمۇ ئۆزلىرىنى ئاشۇنداق بىر ئالەم گەۋدىسىگە تەۋە قىلغان. بارلىق دىنىي ئوبرازلارمۇ، مەسىلەن، ئۇلۇغ بۇددىساتۋالار ۋە ئىلاھلاردىن تارتىپ تۆۋەن دەرىجىدىكى ئوبرازلارغىچە ئاشۇ بىر ئالەمنىڭ گەۋدىسىگە تەۋە بولغان. كۆپچىلىك بۇددانىڭ ئەھكاملىرىنى ئاڭلىيالىسا ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلغان. كەڭ ئالەم ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇددىساتۋانىڭ ئەتراپىدا شۇنچە نۇرغۇن شەخسلەرنىڭ بولۇشىنى، بۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. بۇ رەڭلەر ۋە ئىجادىي قۇرۇلما ئارقىلىق يارالغان بىرخىل ئىناقلىق.

بىز رەسىملەردىن ئالەمدە بولۇۋاتقان ھەممە ئىشلارنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇلاردىن ئەمەلىي دۇنياغا مەنسۇپ شەخسلەر ئالدىمىزدا پەيدا بولۇشى مۇمكىن: يۇقىرى تەبىقىدىكى شەخسلەر ۋە بايلار، پادىشاھلار ۋە خانلار، دېھقانلار ھەتتا ئوغرى قاراقچىلار پانىي دۇنيادىكى خېيىمخەتەرلەرنى ناھايىتى ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. جۇڭگونىڭ بۇددا دىنىدا كىشىلىك تۇرمۇشتىكى رەڭگارەڭ ھادىسىلەرگە كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ (نەغمە ـ ئۇسۇللارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، بۇ نۇقتا كەڭ كۆلەملىك رەسىمچىلىكتە ناھايىتى تەسىرلىك پورتېرېتلار ئىچىدە ئىپادىلىنىدۇ ھەم بۇنداق ئالاھىدىلىك ھۆججەتلەرنىڭ ئەھۋالىدىمۇ يەنىلا شۇنىڭغا ئوخشاپراق كېتىدۇ. چۈنكى، دۇنخۇاڭ بولسا ئۆز زامانىسىدا ھەرقايسى ساھەلەر بىلەن چېتىشلىقى بولغان خەلقئارالىق ئىلىم مەركىزىدۇر.

1900 ـ يىلى باشلىنىپ ئۆزاق ئۆتمەي، ۋاڭ راھىب بىر قېتىملىق تاسادىپىي پۇرسەتتە «نوم ـ پۈتۈك يوشۇرۇلغان غار» (ھازىرقى 17 ـ غار) نى بايقاپ قالىدۇ. بۇ غار ئەسلىدە قەدىمكى ۋەسىقىلەرنى ساقلاشقا ئىشلىتىلگەن بولۇپ، مىلادىيە 4 ~ 10ـ ئەسىرلەرنىڭ ئاخىرىلىرىدىكى 50 نەچچە مىڭ پارچىدىن كۆپرەك ھۆججەت ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ساقلانغان. غەربىي شىيالىقلار 1034 ـ يىلى دۇنخۇاڭنى ئىشغال قىلغانلىقى سەۋەبلىك، بۇ غار مىلادىيە 11 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كېسەك تام بىلەن ئېتىۋېتىلگەن. ئۆز ۋاقتىدا بۇزۇلۇپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، 13 مىڭ 500 جىلد يازما ماتېرىيال يوشۇرۇلغان بولۇپلا قالماستىن، يەنە نۇرغۇن سەنئەت ئەسەرلىرى ۋە بۇددا دىنى ئەسۋابلىرى يوشۇرۇپ قويۇلغان . بۇ نەرسىلەر قايتا بايقىلىشتىن بۇرۇن، كىشىلەر 900 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتقىچە بۇلارنى ئۇنتۇپ قالغان.

جاھاننى زىلزىلىگە سالغان بۇ خەۋەر غەربلىك ئالىملارنى بۇ سورۇنغا چىللاپ ئەكەلگەن. سېر ئاۋرېل . ستەين 1907 ـ ۋە 1930 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا تۆت قېتىم دۇنخۇاڭغا كەلگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە بولغان تۇنجى تەسىراتىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

«راھىب (ۋاڭ راھىبنى دېمەكچى — تەھرىردىن) نىڭ قولىدىكى سۇس چىراغ يورۇقىدا، ئۇ يەردە 3 مېتىرچە ئېگىزلىكتىكى دەستە ـ دەستە تىزىۋېتىلگەن نۇرغۇنلىغان قوليازمىلار كۆرۈلدى، لېكىن ناھايىتى قالايمىقانىدى. كېيىنكى ئۆلچەشلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، قوليازمىلارنىڭ ئىگىلىگەن كۆلىمى 18 كۇپ مېتىردەك كېلىدىكەن.» [396]

ئۇزاق مۇددەتلىك سۆھبەتلىشىشتىن كېيىن، ستەين ۋاڭ راھىبنى قايىل قىلىپ نۇرغۇنلىغان ۋەسىقىلەر، رەڭلىك بۇددا ئەلەملىرى ۋە باشقا بەدىئىي ئەسەرلەرنى سېتىۋالغان، بۇ نەرسىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ھازىر لوندوندىكى بۈيۈك برىتانىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. ئۇ جەمئىي 150 دانە يىپەك ئەلەم، 500 پارچە رەسىم ھەم 6500 پارچە ھۆججەتلەرنى ئېلىپ كەتكەن. ھازىرغىچە لوندوندا ساقلىنىۋاتقان خەنزۇچە ھۆججەتلەرنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلىقى 10 ~ 20 ئىنگلىز چىسى (15 ~ 30 كىلومېتىر) كېلىدۇ، بۇلار 600 يىللىق نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ [397] لوندوندىكى تۇبۇتچە ھۆججەتلەر جەمئىي 765 پارچە [398]. ئۇلاردىن باشقا، تاڭغۇتچە، ھىندىچە پۈتۈكلەر ھەمدە نۇرغۇن ياغاچ مەتبەدە بېسىلغان ئەسەرلەرمۇ بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە 868 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى بېسىلغان، بۈگۈنگە قەدەر دۇنيادىكى ئەڭ بۇرۇنقى باسما ئەسەر بولغان —

«ئالتۇن يارۇق» نىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسى بار.

فرانسىيىلىك خەنزۇشۇناس پول پېللىئوت 1908 - يىلى دۇنخۇاڭغا كېلىپ، زور مىقتاردىكى سەنئەت ئەسەرلىرى ۋە 6000 پارچىدىن كۆپرەك ناھايىتى قىممەتلىك ھۆججەتلەرنى يىغقان، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقى خەنزۇچە ھۆججەتلەردىن باشقا، يەنە تۇبۇتچە ھۆججەتلەرمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ ستەينگە ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇ خەنزۇچىنى بىلەتتى. شۇنىڭ ئۇچۇن، ئۇ مەقسەتلىك ھالدا قىممىتى بارلىرىنى تاللاپ ئېلىپ كەتكەن. پېللىئوت پارىژغا ئېلىپ كەتكەن ئەسەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى ھازىر ئېلان قىلىندى، بىراق نۇرغۇنلىغان خەنزۇچە ۋە تۇبۇتچە ھۆججەتلەر لوندوندىكى ھۆججەتلەرگە ئوخشاش يەنىلا رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىشنى كۈتۈپ تۇرماقتا.

رۇسىيىلىك ئالىم سېرگېي ئولدېنبۇرگمۇ نۇرغۇنلىغان ھۆججەتلەرنى لېنىنگرادقا ئېلىپ كەتكەن. ئۇلاردىن باشقا، ياپونىيىلىك جۇرۇي چاۋمۇ قولىيازمىلارغا قىزىققان ھەم زور نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن، كېيىن جۇڭگو ھۆكۈمىتى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئېشىپ قالغان قولىيازمىلارنى بېيجىڭغا ئاپىرىپ ساقلىغان. شۇنداقتىمۇ دۇنخۇاڭدىكى ناھىيىلىك مۇزېيدا ھازىرمۇ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان ھۆججەتلەر ساقلانغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە خەنزۇچە پۈتۈكلەردىن باشقا، تۇبۇتچە ئەسەرلەرمۇ بار گەرچە پېللىئوت بۇ تىبەتچە ئەسەرلەرنى تاللىۋالغان بولسىمۇ، بىراق ئېلىپ كېتەلمىگەن. ياۋروپادا يىغىۋېلىنغان بۇ تۇبۇتچە ۋەسىقىلەرنىڭ مۇندەرىجىسى ئاللىقاچان تۈزۈلگەن بولسىمۇ، بىراق سوۋېت ئىتتىپاقى، جۇڭگو ۋە ياپونىيىدە ساقلىنىۋاتقان ۋەسىقىلەر تا ھازىرغىچە رەتلەپ تەتقىق قىلىنمىدى (399).

ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدىغان دۇنخۇاڭ كۈتۈپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقىنى ئاساسلىقى بۇددا ئەسەرلىرىدۇر. بۇنىڭ ئىچىدە

ئەڭ مۇھىملىرىدىن نەچچە يۈز پارچىگە يېقىن قولدا كۆچۈرۈلگەن ماھايانا بۇددا نومى بار. بىز مانى دىنى، تەرىقەت دىنى ۋە كوكۈزىچىلىقتا دائىر ئەسەرلەر توغرۇلۇق سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق، بۇ ئەسەرلەر بۇ يەردە ساقلىنىۋاتىدۇ، بۇ يەردە يەنە تارىخىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرمۇ بار. ئۇلار دىنى باشقا، مۇنەججىملىك، جۇغراپىيە، تېبابەتچىلىك، ھەتتا باشقا ئىلمىي ئەسەرلەرمۇ مۇشۇ كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتىدۇ، يەنە سودا ھۆججەتلىرى، گۇۋاھلىق ھۆججەتلىرى ۋە رەنە ھۆججەتلىرى بار. گىلېس لوندوندا ساقلىنىۋاتقان دۇنخۇاڭ خەنزۇچە ھۆججەتلىرىگە چۈشەنچە بېرىپ، [400] . ھۆججەتلەرنىڭ 85% ى بۇددا دىنىغا، 3% ى تەرىقەت دىنىغا، 12% ى مەزمۇندىكى ئەسەرلەر ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنىدى. بىر قىسىم ھۆججەتلەردە يەنە يۇمۇرلارمۇ بار ئىدى. مەسىلەن، چاي بىلەن هاراقنىڭ مۇنازىرىسى ھەققىدە بىر پارچە يۇمۇر بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۇنداق ياخشى، مۇنداق ياخشى دەپ ماختاشقان [401] . هاراق تەرىقەت دىنى مۇرىتلىرىنىڭ ئىچىملىكى، چاي بولسا بۇددا دىنى مۇرىتلىرىنىڭ ئىچىملىكى [402] . بۇ مۇنازىرىدە هاراق تەكىتلەپ ئۆز نۆۋىتىدە ئۇ رەھىمدىللىك، ئىنساب، ئەدەب، ئىدراك قاتارلىق ئەخلاق ئۆلچەملىرىنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۆزى تېپىك جۇڭگوچە قىممەت قارىشىغا تۆھپە قوشقانلىقى ھەققىدە توختالغان. بىراق، مۇنازىرىنىڭ ئاخىرىدا سۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۆزىنى ماختاپ، مەن ھاياتلىقنىڭ ئاساسى دېگەن. بۇنداق خۇلاسە ئەتراپى قۇم بارخانلىرى بىلەن ئورالغان دۇنخۇاڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا، تولىمۇ چۈشىنىشلىك بىر ئىش.

دۇنخۇاڭدا ساقلىنىۋاتقان بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ تۈرلىرى مول بولغانلىقتىن، ئۇ چوقۇم ھازىرقى يىپەك يولىدىكى ساياھەتچىلىكتە جەلپكار نۇقتىلارنىڭ بىرى دېيىشكە بولىدۇ. موگاۋ غارلىرى ئەسلىدە 1000 دىن كۆپرەك غاردىن تەركىب

تاپقان، ساقلىنىپ قالغانلىرى 492 بولۇپ، 1000 نەچچە يىلدىن ياسالغان ياكى كېڭەيتىپ قۇرۇلغان. ساقلىنىپ قالغان تام رەسىملىرىنىڭ ئومۇمىي يۈزى 45 مىڭ كۋادرات مېتىر. ئۇلاردىن باشقا، يەنە 2000 دەك چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان رەڭلىك ھەيكەللەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە چوڭلىرىدىن بىرنەچچىسى بار.

بۇ غارلار ھەم تەسىرلىك تام رەسىملىرى، ھەم رەڭگارەڭ بېزەكلەر بىلەن كىشىلەرگە مەركىزىي ئاسىيانىڭ، شۇنداقلا جۇڭگونىڭ مىلادىيە 4 ـ ئەسىرلەردىن تارتىپ يۈەن سۇلالىسى دەۋرى (1271 ~ 1368 ـ يىللار) غىچە بولغان بۇددىزىم تارىخىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ. شۇنداقتىمۇ، بۇ غارلارنىڭ ئەھمىيىتى بۇنىڭدىنمۇ چوڭراق. چۈنكى، بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق جايدا بۇنداق كۆپ قەدىمكى جۇڭگونىڭ بەدىئىي ئەسەرلىرى ساقلىنىپ قالغان ئەمەس. دۇنخۇاڭ بۇددا دىنى تەرەققىياتىنى نامايان قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى جۇڭگو مەدەنىيەت تارىخىي تەرەققىياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئىجات قىلىنغان رەسىملەر پەقەت دىنىي مەنزىرىنىلا ئەكس ئەتتۈرۈپ قالماي، يەنە دەھرىي رەسىملەر، يەنى قول ھۈنەرۋەنچىلىك، دېھقانچىلىق، سودا، بىناكارلىق، نەغمە، بولۇپمۇ ھەربىي ئىشلار قاتارلىق تەرەپلەرنىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئەلۋەتتە، بارلىق رەسىملەر دىنىي مەزمۇنلار ئىچىگە قىستۇرۇلغان، چۈنكى بۇ دۇنياۋى خاراكتېرلىك چوڭ دىن دۇنخۇاڭ سەنئىتىگە ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسەتكەن. شۇنداقتىمۇ، كۆڭۈزچىلىق ئېقىملىرى، تەرىقەتچىلىك، نېستورى دىنى ۋە مانى دىنى مۇرىتلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ تەسىرلىرىنى قالدۇرغان، ئاساسەن ۋەسىقە ـ ھۆججەتلەردە بەكرەك ئىپادىلىنىدۇ.

دۇنخۇاڭ سەنئەت بۇيۇملىرىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتى

موگاۋ غارلىرىنىڭ ئالدىغا جايلاشقان «دۇنخۇاڭ تەتقىقات يۇرتى» نىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسىدۇر. دۇنخۇاڭ ناھىيىلىك مۇزېي كىشىلەرگە غارلارنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا بايقالغان نۇرغۇنلىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى، مۇزېي ئىچىدىكى قىممەتلىك ھۆسنىخەتلەر بىلەن يېزىلغان خەنزۇچە، تۇبۇتچە مەجمۇئەلەرنى ھەممە ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى تېخى تەتقىق قىلىنمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىر قىسىم غەربلىك ئالىملار ساقلاۋاتقان ھۆججەتلەرنى ۋە يۆتكەپ كېتىلگەن رەسىملەرنى كىشىلەر ھازىر پارىژ، لوندون ۋە لېنىنگرادلارنىڭ مۇزېيلىرىدا كۆرەلەيدۇ.

# يەتتىنچى باب

# يىپەك يولى رايونى — ئۆزگىچە مەدەنىيەت رايونىدۇر

يىپەك يولىدىكى ھەرقايسى بوستانلىقلارنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ئاسىيا ئىچكى قۇرۇقلۇقى مەدەنىيىتىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچراپ، ھەرقايسى بوستانلىقلاردىكى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالغان، شۇنداقتىمۇ بىز يەنىلا بەزى ئاساسلىق ئەندىزىنى كۆرەلەيمىز. بۇنداق ئەندىزە ھەرقايسى جايلاردىكى مەدەنىي تۇرمۇشنى بەلگىلىگەن ھەمدە كىشىلەرنى بىرخىل ئوخشاش ھاياتلىق قارىشىغا ئىگە قىلغان.

بارلىق بوستانلىقلارغا ئورتاق بولغان جۇغراپىيىۋى، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي شەرت - شارائىتلار بۇنداق ئورتاقلىق ئاساسىدىن تەركىب تاپقان، گەرچە ھەرخىل پەرقلەر مەۋجۇت بولسىمۇ، بىراق بۇ شەرت - شارائىتلار مەدەنىيەت ۋە دىنىي ساھەدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئالدى بىلەن چوقۇم چەتنىڭ ئەدەبىيات ۋە سەنئەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى قوبۇل قىلىنىپ، ئاندىن ئۇ بوستانلىقلاردىكى يەرلىك ئاھالە چۈشىنەلەيدىغان تىل - يېزىقلارغا تەرجىمە قىلىنغان. چەت ئەل ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا ئۇچرىغان مەسىلىلەر ئومۇمىي جەھەتتىكى مەسىلىلەرنىڭ بىرلا تەرىپى، ئۇ ھەتتا دۇنياۋى دىنلارنىڭ رايون خاراكتېرلىك چۈشەنچىسى كىشىگە مەلۇم ئورتاقلىقنىمۇ ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

بولۇپمۇ بۇددا دىنى ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە

مۇھىم تۈگۈنلەرنى ئۆز ئارا باغلاش رولىنى ئويىنىغان، يىپەك يولىنىڭ غەربىي بۆلىكىدىكى بەزى بوستانلىقلاردا، مەسىلەن، ئارساك، خوراسان، سوغد قاتارلىق جايلاردا بىر قىسىم كىشىلەرلا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ياكى پەقەتلا ئېتىقاد قىلمىغان. بىراق، ئۇ جايلاردىمۇ ئوخشاش بولغان تۇرمۇش مەسىلىسى ساقلانغان بولۇپ، بۇ مەسىلىلەرگە ئىراندىكى دىن تەبىئىي ھالدا ئۆزى جاۋاب بېرىدۇ.

## 1 . ئىجتىمائىي ئەھۋالى

يىپەك يولى رايونلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا نەزەر سالساق، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەرقايسى بوستانلىقلار ۋە چۆللۈكلەر ياكى يايلاقلار ئارىسىدىكى پەرقتۇر. ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ ھەممىسىلا دېگۈدەك قۇملۇق، سايلىق، چۆللۈك ياكى تاقىر تاغلار ئەمەس. ئۇ قەدىمكى مىسىرگە ئوخشىمايدۇ، بۇ جاينىڭ ھاياتلىق رايونى دائىم دېگۈدەك ھېچكىم ماكانلاشمىغان قۇرغاق رايوندىن تەرەققىي قىلىپ كۆزگە چېلىقىشقا باشلايدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قاقاسلىق جايلىرىغا نۇرغۇن يايلاقلار تارقالغان بولۇپ، چوڭ يايلاقلارغىمۇ ئۇلىشىدۇ، بولۇپمۇ شىمالى شۇنداق. بۇ يايلاقلاردا كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ياشىغان بولۇپ، بەزىلىرى قۇدرەتلىك دۆلەتمۇ قۇرغان. بوستانلىقلارغا ئانچە يىراق بولمىغان جايلاردا ئېگىز قارلىق تاغلار، تاغ تىزمىلىرى بار. مەسىلەن، غەربتىن شەرققە سوزۇلغان تەڭرىتاغ تىزمىسى، قاتمۇ قات تاغلار ئىچىدىكى يايلاق ۋە ئورمانلىقلاردا ئوخشاشلا كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ياشىغان.

شۇنداقتىمۇ، بوستانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مەدەنىي تۇرمۇشنىڭ ئالاھىدىلىكى نىل دەرياسى بويلىرىدىكى قەدىمكى دۆلەتلەردەك باشتىن ـ ئاخىر مۇستەقىل تەرەققىي قىلغان

بولماستىن، ئاساسەن مۇقىم ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەر بىلەن كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشلەر نەتىجىسىدە تەرەققىي قىلغان. كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەردە ئۆزلۈكسىز تۈردە تەھدىت سېلىپ، كىشىلەرنى ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى قوللىنىشقا مەجبۇر قىلغان. مەسىلەن، ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي ئالاقە ۋە ئىقتىسادىي ئالماشتۇرۇشلارنىڭ ھەممىسى مۇقىم شەكىلگە ئىگە بولۇپ، كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىغا ئوخشاش پۈتۈنلەي ئەركىن، كەڭ ـ كۇشادە ئەمەس ئىدى.

مىللەتلەر ئىتتىپاقى ۋە قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدا بىرخىل ئاساسىي تەرتىپ بولىدۇ، ئەلۋەتتە، بۇ مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئىچكى زىددىيەت ۋە كۈرەشلەردىن مۇستەسنا ئەمەس. بۇنداق ئاساسىي تەرتىپكە ماس يەنە مەنىۋى ۋە دىنىي تەرتىپلەرمۇ بولىدۇ. ئاساسىي تەرتىپلەردىن باشقا، يەنە يازلىق يايلاق بىلەن قىشلىق يايلاقلار ئارىسىدا پىلانلىق ھالدا كۆچۈش تەرتىپلىرىمۇ بار. ئەلۋەتتە بۇنداق كۆچۈشتە ئايرىم قەبىلىلەر باشقا قەبىلىلەردىن كۈچلۈك بولغاچقا، يايلاق ئىشلىتىش جەھەتتە ئەۋزەللىككە ئىگە بولىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا يەنە مىللەتلەر ئارا پۇت تېپىشىش، ئىستىلا قىلىش ۋە كۆچۈشنى قوشقاندا، بوستانلىقتىكى مۇقىم ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەر بىلەن كۆچمەن چارۋىچىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە بىرخىل ئەنسىز، ئۆزگىرىشچان ئامىللار بارلىققا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەرخىل كېلىشىم ۋە ئىتتىپاقلىق ئەھدىنامىلىرى بولسىمۇ، ھەرقايسى بوستانلىقلار دائىم خەۋپسىرەپ تۇرىدۇ، بۇ نۇقتىنى كونكرېت ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغىنى بوستانلىقتىكى شەھەرلەرنىڭ ئەتراپىنى قورشاپ تۇرغان ھەيۋەتلىك ئېگىز سېپىللاردۇر. قەدىمكى دەۋردىكى ماۋەرەئۈننەھر ۋادىسى ئۆزگىرىشچان تارىخقا ئىگە بولۇپ، چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ

قايتا ـ قايتا ھۇجۇمغا ئۇچراپ، مىللىي ئارازچىلىقلارنى باشتىن كەچۈرگەن. يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەندەك، بولۇپمۇ يىپەك يولىنىڭ شەرقىي بۆلىكى (بۇ يەرلەر جۇڭگو مەدەنىيەت رايونىغا تەۋە) مىسىرغا قارىغاندا تېخىمۇ مۇۋاپىق ئىسپات بولالايدۇ. ىىراق، ئەمەلىيەتتە نىل دەرياسى بويىدىكى بۇ قەدىمكى دۆلەتكە تولىمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ.

ھەتتا قودرەتلىك جۇڭگومۇ ئاشۇ بوستانلىق شەھەرلىرىگە ئوخشاش داۋاملىق مۇداپىئە ھالىتىدە تۇرمىسا بولمايدىغان بولۇپ قالغان. يايلاقتىكى سىياسىي ئەھۋاللارنى چوقۇم داۋاملىق تەتقىق قىلىش كېرەك، بۇ پامىر تاغلىرىنىڭ شەرقىدىكى بوستانلىق شەھەرلەرگە بەكرەك مۇناسىپ كېلىدۇ، بۇ شەھەرلەر داۋاملىق جۇڭگونىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. يىپەك يولىدىكى بىر كىچىك دۆلەتنىڭ تەقدىرىنى كروران خانلىقى خانىنىڭ ئېيتقان سۆزلىرى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 108 ـ يىلى كۆچمەن چارۋىچى ھۇنلارنىڭ ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە جۇڭگونىڭمۇ بېسىمىغا ئۇچرىغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «كىچىك دۆلەت چوڭ دۆلەتنىڭ ئارىسىدا قالغاندا، ئىككىسىنىڭ بىرىگە تەۋە بولمىسا ئاراملىق بولمايدىكەن.» (405) . شۇنداقتىمۇ، بوستانلىق شەھەرلەردىكى بۇ ھۆكۈمرانلار ناھايىتى زېرەك بولۇپ، ئۆلار باشقا ئەللەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىپ تۇرۇپمۇ، يەنە ئۆزلىرىنىڭ نىسبىي ئۆزىگە خوجا بولۇش ئورنىنى ساقلاپ قالالىغان (بۇ يەردىكى باشقا ئەللەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى بەزىدە سىمۋول خاراكتېرىنى ئالغان، ىىراق دائىم ھەربىي كۈچ جەھەتتىن سېلىشتۇرغاندا شۇنداق ئىپادىلىنىپ قالىدۇ) . كىشىلەرنىڭ قوغداشقا ئېرىشىشتەك پىسخىك ھالىتى تەبىئىي ھالدا دىنىي جەھەتتىمۇ ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، بىز ئىلاھلاردىن ياردەم تىلەش ھەققىدىكى نۇرغۇنلىغان دۇئا ـ تىلاۋەت ھۆججەتلىرىنى بايقىدۇق. بۇنداق

ئىلتىجا ئۇلۇغ قۇتقۇزغۇچى ۋە دۆلەت ئىلاھىغا قارىتىپ ئېيتىلغان بولۇپ، ئۇلار كىشىلەر تەرىپىدىن قوغدىغۇچى ساماۋى ئىلاھ دەپ قارالغان.

بوستانلىقلارنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى تېرىقچىلىق، باغۋەنچىلىك، باقمىچىلىق، قول ھۆنەرۋەنچىلىك، بولۇپمۇ قولدىن قولغا ئۆتكۈزىدىغان سودا ۋە تاشقى سودا ئىشلىرىدۇر. بۇ بوستانلىقلارنىڭ كۆپ قىسمى فېئوداللىق تۈزۈمدە ئىدى. نۇرغۇنلىغان تېۋىنغۇچىلارنىڭ خاتىرىلىرىدە بوستانلىقتىكى خەلقلەرنىڭ ھۆكۈمرانلارنى ھىمايە قىلىشى ئۇلارغا بولغان بەخت ۋە سالامەتلىك تىلەشلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ. موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرلىرىدىمۇ تارىم ئويمانلىقىدىكى ھۆكۈمرانلار موڭغۇل خانلىرىغا بەيئەت قىلىۋاتقان شارائىتتا، دۇئا ـ تىلاۋەت خاتىرىلىرىدە ۋە مەدھىيىلەردە موڭغۇل خانلىرىنى تىلغا ئېلىپلا قالماستىن، يەنە يەرلىك خانلارنىمۇ تىلغا ئالىدۇ[406].

بىر خاتىرە تۇۋرۇكىدىكى ئىدىقۇت ھۆكۈمرانلىرى يازغان ئابىدىدە موڭغۇل خانىغا بەيئەت قىلغان خان ھەممە كىشىلەرگە ۋاكالەتەن بارلىق مەدھىيىلەر دانىشمەن ۋە قۇت بۇددىساتۋاغا خاستۇر دەپ يازغان. ئادەم كۈچى ئارقىلىق سوغىرىلىپ دېھقانچىلىق قىلىنىدىغان بوستانلىقتا سۇ تەقسىماتىدىمۇ پادىشاھلارنىڭ پەرمانىنى ئاڭلاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئىشقا مەسئۇل بىر قىسىم نازارەتچىلەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەمەلى ئەڭ چوڭى «سۇ بېگى تەقسىملەپ بەرگۈچى» ياكى «مىراب» (تۈركىي تىلدا سۇنىڭ بەگى «Sunung bagi» ) دەپ ئاتالغان. كىشىلەر مۇشۇ قىممەتلىك نەرسە ئۈچۈن جېدەللىشىپ قالغاندا، خان ئەڭ ئالىي قازى ئىدى. تۇرپاندىن ئەۋەتىلگەن بىر پارچە خەتتە، يەرلىك ھۆكۈمرانلارغا قوچونىڭ سۇيىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش، «خانىنىڭ يەرلىرى» گە ياخشى قاراش ئالاھىدە تەكىتلەنگەن.



77 ـ رەسىم خوتەن ئەتراپىدىكى كىچىك بىر بازاردىكى ئۆستەڭ

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خان قۇدرەتلىك يات ئەللەرنىڭ تەسسەررۇپىدا تۇرۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدىمۇ، يەنىلا قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ياردىمىدە دۆلەتنىڭ ئىچكى تەرتىپىنى ساقلاپ قالغان. بۇنىڭدا ئۇنىڭ خىزمىتى ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي كاتېگورىيىدىلا ئەمەس، بەلكى دىنىي ئىشلاردىمۇ «دىنىنىڭ ھىمايىچىسى» دۇر. بىز قەدىمكى ئۇيغۇلار رايونىدىن نۇرغۇن ۋەسىقىلەرنى بايقىدۇق. ئۇنىڭدا سىياسىي جەھەتتىكى

«تاشقى» تۇزۇمنى دىنىي جەھەتتىكى «ئىچكى» تۇزۇم بىلەن قارىمۇ قارشى ئورۇنغا قويغان. بۇ خانىنىڭمۇ دىنىي تۇزۇملەرنى قوغدايدىغانلىقىنى چۈشەندۇرىدۇ. شۇنداقتىمۇ، بۇددا دىنى ئىبادەتخانىلىرى بىلەن مانى دىنى ئىبادەتخانىلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى بولغان، ئۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن، يەنە بۇ ئىبادەتخانىلار ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولغان ئىقتىسادىي ئورۇن بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ تېرىيدىغان يەرلىرى بولغان[409] .

نۇرغۇنلىغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەر ئىسپاتلىشىچە، ئىبادەتخانىلاردىن باج ئېلىنمايدىكەن، ئۇنىڭ راھىبلىرىمۇ دۆلەت تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھاشارلاردىن كەچۈرۈم قىلىنىدىكەن[410] ، لېكىن باشقا قاتلامدىكى ئاھالىلەر چوقۇم بۇ خىل ھاشارغا قاتنىشىدىكەن. ئۇلار راھىبلارنى بۇ ھاشار ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ بولدى، بۇنداق ھاشار بىر تۈرلۈك ئومۇمىي ئىشلار ۋە بۇ كىچىككىنە دۆلەت ئۈچۈن دەپ بىلىدىكەن. بوستانلىقتىكى ئاھالىلەر ئۆزلىرى بىلەن دۆلەتنى بىر گەۋدە دەپ قاراپ، دۆلەتنىڭ شاد - خۇراملىقى ۋە بەختى ئۈچۈن ئىشلىگەچكە، دۇئا - تىلاۋەت قىلىدىكەن. بىز بۇ توغرىدا ساقلىنىپ قالغان نۇرغۇن ھۆججەتلەردىن دۇئا - تىلاۋەت ۋەسىقىلىرىنى بايقىدۇق، ئۇ كىشىگە خان باشچىلىقىدىكى پۈتۈن بوستانلىقنى ئامان قىلىش ھەققىدىكى ئەڭ ئالىي تىلەك ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇلاردىن باشقا يەنە نەزەر دائىرىسىنى بۇددا دىنى ئۇقۇمىدا «بارلىق جانلىقلار» لارغا كېڭەيتكەن بولۇپ، ئۇلارمۇ خانلار ئۈچۈن بەخت تىلىگەن. تەقۋادار بىر ئەر مۇرىت بىلەن ئايال مۇرىت بىر بۇددا نومىنى كۆچۈرگەن، بىراق ئۇلار خاتىمىسىدە باشقا كۆپلىگەن خاتىمىلەرگە ئوخشاش خانلارنى مەدھىيىلىمەي، ئۆزلىرىنىڭ تىلەكلىرىنى مۇنداق ئىپادىلىگەن:

«مەن بۇ ئەسەرنى براھماغا، خورمۇزتا تەڭرىگە، ئىلاھ

مەھائىشۇرەگە، شەھەر ـ يېزىلىرىمىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغۇچى ساندىاكۇماياغا، كابىراغا ھەم كىشىلەرگە بەخت كەلتۈرگۈچى ئىلاھلارغا ئېھتىرام بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن كۆچۈرۈپ چىقتىم. ئۇلارنىڭ ئىلاھىي كۈچى بۇ سوۋغىمىزنىڭ قۇدرىتىنى ئاشۇرغاي. كىشىلەرنىڭ كېسەلدىن خالىي بولۇشىنى، قاراقچىلارنىڭ ھەم بۆرىلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن خالاس بولۇشىنى ئىلاھتىن تىلەيمەن. بۇ سوۋغىمىزنى ئاتا ـ ئانىمىزغا، شۇنداقلا تۇغقانلىرىمىزغا ئاتىدۇق . . . . . . بۇ سوۋغىمىزنى ئەجدادلارغا، كەسىپداشلارغا، پۈتۈن جانلىقلارغا سوغا قىلىمىز» (411).

ئەلۋەتتە، بوستانلىق ئاھالىلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلار شەھەر دۆلەتلىرى ئۈچۈن ھەر خىل مەجبۇرىيەتلەرنى ئۈستىگە ئالغان بولسىمۇ (ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ دۆلەتنىڭ ئاھالىسى بىلەن پۈتۈنلەي باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ)، بىراق ئائىلە بىلەن چوڭ ئائىلە «دۆلەت» تىن مۇھىم. تېۋىنغۇچىلارنىڭ خاتىرىلىرىدە مۇنداق ئەھۋاللار قايتا ـ قايتا تەكىتلىنىدۇ: بەزى كىشىلەر ئۆزلىرىنى بىر پۈتۈن ئۇرۇق ـ جەمەتنىڭ تەركىبىي قىسمى دەپ قارايدۇ ھەم بۇنداق تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلەرنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ، شۇنداقلا ئۇلار ئۈچۈن بەخت تىلەيدۇ (412). خان ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى كىشىلەرنىڭ بەخت تىلىشىگە سازاۋەر بولۇپ تۇرىدۇ. ئائىلىۋى مۇناسىۋەت شۇنداق مۇھىم، شۇنداقلا ئاتا ـ ئانىغا بولغان تەشەككۈرلەر دىنىي مەزمۇنلارنىڭ مۇھىم بىر تەرىپىدۇر (413). بۇنداق بېقىندىلىق ئائىلىۋى مۇناسىۋەت شارائىتىدا، ئەگەر تۆۋەندىكىدەك ھادىسىگە يولۇقسا، تولىمۇ ئېچىنىشلىق بولىدۇ: مەسئۇلىيەت ئۈچۈن قول

بولۇش تۇپەيلىدىن بارلىق ئائىلىۋى مۇناسىۋەتلەر بىكار قىلىنىدۇ ھەمدە سېتىۋالغۇچىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇشقا مەجبۇرلاپ قويۇلىدۇ. ھازىر ساقلىنىۋاتقان نۇرغۇنلىغان ۋەسىقىلەر ئىچىدە تېنىنى سېتىش توختاملىرى بار، ئۇنىڭدا سېتىلىپ كەتكەن ئادەم بارلىق ھوقۇقلىرىدىن ئايرىلىپ، بازاردىن سېتىۋالغان نەرسىگە ئوخشاش مۇئامىلىگە ئۇچرىغانلىقى، بۇنىڭغا قانۇن شۇنداق يول قويغانلىقى بۇ خىل قانۇنىي ماددىسۇپىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ[414] .

## 2 . مەدەنىيەت ئەھۋالى

خان ئەڭ ئالىي ھۆكۈم قىلغۇچى. بۇ يەردىكى قانۇن ئەنئەنىۋى فېئودالىق قۇرۇلمىنى ئاساس قىلغان، بۇنداق قۇرۇلما قەدىمكى يۇنان شەھەر دۆلەتلىرى دېموكراتىيىسى بىلەن تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، يەنىلا يېزىق شەكلى بىلەن بېكىتىلگەن توختام بولۇپ، بۇ ئەتراپتىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئېغىزدىلا تۈزۈشكەن توختاملىرىغا قارىغاندا بەكرەك ئىنچىكە. شەرقىي قىسىمدىكى بوستانلىق شەھەرلەر جۇڭگونى ئۈلگە قىلغان، ئەمەلىيەتتە دەل مۇشۇنىڭغا ئوخشاش شەھەرلەردە قانۇن - تۈزۈم دېگەندەك نەرسىلەر بارلىققا كەلگەن. ئەلۋەتتە، بۇنداق قانۇن - تۈزۈملەر بەكمۇ چەكلىك بولۇپ، سىياسىي ۋە ھەربىي ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلتۈرگەن يېڭى ۋەزىيەتتە ئۇ ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. شۇنداقتىمۇ، بوستانلىق شەھەرلەرنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرى (يەنە تولۇقلاش رولىغا ئىگە بولغان دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ قائىدە - مىزانلىرى) يەنىلا مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، بۇنداق گۈللىنىش ئالدى بىلەن ئەدەبىيات ۋە سەنئەتلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

بۇ يەردىكى ئەدەبىيات ئاساسلىقى چەت ئەل ئەسەرلىرىنىڭ

ئەسلى نۇسخىسى ياكى تەرجىمىسىنى كۆرسىتىدۇ. تۇرپاندىكى مىراسلاردا ئاسىيانىڭ ھەرخىل ئاساسلىق مەدەنىيەت ئەسەرلىرى بار، بۇلارنىڭ ئىچىدە دىنىي ئەدەبىيات كۆرۈنەرلىك ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. يىپەك يولىنىڭ غەربىي بۆلىكىدىكى خوراسان، باكترىيە ۋە سوغد قاتارلىق جايلاردا گەرچە ئاتەشپەرەستلىك ئەدەبىياتىغا ئائىت مىراسلار ساقلىنىپ قالمىغان بولسىمۇ، بىراق بىز بۇ رايونلار ئاتەشپەرەستلىك دىنىغا دائىر كلاسسىك ئەسەرلەرنى ناھايىتى تولۇق بىلىدۇ دەپ پەرەز قىلالايمىز. ئالدىنقى بابلاردا كۆرسىتىپ ئۆتكەن ماتېرىياللار ئۇ يەرلەر بىلەن ئىران چېگرىسى ئىچىدىكى ئاتەشپەرەستلىك دىنى مەركىزىي رايونلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ناھايىتى قويۇقلۇقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. يىپەك يولىدىكى ئەدەبىياتنىڭ بارلىققا كېلىشىگە بۇددا دىنى ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسەتكەن. ئەگەر دەسلەپكى دەۋرلەردە ھىندىچە بۇددا دىنى ئەسەرلىرى خەنزۇچە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرخىل تىللارغا تەرجىمە قىلىنىشتىكى ئۆرنەك نوسخا دەپ قارالسا، مىلادىيە 9 ـ ئەسىردىن باشلاپ ھېچ بولمىغاندا پامىر تاغلىرىنىڭ شەرقىدىكى جايلاردا خەنزۇچە بۇددا دىنى ئەسەرلىرى بارغانسېرى مۇھىم ئورۇنغا ئۆتۈشكە باشلىغان، بەزى بىر قىسمى ھەتتا ئۆلچەملىك نۇسخا بولۇپ قالغان.

ئويلىنىپ باقايلى، ئۆز ۋاقتىدا كۆپ خىل تىل بىلىدىغان كىشىلەر زور سالماقنى ئىگىلىگەن، ئۇلار ھىندىچە (سانسكرىتچە)، خەنزۇچە ۋە يەرلىك تىللاردا يېزىلغان دىنىي ئەسەرلەرنى ئوقۇيالىغان. ھىندىچىدىن ياكى خەنزۇچىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تىللارغا تەرجىمە قىلماقچى بولغاندا، تۆۋەندىكى ئەھۋالغا يولۇقۇپ قالسا، چاتاق بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىل تىل دەسلەپكى مەزگىللەردە مۇۋاپىق سۆزلەر بىلەن دۇنياۋى دىنىي، بولۇپمۇ بۇددا دىنىدىكى پەرقلەرنى ئىنچىكە شەرھلەشتە سۆزلۈك كەم بولغاندا قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىدۇ. بۇنداق قىيىنچىلىققا

تاقابىل تۇرۇش جەريانىدا مۇھىم نەتىجىلەر قولا كەلتۈرۈلگەن، يەنى ئىككى خىل تىلنىڭ سېلىشتۇرما سۆزلۈكلەر جەدۋىلى، ئىككى خىل يېزىقنىڭ سېلىشتۇرما ئەسەرلىرى ھەمدە ھىندىچە ۋە خەنزۇچە قوشۇمچە ئىزاھات، سۆزلۈكلەر ئىزاھاتىنى ياكى خاتىمىلەرنىڭ تەرجىمىلىرى. . نۇرغۇن تەرجىمانلار ئۆزلىرىنىڭ تەرجىمە ئەسەرلىرىنىڭ تىل جەھەتتە سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىگە باھا بەرگەندە ئەپۇ قىلىشى ۋە توغرا چۈشىنىشىنى تىلغا ئالىدۇ.

بىر نەچچە ئەسىرلەر ئۆتكەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئۇدۇنلۇقلار ۋە تۇركلەر (قەدىمكى ئۇيغۇرلار) مۇناسىپ سۆزلۈكلەرنى تېپىپ چىقىپ، بەزى مۇرەككەپ ـ گادىرماش بۇددىزم ئەقىدىلىرىنى ئىپادىلەپ بەرگەن. بۇ مەسىلىدە ئۇلار سۆزلۈك ياساپ چىقىپ، چەتتىن كىرگەن بۇنداق سۆزلۈكلەرنى تولۇقلىغان. بۇ ئەمەلىيەتتە بىر تەرەققىيات جەريانى بولۇپ، ئۇ تۇبۇتلەرنىڭ پىلانلىق ھالدا ئۆز پېتى كۆچۈرۈپ كېلىشىگە ئوخشىمايدۇ. تۇبۇتلەر ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۆزلەر ئېنسىكلوپېدىيىسى، يەنى «ئاتالغۇلار تەرجىمە توپلىمى» نى ئىجاد قىلغان، ئۇنىڭدا سانسكرىتچە سۆزلەرنى تۇبۇتچىگە تەرجىمە قىلىشتىكى نوپۇزلۇق قائىدىلەر بار.

مانى دىنى ۋە خرىستىئان دىنى مۇرىتلىرىنىڭ تەرجىمە ئەسەرلىرى ئوخشاشلا قەدىرلەشكە ئەرزىگۇدەك نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن، بۇنىڭ ئىچىدە بولۇپمۇ مانى دىنى مۇرىتلىرى ئوتتۇرا ئەسىردە پارسچە ۋە ئارساكچىدىن تەرجىمە قىلغان سوغدچە، ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە تەرجىمە ئەسەرلىرى ئەدەبىياتتىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن. مانى دىنى مۇرىتلىرى ھېچ بولمىغاندا بۇددا دىنى مۇرىتلىرىغا ئوخشاش ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ، قايتا ئەدەبىي ئەسەر يارىتىشقا ماھىر ئىدى. مەسىلەن، ئارساكچىدىن ئارامېي يېزىقىغا تەرجىمە قىلىنغان

ئىلاھىي غەزەللەر ۋە مەدھىيە غەزەللىرى بۇ نۇقتىنى ئېنىق چۇشەندۇرۇپ تۇرۇپتۇ. ئۇلار ئەدەبىي بايلىقلارنى تارقىتىشتىلا ئەمەس، يەنە بۇ بايلىقلارنى غەربتىن شەرققە ياكى شەرقتىن غەربكە يەتكۈزۈشتە زور رول ئوينىغان. ئۇلار بۇددا دىنى مۇخلىسلىرىغا ئوخشاشلا ئەڭ قابىل تەرجىمانلاردۇر، چۈنكى مۇناسىۋەتلىك مىللەتلەر ئىشلىتىدىغان ئۆزلىرىنىڭ تىللىرىنى شۇ مىللەتلەرگە تارقىتىشتىن ئىبارەت بۇ ۋەزىپىنى دەل مۇشۇ دىنىنىڭ ئېھتىياجى ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇددا دىنىدا تەرجىمە ئىشلىرى ئەمەلىيەتتە «ۋەزىنلىك سۆزلەش» تەڭ ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىك قىلىشى بىلەن ئېلىپ بېرىلاتتى، بۇنداق ئىدىيە مەقسەتلىك ھالدا ئاڭلىغۇچىلارنىڭ چۈشىنىش سەۋىيىسىگە ماسلاشقان بولاتتى.

خرىستىئان مۇخلىسلىرىمۇ تەرجىمە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، ئاساسەن سۇرىيە يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى پارسچىغا، سوغدچىغا، تۈركچىگە ۋە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان. بىراق، ئۇلار ئۇچۇن ئېيتقاندا سۇرىيە تىلى يەنىلا چېركاۋدا ئىشلىتىدىغان تىل ئىدى. سوغدىلار مەدىكارغا ئوخشاش ئەستايىدىللىق بىلەن سۇرىيىچە ئەسلى ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغان ۋە ناھايىتى كۆپ سۇرىيىچە ـ سوغدچە سېلىشتۇرما ئەسەرلەرنى تۈزۈپ چىققان، بۇنىڭدىكى ھەر بىر سۇرىيىچە جۈملىگە ماس ھالدىكى سوغدچە جۈملىلەر قوشۇمچە قىلىنغان. بىراق، تۈركلەر بىلەن خەنزۇلار بۇنداق دىنىي ئەسەرلەرگە ئانچە ئەستايىدىل بولۇپ كەتمىگەن، ھېچقانداق ئويلىشىپ ئولتۇرمايلا بۇددا دىنى ۋە خەلق ئارىسىدىكى دىنىي قاراشلارنى خرىستىئان دىنى ۋەسىقىلىرى ئىچىگە ئېلىپ كىرگەن. مەسىلەن، جۇڭگودىكى نېستورى دىنىدا بۇددا دىنى قاراشلىرى بىر قەدەر كۆپ سالماقنى ئىگىلىگەن، ھەتتا بەزىدە كىشىلەر بۇ ۋەسىقىلەرنى بۇددا دىنى ۋەسىقىلىرىمىكىن دەپمۇ ئويلاپ قالىدۇ[415]. بىراق،

جۇڭگونىڭ خرىستىئان دىنى تەرجىمانلىرى مانى دىنى ۋە بۇددا دىنى تەرجىمانلىرىغا ئوخشاش ئەدەبىيات ساھەسىنىڭ يۇقىرى سەۋىيىسىگە يېتەلمىگەن.

تەرجىمە ئەسەرلەردىن باشقا، يەنە بوستانلىق شەھەرلەرنىڭ تىل - يېزىقىدىكى يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە دىنىي ئەسەرلەرمۇ بارلىققا كەلگەن، بۇ جەھەتتە ئۇدۇنلۇقلار ۋە ئۇيغۇرلار كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن. بىر قىسىم يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە دىنىي ئەسەرلەر، مەسىلەن، «ۋاستوغا مەدھىيە» ئۇدۇن تىلىدا يېزىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان نۇرغۇن ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بۇددا دىنىي ۋەسىقىلىرى بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ساقلىنىپ قالغانلىرى پارچە - پۇرات بىر قىسىملا بولۇپ، ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىكى ئۇيغۇرچە بۇددا دىنى نەزمىلىرىگە ئائىت ئەسەرلەردۇر (416). كىشىلەر ئۇلاردىن ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايدۇ، ئۇ بولسىمۇ شەخسىنىڭ ساداقەتمەنلىكى، بۇنداق ساداقەتمەنلىك شەخس بىلەن ئەۋلىيالار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرىدۇ.

ئەلۋەتتە، ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن جۇڭگونىڭ مانى مۇرىتلىرى ۋە خرىستىئان مۇرىتلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى ياراتقان (كېيىنكىسىنىڭ بىر قەدەر ئازراق) بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە مىللىي ئالاھىدىلىك ئاساسلىق ئورۇندا تۇرغان. ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردە كىشىلەرنىڭ كەمچىلىكلىرىنى، قارايۇزلۇكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، كىشىنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرىدىغان ئەسەرلەر، يەنە جاپاغا چىداپ زاھىد بولۇشتىكى ھەرخىل غايىلىرى بولسىمۇ، بىراق ئۇلاردا يەنە نۇرغۇن ھەۋەسلەرنىڭ بولىدىغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەسەرلەرمۇ بار. مەسىلەن، تۈركچە مانى دىنى ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىكى روشەن گۇناھكارلىق

ھېسلار، شۇنداقلا تۇرمۇشقا بولغان قىزغىنلىق ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەسىلەن، تۇرپاندىكى كلاسسىك مانى دىنى راھىبلىق غايىلىرىنىڭ ئەكسىچە، ئۇلار يەنە مۇھەببەت قەسىدىلىرىنىمۇ ياراتقان[417].

خەنزۇچە يېزىلغان دىنىي ئەسەرلەر، بولۇپمۇ بۇددا دىنى ئەسەرلىرى (دۇنخۇاڭدا ساقلىنىۋاتقان ئاشۇ ئەسەرلەر) جۇڭگو مەدەنىيەت تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە. دۇنخۇاڭ بۇددا دىنىنىڭ جۇڭگولىشىش جەھەتتە تۆھپە قوشقان ئورۇن، بۇددا دىنى جۇڭگودا يېڭىلىنىپلا قالماي، بەلكى بىر قېتىملىق ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، بۇ دۇنياۋى دىنىنىڭ شەرقچە ئوبرازىنى يارىتىپ، پانىي دۇنيانىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان[418].

دىنىي ئەدەبىياتتىن باشقا بوستانلىق شەھەرلەردە بىرخىل ئەنئەنىۋى ئەدەبىياتمۇ تەرەققىي قىلغان، ئۇنىڭدا بىر قىسىم چەت ئەلچە ئەسەرلەرنىڭ ئەسلى نۇسخىلىرى، يەنە يەرلىك تىلغا تەرجىمە قىلىنغان بىر قىسىم ئەسەرلەر ۋە ئۆز تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەرمۇ بار. مەسىلەن، تۇرپاندا ساقلىنىۋاتقان تۈركچە يېزىلغان «ئىزوپ مەسەللىرى» ۋە «بەش پۈتۈك» لەردە سۆزلەنگەن ھىندى ھېكايىلىرىدىن پارچە ـ پۇراتلىرىلا ساقلىنىپ قالغان. ھېكايىچىلىقتىن باشقا (دۇنخۇاڭدا بۇنىڭغا ئائىت نۇرغۇنلىغان خەنزۇچە ئەسەرلەر بار)، يەنە ئىلىم ـ پەن، ياساق قانۇن ۋە تېبابەتچىلىككە دائىر ئەسەرلەر بار. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئادەتتىكى خەلق ئىشلىرى ۋە ھەربىي ئىشلارغا دائىر مەمۇرىي ھۆججەتلەر، ھەرخىل دوكلاتلار، خەت ـ چەكلەر، شەخسىي تۇرمۇشقا دائىر ساقلىنىپ قالغان يازما خاتىرىلەر ھەمدە كالېندارچىلىق، ئاسترونومىيە ۋە سېھىرگەرلىككە دائىر ئەسەرلەرمۇ بار. دېمەك، سۇرىيچە، سانسكرىتچە، ئۇدۇنچە، ئۇيغۇرچە، تۈبۈتچە ۋە خەنزۇچە يېزىقلاردا يېزىلغان

تېبابەتچىلىك ۋەسىقىلىرى ساقلىنىپ قالغان. بۇ ئەسىرلەردە كۆپ ھاللاردا ئالاھىدە دىنىي ئوبرازلارنى ئاساس قىلىپ، كېسەللىكنىڭ سەۋەبى ئالۋاستى ۋە ئەۋلىيالارنىڭ غەزەپلىنىشى دەپ قاراپ، سېھرىي كۈچتىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭدىن قۇتۇلماقچى بولغان. بىراق، بۇ ئەسەرلەرمۇ شەرقتىكى ھەرخىل مەدەنىيەتنىڭ كېسەل داۋالاش جەھەتتە توپلىغان تەجرىبىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن بەخت بىلەن كېسەل داۋالاشنىڭ مۇستەھكەم بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ، بىر - بىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. تۆۋەندىكى ئەمەلىيەتتىن شۇنى كۆرەلەيمىزكى، چوڭ دىنلارنىڭ ئىجاتچىلىرى بۇددا (ساكيامۇنى — مۇھەررىردىن)، ئەيسا، مانى قاتارلىقلار ئۇلۇغ بىر تېۋىپ سۈپىتىدە كىشىلەر ئالدىدا زاھىر بولۇپ، ئالدى بىلەن كىشىلەرنىڭ روھىنى داۋالاپ، ئۇنىڭدىن كېيىن تەندىكى كېسەللىكلەرنى داۋالايدۇ. بۇددا دىنى كېسەل داۋالاش ۋەزىپىسىنى كېسەل داۋالايدىغان شىپالىق بۇددا — دورىگەر بۇددىغا تاپشۇرغان[419].

بوستانلىق شەھەر مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ يەنە بىر تەرىپى نەغمە، رەسىم ۋە ھەرخىل شەكىللەردىكى بەدىئىي ئەسەرلەردە ئىپادىلىنىدۇ. بىز كۈچا نەغمىلىرىنى جۇڭگو خان ئوردىلىرىدا ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېرىشكەن، دەپ ئاڭلىغان. باشقا بوستانلىق شەھەرلەردىمۇ دائىم دىنىي مۇراسىملارنىڭ تەركىبىي قىسىملىرىدىن بىرى بولغان نەغمە سورۇنلىرىمۇ كىشىلەرنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولغان. نەغمىنىڭ بۇددا دىنى ۋە مانى دىنى مۇراسىملىرىدىكى مۇھىم رولىنى تام رەسىملىرىدىن باشقا، ئەدەبىي ئەسەرلەرمۇ ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. مەسىلەن، سازلار تەڭكەش قىلىپ ئېيتىلىدىغان مەدھىيە غەزەللىرى قاتارلىقلار.

بۇددا مۇرىتلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، دىنىي مۇراسىم

نەغمە ـ ناۋالىرى «بۇددا ماكانى» غا يەتكەنلىك بولىدۇ. بۇددا دىنى ئەسەرلىرىدە بارلىق بۇددالار تۇرىدىغان جايلار، بولۇپمۇ مايترى بۇددانىڭ تۇرغان جايى نەغمە ـ ناۋالىق بىر ماكان ئىكەن، پانىي دۇنيادىكى چوڭ دىنىي مۇراسىملاردا ئەنە شۇ نەغمە ـ ناۋا ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى بولىدىكەن. مانى دىنىدا ئىناقلىق نەغمە ـ ناۋالىرىمۇ يورۇقلۇققا يەتكەندىكى شاد ـ خۇراملىقنىڭ سىمۋولىدۇر. دىنىي مۇراسىم نەغمە ـ ناۋالىرى بۇ يەردە باشقا بىر دۇنيادىكى ئىناقلىققا تولغان كەيپىياتتىن دېرەك بېرىدۇ. بىز يۇقىرىقى بايان قىلىنغان نەغمىلەردىن باشقا، يەنە دىن بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق خەلق نەغمىلىرىنىڭ خەلق ئىچىدىكى ۋە ئوردىلاردىكى كۆڭۈل ئېچىشلاردا ئورۇندىلىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز. تارىم ئويمانلىقىدىكى بوستانلىق شەھەرلەردە نۇرغۇنلىغان سازلار بايقالدى، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ناھايىتى چىرايلىق زىننەتلەنگەن.

بىز بەدىئىي سەنئەتنىڭ يىپەك يولىدىكى مەدەنىيەتنىڭ ئاساسلىق تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتتۇق. ئۇ بىر تەرەپتىن كونكرېت جەھەتلەردە ئەمەلىيەتنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بىراق، ئۇنىڭ دائىم دىن ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان بىرخىل دىن تارقىتىش ۋەزىپىسىمۇ بولغاچقا، ئۆزى تەشۋىق قىلىۋاتقان مەزمۇنلارنى گۈزەللەشتۈرۈپ، ئوبرازلاشتۇرۇپ ۋە سىمۋوللاشتۇرۇپ بارىدۇ، بولۇپمۇ بۇددا دىنىي سەنئىتىدە، ئالەمدىكى بارلىق جانلىقلار — ئەڭ ئالىي ئۇلۇغ بۇددا شەخسلەردىن ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى ئامان قېلىشقا ئېھتىياجلىق جانلىقلار — ھەممىسىنىڭ ئۆز ئورنى ۋە ئوبرازى بار. بۇلار ئىچىدىكى بۇنداق جانلىقلارغا بوستانلىقتىكى يەرلىك تىللاردا قوشۇمچە چۈشەندۈرۈشلەر بېرىلگەن.

نىرۋانانىڭ خاتىرجەملىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئۇلۇغ بۇددا يەنىلا ناھايىتى خاتىرجەم كەيپىياتتا نامايان بولىدۇ. بۇ بۇددالار

نىجاتلىق يولىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا، يىراقتىكى «بۇددا ماكانى» نىڭ مەركىزىدە ئىدى. ئىبادەتخانا مۇشۇنداق ماكاننى ئىپادىلەيدۇ، خۇددى بىر يولنىڭ ئاخىرقى نۇقتىدىكى پاسىل تېشىغا ئوخشاش ئىبادەتخانىمۇ دىنىنىڭ بىر «پاسىل تېشى» دۇر. مۇشۇ يولنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسىغا قاراپ يولغا چىقىش — «پاسىل تېشى» غا بېرىپ بۇددا بولۇش سەپەر ھەرىكىتىنى ئىپادىلەيدۇ. پەقەت مۇشۇ پاسىل تاشتىكى ھەرىكەتلا ئۇلارنى ئاخىرقى مۇددىئاغا يەتكۈزىدۇ، بۇ يەردىكى ھەرىكەت بىر خىل خاتىرجەملىككە ئايلىنىدۇ، بۇ مۇتلەق خاتىرجەملىكنىڭ ئۈلگىسى.

بۇددا ئېتىقادىدا پانىي دۇنيادا بۇنداق مۇتلەق خاتىرجەملىككە يەتكىلى بولمايدۇ، پەقەت جىمجىتلىق ئىچىدىكى خىياللاردىلا ئۇنىڭغا يەتكىلى بولىدۇ. مۇنارلىق ئىبادەتخانا قۇرۇلۇشلىرىدا (ئۇنىڭدا مەركىزىي تۈۋرۈك دۇنيانىڭ مەركىزىي ئوقى قىلىنغان)، يەنى ئادەتتىكى بۇددا مۇنارلىرى بۇنداق كۆز قاراشلارنىڭ بەلگىسىدۇر (420) ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەر دۇنخۇاڭدا مەركىزىي مۇنارلارنى ئەمەلدىن قالدۇرغان، ھەم بۇنىڭدىنمۇ چوڭ ئىبادەتخانىلارنى سالغان، ئىبادەتخانىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا بۇددا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى يېنىدا ھەمراھلىرى بار ئىدى. شۈبھىسىزكى، بۇ يەردە خىيالىي ئالەمنىڭ ئىچىدە ئورتاق ساقلانغان، ئەمەلگە ئاشىدىغان خالىلىق ئىپادىلەنگەن. بۇ خالىلىققا بەلگىلىك يول بىلەن يەتكىلى بولاتتى، خالىلىقىشنىڭ بەلگىسى روھىيەتتىكى ساپلىقتۇر. ئىبادەتخانا ئىچىدىكى ھەرخىل ئوبرازلار ئەكس ئەتتۈرگەن رەسىملەر ئاشۇ نىشانغا ئامان - ئېسەن يېتىش يولىدىكى ئوخشاش بولمىغان باسقۇچلاردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار بىلەن نىشاننىڭ ئارىلىقى قانچىكى يىراق بولسا، ئۇلار شۇنچە جانلىق ئىپادىلەنگەن، ھەتتا دوزاختىكى كىشىلەرمۇ بۇددانى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان، چۈنكى ئۇلار جازا مەيدانلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ.

دەل بىز دۇنخۇاڭدا كۆرگەنلەرگە ئوخشاش ئاشۇ بۇددىساتۋا بۇددا بىلەن پۈتكۈل جانلىقلار ئارىسىدىكى ئورۇندا تۇرغان. ئۇلار جاننى قۇتقۇزماقچى بولغان كىشىلەرگە ياردەملىشىپ، ئۇلارنى نىشانغا يېتىدىغان يولغا باشلايدۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، تەكىتلەشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، خالىلىق ئورۇن باشقا ھەرقانداق شەكىلدىكى نەرسىلەردىن يۇقىرى ئورۇندا تۇرغان، رەسىمدىكى ئەڭ قۇتقۇزغۇچى شەخسلەر — ئاشۇ ئەۋلىيالار تەشۋىقاتىنىلا مەقسەت قىلغان. «مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا» دېيىشىسمۇ (421) ، بىراق يەنە بىر تەرەپتىن دىنىي ئۆلىمالار ئەڭ ئالىي ئەمەلىيەتنى سۆز بىلەن سۈرەتلەپ بېرەلمەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ شەكلى بولمىغاچقا، «مىزان - قائىدىلەر جايىدا بولمىسا، نىرۋانادا ئورۇن تەگمەيدۇ» (422) غانلىقىنى بىلىشىدۇ. تۇرپاندىكى ئىبادەتخانىدىكى خەنزۇچە خاتىرىلەردە شۇنداق يېزىلغان.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەربىر بۇت رەسىملىرى ئىپادىلەپ بېرىدىغان مەزمۇنلار ئەمەلىيەتتە رەسىمنىڭ ئۆزىدىن ھالقىپ كەتكەن. ئالدى بىلەن ئۇ دىنىي ۋەقەلەرنىڭ ئوبرازلىشىشى ھەم ئەڭ ئالىي نىشانغا يېتىشى جەھەتتە ئۇ ئەڭ ئاخىرقى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان ۋە سۆز بىلەن ئىپادىلىگىلى بولمايدىغان مۇتلەق چەككە يېتىشتىكى كومپاستۇر (423) . گەرچە ديانا مەزھىپى بۇنىڭغا يەكۈن چىقارغان بولسىمۇ (ديانا مەزھىپى كىشىلەرنى ھەممە ئەنئەنىۋى شەكىللەردىن ۋاز كېچىشكە ئۈندەيدۇ) ، بىراق بۇنداق قاراش ئاللىبۇرۇنلا يىپەك يولىدا ئەكس ئەتكەن، ئۇ بولسىمۇ بۇتخانىلارنىڭ تورۇس نەقىشلىرىدىكى گېئومېترىيىلىك شەكىللەرنىڭ نۇسخىلىرى، دائىم ئۇچرايدىغان نىلۇپەر گۈللىرى. بۇ نۇسخىلار ئەسلى بېزەش ئۈچۈن بولماستىن، بەلكى رەڭگارەڭ باقىي دۇنياغا سىمۋول قىلىنغان.

قوشۇمچە ئەسكەرتىشكە تېگىشلىكى شۇكى، تۇرپاندىكى مانى

دىنى بەدىئىي ئەسەرلىرىگە قىياسەن بىر نېمە دېيىشكە بولمايدۇ. بۇ ئەسەرلەردە قارىلىشىچە، مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش باشقىدىن مۇكەممەل روھىي ئوبراز يارىتىش، يەنى سامادىكى ھەرخىل زىننەتلەنگەن روھلارنى يارىتىش ئىكەن. بۇنداق شەكىللەر ئازابلىق پانىي دۇنياغا چۈشسە يوقاپ كېتىدىكەن، ھازىر ئۇلار شۇنداق بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن. ئەگەر ئادەتتىكى شەخسلەرنىڭ ئوبرازى يارىتىلىپ قالسا، ئۇ مۇكەممەللىك يولىغا ماڭغان ئادەتتىكى شەخسلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش سەۋەب بولىدىكەن.

## 3. دىنىي ئەھۋاللار

ئىجتىمائىي ئەھۋاللار ۋە مەدەنىي ئەھۋاللارنى تەھلىل قىلىپ بولغاندىن كېيىن، قىسقىغىنا سەھىپە ئاجرىتىپ يېپەك يولىدىكى دىنىي تۇرمۇشنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىپ ئۆتەيلى. بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن مەزمۇنلارنى تەتقىق قىلغاندا دىنىي ئۇقۇملارغا دۇچ كېلىپ قالدۇق. بۇ جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەتنىڭ دىنىي ئىدىيىلەرنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنىڭ سەۋەبى، ئەلۋەتتە بۇنىڭدا يەنە نۇرغۇن ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشلار مەۋجۇت. گەرچە دىنىي ساھەدە نۇرغۇنلىغان مەزھەپلەر ساقلانغان بولسىمۇ، بىراق بۇ يەردە يەنىلا ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىكى ئاساسلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان يېتەكچى ئىدىيىلەرنى بايقىيالايمىز. بۇ مەسىلىلەرنى يىغىنچاقلاپ مۇنۇ ئۈچ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ: بىرىنچى، مەۋجۇت مەسىلىلەر ھايات ـ ماماتقا مۇناسىۋەتلىك ئاساسلىق ئەمەلىي مەسىلىلەردە ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭدىكى ئۆلۈم مەسىلىسى، شۈبھىسىزكى بارلىق دىنلارنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە سازاۋەر بولغان؛ ئىككىنچى، بەزى ئارزۇ ـ ئۈمىدلەر،

ئارزۇ - ئۈمىدلەر ئۆلۈمگە تاقابىل تۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك بولغان مەۋجۇتلۇق مەسىلىسى؛ ئۈچىنچى، دىندىكى تەتقىق قىلىنىدىغان بەزى ئەمەلىي پاكىتلار، بۇ پاكىتلارغا ئاساسەن ئۈمىدلىك نەزەرىمىزنى كەلگۈسىگە ئاغدۇرىمىز.

قەدىمكى مىسىردىكى ئەھۋاللار بۇ مەدەنىيەتلىك دۆلەتنىڭ چۆللۈكلىرى ۋە ئۇنىڭ خەۋپىنى چۆرىدىگەن ھالدا ماماتلىققا بولغان ئېنىق چۈشەنچىلەرنى شەكىللەندۈرگەنىدى. بىز يىپەك يولىدىكى تۇرمۇشتىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش مەزمۇنلارنى بار دەپ ئېيتالايمىز. ئەتراپتىكى چۆللۈكلەر گىياھ ئۆسمەيدىغان رايونلار بولسىمۇ، بۇ ھەقىقەتەنمۇ ھاياتلىق بار جايلارغا تەھدىت سېلىپ تۇرغان. تەبىئىي سۈغىرىلىپ تۇرىدىغان ياكى ئادەم كۆچى بىلەن سۇغۇرۇلىدىغان بوستانلىقلاردىمۇ بۇ ئەھۋال ئوخشاشلا مەۋجۇت. يايلاقلاردا، جۈملىدىن بىر قىسىم جايلاردا ئادەم ئولتۇراقلاشقان، بىراق بوستانلىقتىكى ئاھالىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا بىر قەدەر قورقۇنچلۇق بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەرخىل خېيىمخەرلەر ساقلانغان. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ بۇلاڭچىلىرى بىلەن تەبىئىي ئاپەتلەر ھايات - ماماتلىقنىڭ جىن - ئالۋاستىلىرى قىلىپ سىزىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، بوستانلىق بىلەن چۆللۈك (ياكى يايلاق) ئارىسىدىكى زىددىيەت تەرتىپىنىڭ ساقلىنىشى بىلەن بۇزۇلۇشىنىڭ قارىمۇ قارشىلىقى، ھايات بىلەن ئۆلۈمنىڭ قارىمۇ قارشىلىقىدۇر.

قەدىمكى مىسىرغا ئوخشاش قەبرىستانلىق ئاساسەن چۆللۈكلەردىكى ئادەم ئولتۇراقلاشقان جايلارنىڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشقان. سۇ بار جايلاردا ھاياتلىق مەۋجۇت، شەرقىي ئىراننىڭ ئايال دەريا ئىلاھى (مول ھوسۇل ئىلاھى، ھاياتلىق ئىلاھى) ئىران، خوراسان ۋە سوغديانا قاتارلىق جايلاردا كىشىلەرنىڭ ئۇلۇغلاپ چوقۇنۇشىغا سازاۋەر بولغان. بۇنىڭدىن سۇ، ھاياتلىق ۋە ئىلاھ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ھېس قىلىشقا

بولىدۇ. سۇرخ قۇتالدا بايقالغان بىر ئابزاس ئابىدىدە بۇ نۇقتا ناھايىتى ئېنىق ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭدا سۇ مەنبەسى قۇرۇپ كېتىپ، ھەرقايسى ئىلاھلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىڭ بارغانسېرى يىرىكلەشكەنلىك ئەھۋالى بايان قىلىنغان. بىراق، سۇ يوللىرىنى قايتا رېمونت قىلىش ئۇلاردا قايتىدىن ئۈمىد پەيدا قىلغان [425].

بۇددا دىنى دەريا ـ ئېقىنلار ناھايىتى كۆپ بولغان ھىندىستاندا پەيدا بولغان. ئۇ ئىران ۋە يېقىن شەرق رايونلىرىدا پەيدا بولغان دىنلاردەك سۇ بىلەن ھاياتلىق مۇناسىۋىتىنى ئاساسلىق تېما قىلمىغان. لېكىن، بۇددىستاۋا بىلەن دىنىي ئەھكاملار ئۈستىدە توختالغاندا، ئۇ بىر پارچە بۇلۇتقا ئوخشىتىلغان، بۇ بۇلۇت ياز پەسلىدە قاغجىرىغان تۇپراققا ھاياتلىق تامچىسىنى تۆككەن. مەسىلەن، تۇرپاندىكى بۇتخانىدىن بىر ئابزاس خاتىرە بايقالغان. ئۇنىڭدا بۇددىستاۋانى «مەڭگۈلۈك شەربەت» دەپ ئاتىغان. بۇ ئۇلۇغ زات يامغۇر تامچىلىرىنى پۈتۈن جانلىقلارغا ياغدۇرۇپ، ئۇلارغا قايتا ھاياتلىق بېرىدۇ» [426].

نېرۋانانىڭ رەسىمىنى ئوتتۇرىغا ئورۇنلاشتۇرغان. مۇرىتلار بۇددىستاۋانى ئۆلۈمدىن خالىي بىر ھاياتلىق دەپ بىلگەن. بۇ نېرۋانانىڭ ئوبرازى مەركىزىي تۈۋرۈكنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى غارنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا سىزىلغان. ئۇ تەبەسسۇم بىلەن جاھاندىن خوشلىشىۋاتقان، ئۆلۈم تۈيغۇسىدىن تەسەللىي تېپىۋاتقاندەك ئىدى. بۇنداق پانىي دۇنيادىن ھالقىغان تەبەسسۇم مۇسبەت ئىچىدىكى مۇرىتلارنىڭ ئازابلىق ئوبراز قۇرۇلمىسى بىلەن دىققەتنى تارتقۇدەك سېلىشتۇرما قىلىنغان. ئەگەر خوراسان، سوغديانا قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان جەسەت كۈلى قۇتىسى كىشىلەرنىڭ ھەقىقىي ئۆلۈمدىن ھالقىشقا بولغان ئارزۇسىنى ئىسپاتلايدۇ دېسەك، بۇددا دىنىدىكى بۇنداق ئارمانلار

ھېچقانداق جايدا «نىرۋانا» رەسمىي يۇزىدىكى ئوبرازدەك ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۇرۇلمىگەن.

جاپالىق تۇرمۇش شارائىتى ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن، مانا بۇ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى دەۋرلەردە ناھايىتى كەڭ دائىرىدە بوستانلىق شەھەرلەرنىڭ دىنىي قىياپىتىنى بەلگىلىگەن. دەل مۇشۇنداق كۆلپەت تارتىشتىن ئىبارەت بۇ مەسىلىلەرگە بۇنداق دىنىي نۇقتىئىنەزەرلىرى جاۋاب بېرەلىگەن، باشقا دىنلارغا ئوخشاش بۇددا دىنىمۇ پانىي ئالەمدىكى ياشاش قائىدىلىرىنى قوغدىغان ھەم ھەل قىلىش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان، بۇنداق تەدبىرلەردە نۇرغۇن سېھىرگەرلىك بار. بۇددا دىنىدا قۇتقۇزغۇچى ۋە قوغدىغۇچى بار دەپ قارالغاندىن باشقا (بۇنداق ئىلاھىي بۇتلارنى يىپەك يولىدىكى يازما مىراسلاردا ئۇچىراتقىلى بولىدۇ)، بالايىئاپەتلەرنى توسۇپ قالالايدىغان ۋە قوغداش ئىقتىدارىنى كۆچەيتىدىغان ئەقلىيە سۆزلەر ۋە ئۆرپ - ئادەتلەر بۇددا دىنىدا خېلى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە، باشقا دىنلاردىمۇ مۇشۇنداق قوغدىنىش ۋاستىلىرىدە ئوخشاشلىقلار بار. تۇرمۇشتا ئويلىمىغان ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە، ئادەملەر ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى قوغداش ئۈچۈن، ھەرخىل ئوخشاشمىغان دىنلارغا ئىلتىجا قىلغان ھەمدە بۇ قىيىنچىلىقلار ئۇستىدىن غالىپ كەلگەن.

تارقىلىپ كەلگەن نۇرغۇن ئىلاھلارنىڭ نەسھەتلىرىگە دائىر ئەسەرلەردە ۋە پالنامىلەردە تۇرمۇشتىكى مۇشۇنداق قىياس قىلىش قىيىن بولغان ۋەقەلەر تەسۋىرلەنگەن، بۇنىڭغا دائىر ھىندىچە، ئۇيغۇرچە، تۇبۇتچە ۋە خەنزۇچە ئەسەرلەر بار. بۇ ئەسەرلەرنىڭ مەقسىتى تەقدىرگە پال ئېچىپ، ئاندىن تەقدىرنى ئىگىلەش. ئەگەر بۇ جەھەتلەردىكى قىلمىشلار سېھىرگەرلىك بىلەن داۋاملاشقان دېيىلسە، ئۇنىڭ سەۋەبى كىشىلەر سېھىرگەرلىكتىن باقىي ئالەمگە تاقابىل تۇرىدىغان بىر

ھەمكارلاشقۇچى كۆچنى بايقاپ قالغان. بۇددا دىنىنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرىدە ھەم ھېكمەتلىرىدە گاتا (مەدھىيە — تەھرىردىن) دەپ ئاتالغان. قىياس قىلىش مۇمكىن بولمىغان تەقدىر ئورۇنلاشتۇرغان ھەرخىل قىسمەتلەرمۇ يەنە باشقىچە نەتىجە بەرگەن. قەدىمكى ماۋەرەئۇننەھر رايونى (بۇ رايونلار تەبىئىي ئاپەتنىڭ ۋە سىياسىي مالىمانچىلىقنىڭ ئاۋارىچىلىقىغا ئۇچراپ تۇرغان) دىكى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە يېتەرسىزلىكىنى تونۇپ يەتكەن. دىنىي ئاتالغۇ بويىچە ئېيتقاندا، گۇناھقا بەدەل كىشىلەر. تارقىلىپ يۈرگەن نۇرغۇن تۆۋەنامىلەر بۇددا دىنىغا ۋە مانى دىنىغا ئائىت بولسىمۇ، ھەر ئىككىسى ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

ئادەمنىڭ كەمچىلىكى بولىدۇ، بۇنداق قاراشنىڭ ئەكسىچە تەرىپى شۇكى، ئىپادىلەش قىيىن بولغان ئازاب - ئوقۇبەتتىن قۇتۇلۇش ھەممە بەختكە ئىنتىلىش ئارزۇسىدۇر. بىز تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن خوراساندىكى جەسەت كۆلى قۇتىسىدىكى خاتىرىدە: «بۇ قۇتا سىلىۋكىنىڭ روھىغا ئاتالغان، مەرھۇمنىڭ روھى مەڭگۈ جەننەتتە بولسۇن! [427] دەپ ئېنىق بايان قىلىنغان. بىز يەنە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن تۇرپان ئاستانىدىكى خەنزۇچە يېزىلغان بىر ئابزاس قەبرە خاتىرىسىدىمۇ: «مەرھۇم بىزدىن ئايرىلىپ باشقا بىر دۇنياغا كەتتى» [428] دەپ ئاددىي يېزىلغان. باستىر سەلىقا (Shelicha) نىڭ خرىستىئانلار قەبرە تېشىغا مۇنداق خاتىرىلەر يېزىلغان: «پەرۋەردىگارىمىز ئەقىل روھى بىلەن ھەقىقەتچىلەرنى ۋە ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھىنى بىرگە قىلىپ، ھەممە شاد - خۇراملىقلاردىن بەھرىمەن قىلسۇن.» [429] ئۇيغۇر تېۋىنغۇچىلار-نىڭ بېغىشلىمىلىرىدا تېخىمۇ مەنىلىك سۆزلەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئازابتىن قۇتۇلۇش ئىستىكى بايان قىلىنغان:

«بۇنداق پىداكارلىق (تېۋىنىش) بىزنى مايترى بۇددا

بىلەن (كەلگۈسىدە) كۆرۈشتۈرۈپ، ئۇنىڭدىن بۇدداغا ئايلاندۇرۇش ۋەدىسىنى ئېلىپ، سانسار (ئازابلىق باقىي دۇنيادىن) دىن خالىي بولۇپ، نىرۋانانىڭ خاتىرجەملىكىگە بالدۇرراق يەتكەيمىز» (430) .

بۇددا ئىلاھىيەتچىلىكىدە ھەرخىل ئازابتىن قۇتۇلۇش نىشانلىرى ناھايىتى ئېنىق ئايرىلغان. ئاددىي كىشىلەرنىڭ ئېتىقادىدا قالايمىقانلىشىپ نىرۋانانىڭ خاتىرجەملىكىگە يېتىش، بۇددا ماكانىغا كىرىش ۋە بۇددالىق سالاھىيەتلەرگە ئېرىشىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئازابتىن قۇتۇلۇش، ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇشنى ئىپادىلەيدىغان بىر خىل ئۇقۇمغا ئايلانغان.

يىپەك يولىدىكى تۇرمۇش خۇددى بىر چىغىر يول بىلەن بۇ بوسنانلىقتىن يەنە بىر بوستانلىققا بېرىش، ئەڭ ئاخىردا يىراقتىكى ئىنتىلگەن جايغا بېرىشتە ئوخشايدۇ. تۇرمۇشتىكى پايدىسىز ئامىللارغا تاقابىل تۇرۇپ، سەپەردىكى ئويۇن - تاماشالاردىن قانغۇچە ھۇزۇرلىنىش كېرەك. بىراق، يىراقتىكى ھېلىقى نىشاننى — جەننەتنى، ھۇزۇر - ھالاۋەتلىك دۇنيانى، يورۇقلۇق ماكانىنى، بۇددا ماكانىنى، نىرۋانانى ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك. ئۇنى (بولۇپمۇ جۇڭگونىڭ تەسىرى ئاستىدا) بىرخىل مەنىۋى چەك - چېگرا، روھىيەتتىكى ساپلىق ۋە خالىلىق دەپ چۈشىنىشكە بولسىمۇ، كىشىلەر ئوخشىمىغان ئوبرازلار ۋە ئۇقۇملار بىلەن بۇ ئاخىرقى نىشانلارنى تەسەۋۋۇر قىلسىمۇ، بىراق ھەرخىل دىنىي مۇرىتلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنى مۇشۇ سەپەرنىڭ سەيياھى دەپ قاراپ كەلگەن. دائىم يىپەك يولىدىكى چىغىر يوللارنى ئۆزلىرىنىڭ يولى قىلىۋالغان.

## ئىزاھلار:

(1) رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ھىندىستان ۋە جۇڭگو بىلەن بولغان سودا ئالاقىسىنى تۆۋەندىكى ئەسەرلەردىن كۆرۈڭ:
خېرمان: «مىلادىيە 100 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەيىندىكى جۇڭگو، ھىندىستان ۋە رىم ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش لىنىيىلىــرى»؛ سۇخېر: «جۇڭگو ۋە غەرب ئەللىرى»؛ ۋىللېر: «رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ياۋروپا، ئافرىقا ۋە ئاسىيا ئەللىرى بىلەن بولغان سودا پائالىيەتلىرى»؛ ۋىللېر: «ھىندىستانغا بارىدىغان دېڭىز يولى»، 5 ~ 14 ـ بەتلەر.

(2) ۋىنستېت: «كوسماس ئىــندىكوپلېسنىــڭ خرىستــئان توپوگرافىيىسى».

(3) خېرمان: «سېرىس (يىپەك) ئېلى ۋە قەدىمكى تىبەت سەنئىتى» نىڭ 7 ـ بېتىدىن باشلانغان مەزمۇنلار؛ خېيىسىگ: «ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ۋە يىپەك يولى تارىخى»، 17 ـ بەت.

(4) لېششېر: «راھىب يوەنرېننىڭ سەپەر خاتىرىسى».

(5) ئا. فون گاباشىن: «ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسلىق ھەققىدە كىرىش سۆز»، 1 ـ بەت؛ ستەيىن: «ئاسىيانىــڭ كــىــندىكى»، 3 ـ توم، 1093 ـ بەت.

(6) زىممېر: «ھوسۇل تىلاۋىتى»، 109 ـ بەت.

(7) گېلىڭ شىمىن، خامىلتون: «ئۇيغۇرچە ۋەسىقــلــەردىــن خاتىرە»، 27 ـ بەت.

(8) ئا. فون گاباشىن: «ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسلىق ھەققىدە كىرىش سۆز»، 6 ـ بەت.

(9) ئا. فون گاباشىن: «ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلــىنىڭ تۇرمۇشى»، 49 ـ بەت.

(10) ئۇربۇرېخت: «جۇڭگونىڭ پوچتاچىلىقى».

(11) رامستېت: «موڭغۇلچە خەت ـ چەكلەر»، 841 ـ بەت.

(12) فرانكې: «تۇرپان ۋەسىقىلىرى»، 13 ـ بەت.

(13) فون پوركىگېر: «ھاياتلىقنىڭ گۆھىرى»، 135 ـ بەتتىن

باشلانغان مەزمۇنلار؛ ميۇللېر: «ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر»، 2 ـ توم، 14 ـ بەت.

(14) باڭ: «چۆللۈكتىن ئۆتۈش»، 34 ـ بەت.

(15) زىممېر: «باش قاپپىداش شېئىرلار»، 99 ـ بەت؛ «بۇددا باش قاپپىداش شېئىرلىرى»، 33 ـ ۋە 171 ـ بەتلەر.

(16) «تۇركچە تۇرپان تېكىستلىرى»، 5 ـ توم، 351 ـ بەت، B57 ئىزاھات.

(17) تېتسكان: «ئىنسادى سۇترىسى»، 32 ـ ۋە 35 ـ بەتلەر.

(18) تومسېن: «تۈرك ـ رۇنىك يېزىقى»، 217 ـ بەت.

(19) ئاسموسېن: «خرىستىئان ئەدەبىياتى»، 13 ـ بەت.

(20) «ئوتتۇرا ئەسىر ئىران مانى ۋەسىقىلىرى»، 3 ـ توم، 865 ـ بەت ۋە كېيىنكى بەتلەر.

(21) خېنىنىڭ: «سوغدچە قەدىمكى ۋەسىقىلەرنىڭ يىل دەۋرى»، 601 ~ 615 ـ بەتلەر.

(22) زىممېر: «ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ سودا ئىشلىرى»، 235 ـ بەت.

(23) يۇقىرىقى ئەسەر، 238 ـ بەت.

(24) «تۇركچە تۇرپان تېكىستلىرى»، 7 ـ توم، 38 ـ بەت.

(25) «تۇركچە تۇرپان تېكىستلىرى»، 6 ـ توم، 113 ـ بەت.

(26) زىممېر: «ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ سودا ئىشلىرى»، 239 ـ بەت.

(27) ئارنولد دۇبېن: «مانى تەمسىللىرى»، 26 ـ بەت ۋە كېيىنكى بەتلەر.

(28) رېگېر: «بۇددىزم ئېلىنىڭ بىر پارچە ئارخىپى»، 12 ـ بەت.

(29) يۇقىرىقى ئەسەر، 14 ـ بەت.

(30) يۇقىرىقى ئەسەر، 13 ـ بەت ۋە كېيىنكى بەتلەر.

(31) يۇقىرىقى ئەسەر، 24 ـ بەت.

(32) ئۇنىڭ ساياھىتى ھەققىدىكى دوكلاتىنى ميۇللېرنىڭ «غەربىي يۇرتتىكى بۇددىزم خاتىرىلىرى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 84 ~ 108 ـ بەتلىرىدىن كۆرۈڭ.

(33) يۇقىرىقى ئاپتورنىڭ «خۇيتساڭنىڭ ھاياتى» دېگەن ئەسىرىنىڭ

21 ـ بېتىگە قاراڭ.
(34) يۇقىرىقى ئەسەر، 21 ـ بەت ۋە كېيىنكى بەتلەر.
(35) يۇقىرىقى ئەسەر، 22 ـ بەت.
(36) يۇقىرىقى ئەسەر، 23 ـ بەت.
(37) يۇقىرىقى ئەسەر.
(38) يۇقىرىقى ئەسەر، 24 ـ بەت.
(39) يۇقىرىقى ئەسەر.
(40) يۇقىرىقى ئەسەر، 34 ـ بەت.
(41) يۇقىرىقى ئەسەر، 41 ـ بەت.
(42) يۇقىرىقى ئەسەر، 44 ـ بەت.
(43) يۇقىرىقى ئەسەر، 45 ـ بەت.
(44) يۇقىرىقى ئەسەر.
(45) يۇقىرىقى ئەسەر، 52 ـ بەت.
(46) گىبلىڭ شىمىن ۋە كىلىمكېيت: «ئۇيغۇرچە ‹خۇيتساڭنىڭ تەرجىمىھالى› نىڭ 7 ـ بابى»، 267 ـ بەت.
(47) بايلېي: «غەربىي يۇرت بۇددىزمى خاتىرىسى».
(48) مەزكۇر دوكلاتنى فوكسىنىڭ «خۇيچاۋنىڭ سەپەر خاتىرىسى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 3 ـ بېتىدىن كۆرۈڭ.
(49) يەن يۇنخۇا: «ھىندىستان بىلەن سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى جۇڭگونىڭ بۇددىزم ئالاقىسى»، 24 ~ 42 ـ، 135 ~ 168 ـ بەتلەر.
(50) ماركو پولونىڭ ساياھەت خاتىرىسىنىڭ كۆپ خىل تەرجىمە نۇسخىسى بار. مەسىلەن، يۇل بىلەن كوردىر بىرلىكتە تەرجىمە قىلغان «ماركو پولو ئەپەندىنىڭ ئەسىرى»، مېۇللېر ۋە پېللىئوت بىرلىكتە تەرجىمە قىلغان «ماركو پولونىڭ ئاسىياسى»؛ رىستىر يازغان ئىككى قىسىملىق «ماركو پولو»؛ ئورشگى يازغان «ماركو پولونىڭ ئاسىياسى»؛ رېستېرنىڭ «ماركو پولونىڭ ۋېنتسىيەدىن جۇڭگوغىچە بولغان سەپىرى» قاتارلىقلار.
(51) كاتولىك مۇرىتلىرىنىڭ سەپەرلىرى ھەققىدە دوسسون يازغان «موڭغۇللارنى تەكشۈرۈش خاتىرىسى»، خارگېرنىڭ «ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيادا خرىستىئان مەزھەپلىرىنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى» (517 ~ 525 ـ بەتلەر) قاتارلىق ئەسەرلەر بار.

(52) لاتتىمور: «ئىچكى موڭغۇلىيىدىكى نېستورى خارابىسى»، 481 ~ 497 ـ بەتلەر.

(53) خاگېر: «ئاسىياغا بارىدىغان يول: شەرقىي سۈرىيىدىكى مىسسىئونېرلار چېركاۋى»، 370 ـ بەت.

(54) شىنجاڭدىكى تەكشۈرۈش ئەھۋالىنىڭ تەپسىلاتى ۋە بۇ ھەقتىكى تونۇشتۇرۇشلارنى دۇبۇسنىڭ «جۇڭگو شىنجاڭدىكى ئېكسپېدىتسىيە تارىخى» ناملىق ئەسىرىدىن كۆرۈڭ. ئاممىباب خاراكتېرلىك تونۇشتۇرۇشلارنى خوپكىركنىڭ «يىپەك يولى» ناملىق ئەسىرىدىن كۆرۈڭ.

(55) دەسلەپكى مەزگىللەردىكى جۇغراپىيىلىك تەكشۈرۈش ئەھۋاللىرىنى دۇبۇسنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرىنىڭ 30 ~ 88 ـ بەتلىرىدىن كۆرۈڭ.

(56) رېگېر: «تۇرپان»، 205 ~ 210 ـ بەتلەر؛ «تۇرپاندىكى تەكشۈرۈش پائالىيىتىم»، 380 ~ 394 ـ بەتلەر؛ دۇبۇسنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرى، 62 ـ، 66 ~ 67 ـ بەتلەر.

(57) كلېمېنتس: «تۇرپان ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى».

(58) سۋېن ھېدىن: «ئاسىيا قۇملۇقىدىن كېسىپ ئۆتۈش».

(59) ستەين ھەققىدە مىسكىنىڭ «سېر ئاۋرېل ستەين»؛ دۇبۇسنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرىنىڭ 117 ـ بېتىگە قاراڭ.

(60) سۋېن ھېدىننىڭ ساياھىتى ھەققىدە دۇبۇسنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرىنىڭ 105 ـ بېتىگە، يەنە 112 ـ، 130 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

(61) ستەيننىڭ ھاياتىغا قاراڭ.

(62) زىمېرنىڭ «بېرلىننىڭ كۆپ قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 152 ـ بېتىدىن نەقىل ئېلىندى.

(63) ئوتانى قاتارلىقلارنىڭ ياۋروپادىن ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق ياپونىيىگە بېرىش سەپىرىنى ۋە ئۇ مەبلەغ بىلەن تەمىن ئەتكەن ھەرقايسى نۆۋەتلىك ئېكسپېدىتسىيە ئەھۋالىنى لېۋرپوننىڭ تۆۋەندىكى ئەسەرگە يازغان «كىرىش سۆز» دىن كۆرۈڭ: لاۋت ۋە لېۋرپون: «ياپونىيىنىڭ تۇركلەر بۇددىزمىنى تەتقىق قىلىش ئەھۋالى»، 3 ـ بەت.

(64) كرىمبۇرگ: «تەرەققىيات»، 16 ـ بەت.

(65) گرېۈنۋېدېل: «دوكلات»، 179 ـ بەت.
(66) لېكوكنىڭ ھاياتىغا قاراڭ.
(67) ستەين: «ئاسىيا كىندىكى»، 2 ـ توم، 633 ـ بەت.
(68) گرېۈنۋېدېلنىڭ بۇ خىزمەتلەر ھەققىدىكى ئىلمىي دوكلاتى ئۇنىڭ «جۇڭگو شىنجاڭدىكى قەدىمكى بۇددا ئىبادەتخانىلىرى» ناملىق ئەسىرىگە كىرگۈزۈلگەن؛ يەنە ئۇنىڭ «قەدىمكى كۇچا» ناملىق ئەسىرىگە قاراڭ.
(69) لېكوك: «قەدىمكى يۇناننىڭ ئىزىنى بويلاپ»، 109 ـ بەت ۋە كېيىنكى بەت ئىزاھ①غا قاراڭ.
(70) مىسكى: «سېر ئاۋرېل ستەين»، 265 ـ بەت.
(71) خوپكىرك: «يىپەك يولى»، 197 ـ بەت.
(72) بۇ ساياھەتلەر ھەققىدە ستەيننىڭ «غەربىي يۇرت» ناملىق ئەسىرىنىڭ 4 ـ تومىغا قاراڭ.
(73) «پېللىئوتنىڭ تەكشۈرۈش خاتىرىلىرى» نىڭ ھەرقايسى توملىرى.
(74) پېللىئوت باشچىلىقىدىكى فرانسىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ خىزمەتلىرى ھەققىدە دۇبۇسنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرىنىڭ 131 ـ بېتىگە قاراڭ.
(75) كىرىمبۇرگنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرى، 22 ـ بەت.
(76) كىلىمكېيتىنىڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «ياپونىيىدىكى يىپەك يولى سەنئىتى تەتقىقاتى» غا قاراڭ.
(77) فرانكې: «جۇڭگونىڭ قاراخوتوندىكى ئارخېئولوگىيىلىك بايقاش»، 177 ـ بەت.
(78) يۇقىرىقى ئەسەر، 118 ـ بەت.
(79) خوپكىرك: «تام رەسىملىرى».
(80) خوپكىرك: «يىپەك يولى»، 240 ـ بەت.
(81) ۋالدېر شمىتنىڭ بۇ ئەسەرلەر ھەققىدىكى باھاسى «شەرقشۇناسلىق ئەدەبىيات مەجمۇئەسى» نىڭ 54 ـ سان (1959 ـ يىلى)، 229 ~ 242ـ بەتلىرىگە بېسىلغان.
(82) خاكىن: «ئوتتۇرا ئاسىيا ئارخېئولوگىيىسى ھەققىدە تەتقىقات».

(83) گروبو: «خوتەندىكى ئارخېئولوگىيىلىك بايقاش».

(84) ج. ھامبىلى باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «ئوتتۇرا ئاسىيا»، 36 ـ بەت.

(85) يۇقىرىقى ئەسەر، 42 ـ بەت.

(86) «ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىران مانى ۋەسىقىلىرى»، 2 ـ توم، 302 ـ بەت.

(87) فون گابائىن: «ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسلىق ھەققىدە كىرىش سۆز»، 10 ـ بەت.

(88) گوركىيۇ: «قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پادشاھلار، قاغانلار ۋە باشقا ھۆكۈمدارلار»، 6 ـ بەت.

(89) خېنىنىڭ: «مانى دىنىنىڭ تارىخىغا ئائىت يېڭى ماتېرىيال»، 14 ـ بەت؛ ئېمرىك: «تۇمشۇقتىكى Karmavacana ۋەسىقىلىرى»، 8 ـ بەت.

(90) پېللىئوت: «ئىچكى ئاسىيا»، 85 ـ بەت.

(91) يۇقىرىقى ئەسەر، 90 ـ بەت؛ لۇژىننفېلد: «كۇشانىيىنىڭ ئوردا سەنئىتى»، 10 ـ بەت.

(92) لۇژىننفېلدنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرى، 11 ـ بەت.

(93) بايلېي: «غەربىي يۇرت بۇددىزمى خاتىرىسى»، 91 ـ بەت ۋە كېيىنكى بەتلەر.

(94) خېنىنىڭ: «سوغدچە قەدىمكى ۋەسىقىلەرنىڭ يىل دەۋرى».

(95) چېن: «جۇڭگودىكى بۇددا دىنى».

(96) مانسېن خېرفېن: «سىبىرىيىدىكى مانى مۇرىتلىرى»، 311 ~ 326 ـ بەتلەر.

(97) مېۈللېر: «لاداقتىكى سوغدچە ئابىدە»، 371 ~ 373 ـ بەتلەر.

(98) بويس: «ئاتەشپەرەستلىك دىنىنى تەتقىق قىلىشتا كېرەكلىك بولغان يازما ماتېرىياللار»، 116 ـ بەت.

(99) س. تېكىن: «مايترى سىمىت نوم بىتىگ»، 1 ـ

توم، 75 ـ بەت.
(100) ۋالدېر شمىت: «قەندەھار + كۇچا — تۇرپان»، 34 ـ بەت.
(101) سىنورنىڭ ئەسىرى، 85 ـ بەت.
(102) ۋاتسون: «جۇڭگودىكى مەشھۇر تارىخشۇناسلارنىڭ تەرجىمىھالى»، 2 ـ توم، 155 ـ بەت.
(103) خېنىنىڭ: «سوغدچە قەدىمكى ھۆججەتلەرنىڭ يىل دەۋرى»، 605 ـ بەت.
(104) گوركيۇ: «شەرقىي ئاسىيادىكى ھۆكۈمدارلار ۋە خانلىقلار»، 27 ـ بەت.
(105) ليۇ ماۋسەي: «جۇڭگونىڭ شەرقىي تۇركلەر تارىخىغا دائىر مەلۇماتلىرى»؛ تالات تېكىن: «ئورخۇن تۇرك تىلىنىڭ گرامماتىكىسى»، 231 ~ 295 ـ بەت.
(106) يۇقىرىقى ئەسەر، 261 ـ بەت.
(107) يۇقىرىقى ئەسەر، 264 ـ بەت.
(108) شلېگېل: «قارابالغاسۇندىكى ئۇيغۇر قاغانى ئابىدىسىنىڭ خەنزۇچە قىسمى»، 45 ـ بەت؛ «تۇركچە تۇرپان تېكىستلىرى»، 2 ـ توم، 411 ~ 422 ـ بەتلەر.
(109) پىنكىس: «گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى».
(110) فون گابائىن: «ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ تۇرمۇشى».
(111) ۋوللېي كوخالمى: «قەدىمكى كىنكىسدلارنىڭ دۆلەت ئېتىقادىغا يۇغۇرۇلۇپ كېتىشى»، بۇ ئەسەر خېيىسىگە ۋە كلىمكېيت بىرلىكتە تۈزگەن «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى دىنلارنىڭ سىڭىشىشى» ناملىق ئەسەرگە كىرگۈزۈلگەن، 136 ~ 158 ـ بەتلەر.
(112) ي. ئېكمان: «چاغاتاي ئەدەبىياتى»، 304 ~ 402 ـ بەتلەر.

(113) فون گابائىن: «ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسلىق ھەققىدە كىرىش سۆز»، 23 ـ بەت؛ گوركىۇ: «موڭغۇل ئىمپېرىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيا نائىبلىرى»، 16 ـ بەت.
(114) بايلېي: «خۇيتساڭنىڭ ھاياتى»، 43 ـ بەت.
(115) ئېمرىك: «خوتەنگە ئالاقىدار تۇبۇتچە ۋەسىقىلەر»، 21 ـ بەت.
(116) چېنىنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرى، 43 ـ بەت.
(117) ستەين: «غەربىي يۇرت»، 4 ـ توم، 140 ـ رەسىم.
(118) ساندېر: «بېرلىن تۇرپان يادىكارلىقلىرىدىكى سانسكرىتچە قەدىمىي خەت شەكلى».
(119) ۋالدېر شىمىت: «قەندەھار — كۇچا — تۇرپان»، 49 ـ بەت.
(120) ت. تېكىن: «ئورخۇن تۈرك تىلىنىڭ گراممانىكىسى»، 263 ـ بەت.
(121) فرانكې: «بىر پارچە خەنزۇچە ئىبادەتخانا پۈتۈكى»، 45 ـ بەت.
(122) ستەين: «ئاسىيا كىندىكى»، 3 ـ توم، 1032 ـ بەت.
(123) يۇقىرىقى ئەسەر، 2 ـ توم، 583 ـ بەت.
(124) ئېبېرخات: «جۇڭگو ۋە ئۇنىڭ غەربىدىكى قوشنىلىرى»، 271 ـ بەت.
(125) ت. تېكىننىڭ يۇقىرىقى ئەسىرى، 261 ـ بەت.
(126) مانسىنگېر: «دىن»، 58 ـ بەت.
(127) خېيسىگ ۋە كلىمكېيت: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دىنلارنىڭ سىڭىشىشى».
(128) ئېشخۇن: «ئىران ئېتىقادىنىڭ جۇڭگودا كۆزگە چېلىقىشىغا ئائىت ماتېرىياللار»، 531 ~ 541 ـ بەتلەر؛

ئېبۇرخات: «جۇڭگو ۋە ئۇنىڭ غەربىدىكى قوشنىلىرى» ، 29 ~ 36 ـ بەتلەر.

(129) بويس: «ئاتەشپەرەستلەر» ، 78 ـ بەت.

(130) ساكلارنىڭ پائالىيىتى ھەققىدە ۋېدىنگرېننىڭ «ئىراندىكى دىنلار» ناملىق ئەسىرىنىڭ 333 ~ 343 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

(131) كۇشانلارنىڭ قۇيما پۇللىرىدىكى ئىبادەتخانىلارنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا لۇژىنفېلدنىڭ يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئەسىرىنىڭ 60 ـ بېتىگە قاراڭ.

(132) بويس: «ئاتەشپەرەستلىكنى تەتقىق قىلىشتا كېرەكلىك يازما ماتېرىياللار» ، 112 ـ بەت.

(133) ۋىدېنگرنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرى، 320 ~ 332 ـ بەتلەر.

(134) بۇ خىل تەسۋىر ز ئاچارپانىڭ «سوغد رەسساملىقى» ناملىق ئەسىرىدىن كەلگەن.

(135) برېنتسكىي ۋە بېرۇس بىرلىكتە يازغان «ئوتتۇرا ئاسىيا، سوغدلارنىڭ سەنئىتى» ، 222 ـ بەت.

(136) لاۋت: «قەدىمكى تۈركلەرنىڭ بۇددىزمى» ، 1 ـ بەت.

(137) بويس: «ئاتەشپەرەستلىك» ، 157 ـ بەت.

(138) ئاچارپانىڭ يۇقىرىقى ئەسىرى، 126 ـ بەت؛ خېنىنىڭنىڭ: «بىر سوغد ئىلاھى» ناملىق ئەسىرى، 242 ~ 254 ـ بەتلەر.

(139) ئاچارپانىڭ يۇقىرىقى ئەسىرى، 126 ـ بەت.

(140) يۇقىرىقى ئەسەر، 132 ـ بەت.

(141) يۇقىرىقى ئەسەر، 140 ـ بەت.

(142) مىترىدات ھەققىدە ئاچارپانىڭ يۇقىرىقى ئەسىرىنىڭ 141 ـ بېتىگە؛ شامال ئىلاھى ھەققىدە ئاچارپانىڭ يۇقىرىقى

ئەسىرىنىڭ 143 ـ بېتىگە؛ خومباخنىڭ «شەرقىي ئىران دىنلىرىنىڭ سىڭىشىشىدىكى ۋايۇ، شىۋا ۋە جىن ۋۇۋېنس» ناملىق ئەسىرىنىڭ 397 ~ 408 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

(143) ئورخۇن ئابىدىلىرى ھەققىدە ت. تېكىننىڭ «ئورخۇن تۈرك تىلىنىڭ گراماتىكىسى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 261 ~ 295 ـ بەتلىرىگە قاراڭ. ئۇنىڭدىن باشقا مۇھىم ماتېرىياللاردىن يەنە ترىيۇئارسكىپنىڭ «يېقىنقى مەزگىللەردىكى ئەسەرلەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان قەدىمكى تۈرك ـ رۇنىك ۋەسىقىلىرى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 339 ~ 352 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

(144) فون گابائىن: «دەسلەپكى مەزگىللەردىكى تۈركلەرنىڭ تۇرمۇشىدىكى يايلاق ۋە شەھەرلەر»، 30 ~ 62 ـ بەتلەر.

(145) يۇقىرىقى ئاپتورنىڭ «قەدىمكى تۈركچە مەڭگۈ تاشلارنىڭ مەزمۇنى ۋە سېھىرگەرلىكى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 540 ـ بەت ۋە 549 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

(146) بېنباخ: «قۇتلۇق بولسۇن ( I )»، 284 ~ 291 ـ بەتلەر.

(147) فون گابائىن: «دەسلەپكى مەزگىللەردىكى تۈركلەرنىڭ تۇرمۇشىدىكى يايلاق ۋە شەھەرلەر»، 62 ـ بەت.

(148) ر. ر. ئارات: «خان نامى ئىدىقۇت»، 152 ـ بەت.

(149) ت. تېكىننىڭ يۇقىرىقى ئەسىرى، 231 ـ بەت ۋە كېيىنكى بەتتىكى «كۆل تېكىن ئابىدىسى» گە؛ پرىچاكنىڭ: «قارلۇقلاردىن قاراخانىيلارغىچە» ناملىق ئەسىرىنىڭ، 274 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

(150) كلىمكېيت: «يىپەك يولىدىكى تېۋىنغۇچىلار»، 300 ـ بەت.

(151) فون گابائىن: «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي ئاسىيا خەلىقلىرىنىڭ ئېتىقادىدىكى ئىران ئامىلى»، 57 ~ 70 ـ بەتلەر.

(152) زىممېر: «ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددا باش قاپىسىداش شېئىرلىرى»، 156 ـ بەت، 159 ـ بەتلەر.

(153) ئاسموسېن: «خرىستىئان ئەدەبىياتى»، 12 ~ 29 ـ بەتلەر؛ خېمس ۋىللىيامس: «سوغدچە خرىستىئان قولىيازمىسى C2»، سېگېر: «جۇڭگودىكى نېستورى ۋەسىقىلىرى».

(154) كلىمكېيت: «ئىچكى ئاسىيا دىنىي ئۇيۇشمىلىرىدىكى خرىستىئان دىنى ۋە بۇددا دىنى»، 208 ~ 202 ـ بەتلەر؛ ئۇنىڭ «خرىستىئان دىنى، نېستورى دىنى ۋە بۇددا دىنىنىڭ يىپەك يولىدىكى قوشۇلۇشى» ناملىق ئەسىرىگە قاراڭ.

(155) خانسېن: «بېرلىندىكى سوغدچە ۋەسىقىلەر»، 1 ـ توم، 9 ـ بەت.

(156) يۇقىرىقى ئەسەر، 14 ـ بەت.

(157) يۇقىرىقى ئەسەر، 9 ـ بەت.

(158) ميۇللېر: «ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر»، 1 ـ توم، 5 ~ 10 ـ بەتلەر.

(159) سېگېر: «نېستورى ۋەسىقىلىرى»، 2 ـ نەشرى، 125 ~ 146 ـ بەتلەر.

(160) شەرقىي سۇرىيە چېركاۋلىرىنىڭ شەرقىي ئاسىياغا كېڭىيىشى ھەققىدىكى مەزمۇنلارنى خارگېرنىڭ «ئاسىياغا بارىدىغان يول» ناملىق ئەسىرىنىڭ 360 ~ 393 ـ بەتلىرى؛ شپۇلېرنىڭ «نېستورى چېركاۋى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 120 ~ 167 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

(161) ميۇللېر: «سوغدچە ۋەسىقىلەر»، 2 ـ توم،

23 ـ بەت.

(162) بىداۋىد: «نېستۇرى كاھىنى تىموتېنىڭ خەت ـ چەكلىرى»، 2 ~ 84 ـ بەتلەر.

(163) خارگېز: «ئاسىياغا بارىدىغان يول»، 370 ـ بەت؛ زۇما گۇلوف: «قىرغىزىستاندىن بايقالغان سۇرىيىنىڭ تۈركچە (نېستۇرى) ۋەسىقىلىرى»، 470 ~ 480 ـ بەتلەر.

(164) خارگېز: «ئوتتۇرا ئەسىردىكى ھەرقايسى خرىستىئان مەزھەپلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى»، 517 ~ 525 ـ بەتلەر.

(165) زىممېر: «تۇرپاندىن تېپىلغان تۈركچە نېستۇرى ۋەسىقىلىرى»، 663 ـ بەت.

(166) خانرېكس ۋە كۆينان بىرلىكتە يازغان «گرېكچە مانى قولىيازمىسى»، 97 ~ 216 ـ بەتلەر.

(167) مەسلەن، سۇندېرماننىڭ: «ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىران مانى ۋەسىقىلىرى» نىڭ 39 ـ بېتىگە قاراڭ.

(168) لىيۇ: «مانى دىنى»، 60 ـ بەت.

(169) مانى ئەدەبىياتىغا دائىر لاردىن ئاسموسېننىڭ «مانى ئەدەبىياتى»، ئاسموسېن ۋە برىس بىرلىكتە يازغان «نېستۇرى دىنى III : مانى دىنى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

(170) ئۇراينىڭ خېيسىنگ ۋە كلىمكېيت بىرلىكتە تۈزگەن «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دىنلارنىڭ سىڭىشىشى» ناملىق توپلامدىكى ماقالىسىنىڭ، 197 ~ 206 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

(171) لىيۇ: «مانى دىنى»، 189 ـ بەتتىن ۋە 259 ـ بەتتىن باشلانغان مەزمۇنلار.

(172) كلىمكېيت: «يورۇقلۇق دىنىنىڭ قەسىدىلىرى ۋە ئىبادەت تېكىستى».

(173) زىممېر: «تۈركچە مانى ۋەسىقىلىرى».

(174) بويسىنىڭ «مانى دىنىنىڭ پارسچە ۋە ئارساكچە

چۇشەندۇرگۈچى لېكتۇر» دېگەن ئەسىرىدىكى ھۆججەتلەرگە قاراڭ. سۇدېرمان تېخى بىلىنمىگەن زور مىقداردىكى ھۆججەتلەرنى ئېلان قىلغان، مەسىلەن، «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىرانچە مانى ۋەسىقىلىرى»، «ئوتتۇرا قەدىمىي پارس تىلى ۋە ئارساك تىلىدا يېزىلغان ئالەمنىڭ شەكىللىنىشى ھەققىدىكى ۋەسىقىلەر ۋە ھېكمەتلەر»، «سوغدچە مانى ۋەسىقىلىرى»، «ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىران تىلىدا يېزىلغان مانى ۋەسىقىلىرى» نىڭ 1 ~ 3 - توملىرى يەنىلا كلاسسىك ئەسەرلىك قىممىتىگە ئىگە.

(175) لېكوك: «مانى سىزمىلىرى»؛ كلىمكېيت: «مانى سەنئىتى ۋە خەتتاتلىقى».

(176) شمىت گرىنسېر: «خەنزۇچە مانى ۋەسىقىلىرى».

(177) مانى دىنىنىڭ تۈزۈملىرى ھەققىدە ۋىدېنگرىننىڭ «مانى ۋە مانى دىنى»، پۇرسېي يازغان «مانى دىنى»، مېكىلباخ يازغان «مانى ۋە مەزكۇر دىنىنىڭ تۈزۈملىرى» قاتارلىق ئەسەرلەرگە قاراڭ.

(178) كىلىمكېيت: «مانى دىنى سەنئىتىنىڭ ماھىيىتى»، 195 ~ 219 - بەتلەر.

(179) پۇرسېي: «مانى دىنىدىكى قۇتقۇلۇش چۈشەنچىسى»، 206 - بەت.

(180) كىلىمكېيت: «ئوتتۇرا ئاسىيا بۇددىزمىدىكى رېئال دۇنيا ۋە تەقلىدىي دۇنيا»، 83 ~ 126 - بەتلەر.

(181) شېكر: «شەرقىي ئاسىيا سەنئىتىدىكى زامان»، 75 - بەت.

(182) خېيسىگ ۋە كىلىمكېيت: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى دىنلارنىڭ سىڭىشىشى»، 23 ~ 32 - بەتلەردىكى ئا. گابائىننىڭ ماقالىسىغا قاراڭ.

(183) ئېمور: «تېز سىزما»، 110 - بەت.

(184) شېكر: «شەرقىي ئاسىيا بۇددىزم سەنئىتى»، 19 ـ بەت.
(185) يۇقىرىقى ئەسەر، 20 ـ بەت.
(186) كلىمكېيت: «يىپەك يولى رايونىدىكى تېۋىنغۇچىلار»، 300 ـ بەت.
(187) بۇددا دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى جايلاردىكى تەرەققىيات ئەھۋالىنى لىتۋېنسكىي يازغان «ئوتتۇرا ئاسىيا بۇددا دىنى تارىخىنىڭ ئوچېركى»، فون سېنسىن يۇبېر يازغان «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئافغانىستان بۇددا مەدەنىيىتى» (99 ~ 107 ـ بەتلەر) قاتارلىقلاردىن كۆرۈڭ.
(188) ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام دىنىنىڭ ئەھۋالىنى گىبېر يازغان: «ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇشى»، ج. ھامبىلى تۈزگەن «ئوتتۇرا ئاسىيا» قاتارلىق ئەسەرلەردىن كۆرۈڭ.
(189) بارتولد: «ئىران بۇددىزمى ۋە ئۇنىڭ ئىسلام دىنى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى»، 29 ـ بەت.
(190) يۇقىرىقى ئەسەر، 92 ـ بەت.
(191) يۇقىرىقى ئەسەر، 31 ـ بەت.
(192) يۇقىرىقى ئەسەر، 29 ـ بەت.
(193) بوۋىس: «يازما ماتېرىياللار»، 116 ـ بەت.
(194) زىممېر: «ئۇيغۇرلارنىڭ باش قاپىيداش شېئىرلىرى»، 185 ـ بەت.
(195) بارتولد: «ئىراندىكى بۇددا دىنى»، 29 ـ بەت.
(196) ئالبۇم ۋە برانتس بىرلىكتە يازغان «يايلاقنىڭ خوجايىنى — ئىسلامىيەت دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى». ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرىنىڭ ئىسلام ئەدەبىياتى ھەققىدە «تۈرك تىلشۇناسلىقتىن ئاساس» نىڭ 2 ـ توم، تۆتىنچى بابىغا قاراڭ.

(197) ئالېكساندىر (ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن) نىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇشى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدا ھامبىلى تۈزگەن «ئوتتۇرا ئاسىيا» نىڭ 36 ـ بېتىگە قاراڭ.

(198) شرۇمبېرگېر: «گرېك سەنئىتىنىڭ ۋارىسلىرى»، 281 ـ بەت.

(199) جوناس: «نېستۇرى دىنى ۋە ئاخىرقى سەنئەت روھى»، 1 ـ توم، 193 ـ بەت.

(200) بويس: «ئاتەشپەرەستلىك دىنى»، 80 ـ بەت.

(201) شتاۋىسكىي: «مىللەت»، 42 ـ بەت.

(202) يۇقىرىقى ئەسەر، 47 ـ بەت.

(203) دالتون: «ئامۇ دەرياسىدىكى جاۋاھىرلار»؛ بارنېت: «باكترىيە سەنئىتى ۋە ئامۇ دەرياسىدىكى جاۋاھىرلار»، 34 ~ 54 ـ بەتلەر.

(204) بويس: «ئاتەشپەرەستلىك دىنى»، 80 ـ بەت؛ خرىمان: «ئارساك تارىخىدىن ئومۇمىي بايان».

(205) نىسا ھەققىدە فرۇ يازغان «قەدىمكى ئىران تارىخى» نىڭ 221 ـ بېتىگە؛ شتاۋىسكىي يازغان «مىللەت» نىڭ 52 ـ بېتىگە قاراڭ. يەنە ئۇنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە كۇشانلارنىڭ سەنئىتى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 84 ~ 88 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

(206) شتاۋىسكىي: «مىللەت»، 52 ـ بەت.

(207) خېنىنىڭ: «ئوتتۇرا ئەسىر ئىران تىلى»، 27 ـ بەت.

(208) خېنىنىڭ: «بىر سوغد ئىلاھى»، 244 ـ بەت.

(209) بويس: «ئاتەشپەرەستلىك دىنى»، 90 ـ بەت.

(210) يۇقىرىقى ئەسەر، 91 ـ بەت.

(211) شتاۋىسكىي: «مىللەت»، 55 ـ بەت.

(212) فرۇنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرى، 193 ـ، 210 ـ بەتلەر؛ شتاۋىسكى: «مىللەت»، 117 ـ بەت.

(213) كوشرېنكو: «بۇددىزمنىڭ مەرغىنيانەدە تارقىلىشى»، 175 ~ 183 ـ بەتلەر؛ يەنە لتۋېنسكىينىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا» ناملىق ئەسىرىنىڭ 23 ـ بەت ۋە كېيىنكى بەتلىرىگە قاراڭ.
(214) كوشرېنكونىڭ يۇقىرىقى ئەسىرى، 182 ـ بەت.
(215) لۇژىنفېلد: «كۇشان ئوردىسىدىكى سەنئەت»، 9ـ بەت؛ فون گابائىن: «ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسلىق ھەققىدە كىرىش سۆز»، 9 ـ بەت.
(216) گوركيۇ: «قەدىمكى ئوتتۇر ئاسىيادىكى پادىشاھلار، قاغانلار ۋە باشقا ھۆكۈمدارلار»، 12 ـ بەت.
(217) لۇژىنفېلدنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرى، 12 ـ بەت.
(218) يۇقىرىقى ئەسەر، 11 ـ بەت.
(219) ئاشۇكا خانلىقىدىكى ھىندىچە يادنامىلەر توغرىسىدا شنېيدېرنىڭ «ئاشۇكا خاننىڭ قىيا تاشقا ئويۇلغان ئۇلۇغ يارلىقى» ناملىق ئەسىرىگە قاراڭ.
(220) خېننىڭ: «ئاشۇكا خاننىڭ ئارامېي ئابىدىلىرى»، 80 ~ 89 ـ بەتلەر؛ شۇ ئاپتورنىڭ «ئوتتۇرا ئەسىر ئىران تىلى»، 23 ـ بەت؛ شرومبېرگە: «ئاشۇكا خاننىڭ ئارامېي يېزىقىدىكى بىر پارچە يادنامىسى»، 406 ~ 417 ـ بەتلەر.
(221) «تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرى»، 4 ـ توم، 4 ـ بەت.
(222) شرومبېۋېر «سۇرخ قۇتار»، 81 ~ 86 ـ بەتلەر؛ لۇژىنفېلدنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرى، 154 ـ بەت.
(223) خېننىڭ: «باكترىيە تىلىدىكى يادنامە»، 52 ـ بەت، «سۇرخ قۇتال ۋە كانىشكا»، 75 ~ 87 ـ بەتلەر.
(224) خېننىڭ: «باكترىيە تىلىدىكى يادنامە»، 54 ـ بەت.

(225) خېنىنىڭ: «سۇرخ قۇتال ۋە كانىشكا»، 75 ـ بەت.
(226) لۇژىنفېلدنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرى، 105 ـ بەت.
(227) لۇژىنفېلدنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرى، 48 ـ بەت.
(228) لۇژىنفېلدنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرى.
(229) باميان ھەققىدە تاركى يازغان «باميان»، فۇشېر يازغان «ھىندىستان سەنئىتىنىڭ يارىتىلىشى»، (376 ـ بەت) قاتارلىقلارغا قاراڭ.
(230) بايلېي: «خۇيتساڭنىڭ ھاياتى»، 52 ـ بەت.
(231) شتاۋىسكىي: «مىللەت»، 93 ـ بەت، «كۇشانلارنىڭ سەنئىتى»، 106 ـ بەت؛ لىتۋېنسكىي: «ئوتتۇرا ئاسىيا»، 25 ـ بەت.
(232) شتاۋىسكىي: «كۇشانلارنىڭ سەنئىتى»، 133 ـ بەت؛ ئايىرتان ھەققىدە لىتۋېنسكىي يازغان «ئوتتۇرا ئاسىيا» نىڭ 29 ـ بېتىگە، شۇنداقلا ئۇنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنى تارىخىنىڭ ئوچېركى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 17 ـ بېتىگە قاراڭ.
(233) شتاۋىسكىي: «مىللەت»، 95 ـ بەت، «كۇشانلارنىڭ سەنئىتى»، 137 ـ بەت.
(234) شتاۋىسكىي: «مىللەت»، 103 ـ بەت؛ «كۇشانلارنىڭ سەنئىتى»، 141 ـ بەت.
(235) شتاۋىسكىي: «مىللەت»، 153 ـ بەت؛ «كۇشانلارنىڭ سەنئىتى»، 205 ـ بەت.
(236) «تۇخارىستان» ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىدىكى بۇددىزم توغرىسىدا لىتۋېنسكىي: «ئوتتۇرا ئاسىيا» نىڭ 32 ـ بېتىگە، «ئوچېرك» نىڭ 31 ـ بېتىگە قاراڭ.
(237) فاگس داۋان ھەققىدە شتاۋىسكىينىڭ «كۇشانلارنىڭ سەنئىتى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 136 ـ بېتىگە قاراڭ.

(238) خوراسانلىقلار ھەققىدە شتاۋىسكىينىڭ «مىللەت» ناملىق ئەسىرىنىڭ 61 ـ بېتىگە؛ خېنىنگنىڭ «خوراسان ۋەسىقىلىرى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 168 ~ 179 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

(239) شتاۋىسكىي: «مىللەت»، 61 ـ بەت.

(240) خېنىنىڭ: «خوراسان ۋەسىقىلىرى»، 170 ـ بەت.

(241) خېنىنىڭ: «ئوتتۇرا ئەسىر ئىران تىلى»، 56 ـ بەت؛ «خوراسانلىقلارنىڭ تىلى»، 30 ـ بەت.

(242) خېنىنىڭ: «خوراسان ۋەسىقىلىرى»، 166 ـ بەت.

(243) شتاۋىسكىي: «مىللەت»، 124 ـ بەت.

(244) يۇقىرىقى ئەسەر، 127 ـ بەت.

(245) خېنىنىڭ: «خوراسان ۋەسىقىلىرى»، 166 ـ بەت.

(246) شتاۋىسكىي: «مىللەت»، 129 ـ بەت.

(247) خېنىنىڭ: «خوراسان ۋەسىقىلىرى»، 167 ـ بەت.

(248) شتاۋىسكىي: «كۇشانلارنىڭ سەنئىتى»، 209 ـ بەت.

(249) خېنىنىڭ: «بىر سوغد ئىلاھى»، 244 ـ بەت.

(250) خېنىنىڭ: «ئوتتۇرا ئەسىر ئىران تىلى»، 25 ـ بەت، «سوغد كالېنداری»، 87 ـ بەت.

(251) خېنىنىڭ: «تۇخار دېگەن نام توغرىسىدا»، 159 ـ بەت.

(252) پۇللىي بلانك: «ئىچكى موڭغۇلدىكى سوغد مەھەللىرى»، 317 ~ 356 ـ بەتلەر؛ بازىن: «تۈركلەر ۋە سوغدلار»، 37 ~ 45 ـ بەتلەر.

(253) خېنىنىڭ: «قەدىمكى خەت ـ چەكلەر»، 601 ـ بەت.

(254) چېن: «جۇڭگودىكى بۇددا دىنى»، 16 ـ بەت؛ كورخېل: «بۇددا دىنىنىڭ جۇڭگونى ئىستىلا قىلىشى»، 34 ـ

بەت.
(255) ئاسموسېن: «خرىستىئان ئەدەبىياتى»، 11 ~ 29 ـ بەتلەر.
(256) ليۇ: «جۇڭگونىڭ قوشنىلىرى»، 1 ـ توم، 87ـ بەت.
(257) بويس: «يازما ماتېرىياللار»، 116 ـ بەت.
(258) خېنىنىڭ: «سوغد كالېندارى»، 87 ـ بەت.
(259) خېنىنىڭ: «بىر سوغد ئىلاھى»، 249 ـ بەت.
(260) شتاۋىسكىي: «مىللەت»، 176 ـ بەت؛ برېنتسكىي ۋە بېرۇس: «ئوتتۇرا ئاسىيا، سوغدلارنىڭ سەنئىتى»، 29 ـ بەت.
(261) خېنىنىڭ: «پارىژدىكى سوغدچە ۋەسىقىلەر»، 713 ـ بەت.
(262) تۆت قوللۇق ئايال ئىلاھ ھەققىدە ئاچارپانىڭ «سوغد رەسساملىقى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 24 ـ ۋە 43 ـ بېتىگە؛ برېنتسكىي ۋە بېرۇسنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا، سوغدلارنىڭ سەنئىتى» نىڭ 51 ـ بەت ۋە كېيىنكى بەتلىرىگە قاراڭ.
(263) بۇ خىل چوقۇنۇش ھەققىدە خېنىنىڭ يازغان «بىر سوغد ئىلاھى» نىڭ 242 ~ 254 ـ بەتلىرىگە ئاچارپانىڭ يۇقىرىقى ئەسىرىنىڭ 29 ـ، 126 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.
(264) ئىبادەتخانا قۇرۇلۇشى ھەققىدە شتاۋىسكىي يازغان «مىللەت» نىڭ 174 ـ بېتىگە قاراڭ.
(265) چۇشەندۇرۇش ھەققىدە ئاچارپانىڭ يۇقىرىقى ئەسىرىنىڭ 129 ـ بېتىگە قاراڭ.
(266) شتاۋىسكىي: «مىللەت»، 190 ـ بەت.
(267) شتاۋىسكىي: «مىللەت»، 187 ـ بەت؛ برېنتسكىي: «ئوتتۇرا ئاسىيا»، 14 ـ بەت.
(268) خېنىنىڭ: «سۇرخ قۇتال ۋە كانىشكا»، 14 ـ

بەت.

(269) برېنتسكي ۋە بېرۇس: «ئوتتۇرا ئاسىيا، سوغدلارنىڭ سەنئىتى»، 138 ـ بەت.

(270) يۇقىرىقى ئەسەر، 211 ـ بەت.

(271) فرۇ: «بۇخارا تارىخى»، 8 ـ بەت ۋە كېيىنكى بەتلەر، 11 ـ ۋە 17 ـ بەتلەر.

(272) يۇقىرىقى ئەسەر، 197 ـ بەت.

(273) شتاۋىسكىي: «مىللەت»، 197 ـ بەت، «كۇشانلارنىڭ سەنئىتى»، 46 ـ بەت؛ ئاق بەشىمدىكى ئارخېئولوگىيىلىك بايقاش ۋە قۇيما پۇللار ھەققىدە ج. كلاۋسېننىڭ «ئاق بەشىم — سۇيئاب» ناملىق ئەسىرىنىڭ 1 ~ 13 ـ بەتلىرىگە قاراڭ. ئاق بەشىمدىن يەنە مىلادىيە 8 ـ ئەسىردە سېلىنغان خرىستىئان چېركاۋىنىڭ قالدۇقى بايقالدى.

(274) زۇما گۇلوف: «قىرغىزستاندىن بايقالغان سۇرىيىنىڭ تۈركچە (نېستۇرى) ۋەسىقىلىرى»، 470 ~ 480 ـ بەتلەر.

(275) بېشىت: «‹ساددارما پۇنداريكا سۇترا› نىڭ ماربۇرگ فراگمېنتى»؛ چىندىرا: «‹ساددارما پوندارىكا سۇترا› — قەشقەر قول يازمىسى»، 3 ~ 9 ـ بەتلەر.

(276) بۇ جايلار ھەققىدە ستەيننىڭ «ئاسىيانىڭ كىندىكى» نىڭ 1 ـ توم، 58 ـ بېتىگە، «غەربىي يۇرت» نىڭ 1 ـ توم، 80 ـ بېتىگە قاراڭ.

(277) خوتەننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ھەققىدە گرۇپنىڭ «خوتەندىكى ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلار»، بايلېينىڭ «قەدىمكى ئىرانلىقلارنىڭ خوتەندىكى ساك مەدەنىيىتى» گە؛ ئېمرىكنىڭ «خوتەنگە ئالاقىدار تۈبۈتچە ۋەسىقىلەر» ناملىق ئەسەرلىرىگە قاراڭ.

(278) ئېمرىك: «ئىراننىڭ مۇستەملىكىلىرى»، 263 ـ

بەت.
(279) يۇقىرىقى ئەسەر، 265 ـ بەت.
(280) يۇقىرىقى ئەسەر، 265 ـ ۋە كېيىنكى بەتلەر.
(281) خوتەننىڭ تارىخى ھەققىدە گرۇپپىنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرىنىڭ 29 ـ بېتىگە؛ ئېمرىكنىڭ «ئىراننىڭ مۇستەملىكىلىرى» نىڭ 266 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.
(282) رېگېر: «بۇددا دۆلىتىدىكى بىر پارچە ئارخىپ»، 16 ـ بەت.
(283) يۇقىرىقى ئەسەر، 16 ـ ۋە كېيىنكى بەتلەر.
(284) تايرىيېك: «ئاقىللىق ۋە نادانلىق ھەققىدىكى سۇترا»، 289 ـ بەت ۋە كېيىنكى بەتلەر.
(285) بايلېي: «خۇيتساڭنىڭ ھاياتى»، 202 ـ بەت.
(286) ئېمرىك: «خوتەن تېكىستلىرىدىن ساۋات»؛ 14 ـ، 32 ـ، 42 ـ بەتلەر.
(287) يۇقىرىقى ئەسەر، 45 ـ بەت.
(288) يۇقىرىقى ئەسەر، 51 ـ بەت.
(289) رېگېرنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرى، 18 ـ بەت.
(290) رېگېرنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرى، 18 ـ ۋە كېيىنكى بەتلەر.
(291) بايلېينىڭ يۇقىرىقى ئەسىرى، 18 ـ ۋە كېيىنكى بەتلەر.
(292) ئېمرىك: «باستۇنامىگە مەدھىيە»، 229 ـ بەت.
(293) ئېمرىك: «خوتەن تېكىستلىرىدىن ساۋات»، 21 ـ بەت.
(294) يۇقىرىقى ئەسەر، 49 ـ بەت.
(295) گرۇپ: «ئارخېئولوگىيىلىك بايقاش»، 43 ـ بەت.
(296) خوتەننىڭ رەسساملىقى ھەققىدە بۇساگرى يازغان

«ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ رەسساملىقى» نىڭ 53 ـ بېتىدىن باشلاپ كۆرۈڭ. دەرۋەقە، ئۇنىڭ كىتابىدىن ھەرقاچان كۆرۈۋالغىلى بولغاندەك، ئۇ بايان قىلغان مەزمۇنلارنى تارىخىي ئەمەلىيەت دېگەندىن كۆرە، سەنئەت تارىخى ھەققىدىكى تۇيغۇ دېگەن تۇزۇك. رەسساملىق ھەققىدە ۋىللىيامسىنىڭ «خوتەن رەسساملىقىدىكى سىما تەسۋىرى» نىڭ 109 ~ 154 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

(297) بانېرىيە: «ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن بېرۇزانا بۇتى»، 166 ~ 170 ـ بەتلەر.

(298) بۇساگرىنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرى، 67 ـ بەت.

(299) مىرەنىنىڭ رەسساملىقى ھەققىدە بۇساگرىنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرىنىڭ 19 ـ بېتىدىن باشلانغان مەزمۇنغا؛ ستەيىننىڭ «غەربىي يۇرت» نىڭ 40 ـ رەسىمىگە قاراڭ.

(300) بۇلۇ: «قارۇشتى يېزىقى: جۇڭگو شىنجاڭدىن كەلگەن ۋەسىقە»، 8 ـ بەت.

(301) ستەيىن: «غەربىي يۇرت»، 4 ـ توم، 40 ـ ۋە 41 ـ رەسىملىرى.

(302) ستەيىن: «غەربىي يۇرت»، 4 ـ توم، 142 ـ رەسىمنىڭ يېزىق قىسمى.

(303) رېگېر: «بۇددا دۆلىتىدىكى بىر پارچە ئارخىپ»، 13 ـ بەت.

(304) بۇ نۇقتا ۋە كېيىنكى بۆلەكلەر ھەققىدە توماس يازغان «كروران ۋە مىرەنىنىڭ قەدىمكى ئاھالىسى» نىڭ 45 ـ بېتىگە قاراڭ.

(305) يۇقىرىقى ئەسەر، 50 ـ بەت.

(306) ستەيىن: «غەربىي يۇرت»، Ⅳ توم، 17 ـ رەسىم.

(307) توماس: «كروران ۋە مىرەنىنىڭ قەدىمكى ئاھالىسى»، 56 ـ بەت؛ بۇلۇنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرى، 5 ـ بەت.

(308) ئەڭ يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا،

مىرەندىن تېپىلغان ھىندىچە ۋەسىقىلەرنىڭ يىل دەۋرىنى مىلادىيە 330 ~ 320 ـ يىللار دەپ بېكىتىشكە بولىدۇ. ئېمرىكنىڭ «ئىرانلىقلارنىڭ بۇددا دىنى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 958 ـ بېتىگە قاراڭ.

(309) ستەين: «غەربىي يۇرت»، 4 ـ توم، 1329 ـ بەت.

(310) ئېمرىك: «تۇمشۇقتىن تېپىلغان ۋەسىقە»، 7 ~ 32 ـ بەتلەر.

(311) ليۇراند: «ئوتتۇرا ئاسىيا»، 148 ـ بەت.

(312) خېنىنىڭ: «مانى دىنى كالېندارىغا دائىر يېڭى ماتېرىيال»، 14 ـ بەت.

(313) كونور: «يېڭى بىر خىل ساك دېئالېكتى»، 772 ~ 823 ـ بەت؛ خېنىنىڭ: «يېڭى ماتېرىياللار»، 11 ـ بەت.

(314) خارگېرنىڭ خەرىتىسى «14 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئاسىيانىڭ شەرقىدىكى خرىستىئان دىنى» ناملىق ئەسەرگە كىرگۈزۈلگەن (قىستۇرما رەسىم 15a)؛ خېنىنىڭ: «ئارگى ۋە تۇخارلار» 567 ـ بەت.

(315) يۇقىرىقى ئەسەر، 550 ـ بەت.

(316) يۇقىرىقى ئەسەر، 564 ـ بەت.

(317) نيۇ ـ يورك سەنئەت مۇزېيى نەشر قىلغان «قەدىمكى يىپەك يولىنى بويلاپ»، 65 ـ بەت.

(318) گرىيۇنۋېدېل: «جۇڭگو شىنجاڭدىكى قەدىمكى ئىبادەتخانىلار»، 10 ـ بەت.

(319) كۇچا ۋە تۇرپاندىن تېپىلغان سانسكرىتچە ۋەسىقىلەرنى نەشر قىلىش خىزمىتىگە ۋالدېر شمىت پەۋقۇلئاددە زور تۆھپە قوشقان. ۋالدېر شمىتنىڭ قىسقا ماقالىلىرى ئۇنىڭ نامىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن نەشر قىلىنغان «سەيلۇندىن

تۇرپانغىچە» ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلگەن.
(320) تەن شۈتۇڭ ۋە ئەن چۈنياڭ بىرلىكتە يازغان «قىزىل مىڭئۆيلىرى» ناملىق ئەسەر.
(321) ۋالدېر شمىت: «قەندەھار — كۇچا — تۇرپان».
(322) مايار: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىڭئۆيلەر ۋە خارابىلەر».
(323) فرۇنتس: «قەندەھاردىن پۇغانغىچە»، 49 - ۋە كېيىنكى بەتلەر. ئۇنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا — شىنجاڭنىڭ سەنئىتى» ناملىق ماقالىسى ئۇ تۈزگەن «يىپەك يولى سەنئىتى ۋە مەدەنىيىتىنى بويلاپ» ناملىق ئەسەرگە كىرگۈزۈلگەن، 135 ~ 203 - بەتلەر.
(324) ليۇ: «كۇچا ۋە ئۇنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى».
(325) توماس: «تۇخار ئەدەبىياتى»، 967 ~ 973 - بەتلەر.
(326) يۇقىرىقى ئەسەر، 971 - بەت.
(327) رېدېرس: «شىنجاڭ تارىخى ۋە جۇغراپىيىسىگە ئائىت باشقا ماتېرىياللار»، 17 - بەت.
(328) ليۇ: «كۇچا ۋە ئۇنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى»، 1 - توم، 12 - بەت.
(329) يۇقىرىقى ئەسەر، 36 - بەت.
(330) تەن شۈتۇڭ ۋە ئەن چۈنياڭنىڭ بىرلىكتە يازغان يۇقىرىقى ئەسىرى، 8 - بەت.
(331) ليۇ: «كۇچا ۋە ئۇنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى»، 1 - توم، 8 - بەت.
(332) تەن شۈتۇڭ ۋە ئەن چۈنياڭنىڭ بىرلىكتە يازغان يۇقىرىقى ئەسىرى، 8 - بەت.
(333) ليۇ: «كۇچا ۋە ئۇنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان

مۇناسىۋىتى» ، 1 ـ توم، 21 ـ بەت.
(334) يۇقىرىقى ئەسەر، 23 ـ بەت.
(335) يۇقىرىقى ئەسەر، 27 ـ بەت.
(336) بۇنىڭدا خېرتېرنىڭ ئەسىرىگە قاراڭ.
(337) مەزكۇر بۇددا ھەققىدە ئېبېرتىنىڭ «نېرۋانا» ناملىق ئەسىرىگە قاراڭ.
(338) ۋالدېر شمىتنىڭ ماقالىسىگە قاراڭ. بۇ ماقالە لېكوكنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كېيىنكى مەزگىللەردىكى بۇددا سەنئىتى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 4 ـ توم، 9 ~ 25 ـ بەتلىرىگە بېسىلغان.
(339) ۋالدېر شمىت: «قەندەھار — كۇچا — تۇرپان» ، 49 ـ بەت.
(340) بۇساگرىنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرى، 48 ـ بەت.
(341) كرىمبۇرگ: «كۇچا، ئىككىنچى خىل ھىندى ـ ئىران ئۇسلۇبىنىڭ تەرەققىياتى» ، بىراق بۇ خىل ئۇسلۇبنىڭ يىل دەۋرى ھەققىدە تالاش ـ تارتىش مەۋجۇت.
(342) چاندېر: «بېرلىندىكى تۇرپان ئاسارئەتىقىلىرى ئىچىدىكى سانسكرىتچە قەدىمكى يازما» ، 51 ـ بەت.
(343) فرانكې: «ئىبادەتخانىنىڭ بىر پارچە خەنزۇچە ئابىدە يازمىسى» ، 4 ـ بەت؛ ۋېيگىل: «شىنجاڭ» ، 221 ـ بەت.
(344) «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹بەش سۇترا› نىڭ فراگمېنتى» ، 32 ~ 70 ـ بەتلەر.
(345) خېخوۋن: «جۇڭگودىكى دىنلار» ، 260 ـ بەتلەر؛ ئېبېرخارت: «جۇڭگو ۋە ئۇنىڭ غەربىدىكى قوشنىلىرى» ، 29 ـ بەت.
(346) ئا. خ. فرانكې: «تۇرپاندىن تېپىلغان تۇبۇتچە قوليازما» ، 5 ~ 20 ـ بەتلەر.

(347) مارۋس: «تۇرپاندىن تېپىلغان سۇرىيىچە رىتسېپىنىڭ فراگمېنتى»، 115 ~ 125 ـ بەتلەر.
(348) خېنىنىڭ: «گىگانتلار سەھىپىسى»، 52 ~ 74 ـ بەتلەر.
(349) ئاسموسېن: «ۋاستىنچى بولغان مانى دىنى»، 5 ~ 21 ـ بەتلەر.
(350) ش ئۇ ئا ر مۇزېي تۈزگەن «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» غا قاراڭ.
(351) ۋېيگىل: «شىنجاڭ»، 216 ـ بەت.
(352) ئىدىقۇتنىڭ تارىخى ھەققىدە تۆۋەندىكى ئەسەرلەرگە قاراڭ: فوكس: «تۇرپان»، 124 ~ 166 ـ بەتلەر؛ فرانكې: «ئىبادەتخانىسىنىڭ بىر پارچە خەنزۇچە ئابىدە يازمىسى»، 4 ـ بەت؛ ۋېيگىلنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرى، 218 ـ بەت؛ بايلېي: «خۇيتساڭنىڭ ھاياتى»، 25 ـ بەت.
(353) ۋېيگىلنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرى، 221 ـ بەت.
(354) شمىت ۋە تروخ بىرلىكتە يازغان «خەنزۇچە بۇددا فراگمېنتلىرىنىڭ مۇندەرىجىسى»، 1 ـ توم.
(355) زىممېر: «سىڭقۇسالى تۇتۇڭ»، 767 ~ 773 ـ بەتلەر.
(356) ۋېيگىلنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرى، 220 ـ بەت.
(357) تۆۋەندىكى كىتابلاردا مول تېپىلمىلار تونۇشتۇرۇلغان: خەنزۇچە «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، «يىپەك يولىنىڭ كۆرگەزمە كاتالوگى».
(358) پادىچى يىگىت بىلەن توقۇمىچى قىزنىڭ ھېكايىسى ھەققىدە ئاكيۇنۇنىڭ ماقالىسىگە قاراڭ. بۇ ماقالە كلىمكېيت تۈزگەن «ياپونىيىدىكى يىپەك يولى سەنئىتىنى تەتقىق قىلىش ئەھۋالى» غا كىرگۈزۈلگەن.
(359) مۆڭكە: «جۇڭگو كلاسسىك ئەپسانىلىرى»،

108 ـ بەت؛ فىنستېر بۇش: «خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى خاتىرە ـ كاتالوگى ۋە تېما مۇندەرىجىلىرى»، 1ـ توم، 211 ـ بەت.

(360) ستەين: «غەربىي يۇرت»، 3 ـ توم، 986 ـ بەت.

(361) يۇقىرىقى ئەسەر، 986 ـ بەت.

(362) «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدە بايقالغان شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، 3 ـ بەت.

(363) ستەين: «غەربىي يۇرت»، 3 ـ توم، 1331 ـ بەت.

(364) فرانكې: «بايقالغان تىبەتچە قول يازمىلار»، 5 ~ 20 ـ بەتلەر؛ تۇبېر: «بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان تۇرپان، تىبەت ۋەسىقىلىرى».

(365) ئوگ ۋە رېلباۋن بىرلىكتە يازغان «بىر پارچە ‹بۇددا دىن قوللانمىسى›» نىڭ 1 ـ توم، 286 ~ 313 ـ بەتلىرىگە؛ 2 ـ توم، 68 ~ 91 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

(366) سېرىق ئۇيغۇرلار ھەققىدە پېنكسىنىڭ «گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى» ناملىق ئەسىرىگە قاراڭ.

(367) ئاسموسېن: «خرىستىئان ئەدەبىياتى»، 11 ~ 29 ـ بەتلەر؛ زىممېر: «تۇرپان تۇركچە ۋەسىقىلىرى»، 661 ~ 668 ـ بەتلەر.

(368) زىممېر: «ئۇيغۇر خرىستىئانلىرىنىڭ بىر پارچە توي تەبرىكى»، 221 ~ 232 ـ بەتلەر.

(369) فون گابائىن: «چوڭ يايلاق ۋە شەھەرلەر»، 30 ~ 62 ـ بەتلەر؛ «ئالتۇنتاغدىن ئىدىقۇتقىچە»، 183 ~ 196 ـ بەتلەر.

(370) زىممېر: «بىر پارچە ئۇيغۇرچە يەر ئېلىپ ـ سېتىش ھۆججىتى»، 301 ـ بەت، «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مول ھوسۇل تىلەش يادنامىسى»، 117 ـ بەت.

(371) يۇقىرىقى ئەسەر، 117 ـ بەت.
(372) زىممېر: «ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ سودا ئىشلىرى»، 235 ~ 249 ـ بەتلەر.
(373) يۇقىرىقى ئەسەر، 237 ـ بەت.
(374) ستەين: «غەربىي يۇرت»، 2 ـ توم، 581 ـ بەت.
(375) لېكوك: «مانى نەپس سىزمىلىرى»، 21 ـ بەت.
(376) فون گابائىننىڭ تۆۋەندىكى ئەسىرىدە بۇددىزىم ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە بېرىلگەن: «قەدىمكى تۈرك ئەدەبىياتى»، 211 ~ 243 ـ بەتلەر.
(377) زىممېر: «ئۇيغۇرلارنىڭ باش قاپىداش شېئىرلىرى».
(378) كلىمكېيت: «دىن تارقاتقۇچى بۇددا»، 238 ـ بەت.
(379) بۇددىزىم سەنئىتى توغرىسىدا لېكوكنىڭ «قوجو» ۋە يەتتە توملۇق «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كېيىنكى مەزگىللەردىكى بۇددا سەنئىتى» ناملىق ئەسەرلىرىگە قاراڭ.
(380) كلىمكېيت: «تېۋىنغۇچىلار»، 289 ~ 308 ـ بەتلەر؛ رېدېرس: «بىزەكلىك مىڭئۆيىنىڭ 9 ـ ئۆيىدىكى نوم شەرھلەش سۈرىتى»، 864 ~ 884 ـ بەتلەر.
(381) كلارك: «ئۇيغۇر فولكلور ۋەسىقىلىرى ھەققىدە».
(382) فون گابائىن: «ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ تۇرمۇشى»؛ ستەين: «غەربىي يۇرت»، 2 ـ توم، 581 ـ بەت.
(383) رامستېت: «ئىدىقۇتتىن بايقالغان موڭغۇلچە خەت ـ چەكلەر»، 838 ~ 848 ـ بەتلەر؛ فرانكې: «بىر پارچە موڭغۇلچە يول خېتىنىڭ فراگمېنتى»، 29 ~ 33 ـ بەتلەر.
(384) خېنىنىڭ: «قەدىمكى سوغدچە خەت ـ چەكلەر»، 605 ـ ۋە 609 ـ بەتلەر.

(385) ستەين: «غەربىي يۇرت»، 3 ـ توم، 1396 ـ بەت.
(386) رېگېر: «بۇددا دۆلىتىدىكى بىر پارچە ئارخىپ»، 11 ـ بەت.
(387) گىلېس: «دۇنخۇاڭنىڭ 600 يىلى»، 18 ـ بەت.
(388) شېرۋا: «جۇڭگونىڭ تاغ ـ دەريا سىزمىلىرى».
(389) سېيكېر: «زامان»، 75 ـ بەت.
(390) گلېر ۋە ۋېنىست: «دۇنخۇاڭدىكى بۇددا تام رەسىملىرى»؛ ۋېنىست: «مۇقەددەس بوستانلىق»، 12 ـ بەت؛ ستەين: «غەربىي يۇرت»، 3 ـ توم، 1428 ~ 1431 ـ بەتلەر.
(391) ستەين: «غەربىي يۇرت» 3 ـ توم، 1400 ـ بەت.
(392) سېيكېر: «شەرقىي ئاسىيادىكى بۇددىزم سەنئىتى»؛ 39 ـ، 53 ـ، 124 ـ بەتلەر.
(393) خازاي: «فراگمېنت»، 99 ـ بەت.
(394) «دۇنخۇاڭغا ئۇچۇش» قا قاراڭ.
(395) دۇنخۇاڭدىكى تېۋىنغۇچىلار ھەيكىلى توغرىسىدا ستەيننىڭ: «غەربىي يۇرت»، 3 ـ توم، 1394 ـ بېتىگە قاراڭ.
(396) كىلېسنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرى، 5 ـ بەت.
(397) يۇقىرىقى ئەسەر، 45 ـ بەت.
(398) دې. لا. ۋارې پۇشان: «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان تۈبۈتچە ۋەسىقىلەرنىڭ كاتالوگى».
(399) فرانكېنىڭ تۆۋەندىكى ئەسىرىدىكى قىسقىچە چۈشەنچىگە قاراڭ: «جۇڭگونىڭ قاراخوتو تەۋەسىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك بايقاش»، 117 ـ بەت.
(400) گىلېسنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرى.
(401) يۇقىرىقى ئەسەر، 28 ـ بەت.
(402) بوئېر: «جۇڭگو ۋە ئۇنىڭ بەختكە بولغان ئۈمىدى»، 229 ـ بەت.

(403) ۋېنست: «مۇقەددەس بوستانلىق»، 18 ـ بەت.
(404) كوزلوف: «موڭغۇل، ئامۇ يولى ۋە ھالاكەت شەھىرى قاراخوتو»؛ فرانكىنىڭ ئالدىنقى ئەسىرى، 117 — 129 ـ بەتلەر.
(405) ليۇ: «كۇچا ۋە ئۇنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى»، 1 ـ توم، 31 ـ بەت.
(406) زىممېر: «بۇددا باش قاپىيىداش شېئىرلىرى»، 178 ـ، 181 ـ بەتلەر.
(407) گېڭ شىمىن ۋە خاملتون: «ئۇيغۇرچە يادنامىلەر»، 27 ـ بەت؛ زىممېر: «باش قاپىيىداش شېئىرلار»، 40 ـ بەت.
(408) رامىسىنېت: «موڭغۇلچە خەت ـ چەكلەر»، 844 ـ بەت.
(409) ئىبادەتخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيىتى ھەققىدە زىممېرنىڭ «باش قاپىيىداش شېئىرلار» ناملىق ئەسىرىنىڭ 23 ـ بېتىگە قاراڭ.
(410) زىممېر: «ئۇيغۇرچە باج ھۆججەتلىرى»، 237 ~ 263 ـ بەتلەر.
(411) خازاي: «بىر پارچە ئۇيغۇرچە پۈتۈك»، 274 ـ بەت.
(412) كلىمكېيت: «تېۋىنغۇچىلار»، 289 ~ 308 ـ بەتلەر.
(413) كلىمكېيت: «دىن تارقاتقۇچى بۇددا»، 235 ~ 259 ـ بەتلەر؛ زىممېر: «باش قاپىيىداش شېئىرلار»، 73 ـ بەت.
(414) كلارك: «ئۇيغۇرچە فولكلور ھۆججەتلىرى».
(415) سېگ: «نېستورى ۋەسىقىلىرى».
(416) زىممېر: «بۇددا باش قاپىيىداش شېئىرلىرى»،

«باش قاپىيىداش ۋەسىقىلەر» .

(417) «تۈركچە مانى ۋەسىقىلىرى» ، 2 ـ توم، 8 ـ بەت.

(418) جۇڭگودىكى بۇددا دىنى ھەققىدە چېنىنىڭ «جۇڭگو بۇددا دىنى» گە؛ كيۇرخىلىنىڭ «بۇددا دىنىنىڭ جۇڭگونى ئىستېلا قىلىشى» غا قاراڭ.

(419) بىنباۋم: «دورىگەر بۇددا» .

(420) سېگ: «زامان» ، 8 ـ بەت.

(421) فرانكې: «بىر پارچە خەنزۇچە ئىبادەتخانا پۈتۈكى» ، 70 ـ بەت.

(422) يۇقىرىقى ئەسەر، 70 ـ بەت.

(423) شېكر: «رەسىملىقنىڭ جەننىتى» ، 37 ـ بەت.

(424) كلىمكېيت: « مانى دىنى رەسىملىقىنىڭ ماھىيىتى» ، 195 ~ 219 ـ بەتلەر.

(425) خېنىنىڭ: «باكترىيىچە يادنامە» ، 54 ـ بەت.

(426) فرانكېنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرى، 53 ـ بەت.

(427) خېنىنىڭ: «خوراسان ۋەسىقىلىرى» ، 179 ـ بەت.

(428) ستەين: «غەربىي يۇرت» 3 ـ توم، 986 ـ بەت.

(429) سېگ: «نېستۇرى ۋەسىقىلىرى» ، 1 ـ نەشرى، 414 ـ بەت.

(430) خازاي: «بىر پارچە ئۇيغۇرچە پۈتۈك» ، 274 ـ بەت.

# ئاخىرقى سۆز

ئەسلىي كىتاب 1989 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئىتتىپاق گېرمانىيىسى كيۇرن دۇمېنت نەشرىياتىدا نەشر قىلىنغان. مەن 1990 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئۇنى خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلدىم. ئەمدىلىكتە شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو نەشرىياتىنىڭ قوللىشىدا، بۇ كىتابنىڭ خەنزۇچىسى ئېلىمىزدىكى ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن گۈزەل سەنئەت ـ فوتو نەشرىياتىغا چىن دىلىمدىن مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

ئەسلى كىتاب نامى «يىپەك يولى»، قوشۇمچە ماۋزوسى «شەرق بىلەن غەرب ئەللىرىنىڭ سودا يولى ۋە مەدەنىيەت كۆۋرۈكى» ئىدى. نۆۋەتتە، دۇنيادا «يىپەك يولى» ناملىق كىتابلار كۆپ بولغاچقا، نامى ئوخشاش بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش ھەمدە ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش مەقسىتىدە، مەن ھازىرقى كىتاب نامىنى قويدۇم. بۇ كىتابتا قەدىمكى يىپەك يولى رايونىدىكى مىللەت، دىن ۋە مەدەنىيەت ئەھۋاللىرى سىستېمىلىق تونۇشتۇرۇلغان. بۇ ئېلىمىزدىكى ئالاقىدار پەنلەر ئۈچۈن، بولۇپمۇ يىپەك يولشۇناسلىق ۋە ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسلىق ساھەسىدىكى ئالىملار ئۈچۈن پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

ئاپتور كلىمكېيت ئەپەندى 1939 ـ يىلى ھىندىستاندا مۇھاجىر بولۇپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان مىسسىئونېر (دىن تارقاتقۇچى) ئائىلىسىدە توغۇلغان. شەرقتىكى بۇددا دۆلىتى دۇنياسى — ھىندىستاندا ئۆسمۈرلۈك دەۋرىنى ئۆتكۈزگەن. ياشلىق دەۋرىدە ئىلگىر ـ كېيىن بولۇپ ئامېرىكىدا

دىنشۇناسلىق، شەرقشۇناسلىق ۋە ئىلاھىيەتشۇناسلىق قاتارلىق كەسپلەردە ئوقۇغان. 1968 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۇنىۋېرسىتېتتا دەرس ئۆتكەن. 1972 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن بوئىن ئۇنىۋېرسىتېتى دىن تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى بولغان. ئۇ بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىشقا خۇشاللىق بىلەن قوشۇلدى ۋە جۇڭگولۇق ئوقۇرمەنلەرگە بىر پارچە خەت يېزىپ، گېرمانىيە بىلەن جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىغا بولغان قىزغىنلىقىنى ئەكس ئەتتۈردى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن كىلىمكىيت ئەپەندىگە يەنە بىر قېتىم مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭ مۇزېيىنىڭ تەتقىقاتچىسى جيا يىڭيىنىڭ بۇ كىتابنىڭ تەرجىمە ئورىگىنالى ئۈچۈن نۇرغۇن تېخنىكىلىق تەكشۈرۈش ـ سېلىشتۇرۇش خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەنلىكىگىمۇ رەھمەت ئېيتىمەن.

تەرجىماندىن

1999 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەركىن شېرىپ
مەسئۇل كوررېكتورى: پەرىدە ئەلى
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: غالىپ شاھ

# قەدىمكى يىپەك يولى مەدەنىيىتى

ئاپتورى: كلىمكىيت (گېرمانىيە)
تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئابلەت نۇردۇن،
مۇھەممەتجان ھوشۇر، روزى تۇردى،
ھەبىبۇللا ئابدۇسالام

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168 × 850 مىللىمېتىر، 1/32 باسما تاۋىقى: 13.75
2003 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى
2003 - يىل 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 1 - 3,000
ISBN 7—228—08017—3/K.966.6
باھاسى: 20.00 يۈەن